

# بۇلاق

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئوغلى
(1823 — 1899 - يىللار)

AltunOq

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى

(ئومۇمى 9 - سان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1983 - يىل ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

**بۇلاق**
(ئومۇمى 9 - سان)
•
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى: 18 قىستۇرما ۋارىقى: 1
1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10098·734
تىراژى: 1—12,300
باھاسى: 1.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


مەنتىقۇتتەيىر (داۋامى) ........ ئەلشىر ناۋايى 1

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى

جاھاننامە ........ ئايازبېك قۇشچى 92

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: توختى ئايىخان، ئابلىمىت ھاجى

غەزەلىيات ........ موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئوغلى 149

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن

«دىۋان خەستە» دىن پارچىلار ........ 210

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا


## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ئىككى داستان ........ 231

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئايشەم ئەخمەت

شاھزادە پەررۇخ ........ 238

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ........ 284






## ئەلىشىر ناۋايى

(بېشى مەجمۇئەنىڭ 1982 - يىل 3 - سانىدا)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرېھىم توختى

## ھېكايەت پادىشازادە

## (پادىشا ئوغلىنىڭ ھېكايىسى)

پادىشاھى بار ئىدى گەردۇن جاناپ،
مەخرەنى — گەنج سۇپەھ دەك بى ھىساپ،

(ئاسمان قەدىرلىك بىر پادىشا بار ئىدى، ئۇنىڭ غەزنىسى ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوخشاشلا كوپ ئىدى.)

بار ئىدى ئول شەھنىڭ بىر زىبا ئوغۇل،
بولغۇدەك شاھلەر ئانىڭ ئالدىدا قۇل.

(ئۇ پادىشانىڭ، پادىشالار ئۇنىڭغا قۇل بولغىدەك بىر گۈزەل ئوغلى بار ئىدى.)

مېھر، خاۋەر ھۇسنى ئارا شەرمەندەسى،
كۆيى تۇپراغى ئارا ئەفكەندەسى.

(ئاي بىلەن كۈن ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نىسبەتەن شەرمەندە بولاتتى، ئۇنىڭ يولىنىڭ تۇپرىقىدا يەرگە يىقىلاتتى.)

سەرۋەنىڭ نەخلى قەددىغە سايەدەك،
ئاي ئۇزارى مېھرىغە پىدايەدەك.

(سۇۋادان تىرەكنىڭ كۆچەتلىرى ئۇنىڭ بوي قەددىگە سايەدەك ئىدى، ئاينىڭ ھۇسنى - جامالى قۇياشقا زىننەت بولغاندەك ئۇنىڭغا زىننەت ئىدى.)

هەم قۇياشدەك ھۇسن ئارا ئاپاق گىر،
هەم قەمەردەك ئۇلگ بىلە گىردون سەرىر.
(ئۇ شاھزادە گۇزەللىكتە قۇياشقا ئوخشاش پۈتۈن ئالەمنى ئىگەللەيتتى، ھەم ئايغا ئوخشاش يۇزى بىلەن قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ پەلەكنى ئايلىناتتى.)

كۇزى بىر باقماقىنە ئالەمنى بۇزۇپ،
ئىشق ئىلىگە ئۇزگە ئالەم كۇرگۇزۇپ.
(ئۇنىڭ كوزى بىر قاراش بىلەن ئالەمنى بۇزاتتى، ئىشق ئىلىگە باشقا جاھاننى كورسىتەتتى.)

جان ئېلىپ لەئلى تەكەللۇم ئەيلەسە،
جان بېرىپ لېكىن تەبەسسۇم ئەيلەسە.
(سوزلىسە لەۋلىرى جاننى ئالاتتى، كۇلسە ئۇلگەنلەرگە جان بېرەتتى.)

ئاشىقى شەيداسى ئانىڭ ئالەمى،
ئالەم ئەھلى قەتلىدىن كورمەي غېمى.
(پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ ئاشىقى ئىدى، ئالەم خەلقى ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋېتىشىدىن غەم يېمەيتتى.)

كاپىرو ئەسرۇك كوزى سالىپ مەدام،
دىنو - ئىمان ئەھلى ئىچرە قەتلى ئام.
(ئۇنىڭ كاپىرانە كوزى دىنو - ئىمان ئەھلى ئىچىدە ئومۇمى قىرغىنچىلىق پەيدا قىلاتتى.)

ئوت يالىن دەك رەخشى ھەر يانكىم سۇرۇپ،
ئول چاقىن بىرلە جاھاننى كويدۇرۇپ.
(ئۇ ئېتىنى چاقماق ئوتىدەك ھەر تەرەپكە يۇگۇرتۇپ يۇرەتتى، ئوتنىڭ ئۇچقۇن-لىرى بىلەن دۇنيانى كۇيدۇرەتتى.)

ئالەم ئەھلى ۋالەۋۇ - شەيدا ئاڭا،
لىك مۇفرىت ناز ئىستىغنا ئاڭا.
(دۇنيا خەلقى ئۇنىڭغا ئاشىقى شەيدا ئىدى، لېكىن ئۇنىڭدا ناز ھەددىدىن زىيادە ئىدى.)

كوز ئۇچىدىن خەلق سارى چۇن باقىپ،
زۇلىم تېغىدىن تۇمەن مىڭ قان ئاقىپ.
(خەلققە كوزنىڭ ئۇچىدا قاراپ قوياتتى، زۇلۇم قىلىچى بىلەن تۇمەن مىڭ ئادەمنىڭ قېنىنى ئېقىتاتتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلسەلەر ئاپاق ئىلى پەرۋاسى يوق،
بەلكى ئەيلەپ قەتلى، ئىستىغناسى يوق.
(ئالەم خەلقى ئۆلسە پەرۋاسى يوق ئىدى، بەلكى ئالەم خەلقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپمۇ چاتىقى يوق يۈرۈۋېرەتتى.)

كويىدا يول تاپمايىن پەيكى نەسىم،
ئاندا ئەسمەكدىن يېتىپ جانغا بىسىم.
(ئۇنىڭ يولىدا خۇشاللىق شامىلىمۇ يول تاپالمايتتى، ئۇ يەردىن ئۆتۈشتىن قورقاتتى.)

گۈلشەنى سارى ئىسە ئالماي شامال،
كىم تاپىب ھەر بەرگى گۈلدىن گۇشمال.
(ئۇنىڭ گۈلشەنىگە شامال سوقالمايتتى، چۈنكى شامال ئۇنىڭ گۈلشىنىدىن ئۆتسە گۈلنىڭ ھەربىر يوپۇرمىقىدىن كاچات يەيتتى.)

بىر كۈن ئول سەھراغا سۈردى ئاتلانىب،
يانغانى سەھرا قاراسىن ئايلانىب.
(ئۇ شاھزادە بىر كۈنى سەھرانى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ ئاتلىنىپ چىقتى.)

يۈز تۈمەن مەجنۇن ئىدى دەشت ئۆزرە زار،
بارچە ئىشقى شىددەتىدىن بىقارار.
(دەشتى - سەھرادا ئىشقىنىڭ شىددىتىدىن بىقارار بولغان تۈمەن - تۈمەن مەجنۇن زارلاپ يۈرەتتى.)

لىك ئانىڭ سارى باقارغا زەھرە يوق،
ئۆزگە ئول جانىب نەزەردىن بەھرە يوق.
(لېكىن شاھزادىغا قاراشقا تاقەت قىلالمايتتى، شاھزادىغا قارىماي باشقا قاراشتىنمۇ ئۇلار بەھرە ئالالمايتتى.)

ۋەسلىغە تالىپ ۋەلى ياخشى - يامان،
تاپماغى لېكىن كىشىگە يوق گۇمان.
(بارلىق ياخشى - يامان كىشىلەر ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تەلەپكار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋىسالىنى تاپماق مۇمكىن ئەمەس ئىدى.)

ناگاھان شەھزادە ئى پۇرسەخەندە پەر
سالدى ئول سەھرادىكى ئەلگە نەزەر.
(ئۇ بەختىيار شاھزادە تاسادىپى سەھرادىكى ئەلگە نەزەر سالدى.)

كوزى چۇشتى ئىككى زارى خەستەغە،
ئىشىق زەنجىرى ئىلە ۋابەستەغە.
(ئۇ ئىشىق زەنجىرى بىلەن باغلىنىپ قالغان ئىككى بىچارىنى كورۇپ قالدى.)

هوكىم چاۋۇشلارغا قىلدىكىم يۇرۇك،
ئول ئىككى دىۋانەۋوشنى كەلتۇرۇك.
(يېنىدىكى مۇهاپىزەتچىلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، بېرىڭلار! ئۇ ئىككى دىۋانىنى ئېلىپ كېلىڭلار! دىدى.)

سۇردى چۇن دەۋلەت سارا سارى سەمەند،
يولىدا هازىر بۇ ئىككى مۇستەمەند.
(شاهزادە دولەت سارىيى تەرىپىگە ئات سالدى، بۇ ئىككى مۇهتاج ئاشىقنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى.)

ئول بىرىدىن مەهبۇسى زىندان ئەيلەدى،
بۇ بىرىن ئالىدا سەگبان ئەيلەدى.
(ئۇنىڭ بىرىنى زىندانغا سالدى، يەنە بىرىنى ئىت بېقىشقا قويدى.)

ئول بولۇپ بەندىلەر ئىچرە پاي بەند،
بۇ بولۇپ زەنجىرلەرغە موستەمەند.
(ئۇلارنىڭ بىرى زىنداندا زەنجىرلەندى، بىرى زەنجىرلەنگەن ئىتلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالدى.)

بۇ بەلىيەتدە ئىدىلار مۇددىتى،
تارتار ئىردىلار بۇ ياڭلىغ شىددەتى.
(بۇلار مۇشۇ ئەهۋالدا قېلىپ، بىر مەزگىل قاتتىق جاپا تارتتى.)

دەرمەندى ئەيلىدى بىر كۇن سۇئال،
كىم نىدۇر سىزگە بۇ مىهنەت ئىچرە هال.
(بىر كۇنى بىر دەرتمەن ئۇلاردىن: بۇ جاپالار ئىچىدە ئەهۋالىڭلار قانداق بولۇ-
ۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.)

بۇ دىدى مىهنەت دىگەن قايسى بولۇر،
كام راهەتتۇر مەشەققەت نى بولۇر.
(ئۇلارنىڭ بىرسى ئېيتتىكى: جاپا دىگەن، مۇشەققەت دىگەن نىمە ئۇ؟ مەقسەتنىڭ ئۇزى راهەت ئەمەسمۇ؟)

www.uyghurkitap.com

مەن كى ئىشقى كوڭلۇم ئىچرە تۇتقالى،
رازى ئېردىم كويىدا ئىت بولغالى.
(كوڭلۇمدە ئۇنىڭ ئىشقى ئىسورۇن تۇتقاندىن بۇيان، ئۇنىڭ مەھەللىسىدە ئىت بولۇشقا رازى بولۇپ كەلگەن ئىدىم.)

گەرچە ئىتلارگە مۇلازىم بولمىشەم،
لىك ئۇل خەيل ئۈزرە ھاكىم بولمىشەم.
(گەرچە ئىتلارغا خىزمەتكار بولسامۇ، ئىسوزەمنى ئۇ ئىتلارغا ھاكىم بولدۇم، دەپ قارايمەن.)

ئۇل دىدىكىم، ئىشق ئېتىپ كوڭلۇمگە زور،
رازى ئېردىمكى ماقامىم بولسا گور.
(يەنە بىرى دىدىكى: ئىشىق مېنىڭ كوڭلۇمگە زوراۋانلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى، شۇڭا، ئورنۇم گور بولسىمۇ مەيلى، دەپ كەلگەن ئىدىم.)

گەرچە ھالا بەند ئارا مەن ئۇستۇۋار،
ۋەسلىدىن كوڭلۇم ئېرۇر ئۇمىدىۋار.
(گەرچە ھازىر زىنداندا تۇرۇۋاتسامۇ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن ئۇمىتۋارمەن.)

بۇ ھىكايەتلەرنى شاھى مەھ جەبىن،
ئىشىتۇر ئېردى نەھان ئەيلەپ كەمىن.
(بۇ سوزلەرنى ئاي پىشانىلىق پادىشاھ بىر چەتتە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاڭلىدى.)

چۇن تەلەبدە بويلە سادىق ئىدىلار،
ئىشق تۇرىدا مۇۋاپىق ئىدىلار.
(ئۇلار ئۇز تەلەپلىرىگە سادىق ئىدى، ئىشق ئەخلاقىغا مۇۋاپىق ئىدى.)

مۇنبەسىت بولدى شەھى خۇرشىد ۋەش،
كوڭلىگە سوزلەر بىغايەت كەلدى خوش.
(قۇياشقا ئوخشاش پادىشا خوشال بولدى، بۇ سوزلەر ئۇنىڭ كوڭلىگە ئىنتايىن خۇش كەلدى.)

پەھەم چۇن قىلدى بۇ ئىخلاس ئەيلەدى،
ئۇل ئىكاۋنى مەھرەمى خاس ئەيلەدى.
(پادىشا ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىخلاس ـ ساداقىتىنى پەملىدى. ئۇ ئىككىسىنى ئىوزىگە مەخسۇس خىزمەتكار قىلدى.)

چون تەلەپدە سىدىقدىن ئېردى ئەسەر،
ئاقىۋەت بۇ نەۋئى تاپدىلار سەمەر.
(ئۇلار تەلەپتە ساداقەتلىك بولغاچقا، ئاقىۋەت شۇنداق ئۇنۇمگە ئېرىشتى.)

## ئىشق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

چۈن تەلەپ ۋادىسىنى قىلدىڭ تامام،
قويغۇڭ ئول دەم ئىشق ۋادىسىغا كام.
(تەلەپ ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشق ۋادىسىغا قەدەم قويىسەن.)

ئىشق كەلدى مەشئەلى كىتى پۇرۇز،
دىمە مەشئەل شۇئلەئى ئاپاق سۇز.
(ئىشق جاھاننى يورىتىدىغان مەشئەل چىراقدۇر، مەشئەل ئەمەس، بەلكى ئالەمنى كويدۇرگۈچى بىر ئوچقۇندۇر.)

ئىشق ئوتى ھەر خەسغە دەرخور بولماغاي،
ئوتغە لايىق جۇز سەمەندەر ئولماغاي.
(ئىشق ئوتى ھەممە خەسكە لايىق بولۇۋەرمەيدۇ، ئوتقىمۇ سەمەندەردىن باشـ
قىسى لايىق كەلمەيدۇ.)

ئىشق ئارا پاك قەلەندەرلىك كېرەك،
شۇئلە بەھرىدە سەمەندەرلىك كېرەك.
(ئىشق ئىچىدە پاك قەلەندەرلىك كېرەك، ئىشق ئوتى ئوچقۇنلىرى دېڭىزىدا
سەمەندەرلىك كېرەك.)

كۈيمەك ئىشىدۇر ئاشىقى دىۋانەغە،
شۇئلە ئىچرە ئۆيلەكىم پەرۋانەغە.
(پەرۋانە چىراقنىڭ شولىسىدا كويگەندەك، ئاشىقلارنىڭ ئىشىمۇ كۆيمەكلىكتۇر.)

دىمە رەئنالەر ئىشى پەرزانەلىق،
كۈپىلەك ھەددى ئەمەس پەرۋانەلىق.
(گۆزەللەرنىڭ ئىشى ئۇلۇغلۇق بولمايدۇ، چۈنكى كېپىنەك پەرۋانە بولالمايدۇ.)

جىلۋا ئەيلەر كۈپىلەك گۈللەر ئۇزا،
تېپىلەرغە ھۆسىن زىبىن كورگۈزا.
(كېپىنەك گۈل ئارىسىدا جىلۋە قىلىپ، باللارغا ئۆزىنىڭ گۈزەللىك بىزەكلىرىنى
كورسىتىدۇ.)

www.uyghurkitap.com



قايسى پەشمەن كىسۋەتى دىۋانەدەك؟
شۇئىلەغە ئورماق ئۆزىن پەرۋانەدەك.
(جەندە كىيگەن كىشلا دىۋانە بولامدۇ؟ پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئوتقا ئۇرالامدۇ؟)

كۆپىلەكدە گەرچە بولغاي رەڭگى بال،
بولماغاي پەرۋانە يەڭلىغ سوز هال.
(كىپىنەكنىڭ قاناتلىرى رەڭمۇ - رەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ ۋۇجۇدىنى كويدۇرەلمەيدۇ.)

بارچە قۇشنىڭ ئاتى بۇلبۇل بولمادى،
تا ئەزەلدىن ئىشق ئارا گۇل بولمادى.
(ئەزەلدىن ئىشق ئىچىدە كۇل بولمىغانلىغى ئۈچۈن، ھەممە قۇشنىڭ ئېتى بۇلبۇل بولۇۋەرمىدى.)

كۆيمەگەن ئىشق ئىچرە ئەرمەس پاكباز،
ئاشىق ئەرمەس چۇنكى ئەرمەس جان گوداز.
(ئىشق ئوتىدا كويمىگەنلەر پاك ئەمەس، جېنىنى ئىشق ئوتىدا ئورتىمىگەن كىشى ئاشىق ئەمەس.)

شاد ئىرۇر ئىشق ئەھلى ئۆرتەنمەك بىلە،
بولماغاي بۇ شىۋە ئۆرگەنمەك بىلە.
(ئاشىقلار ئۆرتىنىش بىلەن خۇش بولىدۇ، ئاشىقلىقنى بىراۋدىن ئۆگىنىپ ئالغىلى بولمايدۇ.)

ئىشق ئىلىنىڭ ئوتى كەلدى خانە سوز،
ئۆيلەكىم ئەژدەر دەمى ۋەيرانە سوز.
(ئەجدىھارنىڭ نەپىسى ۋەيرانىلەرنى كويدۇرگەندەك، ئىشق ئەھلىنىڭ ئوتىمۇ خانە - دانلارنى كويدۇرىدۇ.)

فەرد ئەمەس ئۇششاق كوڭلى ئاھ دىن،
نى چىقار جۇز دۇد ئاتەش گاھ دىن.
(مورا ئىستىن خالى بولمىغاندەك، ئاشىقلارنىڭ كوڭلىمۇ ئاھتىن خالى بولمايدۇ.)

ئالەم ئۆرتەر ئىشقىدىن توشكەن يالىن،
سۆزنىڭ ئەتكەن هاۋادىن دۇر چاقىن.
(ئىشقتىن پەيدا بولغان يالقۇن ئالەمنى ئۆرتەيدۇ، بۇ يالقۇن ئاسماندىن چۈشكەن چاقماقتىن كوتۈرىلىدۇ.)

ئىشق ئوتىدىن ئاشىقى پاك ئورتانۇر،
بەرق دىن ئانداغكى خاشاك ئورتانۇر.
(چاقماق ئوتىدىن ئوت - خەشەكلەر كويسە، ئىشق ئوتىدىن پاك ئاشقلار كويىدۇ.)

دىمە ئاشىق كوڭلىنى ئاتەش زەدە،
كىم ئانى ئىشق ئەيلەمىش ئاتەش كەدە.
(ئاشقنىڭ كوڭلىنى ئوت كويدۇرۇپتۇ دىمگىن، ئىشق ئۇنى ئاشۇنداق ئاتەشپەرەس-لەرنىڭ ئوتخانىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.)

گەر تۇشەر ئاتەشكەدە ئىچرە كىشى،
نى بولا ئالغاي جۇز ئۇرتەنمەك ئىشى.
(ئوتخانىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن، كىشىنىڭ هالى كويمەكتىن باشقا يەنە نىمە بولىدۇ؟)

كىمسە بولدى ئىشق ئارا توشكەندە ئوت،
ئوتغە نىكىم تۇشتى بولدى ئول بۇ ئوت.
(ئوتقا نىملا چۈشسە ئوتقا ئايلانغىنىدەك، ئىشققا دۇچار بولغانلىكى كىشى ئوت بولۇپ يانامدۇ؟)

ئىشق ئوتى كىم سارىغا كىم ئايلانۇر،
كىم چۇشەر ئوت دۇۋەسىغە، ئورتەنۇر.
(ئىشق ئوتى كىم تەرەپكە قاراپ ئايلانسا، ئۇ ئوت دوۋسىگە چۈشۈپ كەتكەن كىشىدەك كويۇشكە باشلايدۇ.)

ئىشق سەرگەردانى ئەمەسدۇرلار ئويۇن،
كىم ئېرۇر جىسمىغە ئوت تۇشكەن قۇيۇن.
(ئىشقنىڭ سەرگەردانى بولۇش ئويۇن ئەمەستۇر، چۈنكى ئاشىق ۋۇجۇدىغا ئوت چۈشكەن ئارامسىز قۇيۇنغا ئوخشايدۇ.)

ئىشق ئارا لازىم دۇرۇر ئۇرتانمەك ئوق،
ئىشق ئارا كويمەكدىن ئوزگە چارە يوق.
(ئىشق ئىچىدە ئورتەنمەك كېرەك. ئىشقتا كويۇشتىن باشقا چارە يوق.)

ئىشق ئەۋجىدىن قايانىم چۇشتى بەرق،
جاننى ئەيلەر شۇئلە سەيلابىدا غەرق.
(ئىشق ئاسمىنىدىن قەيەرگە چاقماق چۈشسە، شۇئلە سەيلابى بىلەن شۇ يەردىكى جاننى غەرق قىلىدۇ.)

www.uyghurkitap.com



ئىشق بەرقى خانۇ ـ ماننى كۇيدۇرۇر،
خانۇ ـ مان يوقكىم جاھاننى كۇيدۇرۇر.
(ئىشق چاقمىغى خانۇ ـ مانلارنى كويدۇرىدۇ، خانۇ ـ مانلارنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن جاھاننىمۇ كويدۇرىدۇ.)

تەركى جان ئاشىقغە ۋەرزىش ئاڭلاغىل،
يار ئۈچۈن ئۆلمەك كەمىن ئىش ئاڭلاغىل.
(چۈشەنگىنكى، ئاشىققا يارى ئۈچۈن جاندىن كەچمەكلىك ناھايىتى ئوڭاي ۋە ئەر ـ زىمەس بىر ئىشتۇر.)

## ھېكايەت

ئىسمەئى ھەج سارى ئېردى رەھ نەۋەرر،
كوردى بىر مەنزىل ئارا ئەشجار ۋەرر.
(ئىسمەئى ھەجگە كېتىۋېتىپ بىر جايدا بىر قىزىل گۈل دەرىخىنى كوردى.)

سەبزە بىرلە گۈل ئارا بىر چەشمە سۇ،
غۇلغۇلى ھەيۋان سۇيىدىن نوكتەگۇ.
(يېشىل مايسىلار ۋە گۈللۈكلەر ئارا ئېقىۋاتقان بىر بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدىن ئابۇ ھاياتنىڭ سىرلىرى ئاڭلىناتتى.)

رەۋشەنۇ ـ پاكىزە ئاشىق ھالى دەك،
ئارىغ ئانىڭ دىدەئى گىريانىدەك.
(بۇلاق سۈيى ئاشىقنىڭ ھالىدەك روشەن ۋە ئاشىقنىڭ كوزىدىن ئاقتان يېشىدەك پاكىز ئىدى.)

ئىسمەئى ئول سۇ ياقاسىدا دەمى،
ئولتۇرۇپ يۇردى زەمىردىن غەمى.
(ئىسمەئى ئۇ سۇ ياقىسىدا بىردەم ئولتۇرۇپ كوڭلىدىكى غەم ـ قايغۇنى يۇيدى.)

تەبئ ئول مەنزىلدە كورگەچ ئىنتىئاش،
كوردى چەشمە باشىدە بىر تاختە تاش.
(ئۇ مەنزىلدە كوڭلى ئېچىلىپ قالدى، بۇلاقنىڭ بېشىدا بىر تاش تاختىنى كوردى.)

ئاندا يازىلغانكى ئەي ئەھلى ھىجاز،
چارەسىن ئانىڭ چۇ بىلگەيسەن بوراز.
(تاش تاختىغا: ئەي ھىجاز ئەھلى، ئۇنىڭ چارىسىنى سىر بىلگىن، دەپ يېزىلغان ئىدى.)

كىمسە بولسا ئىشىق زارى نەيلەسۇن،
بولماسا سەبرى - قارارى نەيلەسۇن.
(ھەركىمكى ئاشىغى زار بولسا، ئۇنىڭ سەۋرى قارارى بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟)

ئىسمەئى چەكتى قەلەم بىرلە دوۋات،
يازدى ئول تەھرىرىنىڭ ئاستىدا پات.
(ئىسمەئى دوۋەت قەلەم ئېلىپ كېلىپ، ئۇ خەتنىڭ ئاستىغا دەرھال مۇنداق دەپ يازدى:)

كىم بۇ ۋەرتە ئىچرە بولسا پاكلىق،
قىلماسۇن پاش ئىتكالى بى باكلىق.
(كىمكى بۇ ئىشىق گىرداۋىدا پاك بولسا، ئىشىق سىرىنى پاش قىلمىشتەك ھاياسىز -
لىقنى قىلمىسۇن.)

سوز جاۋابىن بۇيلەچۇن ئىنشار ئەيلەدى،
مەنزىلىدىن رىھلەت ئاغاز ئەيلەدى.
(ئىسمەئى بۇ سوزنىڭ جاۋابىنى مۇنداق يېزىپ قويۇپ ئۇ مەنزىلىدىن يۇرۇپ كەتتى.)

تاڭلاسى ئەيلەپ يانا ئول يان گوزەر،
ئول پۇتۇلگەن تاشغە سالدى نەزەر.
(ئىسمەئى ئەتىسى يەنە شۇ بۇلاق تەرەپكە ئۆتۈپ تاشقا نەزەر سالدى.)

كوردىكىم ئول خەتكە سۇرمىشىدۇر قەلەم،
بورناغى كاتىب يانا سىزمىش رەقەم.
(ئىسمەئى كوردىكى، ئىلگىرىكى كاتىپ ئۇ تاش تاختىدىكى خەتكە قەلەم سۇرۇپ
يەنە خەت يېزىپ قويۇپتۇ.)

كىم ئەگەر ئول ئاشىقى ئازۇردە جان،
بولسە، پاك تۇتسا ئىشقىن ھەم ناھان.
("ئەگەر كىمكى جېنى دەرت چەككەن ئاشىق بولسا، ئوز ئىشقىنى پاكىز ھەم
مەخپى تۇتسا")

لىك ئول شەۋق مۇھەببەت شىددەتى،
تىز ئولۇپ تاق ئولسە ئانىڭ تاقەتى.
(لېكىن مۇھەببەتنىڭ شەۋقى قاتتىق بولۇپ مەخپى تۇتۇشقا تاقىتى بولسا.)

ۋەسلى بولسا ئېھتىياجى نەيلەسون،
تاپماسا بۇ ئىش ئىلاجى نەيلەسون.
(ئۇنىڭ نەلەپ - ئېھتىياجى ۋەسلى بولۇپ ئۇنى تاپالمىسا، قانداق قىلسۇن؟)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى

ئىسمەئىي كورگەچ بۇ موهاملك رازنى،
تارتىتلار كىلكى پوسۇن پەرۋازنى.
(ئىسمەئىي بۇ هالاكەتلىك سىرنى كورۇپ يەنە سىھىرلىك قەلىمنى ئەۋرەتتى.)

يازدىكىم ئول ناتوۋانى دەردمەند،
كىم ئاگا ئىشىق ئىچرە يازدىم بۇيلە پەند.
(مەن ئۇ، دەتمەن ئاشىقا شۇنداق نەسھەت يازدىمكى:)

تاپماسا ئول پەند بىرلە ئىختىساس،
ئولسۇن ئىشىق ئوتىدىن بولسۇن خالاس.
(بۇ نەسھەتتىن خاس بەھرە ئالالمىسا، ئۇ، ئولۇپ ئىشىق ئوتىدىن خالاس تاپسۇن.)

ناسھى بى رەھىم بۇ مۇهاملك جاۋاپ،
يازىپ ئوتتى چەشمەدىن ئەيلەپ شىتاپ.
(رەھىمسىز نەسھەتچى بۇ هالاكەتلىك جاۋاپنى يېزىپ بۇلاق يېنىدىن ئالدىراپ كېتىپ قالدى.)

بىر كۇن ئەيلەپ ئول ناۋاھىدا ھىيەل،
ئاڭلاسى ئول يان يانا سۇردى جەمەل.
(بىر كۇن شۇ ئەتراپتا يۇرۇپ يەنە شۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا توگىسىنى مىنىپ كەلدى.)

كىم يانا ئاشىق جاۋابىن ئاڭلاغاي،
بىدىلى غايىپ خىتابىن ئاڭلاغاي.
(يەنە ئاشىقنىڭ جاۋۋىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى، ئۆزىنى كورسەتمىگەن كوڭلى ۋەيرانىنىڭ خىتاۋىنى ئاڭلىماقچى بولدى.)

كوردى ئول چەشمە باشىدا بىدىلى،
ئىشىق ئىچىندە ئومىردىن بى هاسىلى.
(بۇلاقنىڭ بېشىدا بىر كوڭلى ۋەيران ئاشىقنى، ئىشىق ئىچىدە ئومىردىن ھىچ بەھرىمەن بولالمىغان بىچارىنى كوردى.)

ئاشكارا پەيكەرىدىن زارلىغ،
رەڭگ ۋەسپى دىن ئايان بىمارلىغ.
(ئۇنىڭ تۇرقىدىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى، رەڭگى ـ روھىدىن كېسەللىك بىلىنىپ تۇراتتى.)

خەلق كوڭلىن بۇزغۇدەك ھالى ئانىڭ،
ئال بولۇپ ئىشق ئىچرە ئەشكالى ئانىڭ.
(ئىشق ئىچىدە ئۇنىڭ كورۇنۇشى سارغايغان، ئۇنىڭ ئەھۋالى كىشىنىڭ كوڭلىنى بۇزاتتى.)

باشىن ئول تاش ئوزرە ئول ياكلىغ ئورۇپ،
كىم ئىككىسىدىن بىر-بىرىدىن سىندۇرۇپ.
(ئۇ بېشىنى شۇ تاشقا ئۇرۇپ تاشنى سۇندۇرغان، ئوزىنىڭ بېشىمۇ يېرىلغان ئىدى.)

چەشمە سۇيىن قانى ئەيلەپ لالەگۇن،
سۇ سارى تاش ئۇستىدىن باشى نىگۇن.
(ئۇنىڭدىن ئاققان قان بۇلاقنىڭ سۇيىنى قىپ قىزىل قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭ بېشى تاشتىن سۇ تەرەپكە ساڭگىلىغان.)

ئول نەسىھەت كىم ئاڭا ناسىھ پېتىپ،
بىدىل ئول سوز بىرلە تەركى جان ئېتىپ.
(يۇقۇرقى نەسىھەتنى ئۇنىڭغا نەسىھەتچى يازغان ئىدى، كوڭلى ۋەيران ئاشىق ئۇ سوز بىلەن جېنىدىن كەچتى.)

جاننى ھىجران شىددەتىدىن قوتقارىپ،
ئىشق ئارا گويا يېتىپ ئوزدىن بارىپ.
(ئۇ، جاننى ھىجراننىڭ شىددەتىدىن قۇتقازدى. ئىشق ئارىسىدا گوياكى مەقسىدىگە يەتتى، ئوزلىگىدىن قۇتۇلدى.)

ئىسمەئى كورگەچ بۇ ھالى بولئەجەپ،
كوڭلىگە سانجىلدى يوز نىش تەئەب.
(ئىسمەئى بۇ ئەجەپلىنەرلىك ھالنى كورۇپ يۇرىگىگە يۇز جاپا نەشتىرى سانجىلدى.)

تون نى چاك ئەيلەپ ئامامە تاشلادى،
بىدىلى مەقتۇلغا ماتەم باشلادى.
(كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، سەللىسىنى چورۇۋېتىپ، كوڭلى ۋەيران ئاشىققا ماتەم بىلدۇردى.)

ھال كورمەيدۇر ئىدى مۇندىن قاتىغ،
نەۋھە بىرلە يىغلىدى ئاچچىق-ئاچىغ.
(ئۇ، بۇنىڭدىن قاتتىغراق بىر ھالنى كورمىگەن ئىدى، شۇڭا ئاچچىق-ئاچچىق ئوكسۇپ يىغلىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوڭلىن ئول ئىش ئەسرۇ مەھزۇن ئەيلەدى،
چاك ئېتىپ يەر، ئانى مەرپۇن ئەيلەدى.
(ئۇنىڭ كوڭلى ئاجايىپ غەمناك بولدى، يەرنى كولاپ ئاشىقنى دەپنە قىلدى.)

چۇن شەھىد ئېردى ھىلاك بولغان بەدەن،
جىسمىغە قانلىق لىباس ئولدى كېپەن.
(ئۇ شەھىد بولغان ئىدى، شۇڭا قانلىق كىيىمى ئۇنىڭغا كېپەن بولدى.)

پانىيا، ئىشق ئىچرە پانى بۇيلە بول،
بولماسا سەبرۇ-شەكىبىڭ بىرلە بول.
(ئەي پانى، (ناۋايى) ئاشىقلىق يولىدا مانا شۇنداق فانى بول، مۇنداق فانى بول-مىساڭ سەبىر-تەھەممۇل بىلەن بولغىل.)

كىمگە بۇ ئولمەك نەسىپ ئېتسە خۇدا،
يۈز تومەن جان بۇيلە ئولمەككە پىدا.
(مانا مۇشۇنداق ئولۇشنى خۇدا كىمگە نەسىپ قىلسا، ئۇنداق ئولگەنگە يۈز تومەن-مىڭ جان پىدا بولسۇن.)

## مەغرىپەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

مەغرىپەت ۋادىسىنى سەن سوگرە بىل،
دەشت بى پايانلىغىن نەززارە قىل.
(مەغرىپەت ۋادىسىنى سەن كېيىن بىلگىل، ئۇنىڭ پايانسىز دەشت باياۋانلىغىغا كوز سال.)

كىمكى بۇ ۋادىغا بولدى مۇتتەسىپ،
تاپتى ئاندا ھاللارنى موختەلىپ.
(كىمكى بۇ ۋادىغا كىرسە ئەھلى مەغرىپەتلىك بىلەن سۈپەتلەنسە، ئۇ ۋادىدا تۈر-لۈك ھالەتلەرنى تاپىدۇ.)

ۋادىئىدۇر يۈز تومەنىڭ ئاندا يول،
ئول بۇ بىر كەلمەي ئۇنىڭدەك كىم بۇ ئول.
(بۇ، شۇنداق ۋادىدۇركى ئۇنىڭدە يۈز تومەنىڭ يول بار. ئۇ يولـى بۇنىڭ بىلەن بىرلەشمەيدۇ، بۇ يولى — ئۇ يولى بىر كەلمەيدۇ.)

ئىختىلافى "جوز" ئىلە "كول" مۇندادۇر،
كىم تەرەققى تەنەززول مۇندادۇر.

(بولۇنۇش ئايرىملىق بىلەن بىرلىك ئومۇملۇقنىڭ قارىمۇ-قارشىلىغى بۇ ۋادىدا بار.
چۈنكى بۇ يولدا تەرەققى قىلىش بىلەن تۈشۈپ كېتىش-پەسىيىشمۇ بار.)

يۈز تۈمەن رەھرەۋ كورەرسەن بى قارار،
ھەر بىرى بىر يولنى ئەيلەپ ئىختىيار.

(يۈز تۈمەن سالىكنى كورسەن، ئۇلار توختاۋسىز ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر
يولنى ئىختىيار قىلغان.)

ئۇز بارور يولىغا ھەر بىر مۇفتەخەر،
ئۇزنى ئەيلەپ ئۇز يولىغە موختەسەر.

(بۇ يولدا يۈرگۈچىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۇز يولىنىڭ يېقىن، قىسقا ھەم توغرىلىغى
بىلەن پەخىرلىنىدۇ.)

بۇ ئانى تۈتماي موسەللەم ئول مۇنى،
ھەر بىر ئۇزدىن ئۇزگە كورمەي، ئول مۇنى.

(ئۇ يولۇچىلار بىر بىرىگە تەن بەرمەيدۇ، ھەر بىرى ئۇزىدىن باشقىنى كورمەيدۇ.)

پەشە ئەندازە نەۋەرد پىل ھەم،
پەشە ئاندا تايىر جىبرەئىل ھەم.

(ئۇ ۋادىدا پاشىمۇ قەھرىمانلىق قىلىپ پىلنى تاشلاپ كېتىدۇ، پاشا ئۇ يولدا ئۇچسا
جىبرئىل ھەم ئۇچىدۇ.)

موسا، پرئەۋن ئاندا راھ رەۋ،
بىل يېقىن كىم بىردەك ئىرمەس بۇ ئىكاۋ.

(ئۇ ۋادىدا مۇسامۇ ماڭىدۇ، پىرئەۋنىمۇ ماڭىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى بىر بىرىگە
ئوخشىمايدۇ.)

مەھدىيو-دەججالغا يول مەزھەبى،
لىك تەڭ بولماي مەسخى مەركەبى.

(ئىمام مەھدىنىڭمۇ كېتىۋاتقان يولى بار، دەججالنىڭمۇ كېتىۋاتقان يولى بار.
لېكىن يول يۈرۈشتە مىنگەن ئۇلاغلىرىنىڭ شەكلى ئوخشاش ئەمەس.)

ئەھمەدۇ، بۇ جەھل ئىشىپ ئاندا زۇھور،
بۇ تۈشۈپ زولمەتغە، ئول غەرق نۇر.

(بۇ ۋادىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ، ئەبۇ جەھلىمۇ ئاشكارلىنىدۇ، ئەبۇ جەھل
زۇلمەتكە پاتقان بولسا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام نۇرغا چومگەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەئب ئاندا سەير ئېتىپ ياخشى ـ يامان،
موئمىن ئاندا سالىك ۋە كاپىر هامان.
(ئۇ ۋادىدا ياخشىلىق ۋە يامان، ئەخلاق ـ ئادەتلەر بار. موممىنمۇ، كاپىرمۇ بۇ يوللاردا ماڭىدۇ.)

"لات" "لاسىن" دەير ئىلى ئەيلەپ پاناھ،
كەئبە ئەھلى لىك "لائىلاھ ئىللەللاھ".
(بۇتخانىدىكىلەر لات (بۇت) دىن پاناھ تىلىسە، مۇسۇلمانلار بىر خۇدادىن باشقا خۇدا يوق دەيدۇ.)

كۇپىر ئەھلى لاتنى ئىلاھ دىبان،
لىك ئىسلام ئەھلى ئىللەللاھ دىبان.
(ئىمانسىزلەر بۇتنى خۇدا دىسە، مۇسۇلمانلار خۇدانى بىر دەيدۇ.)

مۇختەلىپ بولماي نە بولسۇن ئاندا ئىش،
چۈن بۇ يەڭلىغ مۇختەلىپ بولدى رەۋىش.
(ئۇ يەردە ئىشلار قارىمۇ ـ قارشى بولماي قانداق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يولنىڭ رەۋىشى مۇنداق قارىمۇ ـ قارشى ئەمەسمۇ؟)

بۇنداق ئەيتىبدۇر نەبىي راهبەر،
كىم ئۇلوسغە هەق سارى بولسە سەپەر.
(پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھسالام مۇنداق دەپتۇ: خەلق ھەق تەقىپكە ماڭىدىغان بولسا،)

ئىستەسەڭ يول كەسرەتىغە ئەدۋەھەر،
خەلق ئەنفاسى بىلەن تەڭ بىل ئەدەر.
(يولنىڭ كوپلىگىگە ئەدەر ۋە چەك ـ چېگرا ئىزلىسەڭ، تەڭ ئەدەر بار، يەنى خالايىقنىڭ تىنىقى باراۋىرىدا سان ۋە چەك مەۋجۇت.)

هەم بارى دۇردى ئىمەس هەم بارچە ساپ،
بەس زورۇردۇر ئۇلوسغە ئىختىلاپ.
(ئۇ يولنىڭ ھەممىسى دۇغ (پاسكىنا) ئەمەس ھەم ھەممىسىمۇ ساپ ئەمەس، شۇڭا خەلق ئارىسىدا ئىختىلاپلار بار.)

بۇ مەھەلدە گەر گادادۇر گەر مۇلۇك،
هەر بىر ئۇزگە يول بىلە ئەيلەر سۇلۇك.
(بۇ جايدا مەيلى قەلەندەر، مەيلى پادىشالار بولسۇن، ھەر بىرى باشقا بىر يول بىلەن مېڭىشىدۇ.)

نەپس چۈن بولدى مەھەللى ئىختىلال،
لازىم ئۇلدى مۇندا ئەۋساپ كامال.
(نەپس ئىختىلاپىنىڭ مەنبەى بولغاچقا بۇ يەردە كامالەتنى سۈپەتلەش لازىم بولدى.)

مۇندا سالىك كە تاپاۋوت بولدى پاش،
ئاڭا مىھراب، موڭا بۇت بولدى قاش.
(بۇ يەردە يۇرگۇچىلەردە پەرق بارلىغى ئاشكارا بولدى، ئۇنىڭغا مەسجىد مىھرابى نېسىپ بولسا، بۇنىڭغا بۇتقا چوقۇنۇش نىسىپ بولدى.)

بولدى ئۇز ئىرپانى ھەركىمگە سۈپەت،
كوپ تاپاۋوت قىلدى مۇندا مەئرىپەت.
(ھەر كىمنىڭ تونۇشى ئۇزىگە سۈپەت بولۇپ مەئرىپەت (بىلىش)دە ناھايىتى زور پەرقلەر بولدى.)

ھەر كىشى ئۇز تۇرىدە ئىستەپ كامال،
قىلدى ۋادى تەي قىلورغە ئىشتىغال.
(ۋە ھەر كىشى ئۇز رەۋىشىچە كامالەت ئىزلەپ بۇ ۋادىنى كېسىپ ئوتۇشكە كىرىشتى.)

گەر سولوك ئەتىۋارىدا قەغىير ئىدى،
مەقسەدى لېكىن بارىنىڭ بىر ئىدى.
(ئەگەر يول يۇرۇشتىكى رەۋىشلىرىدا باشقىچە بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ مەقسە-دى بىر ئىدى.)

يول ئەگەر ئەگرى ئىدى يا ئېردى تۇز،
يا يىراق، ياخۇد يېقىن كورگۇزدى يۇز.
(ئەگرى بولسۇن، تۇز بولسۇن، يىراق بولسۇن، يېقىن بولسۇن، بۇلارغا يول كورۇندى.)

بەزى ئۇلدى، بەزى ئۇتتى يول ئارا،
بەزى ئاۋارە بولۇپ ھەر قەۋل ئارا.
(يول ئۇستىدە بەزىلىرى ئۇلدى، بەزىلىرى ئوتۇپ كەتتى، بەزىلىرى ھەر خىل سوزلەر بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدى.)

بولمىدى بۇ يولنى چۈن قەتئ ئىتمەگەن،
بولمىدى مەقسەدغە داغى يەتمىگەن.
(بۇ يوللارنى بېسىپ ئوتمىگەن ھەم مېڭىپ مەقسەدىگە يەتمىگەن كىشىلەر يوق.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

مەئرىپەت خورشىدى چون قىلدى تۇلۇئ،
ھەركىم ئۆز مەقسىدىغە ئەيلەپ روجۇئ.
(مەئرىپەتنىڭ قۇياشى تۇغۇپ ھەر كىم ئۆز مەقسىدىگە قايتتى.)

ئۆز سولوكىغە ناتائىج ئىستەدى،
قىلماق ئۆز نەقدىنى رائىج ئىستەدى.
( ھەركىم ئۆز يولىغا نەتىجە ئىزلىدى، ھەر كىم ئۆز يولىنى ئۆتكۈزۈش چارد-
سىنى ئىستىدى.)

چۈنكى پەرتەۋ سالدى ئول پاكىزە نۇر،
بولدى ھەر كىمنىڭ كامالىغە زۇھور.
(چۈنكى، ئۇ مەئرىپەتنىڭ پاكىز نۇرى شوئىلە سېلىپ، ھەركىشىنىڭ كامال-غە
يېتىش يولىنى ئاشكارە قىلىپ بەردى.)

تاپدىلار ھەر كىمكى چوكمىش ئىردى رەنج،
ئۆز سولوكى رەنج نىڭ خوردىدە گەنج.
(ھەر كىمكى قانچىلىك جاپا چەككەن بولسا ئۆز يولىنىڭ جاپاسى لايىغىدا خەزىنە
تاپتى.)

چون سولوك ئىچرە كوپ ئېردى ئىختىلاپ،
كوبراكى دۇرد ئېردى، لېكىن ئازى ساپ.
(چۈنكى، يوللاردا كوپ ئىختىلاپ بولۇپ، ئۇ يوللارنىڭ تولىسى قاراڭغۇ تۇمانلىق،
ئازراقى يورۇق ئىدى.)

كىم رەۋىشدە ساپ ئېردى مەشرەبى،
بار ئېردى ئول تابىئى شەرئى نەربى.
(كىمنىڭ رەۋىشىدا مەي ئىچكەن ئورنى سۇلۇكى ساپ بولسا، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ
شەرئىتىگە ئەگەشكەن كىشى ئىدى.)

بەس مۇناسىبدۇر ئىشىت بۇ ماجرا،
نەقىل مۇنداقدۇركى ھىندىستان ئارا.
(بۇ ماجراغا مۇناسىپ بىر ھىكايە بار، ئىشتكىل!، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە بۇ ۋەقە
ھىندىستاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىدى.)

## ھىكايەت تەمسىل

تۇشتىلار بىر نەۋئ ئىلە ئەھلى بەسىر،
يا مۇساپىرلىق بىلە، ياخود ئەسىر.
(بىر مۇنچە كوزى قارىغۇ كىشىلەر مۇساپىر بولۇپ ياكى ئەسىر بولۇپ ھىندىستانغا كېلىپ قالدى.)

سوگرەكىم بەردى ئۇلارغا رۇزىگار،
مەسكەن مەئۇلارى ئىچرە قارار.
(كېيىن ئۇلارغا زامان تۇرار جاي-ئوي، تۇرمۇش بەردى.)

بىر كىشى سوردى كۇرۇپ سىزلارچو پىل؟
دىدىلار ھادى دىدى ئانى دەلىل.
(بىر كىشى ئۇلاردىن پىل توغرىلىق سوز سورىدى، ئۇلار بىرىنىڭ يولباشچىسىز پىلنى ئۇستاز، توغرا باشلىغۇچى دىگەن ئىدى دىدى.)

چۇن ئۇلار كورمەيدۇ ئېردىلار ئانى،
ياخشى ھەم سورمايدۇر ئېردىلار ئانى.
(چۇنكى ئۇلار پىلنى كورمىگەن ھەم پىل توغرىسىدا ياخشىراق سوراپمۇ باقمىغان ئىدى.)

ھەر بىرى بىر ئونەۋغە سۇرتۇپ ئىلىك،
ھاسىل ئەيلەپ ئېردىلار ئاندىن بىلىك.
(ئۇلارنىڭ ھەر بىرى پىلنىڭ بىر ئەزاسىنى قولى بىلەن سىلاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم چۇشەنچە ھاسىل قىلغان ئىدى.)

قوللاردىن مەس ئەيلەگەن دىدى سىتون،
قارنىن ئەتكەن مەس دىدىكىم بى سىتون.
(پىلنىڭ پۇتلىرىنى سىلىغان بىرى پىل دىگەن تۇۋرۇككە ئوخشاش نەرسە ئىكەن دىدى، ئۇنىڭ قوسىغىنى سىلىغان بىرى تۇۋرۇكسىز نەرسە دىدى.)

ئول بىرىكىم مەسسى خۇرتوم ئەيلەدى،
ئەژدەھا ئەندامى مەلۇم ئەيلەدى.
(پىلنىڭ خۇرتۇمىنى سىلىغان بىرى ئەجدىھاغا ئوخشايدىكەن، دىدى.)

ئول بىرىكىم قىشلىرىن قىلدى بايان،
دىدىكىم ئىككى سوڭەك بولدى ئايان.
(يەنە بىرى پىلنىڭ چىشلىرىنى سوزلەپ ئىككى پارچە سوڭەك ئىكەن، دىدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۆيرۇغىدىن ئۆلكى كورگۆزدى خەبەر،
دىدى بىر ئەفئى ئاسلىمشدۇر مەگەر.
(يەنە بىرى پىلنىڭ قۆيرۇغى توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ، ئېسىلىپ تۇرغان بىر زە-
ھەرلىك ئىلان ئىكەن، دىدى.)

باشىغا ئۆل بىركى سۇرتۇپ ئىردى قول،
بەرقىيانىڭ تومشۇغى شەرھ ئەتتى يول.
(پىلنىڭ بېشىنى سىلىغان بىرى "بەرقىيا"نىڭ تۇمشۇغىكەن، دىدى.)

ئۆلكى يەتكۆزدى قۆلاقىغە ئاۋۇچ،
دىدى تەھرىك ئىچرە ئىككى يەلپۇگۇچ.
(پىلنىڭ قۇلىغىنى سىلاپ كورگەن بىرى ھەركەتلىنىپ تۇرغان ئىككى يەلپۇگۇچ
ئىكەن، دىدى.)

بارچەسى "ئۇقيا" سوزىدىن سوز دىدى،
گەرچە ئۆل سوز بارچەسى ۋاقەئ ئىدى.
(ھەممىسى كورنىڭ پەرەز قىلغان سوزىنى سوزلىدى، گەرچە ئۇلارنىڭ دىگەنلىرىنىڭ
ھەممىسى بار نەرسىلەر ئىدى.)

لىك نۇقسان ئىردى تەقرىر ئىچرە كوپ،
يوق ئىدى تەرتىپ - تەدبىر ئىچرە كوپ.
(لېكىن سوزلەنگەن سوزلەردە كوپ نۇقسانلار بار بولۇپ، تەرتىپسىز ۋە تەدبىرسىز
سوزلەر ئىدى.)

چۈن ھەكىمى كامىلى ھىندۇ نەژاد،
پىل يەڭلىغ شۇەسىدە ئۇستاد.
(پىل توغرىسىدىكى بىلىمگە ئۇستاد، ھىندى نەسىللىك بىر كامىل پەيلاسوپ:)

بولدى ئۆل تەقرىرلارگە مۇستەمىئ،
نەقىل قىلغانلارغا بولغاي مۇمتەنىئ،
(پىلنى تەرىپلىگۈچىلەرنىڭ سوزىگە دەخىل بولمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ سوزىنى قۇلاق
سېلىپ ئاڭلىدى.)

دىدى ھەربىر ئۆنچە ۋاقىپ ئىردىلا،
پىل ھالىدىن نىشانى بەردىلار.
(ھەر بىرى پىلنى ئۆزىنىڭ چۈشىنىشىچە چۈشەندۇرۇشتى، پىلنىڭ ئەھۋالىدىن بىردىن
نىشان بېرىشتى.)

ھەر بىرىنىڭ سوزىگە ئېرىدى خىلاف،
گەر جىدەل قىلدىلار ئېرىدىلار مائاف.
(ئىۇلارنىڭ بىرىنىڭ سىوزى يەنە بىرىگە زىت بولۇپ، سوز تالىشىپ جىدەل ـ مىاجرا قىلىشسا ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى.)

ھەربىرى ئۇز بىلگانىدىن دىدى سوز،
سالمىغان ئېردى بىرى پىل ئۇزرە كوز.
(بۇلارنىڭ ھىچقايىسىسى پىلنى كورمىگەن، لېكىن ھەر بىرى ئۇزى بىلگىنىچە سوزلىدى.)

لىك جەم ئولغاندا بۇ بارچە سۇپەت،
پىل‌غە ھاسىلدۇر ئولدەم مەئرىپەت.

(لېكىن ئۇلار دىيىشكەن ھەمىمە سۇپەتلەرنى يىققاندا پىلنىڭ شەكلىنىڭ قانداقلىغىنى بىلىش ھاسىل بولاتتى.)

كامىلى بىناغە چۇن ئېردى يېقىن،
بى تەخەللۇپ دىدى بارى سوزى چىن.
(ھىلىقى دانا پەيلاسوپقا پىلنىڭ ئەھۋالى ئېنىق ئىدى، دەرھال بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سوزى راست دىدى.)

## ئىستىغنا ۋادىسىنىڭ سۇپىتى
## (ئوزىنى بى ھاجەت ـ ئۇستۇن نازلىق تۇتۇش ۋادىسىنىڭ سۇپىتى)

ۋادى ئاندىن سوگرە ئىستىغنادۇر ئول.
ئاندا تەڭ ئەئلا ئەگەر ئەرنا دۇرۇر.
(مەرىپەت ۋادىسىدىن كېيىن ئىستىغنا (بى ھاجەتلىك) ۋادىسى يولۇڭدا ئۇچرايدۇ، ئۇ ۋادىدا ئەلا بىلەن تۆۋەنلەر ئوخشاش.)

ھەردەم ئىستىغنا يىلى بولغاندا تىز،
سالبان ئاپاق ئارا يۇز رۇستىخىز.
(ھەر قاچان ئىستىغنا شامىلى سوققاندا، دۇنياغا قىيامەت قوزغىلاڭلىرى قوپۇرۇپ ئېتىدۇ.)

ياغىپ ئىستىغنا ساھابىدىن ياغنى،
يۇز تۇمەن ئالەمنى سۇ ئىلتور ساغىن.
(ئىستىغنا بۇلۇتىدىن يامغۇر ياققاندا، يۇز تۇمەن ئالەمنى سەل ئېقىتىپ كېتىدۇ.)

www.uyghurkitap.com



يەتتە دەريا ئاندا بىر قەترە مەتەر،
يەتتە كوك خەشخاش چاغلىق مۇختەسەر.

(ئۇنىڭ ئالدىدا يەتتە دەريا بىر تامچە يامغۇر، يەتتە قات ئاسمان بىر تال ئەپيۇن ئۇرۇغى چاغلىقتۇر.)

يەتتە دوۋزەخ ئاندا بىر ئۇچقۇن كىبى،
سەككىز ئۇچماخ ئاندا بىر شۇرۇپ كىبى.

(ئۇ ۋادىدا يەتتە دوۋزەخ بىر ئۇچقۇنچە بولۇپ سەككىز جەننەت بىر تامچە شەبنەمچىدۇر.)

مۇرلارغە تۇئمە ئاندا پارچە شىر،
پاشەسى پىل ئۇۋلاماقغە بەس دەلىر.

(ئۇ ۋادىدا پۇتۇن شىرلار چۈمۈللارگە تۇئمە (تاماق) بولىدۇ، ئۇنىڭ پاشىسى پىلنى ئۇۋلاشقا يۈرەكلىكتۇر).

يەتتە كىشمۇر ئۇزرە شاھى قەھرىمان،
بىر گادا ئاندا ھامانۇ - ئول ھامان.

(ئۇ ۋادىدا يەتتە ئىقلىمنىڭ قەھرىمان پادىشاسى بىلەن بىر قەلەندەر گاداي تەڭدۇر.)

تىغ قاتىل تارتىبان يۈز مىڭ چىرىك
كوزگە كەلمەي ئانچە قاقمىچە ئىرىك.

(يۈز مىڭ ئەسكەر تىغ تارتىپ قورالىنىپ كەلسە كوزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر قاقۇمچە① كورۇنىدۇ.

ئەژدەھاكى كوكنى چەككەي دەم بىلە،
ئاندا يەكسان رىشتەئى مەريەم بىلە.

(ئاسماننى دەم تارتىدىغان ئەجدىھار ئۇندا مەريەمنىڭ بىر تال يىپى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ).

بولدى بىر خەيىل مالائىك بىر تەرەپ،
تاكى ئادەم كەلدى بىر تاج شەرەپ.

(ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغلۇق تاجىنى كەيگىچە پەرىشتىلەر گۇروھى بىر تەرەپ بولمىدىمۇ؟)

بولدى يۈز مىڭ جىسىم ئىلە بىگانە روھ،
تاكى كىشتىبانلىق ئايىن قىلدى نۇھ.

(ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام كىمچىلىك قائىدىسىنى پەيدا قىلغۇچىلىك، نەچچە يۈز مىڭ تەن (ئادەم) جىېنىدىنمۇ ئايرىلمىدىمۇ؟)

يۈز تۇمەن نەمرۇدنى پىشە زەلىل،
قىلدى تا ئوتنى چىچەك مىھرى خەلىل.

① قاقۇم — تېرىسى غايەت ئاق، يۇمشاق بىر كىچىك ھايۋان.

(ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ مۇھەببىتىدىن ئوت گۇلزارلىققا ئايلانغانغا قەدەر، يۈز تۈمەن نەمرۇد بىر پاشادەك خارلانمىدىمۇ؟)

بولدى يۈزمىڭ تىپل نىڭ قانى ھەدەر،
تا كەلىمۇللاھ بولدى تاجۋەر.

(موسا ئەلەيھىسسالام كەلىمۇللاھلىق تاجىنى كەيگەنگە قەدەر، يۈزمىڭ بوۋاق بالىنىڭ قېنى بىكار توكۇلمىدىمۇ؟)

باغلىدى زۇننار يۈزمىڭ ئەھلىدىن،
تا مەسىخ ئەنفاسىدىن جان تاپتى تىيىن.

(ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپەسىدىن يۈزمىڭلىغان جانلار تىنجىغانغە قەدەر، يۈز مىڭلىغان دىن ئەھلى بوينىغا زۇننار (بۇت كىرىست) ئېسىپ يۈرمىدىمۇ؟)

توكتى يۈز مىڭ قان بۇ زالىم كۆھنە دەير،
تا مۇھەممەد قىلدى بىر تۈن ئەرشىنى سەير.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بىر كېچىدە مىئراجغا چىققانغە قەدەر بۇ زالىم كونا دۇنيا يۈز مىڭلىغان ئىنساننىڭ قېنىنى توكمىدىمۇ؟)

مۇندا يەكسان كەلدى يۇقۇ بار ھەم،
ئەھلى دىن ۋە زۇمرەئى كۇپپار ھەم.

(بۇ ۋادىدا بار بىلەن يوق، دىن ئەھلى بىلەن دىنسىزلەر ئوخشاش بولۇپ كەلگەن.)

مېنىڭ يىل ئاز زوھھاك ئولۇستىن توكتى قان،
تامەسىھ ئۆلگەنى بەدەنگە بەردى جان.

(زوھ ھاك ناملىق پادىشا مىڭ يىل خەلقنىڭ قېنىنى توكۇپ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆلگەن بەدەنگە جان بەرگەنگە قەدەر، زوھھاك① مىڭ يىلغا يېقىن خەلقنىڭ قېنىنى توككەن ئەمەسمۇ؟)

ياكى بوختەننەسىر قىلدى زۇلۇم كىن،
ياكى نوشىرۋانغە ئەدل ئولدى قەرىن.

(يا بوختەننەسىر خەلققە زۇلۇم ياغدۇرۇپ دۇشمەنلىك قىلغان بولسا، نوشىرۋان، ئادالەت ئورناتقان ئەمەسمۇ؟)

ئىككىسىنىڭ مۇندا بىردۇر ھوكمى بىل،
كەل بۇ ئىستىغنا سارى نەززارە قىل.

بۇ ئىستىغنا تەرەپكە قارىساڭ يۇقۇرقى ئىككىسى (زوھھاك، نوشىرۋان) ھوكۇمرانلىغى ئىران زىمىنىدا ئوخشاش ئەمەسمىدى؟)

① زوھھاك — مىلادىدىن ئىلگىرى ئىراندا ھوكۇمرانلىق قىلغان بىر زالىم قانخور پادىشا.

www.uyghurkitap.com

يۈز تۈمەن خورشىد ئەگەر بولسە ئەدەم،
بولدى ساغىن چەرخدىن بىر زەررە كەم.
(يۈز تۈمەن قۇياش ئەگەر يوقىلىپ كەتسە، پەلەكتىن بىر زەررە كىمىگەندەكلا بولىدۇ.)

يەرگە سىڭسە يۈز تۈمەن بەھىر ئەمىق،
قەترەئى ئۇكسۇلدى تۇتغىل ئەي رەپىق.
(يۈز تۈمەن چوڭقۇر دېڭىز يەرگە سىڭىپ كەتسە، بىر تامچە سۇ كېمىيىپ قاپتۇ
دەپ پەرەز قىلغىل ئەي يولداش!)

كويسە گەر يۈزمىڭ تۈمەن پەرى - ھورى،
كويدى توت بىر پاشەنىڭ سىنغان پەرى.
(ئەگەر يۈز مىڭ تۈمەن ھۆر - پەرى ئوتتا كويۈپ كەتسە، بىر پاشىنىڭ قانىتىنىڭ
سۇنغان قانىتى كويۈپتۇ دەپ پەرەز قىل!)

يەل ساۋۇر سابو توققوز ئەپلاكنى،
دەم ئوچوردى ئاڭلاغىل خاشاك نى.
(بوران چىقىپ توققۇز پەلەكنى ئۇچۇرۇپ كەتسە، بىر پۈلەش بىلەن قۇرۇق غازاڭنى
ئۇچۇرۇپ كەتكەنلىكتۇر.)

قاپ دەك يـوز تاغنىڭ يوق بولماغىن،
يەر يۈزدىن بىر قوم ئوكسولدى ساغىن.
(كوھى قاپتەك يۈز تاغنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى يەر يۈزدىن بىر تال قۇمىنىڭ كېمىيىپ
قالغىنىغا باراۋەر دەپ بىلگىل.)

سىدرە شاخى بىرلە تۇبا بولسە يوق،
ئۇكسۇدى توت پاشەدىن بىر ياپراق ئوق.
("سىدرە" ۋە "تۇبا" دەرەخلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى پاشىنىڭ بىر تال قانىتىنىڭ
يوقىلىپ كېتىشى دىگىل.)

ئاندا تەڭ كۇر، گۇمرەھۇ — ئاگاھنى،
دەير كويى بىلە بەيتۇللاھ نى.
(ئۇ ۋادىدا ئازغانلار بىلەن توغرا يولدا ماڭغانلارنى بەيتۇللا بىلەن بۇتخانىنى تەڭ
كورگىل.)

بىر تۇرۇر گەر كەئبە بىرلە بۇت كەدە،
بولسەلار — مەئمور يا ئاتەش زەدە.
(ئۇ ۋادىدا كەئبە بىلەن بۇتخانا، ئاۋاتجاي ئوتتا كويۈپ كەتكەن يەر ئوخشاشدۇر.)

مىك ياشا يىل تاكلا توغقان ياش چە،
چەرخ ئەزەم دانە ۋە خەشخاش چە.
(ئۇنىڭ ئالىدىدا مىڭ ياشقا كىرگەن پىل، ئەتە يېڭى تۇغۇلغان بالىسى بىلەن بۈيۈك ئاسمان ئەپىيۇنىنىڭ ئۇرۇغىچە.)

كۆپىر ئىلى دىن دىنغەچۇ مىقداردۇر،
مۇنىدا ئىش سالىك گە بەك دىشۋاردۇر.
(كۆپىر ئەھلىنىڭ دىن ئەھلىگە نىسبەتەن مىقدارى — سانى (كاپىرلىق، دىندارلىق) مەسىلىسى بۇ يولنى كېسىپ ئۆتكەن سالىكغە بەك دىشۋاردۇر.)

## ھېكايەت

ئىككى شىترەنچ ئوينىغۇچى ئۇستاد،
ئەرسەئى شىترەنچ غە ئەيلەپ كوشاد.
(ئىككى شاخمات ئۇستىسى شاخمات تاختىسىغا شاخمات ئۇرۇقلىرىنى يايدى.)

ئىككى جانىبدىن بولۇپ ئارام گىر،
تۆكدىلار ئورتادا شىترەنجى كبىر.
(ئىككى تەرەپ ئۇرۇقلىرىنى تىزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئارىسىدا چوڭ شاخماتۋازلىق باشلاندى.)

ھەر تەرەپتىن بىر شەھ ئولدى ئاشكار،
بارچە ئايىنى سۇپاھى شاھۋار.
(ھەر ئىككى تەرەپتىن بىردىن شاھ ھەم شاھ ئەسكەرلىرى ئۆزىنى كورسەتتى، يەنى شاخماتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى بىر بىرىگە تاقابىل تەڭ ئىدى.)

ھەر بىرىگە بىر ۋەزىر راست كام،
يەنە بىر پەرزىن ۋە لېكىن كەج خىرام.
(ھەر تەرەپكە بىردىن ۋەزىر كام ئىدى، يەنە بىردىن فەرزىن كېرەك ئىدى، لېكىن ۋەزىر فەرزىن كام ئىدى.)

ئول ئىكاۋدىن بىرى رۇم ئىلىگە شاھ،
يەنە بىر زەنگ ئەھلىغە كىشۋەر پاناھ.
(ئۇ ئىككى شاھنىڭ بىرى رۇمنىڭ شاھى، يەنە بىرى ھەبشىستاننىڭ شاھى ئىدى.)

ئوستاد ئول شاھ ئىلە خەيلىن بىرىپ،
سەپلىرىغە زىن ئارايىش بىرىپ.

www.uyghurkitap.com



(شاخمات ئۇستىسى شاھ بىلەن ئەسكەرلىرىنى چىرايلىق قىلىپ سەپكە تىزدى، ھەر تەرەپ ئۆز سەپلىرىنى چىرايلىق زىننەتلىدى.)

كىنەۋەرلەر ئات سالىپ مەيدان ئارا،
لەئىپ لەر زاھىر قىلىپ جەۋلان ئارا.

(بىر بىرىگە قارشى ھەر ئىككى تەرەپ مەيداندا ئات ئوينىتىپ جەۋلان قىلىپ ئويۇنلىرىنى كورسىتىشتى.)

ھەم توزوپ مەيدان رەزم ھەم ھىسار،
بولسە مەغلوپ ئىتكالى ئوليان فىرار.

(ھەم ئۇرۇش ـ جەڭ مەيدانلىرىنى، سېپىل قورغانلىرىنى تۇزەتتى، مەغلۇپ بولسا قاچىدىغان تەرەپلىرىنىمۇ بەلگىلىدى.)

سەپلەر ئىچرە پىل ئىلە زەراپە ھەم،
رۇخ بىلە، دەببانە ۋە كىشاپە ھەم.

(سەپنىڭ ئىچىدە پىل، زىراپە، رۇخ، دەببابە (ئېيىق) ۋە كەششاپەلەر بار ئىدى.)

ھەرپ ئەھلى ھەم ئورۇش رەسمىن تۇزۇپ،
كوپ ئويون ھەم بىر بىرىگە كورگۇزۇپ.

(جەڭچىلار ئۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى ھازىرلاپ، بىر بىرىگە كوپ ئويۇنلارنى كورسىتىشتى.)

قايىسى بىر ھەم ئۆز سوپاھىن بەركىتىپ،
بوزغىلى ئول بىرسى تەدبىر ئىتىپ.

(قايىسى بىر تەرەپ ئەسكەرلىرىنى بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولسا، قارشى تەرەپ ئۇنى بۇزۇۋېتىشنىڭ تەدبىرىنى قىلاتتى.)

ئورتادا زاھىر بولور ئەئجوبەلەر،
بەلكى بى ھەد يوزلىنىپ مەنسوبەلەر.

(ئورتىدا ئاجايىپ قىزىق ۋەقەلەر بولاتتى، بەلكى كوپ قېچىش ۋە قوغلاشلار يۈز بېرەتتى.)

مۇندا كوب گۇرد سوپاھ سالا ـ ھەم،
زاھىر ئەيلەپ لەئب ھەم پەيكار ھەم.

(بۇ يەردە پالۋانلار ۋە ئەسكەر باشلىقلىرى جەڭگىۋارلىق ئويۇن ھونەرلىرىنى كورسىتىشەتتى.)

ئمتىداد ئانچە تاپىب بۇ رەزمگاھ،
كى چىرىك تارتىپ ئۇرۇشغاي ئىككى شاھ.

(جەڭ مەيداندىكى ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى، ئىككى شاھ ئەسكەر تارتىپ ئۇرۇشتى.)

بەلكى كوبرەك ھەم ئوتوپ ئاندىن زامان،
كىم ئۇرۇشقاي ئىككى شاھ قەھرىمان.

(بەلكى ئۇزۇن زامان ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن، ئىككى قەھرىمان شاھ ئۇرۇشقا چۈشتى.)

مونچە ئايىنى سۇپاھى كەررۇ - پەر،
قەلئە مەيدان، جەۋلان، مەقەر.

(جەڭگىۋارلارنىڭ شۇنچە تەنتەنە، ھەشەمەتلىرى، قورغان، مەيدان، ئات چېپىشلار تۇرار جايلار،)

ھەم بەرانغار، ھەم جۋانغارىكىن شكال،
ھەم يانا ھىراۋولدا بۇ ھال.

(ھەم ئوڭ قول، ھەم سول قول ئەسكىرى سەپلىرى، دۈشمەنلىشىش ئالامەتلىرى، ھەم قاراۋۇل - ئالدىنقى چارلاش قىسملىرى،)

ھەر سۇپەك - بىك ئوغلى ئالدە يۇرۇپ،
ئاندىن ئول ئوزگە ئىشىگە يەتكۇرۇپ.

(ھەر بىر ھەربى ئەمەلدار - بەگ ئوغۇللىرى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار باشقىلارنى ئايرىم ئىشقا ئۇرۇنلاشتۇراتتى.)

رەزم كىم مەيدانى قەتئى ئولغاچ تامام،
ئوز ئاتاسىغە بولۇپ قايىم - ماقام.

(جەڭ تامام بولۇش بىلەن ئوغۇللار ئوز ئاتاسى ئالدىغا بېرىپ ئاتلىرىغا ئىز باسار بولاتتى.)

ھەم ياياقو - ھەم ياراقدىن رەھ نەۋەرد،
كىم مۇسائد بولسە چەرخ تىزگەرد.

(پىيادە ھەم ئاتلىق يول يۇرگۇچىلەر، تېز ئايلىنىدىغان پەلەك (زامان) يار بەرسە،)

چۈنكى مەيدان دەشتىنى رەپئ ئەيلىگەي،
بىر چىرىك نى يالغۇز ئول دەفئ ئەيلىگەي.

(مەيداننى كوتىرۋېتىدۇ. بىر ئەسكەرنى يوقىتىدۇ، جەڭ مەيدانى دەشتىنى يۇقۇرى كوتىرىپ، شوھرەت قازىنىپ، پۈتۈن بىر قوشۇننى يالغۇز ئوزى يوقاتتى.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانچە ئايىندىن تولا بۇ رەزمگاھ،
كىم ئۇرۇشتا ئىككى شاھى كىنەخۋاھ.
(مۇنداق رەسىم - يوسۇنلاردىن تولغان ئۇرۇش مەيدانى، دۈشمەنلەشكەن ئىككى پادىشانىڭ ئۇرۇشىدا.)

ھەر بىرىدە يۈز تۈمەن نەۋخۋاستە،
بولمىغاي مۇنداق ماساپ ئاراستە.
(ھەر بىرىدە يۈز تۈمەن ياش يىگىتلار بار ئىدى، ھېچقاچان مۇنداق جەڭ جاھاندا بولمىغان ئىدى.)

ھەم ئىشىدە مۇنچە ئايىن ئولماغاي،
ھەم ئىلىدە مۇنچە نەسرىن ئولماغاي.
(ھەم ئۇلارنىڭ ئىشىدە مۇنچە قائىدە - ئىنتىزام بولمىغان ئىدى، ھەم يۇرتىدا مۇز - چىلار پۇراقلىق گۈللەر بولمىغانتى.)

مۇنچە بۇنيادو - ماساپو - كىن، رەزم،
چون ئويۇنچى يىغماقىنى قىلدى ئەزم.
(شۇنچە ئاساسلار، تۈزۈلگەن جەڭ سەپلىرى، مەيدانغا جەڭ ئويۇنچىلىرىنى يىغماقچى بولدى.)

ئەرسەنىڭ بىر گوشەسىدىن يوقكى ھىچ،
تارتىبان بوزغاچ بۇ مەجمۇئ بولدى ھىچ.
(شاخمات تاختىسىنىڭ بىر بولۇڭىدىن بىر قانچە ئۇرۇقىنى بۇزۇش بىلەن پۈتۈن تۈ - زۈلمە بىكار بولۇپ كەتتى.)

نى قالۇر ئول رەزم ئىلەكىن دىن ئەسەر،
گۈي يوقدەك بولغۇسى زىرو - زەبەر.
(ئۇ، جەڭ بىلەن دۈشمەنلىشىشلەردىن نىمە ئەسەر قالسۇن؟.... مەيداندىن يوقالغان توپتەك ھەممىسى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى.)

مۇنچە مەزكۇر بولغان ئايىنى رۇسۇم،
رەزم تەربىيەتىدە بىر ياندىن ھۇجۇم.
(يۇقۇرىدا دېيىلگەن شۇنچە رەسمىيەت ۋە قائىدىلەر جەڭدە قوللىنىلىدىغان بىر ياندىن ھۇجۇم قىلىشلار.)

ھىچ ئولور ئولنەۋئىكىم ئەھلى رەقىق،
ئانچە زاھىر ئەيلەسە پىكرى ئەمىق.
(نەتىجە قىلغۇچىلار چوڭقۇرراق ئويلانسا، ئاشۇنداق بىكار بولۇپ كېتىدۇ.)

ھېچ لىكدىن ئۆزگە تاپماس بىر پەشسىز،
ئۆيلەكىم بىر ھۆببە يۈز ياشار كەنىز.
(خۆددى يۈز ياشلىق چۆرى ئۆزىگە دوست تاپالمىغاندەك، يوقلىپ كېتىشتىن باشقا ھېچنەرسە تاپالمايدۇ.)

باغلابان بىرپارە يۈز دە پىش كەم،
ئۆتقا ئانى تاشلا يالغاي شودا ھەم.
(ئۆنى بىر پارچە ئۆزۈن، قىسقا لاتىغا ئوراپ، ئۆتقا ياكى سۇغا تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ.)

چون تەزەلزول توشتى ئول بۇنيادغە،
نى تاپاۋوت ئەيلەگەي ئۆستادغە.
(چۆنكى ئۆ شاخماتنىڭ تۆزۈلمىسى ھالاكەتكە ئۆچرىغانلىقتىن، شاخمات ئۆستىسىنىڭ ماھىرلىغىغا نىمە پەرق بولسۇن؟)

چون خەرىتە ئىچرە باغلاندى بارى،
شەھ قۆيى دۆر يا پىيادە يۆقۆرى.
(چۆنكى ئۆنىڭدىكى بار يوقى شاخمات خەرىتىسىنىڭ ئىچىگە باغلانغان ئىدى، شاھ تۆۋەن بولسۇن ياكى پىيادىلەر يۆقۆرى بولۇپ كەتسۇن،)

ئول ھەم ئىستىغنادىن ئاسارى دۆرۆر،
بەلكى ئاندىن بىرنە مودارى دۆرۆر.
(بۇلار ھەم ئىستىغنانىڭ تەسىرى بەلكى ئىستىغنانىڭ بىر نامايەندىسىدۆر.)

چۆن بۇ تەمسىلى سارى نەززارە قىل،
ئەسلى ئىستىغنانى يۈزمىڭ مونچە بىل.
(بۇ تەمسىلگە دىققەت بىلەن قاراپ باق، ئەسلى ئىستىغنانىڭ بۇ ئىستىغنادىن نەچچە يۈز مىڭ ئارتۇقلىغىنى بىلىسەن.)

چۆن بۇ مەئنى سارى بولدۇڭ رەھ شۇناس،
بارچە ئىشنى ئەيلەگىل مۇندىن قىياس.
(مەئنا تەرەپكە مېڭىشنى بىلدىڭ، ھەممە ئىشنى يۇقۇرقى ئىشلاردىن قىياس قىلغىل.)

## تەۋھىد ۋادىسىنىڭ سۈپىتى

ۋادەئى تەۋھىد ئاندىن سوڭرە بىل،
پەرد ئولۇپ تەجرىد ئاندىن سوڭرە بىل.
(ئىستىغنا ۋادىسىدىن كېيىن تەۋھىد ۋادىسىنى بىلىشىڭ لازىم، ئاۋال ئۆزىدىن بىگانە بولۇپ ھەممىدىن ئۈزۈلۈپ ئاندىن باشقا كىشىلەردىن، يامان ئىشلاردىن بىگانە بولۇشنى بىلىش كېرەك.)

چۈن بۇ ۋادى سارى سەيرىك قويدى كام،
پەرد يەكتالىخ ساڭا بولدى ماقام.
(بۇ ۋادىغا قەدەم قويۇشۇڭ بىلەن يالغۇزلۇق ۋە يېگانىلىق سېنىڭ جايىڭ بولىدۇ.)

چۈن بۇ ۋادىغە ناھايات تاپتى سەير،
موندا بىر يىل يۈز تۈمەن مىڭ بولسا تەير.
(بۇ ۋادىنىڭ سەيرىنى (يولىنى) ئاخىرلاشتۇرسا، بۇ ۋادىدا قۇش ئۇچۇشىدا ئۇچسا بىر يىل يۈز تۈمەن يىلغە تەڭ بولىدۇ.)

بارچەغە كامى ھاۋا تەجرىد ئولور،
بارچەغە لەھنى ھاۋا تەپرىد ئولور.
(ھەممىگە يالغۇزلۇق ـ يېگانىلىقنىڭ، ئۆزىدىن ئۈزۈلۈشنىڭ ھاۋاسى مەقسەت بولىدۇ. ھەممىگە يېگانىلىقنىڭ، ھەممىدىن ئۈزۈلۈشنىڭ ئىشقى چۈشىدۇ.)

بۇ رەۋىشلارغە چۇ يەتتى ئول كەشىش،
بارچەغە بىرلىكدە كىم بولماقدۇر ئىش.
(ئۇ، ئۆزىگە تارتىش بۇ رەۋىشلارغە يەتكەندە، ھەممىگە بىرلىكتە ("تەۋھىد") ماقامىدا ئىش كورۇش مۇمكىن بولىدۇ.)

بىردە بىردىن ھاسىل ئولدى بىر ئەدەد،
يوق خىرەرغە موندا دەم ئورماقغە ھەد.
("بىر" دە "بىر" دىن بىر ئەدەد "بىر" ھاسىل بولىدى، ئەقىل ـ ئىدراكىغە بۇ "بىر" ھەققىدە سۆزلەشكە ھەد يوق.)

چۈن سېنىڭ ھالىڭغە تۈشتى بۇيلە پېچ،
بىلكى ئىرمىش بىردىن ئۆزگە بارچە ھىچ.
(سېنىڭ ھالىڭغىمۇ شۇنداق تۈگۈن چۈشتى، بىلگىنكى "بىر" دىن بولەك ھەممىسى ھېچ (يوق) دۇر.)

بىر يول، بىر كوز بەردى بىر بىلە،
مەيل قىلما مۆندىن ئىككى لىك بىلە.
(ساڭا ئۇ بىر يول بەردى، بىر كوز بەردى. ئىككىلىك بىلەن باشقىغا مەيلى قىلما.)

ئىككى لىك بۇ يولدا ئەھۋەل لىك دۇرۇر،
سىررى ۋەھدەتدىن مۇئەتتەل لىك دۇرۇر.
(بۇ يولدا ئىككىلىك ئەلەسلىك (بىرنى 2 كورىدىغان) لىق بولۇپ "ۋەھدەت" (بىر ـ لىك) سىررىدىن بوش بىكار ـ كېرەكسىزلىكتۇر.)

## ھىكايەت

بولدى چۇن مەنسۇر تەۋھىدى دۇرۇست،
كىم ئەنەلھەق ئىيردى ئەلپازىغا ھۇست.

(مەنسۇر ھەللاجىنىڭ تەۋھىدى دۇرۇست بولغان ئىدى. ئۇنىڭ تىلىغا "ئەنەلھەق" ("مەن ھەق") دىگەن سوز كەلدى.)

كۇب نەسىھەت قىلدىلار ئەربابدىن،
كىم بۇ ئىرمەس شۇەئى ئەھلى يەقىن.

(ئۇنىڭغا دىن ئەرباپلىرى كوپ نەسىھەت قىلىپ، تەگرى ھوزۇرىغا يول تاپقانلارنىڭ رەۋىشى بۇ ئەمەس، دىدى.)

كۇپ سۇلۇك ئەھلىغە كەشپ ئولدى بۇ ھال،
ھەم ئەدەپ ئاسرابدۇرۇر ھەم ئىئتىدال.

(كوپ سولوك ئەھلىگە بۇ ئەھۋال يۇز بەرگەن، ئۇلار ئەدەپ ھەم نورمال (ئەۋسەت) ھالنى ساقلىغان.)

سەن داغى بۇ دەئۋانى ئىزھار ئەيلەمە،
نەپسىنى موستەۋجىبي دار ئەيلەمە.

(سەن بۇ خىل دەۋانى ئارىغا چىقارما، ئوز ۋۇجۇدۇڭنى دارغا تارتىلىشقا تەييارلىما، دىيىشتى.)

مەستىراق چۇن توشمىش ئىردى جام ئاڭا،
يوق ئىدى بۇ نەغمەدىن ئارام ئاڭا.

(بۇ ھەقتە ئۇنىڭ جامى توشۇپ، مەسىلىكتىن ئۇنىڭغا ئارام يوق ئىدى. ئۇ، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئىچكەن ئىشق جامى ئۇنى ئىغىر مەس قىلغان ئىدى، ئۇ بۇ خىل موزىكا ئويناش (ئەنەلھەق) سازىنى چېلىشتىن ئارام تاپمىدى.)

ئاڭا بىر كۇن ۋاقە ئىردى تۇرپە ھال،
ھەردەم ئىلتۇر ئىردى ئانى بۇ خىيال.

(بىر كۇنى مەنسۇر ھەللاجىغا ئاجايىپ بىر ھالەت يۇز بەردى، ئۇ ھالەتتىكى خىيالى ھەر نەپەستە ئوزىگە تارتاتتى.)

كىم رەسۇلۇللاھغە بولغاچ ماقام،
كىم بۇراقنى ئەيلەدى گەردۇن خىرام.

(ئاللانىڭ رەسۇلى — مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئىراج ماقامى مۇيەسسەر بولغاچ، ئۇ بۇراقنى پەلەككە چاپتۇردى.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



يەتتى بىرلىك گەۋھىرىدىن تاج ئاڭا،
بولدى ۋەھدەت پايەسى مىئراج ئاڭا.
(بىرلىكنىڭ گوھىرىدىن تاج كەيدى. "بىرلىك" (بىرلىشىپ كىيتىش) نىڭ مەرتىۋىسى رۇسۇلۇللاھغا مىئراج بولدى.)

قابە قەۋسەيىن ئەۋجىن هاسىل ئەيلەدى،
"لى مەئەللاھ" قۇربى ۋاسىل ئەيلەدى.
(ئۇ قابە قەۋسەيىن ماقامىنى هاسىل قىلدى "ماڭا ئاللاھ بىلەن مەخسۇس بىرلىك چاغلىرى بار" دىگەن يىقىنلىققا يىتىپ باردى.)

بىر خىتاپ ئۇلغاندا تەڭرىدىن نەسىپ،
كىم نىكىم كامىڭدۇر ئىستە ئەي هەبىب.
(خۇدا تەرەپتىن، ئەي دوستۇم نىمە مەقسىدىڭ بولسا تىلە! دىگەن خىتاپ نىسىپ بولدى.)

تەڭرى لۇتپى ئۇزرە خاھىن ئىستەدى،
ئاسى ئۇممەتنىڭ گوناھىن ئىستەدى.
(مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تەڭرىنىڭ مەرھىمىتىگە ئۇزرە خالىق بايان قىلىپ ئۇممەتنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلىدى.)

ئانچە بەزلى غالىپ لۇتپى ئەمىم،
ئانچە لۇتپى مۇپرىتى خۇلقى كەرىم.
(شۇنچە ئۇستۇن سېخىلىق، ئومۇمى رەھمەت "شۇنچە چەكسىز لۇتب — مەرھەمەت گۈزەل ئەخلاق.)

باۋۇ جۇدىكىم هەق ئىپتقاي ئىلتىماس،
ئىستەگىل دەپ لوتىپ قىلغاي بى قىياس.
(تەڭرى هەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن ئىلتىماس قىلغان تۇرۇپ، تەلەپلىرىڭنى تىلە دەپ مۇنداق قىياسدىن تاشقىرى مەرھەمەت قىلغان ئەمەسمۇ؟)

ئاسى ئۇممەت جۇرمىنى ئەتكۇنچە تەلەپ،
ئىلتىماس ئىستەر ئىدى شاھى ئەرەپ.
(ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام گۇناھكار ئۇممەتىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلغىچە، يەنە تەڭرىدىن ئەپۇ ئىلتىماس قىلاتتى.)

كىم ئەزەلدىن تا ئەبەد هەر كىمگە يول،
ئەگرى بارمىش بارچەنىڭ غەففارى ئول.

(ئەزەلدىن ئەبەت ھەر كىمنىڭ يولى ئەگرى بولۇپ، ھەممىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچى ئۇ تەڭرىدۇر.)

رەھمەت ئېتكىل بارچەغە ئىسيان بىلە،
جۇرمىدىن كەچ بارچەنىڭ، غۇپران بىلە.

(ئەي نەڭرى گۇناھكارلارغا رەھىم قىلىپ، ھەممىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەتىڭ بىلەن كەچۈرگىل دىدى.)

نى ئۈچۈن ئول مەئدەنى سىدقۇ ـ ساپا،
قىلدى ئىركىن مۇنچە بىرلە ئىكتىپا.

(ئۇ راستلىقنىڭ ۋە ساپلىقنىڭ كانى بولغان موھەممەت ئەلەيھىسالام نىمە ئۈچۈن ئۈممەتىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، باشقىنى دىمەي كىپايەلانغاندۇ؟! دىگەن خىياللارنى قىلدى.)

باش ئۇرۇپ كوڭلىدىن ئانىڭ بۇ خىيال،
دەمبەدەم ئەيلەر ئىدى بۇ قىل ـ قال.

(مەنسۇر ھەللاجنىڭ كوڭلىدىن بۇ خىيال ئورلەپ ھەر نەپەستە بۇ سوزلەرنى سوز ـ لەيتتى.)

ئانى بۇ ئەندىشە پامال ئەيلەبان،
ئەجزۇ ھەيرەت ئىلكىدە لال ئەيلابان.

(ئۇنى بۇ ئوي ـ ئەندىشە چىرمىۋېلىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنى قالايمىقان سوز ـ لەيدىغان گاچا قىلىپ قويدى.)

كىم رەسۇلۇللا ئاڭا بولدى ئايان،
مۇشكۇل ھەللىن بۇ نەۋئ ئەتتى بايان.

(شۇ چاغ رەسۇلىللا ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشكۇللىرىنى ھەل قىلىش يولىنى مۇنداق بايان قىلدى:)

كى فوزۇل ئايۋاندا ئولتۇرغۇچى،
لاپ ۋەھدەت دىن "ئەنەلھەق" ئۇرغۇچى.

(ئەي ئوزىنى بىلمەسلىكنىڭ ئايۋاندا ئولتۇرغان، "ۋەھدەت" (بىرلىشىپ كىتىش) توغرىسىدا "ئەنەلھەق" دەپ لاپ ئۇرغۇچى.)

بىلمەدىڭ كىم بۇ سۇپەت ئالى بۇرۇج،
كىم مەن ئەيلەپ ئېردىم ئول ئاخشام ئۇرۇج.

(بىلمىدىڭكى، بۇ سۇپەتلىك ئالى مەرتىۋىگە مەن ئول بىر ئاخشام (كېچە) چىققان ئىدىم.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئاندا مەنلىكنىڭ خىيالى يوق ئىدى،
بەلكى لەپزى ئېھتىمالى يوق ئىدى.
(ئۇ يەردە "مەن" لىكنىڭ خىيالى، بەلكى مۇنداق سوزنىڭ بولۇش ئېھتىمالىمۇ يوق ئىدى.)

ئىلتىگان ھەم ئېردى باشلانغان ھەم ئول،
ئىستاگان ھەم ئول، باغىشلاغان ھەم ئول.
(مېنى مىئراجغا ئېلىپ بارغان، باشلىغان ھەم ئۇ ئىدى، مېنى ئىستىگەن (سۆيگەن) ھەم ئۇ، ئۇممەت گۇناھىنى كەچۈرگەن ھەم ئۇ ئىدى.)

سەن ئەجەپ كوتە نەزەرلىك ئەيلەدىڭ،
بۇيلە يەردە بى بەسەرلىك ئەيلەدىڭ.
(سەن ئەجەپ نەزىرىڭ قىسقىلىق قىلدىڭ؟ مۇنداق ئورۇندا كورلۇق قىلدىڭ؟)

كىم ئانىڭدەك ۋادىئى تەۋھىد ئارا،
گولشەنى تەجرىد ئىلە تەفرىد ئارا.
(شۇنداق تەۋھىد ۋادىسىدا ئايرىشتا، يەككە ـ يىگانىلىق گۈلشەنىدە،)

ھەملەئى قىلدىڭ كى مەن، سەن لىككە يول،
بۇ ئىككى لىك ۋەسپىدىن پاك ئېردى ئول.
(شۇنداق ھۇجۇم قىلدىڭكى "مەن" "سەن"لىككە يول ئاچتىڭ، سېنىڭ "مەن" "سەن" دىگەن سۈپەتلىرىڭدىن ئۇ پاك ئىدى؟)

ئول ئىدى دىگان ئوزى، بەرگان ئوزى،
بەزل ئارا ساچقان ئوزى، تەرگەن ئوزى.
(ئۇ دىگەنمۇ ئوزى ئىدى، بەرگەنمۇ ئوزى ئىدى. بەخش قىلىپ چېچىۋەتكەنمۇ ئوزى، ئۇنى تېرىۋالغانمۇ ئوزى ئىدى.)

ئول رەقەم پاك ئېردى "مەن" لىك رەڭگىدىن،
نەغمەسى پەرد ئىككى لىك ئاھەڭگىدىن.
(ئۇ خەت "مەن" دىگەن رەڭدىن پاك، ئۇنىڭ نەغمىسى ئىككىلىك ئاھاڭدىن بىگانە ـ يات ئىدى.)

ئاندا "مەن" "سەنلىك" تەخەييۇل ئەيلاگان،
"ئىككى لىك" نەقشىن تەئەققول ئەيلاگان.
(ئۇنىڭدا "مەن"، "سەن" لىكنى خىيال قىلغان، ئىككىلىك شەكلىنى ئەقىلغە كەلتۈرگەن.)

غەير ئەھۋەللىك ئىمەسدۇر بىل ئانى،
خاتىرىڭدا مەھۋ زايىل قىل مۇنى.
(كوزى توغرا كورمەيدىغان ئەلەس باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنى بىلىۋال، ئۇنداق نەرسىنى خاتىرىڭدىن ئۇچۇرۇۋەت.)

## ھەيرەت ۋادىسىنىڭ سۈپىتى
## (ھەيرانلىق ۋادىسىنىڭ سۈپىتى)

ۋادى تەۋھىد قەتئ ئېتكان زامان،
ۋادى ھەيرەت كۇرۇنۇر بى گومان.
(تەۋھىد ۋادىسىنى بىسىپ ئۇتكەندىن كېيىن، ھەيرەت ۋادىسى گۇمانسىز چوقۇم كورۇندۇ.)

بىر نەپەس يەتمەي كىشى باشىغا تىغ،
باش ئۇرار مىڭ ئاھ ئىلە يۈز مىڭ دەرىغ.
(بۇ ۋادىدا ھەر بىر نەپەستە كىشىنىڭ بېشىغا ئاھ ـ دەردىنىڭ مىڭلىغان بالا تىغى ئۇرۇلىدۇ.)

ھەيرەت ئەيلەر تىلنى گۇنك ۋە لال ھەم،
ئەقل زايىل ھۇشنى پامال ھەم.
(ھەيرەت تىلنى گاچا ـ كىكەچ، ئەقىل ھۇشنى دەپسەندە قىلىدۇ.)

كىچە ۋە كۈندۈزگە باقسا ھەرنىچە،
ئاڭلاماس كوندوزمودور ياخود كىچە.
(كېچە بىلەن كۈندۈزگە شۇنچە سىنچىلاپ قارىساڭ، كېچىمۇ ـ كۈندۈزمۇ بىلەلمەيسەن.)

يوقنى بىلمەس، بارنى ھەم ئاڭلاماس،
نە بۇلارنى تاڭلار ۋە نە تاڭلاماس.
(يوقنىمۇ بىلمەيدۇ، بارنىمۇ بىلمەيدۇ، نە بۇنى ئاڭلىسۇن؟ ۋە نە ئۇنى، ھەممىنى ئاڭلىيالمايدۇ.)

ھەرنىگە كىم سالسا كوز ھەيران بولۇر،
بۇيلە ھەيرانلىقتا سەرگەردان بولۇر.
(نىمىگە كوز سالسا ھەيران بولىدۇ، مۇنداق ھەيرانلىقتا سەرگەردان بولىدۇ.)

موندا چون قويدى قەدەم ئەھلى رەۋىش،
ئاگا ھەيرانلىقىدىن ئۆزگە بولماس ئىش.

(بۇ ۋادىغا ئەھلى رەۋىش قەدەم قويسا، ئۇنىڭغا ھەيرانلىقتىن باشقا ئىش بولمايدۇ.)

ھەرنى كەسىپ ئەيلەپ ئىدى تەۋھىد ئارا،
ۋادى تەفرىد ئىلە تەجرىد ئارا.

("تەۋھىد" (بىرلىشىپ كېتىش) دىن نىمىنى كەسىپ قىلغان بولسا، ئۆزىدىن ئايرىلىش باشقىلاردىن ئۈزۈلۈشتە.)

بارچەسى ئاندىن بولۇر مەھۋى ئەدەم،
يوقكى ھاسىل قىلغىلى كىم ئۆزنى ھەم.

(ھەممىسى ئۇنىڭدىن يوقىلىپ (ئوچۇرۇلۇپ) ياق! ئۆزىنى تېپىۋالغىلى ھەم بولمايدۇ.)

سورسالار كىم بارمۇ سەن يا يوقمۇ سەن،
ھىچ قايسى يا ئىككىسى ئوقمو سەن.

(ئۇنىڭدىن سەن بارمۇ- يوقمۇ؟ دەپ سورسا، سەن بۇ يولدىكىلەرنىڭ قايسىسى، ياكى ئىككىسى سەنمۇ دىسە:)

بىرا ئالماس ھىچ قايسىدىن جاۋاپ،
بار يوقلۇقتا قىلا ئالماس خىتاپ.

(ھىچقايسىغا جاۋاپ بىرەلمەيدۇ. بار-يوقلۇق توغرىسىدا سورىغۇچىغا خىتاپ قىلالمايدۇ.)

ئورتادا يا بىر تەرەپ يا تاشقارى،
جەركەدە ياخۇد كېيىن يا ئىلگارى.

(ئۆزىنىڭ ئورتىدا ياكى بىر تەرەپتە ياكى تاشقىرىدا تۇرغانلىغىنى، قاتاردا ياكى كېيىن تۇرغانلىغىنى بىلمەيدۇ.)

ھىچ قايسى ئۆزىنى بىلمەس يەقىن،
ھەيرەت ئەيلەر ئانى خارىج بارچەدىن.

(ھىچ قايسى ئۆزىنىڭ بار يوقلۇغىنى جەزم بىلەلمەيدۇ. چۈنكى ھەيرەت ئۇنى ھەممىدىن تاشقىرى چىقىرىۋەتكەن.)

فانى ئېركاننى ۋە باقىلىقنى ھەم،
مەست ئېركاننى ساقىلىقنى ھەم.

(يوقالغانلىقنى ياكى مەڭگۈلۈكنى، ئۆزىنىڭ مەسلىگىنى ياكى ساقىي (مەي قۇيـ-
غۇچى) ئىكەنلىگىنى بىلمەيدۇ.)

ئۆزى مەۋجودىنىڭ - مەئرومىن داغى،
زاتى نىڭ مەجهۇل مەئلومىن داغى.
(بار نەرسىنىڭ ئىپتىداسى ۋە مۇجمەللىكىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت
هۇجەيرىسىدە بارلىقنى، يوقلۇغىنى تېخى ۋۇجۇدىنىڭ جاهانغا كەلگەنلىگىنى — نەدە ئىكەنـ-
لىگىنى هەم بىلمەيدۇ.)

باقسا هەريان هەيرەتىن ئەپزىن تاپار،
ئۆزنى هەيرەت ئىچرە دىگەرگۇن تاپار.
(قايان قارىسا هەيرانلىقنى ئارتىپ، ئۆزىنى شۇ هەيرەت ئىچىدە باشقا رەڭدە
تاپىدۇ.)

دەركى ئاشىق ئىركانىمنى تاڭلامان،
كىمگە ئىركاننى ۋە لېكىن تاڭلامان.
(ئۇ: دەيدۇكى، ئاشىق ئىكەنلىگىنىمۇ بىلەلمەيمەن، كىمگە ئاشىق بولغانلىغىنىمۇ
بىلمەيمەن.)

ياقىبان هەرزەررەغە زەرراتىدىن،
هەيرەت ئەيلەر نەفى، يا ئىسپاتىدىن.
(زەررەلەردىن بىر زەرەرغە قاراپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشىدىن ياكى ئىسپاتلاشتىنمۇ
هەيران بولىدۇ.)

بۇ ماقام ئىچرە ئىرور ئەسرۇ ئەجەپ،
بىر تۇگەنەي مىلك كىلور ئەسرو ئەجەپ.
(بۇ ماقام، ماقاملارغىچە تولىمۇ ئاجايىپدۇر، بىرى تۇگمەي تۇرۇپلا يەنە مىڭلىغان
ئاجايىپلار ئالدىڭغا كېلىدۇ.)

## هـــكــايــەت

بار ئىدى بىر خوسرۇۋى ئاپاق گىر،
خەدەمى دور گاهى يۇز ساهىب سەرىر.
(دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بىر پادشا بار ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىگەن تەخت
سەلتەنەت ئىگىلىرى بولغان خادىملىرى بار ئىدى.)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇلكى ئانىڭ قىرۋاندىن قىرۋان،
قىرۋان تاقىرۋان ھوكمى راۋان.
(ئۇنىڭ مەملىكىتى كۆن چىققىشتىن، كۆن پېتىشقىچە بولغان يەرلەر ئىدى. ئۇنىڭ ھوكمى شۇ كۆن چىققىشتىن كۆن پېتىشقىچە يۈرەتتى.)

پەردەدە ئېردى نەھان بىر گەۋھەرى،
ھۆسنى نىڭ شەرمەندەسى ھورۇ پەرى.
(ئۇنىڭ پەردە ئىچىدە يوشۇرۇن بىر گەۋھەرى (قىزى) بار ئىدى، ئۇنىڭ ھوسنى-جامالىدىن ھور ۋە پەرىلەر خىجالەت بولاتتى.)

خوبلۇق بوستانى ئىچرە سەرۇ ناز،
قايىسى نەخلى ناز سەرۋ سەر پەرەز.
(ئۇ گۈزەللىك بوستانىنىڭ نازۇك سۇۋادان كوچىتى ئىدى، سۇۋادانىنىڭ نازۇك كوچەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى.)

جان شەبىستانىدا شەمئى دىلپەزىر،
شەمئى يوقكىم مەشئەلى مىھرى مۇرىز.
(جان باغچىسىدا كوكۈلنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق چىراق يوق ئىدى.)

ئەينى ناز ئىچرە بالايى جان كوزى،
كورمەگەن ئانداق بالا دەۋران كوزى.
(ئۇنىڭ كوزى ناز ئىچىدە جانغا تەككەن بالا ئىدى، ئۇنىڭدەك بالانى دەۋرلەرنىڭ كوزى كورمىگەن ئىدى.)

زولىپ، خال پىتنەدىن ئەنبەر پەشان،
پىتنە ئول ياكلىغ كىشى بەرمەي نىشان.
(ئۇنىڭ چېچى يۈزىدىكى مەڭى پىتنەدىن ئەنبەر چاچاتتى. ئەمما پىتنىمۇ كىشىگە مۇنداق نىشان بىرەلمەيتتى.)

ئارىزىدە لەئل ئەنپاسى پەسھ،
ئىتتەسال ئەيلەپ قۇياش بىرلە مەسھ.
(ئۇنىڭ يۈزىدە ياقۇت، سوزلىرى پاساھەتلىك (گۈزەل)، گوياكى ئۇنىڭ جامالى ئەلەيھىسسالام قۇياش بىلەن تۇتاشقاندەك ئىدى.)

ۋەسلى ئۇمىدىدە ساھىپ جاھلار،
بەلكى ساھىپ تەخت ئالى جاھلار.

(مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلىك كىشلەر بەلكى يۇقۇرى مەرتىۋىلىك تەخت ئىگىلىرى ئۇنىڭ ۋەسلىنىڭ ئۇمىدىدە ئىدى.)

كىمسەگە بولماي مۇيەسسەر— بۇ مۇراد،
كىم كوڭۇل قىلغاي ئانىڭ ۋەسلىنە شاد.

(ئەمما ھېچكىشىگە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش مۇيەسسەر بولمىغان، ھېچ‌كىمنىڭ كوڭلى ئۇنىڭ ۋەسلى بىلەن شاد بولمىغانتى.)

ئول ھەم ئەل مەھرەملىغىن قىلماي ھەۋەس،
ئىككى ياندىن قەتئ ئولۇپ بولتە مەس.

(ئول نازىنىن ھەم ھېچ كىشىنىڭ مەھرەمى (رەپىقەسى) بولۇشنى ھەۋەس قىلمايتتى. ئىككى تەرەپتىن ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىستىگۈچىلەرنىڭ ۋە نازىنىنىنىڭ مۇنداق ئۇمىدى ئۇزۇلۇپ قالغان ئىدى.)

يەئنى ئولكىم بولسە دەۋران ئىچرە تاق،
جۇپت ئاڭا نى نەۋئ توشكانى ئىتتىپاق.

(ئۇ نازىنىن شۇ دەۋردە يەككە‌-يېگانە بىرلا گۇزەل بولسا، ئۇنىڭغا قانداق كىشى جۇپ بولالايدۇ.)

دەئبى بۇ ياڭلىغ ئىدى جارى ئانىڭ،
ئەل بولا ئالماي خەرىدارى ئانىڭ.

(ئۇنىڭ ھېچكىشى بىلەن ۋەسىل بولماسلىق خاھىشى بولسا، خەلقلەر ئۇنىڭ خېرىدا-رى بولالامدۇ؟)

ئىتتىپاقا بىر كىچە توش كوردى ئول،
پەيكەرى كىم تاقەتىغە ئوردى يول.

(تاسادىپى بىر كېچە ئۇ نازىنىن بىر چۈش كوردى، بىر ھەيكەل سۇرەت (جامال-شەكلى) ئۇنىڭ تاقىتىغە يول تاپتى، ئوزىگە مەپتۇن قىلدى.)

روھدىن بولغان موجەسسەم پەيكەرى،
ھوسىن ئەۋجى ئوزرە مىھرى خاۋەرى.

(ئۇ سۇرەت روھدىن تەركىپ تاپقان ئىدى، ئۇ گۇزەللىكىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىسىدە شەرقتىن چىقىپ ئورلەۋاتقان قۇياش ئىدى.)

سەفھەئى ھوسنىدە موشك ئاجىز خەت،
خالى ئول ياڭلىغ كى خەت ئوزرە نوقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(ئۇنىڭ ھوسنىنىڭ سەھىپىلىرىدە ئىپار ئارىلاشقان سىزىقلار بار ئىدى. ئۇنىڭ يۇ-زىدىكى مېڭى ئىپاردا يېزىلغان خەتكە قويۇلغان چېكىت ئىدى. يەنى سۇرەت شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان يۈزىدە مېڭى بار يىگىت ئىدى.)

سەرۋىدەك سەركەشلىك ۋە رەئنالىغى،
گۈل كەبى نازۇكلىق رەئنالىغى.
(ئۇ، يىگىت سۈۋادان تىرەكتەك تىك - كىبىر بىلەن تۇراتتى ۋە شۇنداق تۇرۇقلۇق گۈلگە ئوخشاش نازۇك ئىدى.)

بۇچىراغى مېھىر، ئول بەددى مۇنىر،
ئىككىسى بىر تەخت ئۈزە ئارام گىر.
(بۇ قۇياش چىرىغى بولسا، ئۇ يىگىت ئۇن تۇت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئىدى، ئىككى-سى بىر تەخت ئۇستىدە ئارام ئالاتتى.)

دەمبەدەم نوش ئەيلەبان جامى ۋىسال،
بىرى بىرىسىدىن ئىلىپ كامى ۋىسال.
(بۇلار ھەر نەپەستە ۋەسلى جامىدىن مەي ئىچىپ بىر بىرىدىن ۋىسال مەقسىدىنى ئالاتتى.)

چون بۇ ئويقۇدىن كوز ئاچتى گول ئۇزار،
ئىفش ئىردى كوڭلىدىن سەبرۇ - قارار.
(گۈل يۈزلۈك نازىنىن ئۇيقۇدىن كوز ئاچتى. ئۇنىڭ كوڭلىدىن سەبىر - قارارى كېتىپ قالغان ئىدى.)

ئارتا ئىردى دەمبەدەم شەيدالىغى،
بولغۇدەك ئىردى ئايان رەسۋالىغى.
(بارا - بارا ئاشىقى شەيدالىغى ئارتىپ، رەسۋالىغى ئاشكارا بولغىدەك ئىدى.)

ھەر زامان ئول توشنى ئەيلەپ ئاررۇ،
كوزدىن ئىلتىپ ئىردى لىك ئويقۇنى سۇ.
(ئۇ ھەر زامان چۈشىدە كورگەن گۈزەلنى ئاررۇ قىلاتتى، كوزدىن ئاققان سۇ (ياش) ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېلىپ كېتەتتى.)

كوڭلىدىن ئاسايىش كامى كىتىپ،
ھەم كېچە، ھەم كۈندۈز ئارامى كىتىپ.
(ئۇنىڭ كوڭلىدىن ئارام-راھەت كەتتى، ھەم كېچە، ھەم كۈندۈز ئارام ئالالمىدى.)

بىر كۆن ئارتىپ ھىجىر دەردىدىن مالال،
چىقتى ئالەم قەسىر ئۇزە ئاشۇپتە هال.
(بىر كۈنى ھىجىر-پىراق دەردىدىن بى ئارام بولۇپ، پەرىشان هالدا جاهان سارايى ئۇستىگە چىقتى.)

بىر تەرەپ باقىپ كوكۇل تەسكىنىغە،
يول تىلەپ سەبرو شەتىپ ئاينىغە.
(كوڭلىنى تىنجىتىش ئۈچۈن سەۋرى تاقەتكە يول ئىزلەپ بىر تەرەپكە قارىدى.)

ناگاهان كوز سالدى تارتىپ دور ئاه،
هەر تەرەپكىم بەزم تۈزۈش ئىردى شاه.
(تاسادىپلار، ئاه-هەسرەتتىن تۇمان چىقىرىپ، بىر تەرەپكە قارىدى. پادىشا ئۇ يەردە بەزمە تۈزگەن ئىدى.)

تۈشىدە كورگەن كىمسەگە تۈشتى كوزى،
ئاه ئۇرۇپ ئۆز هالىدىن باردى ئۆزى.
(ئۇ يەردە چۈشىدە كورگەن كىشىگە كوزى چۈشتى، ئاه ئۇرۇپ هوشىدىن كېتىپ قالدى.)

نەۋجۇۋانى ئىردى شەه خۇدامىدىن،
دەهرىنىڭ سەرپىتنەئى ئەييامىدىن.
(ئۇ ئاتىسىنىڭ خادىملىرىدىن بىر يىگىت بولۇپ، شۇ زامانىنىڭ گۈزەللىرىنىڭ سەردا- رى ئىدى.)

ئول داغى كوز سالدى چۈن بۇ تەرەپ،
ئىشىق ئوتىغا تاپتى كوڭلىنى هەدەپ.
(ئۇ يىگىتمۇ بۇ تەرەپكە كوز سالدى، ئۆز كوڭلىنى ئىشىق مۇهەببىتىنىڭ ئوتىغا نىشان قىلدى.)

تۈشتى ئاشۇب ئۇيلە جانى زارىغە،
كىم، ئەسەر قىلدى تەن ۋە ئەفكارىغە.
(ئۇنىڭ زارلىنىپ، بى ئارام بولۇپ تۇرغان جىنىغا ۋە ۋۇجۇدىغا پىكىر-خىياللىرىغا بۇ پىتنە تەسىر قىلدى.)

كوڭلى مولكى ئىچرە سالدى قوزغالان،
جانى قەسدىغە ياپۇشتى قوزغالان.
(كوڭۇل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سېلىپ، ئۇ قوزغىلاڭ جانىنىڭ قەستىگە يېپىشتى.)

www.uyghurkitap.com



ئۇتتى ئاخشامغىچە ئەھۋالى ئىرىك،
نە ئۇلۇك تاپىپ ئۇزىنى نە تىرىك.
(شۇ كۈنى ئاخشامغىچە ئۇنىڭ ئەھۋالى قاتتىق ئۇتتى، يىگىت ئۇزىنىڭ ئولۇكلۇگىنى ياكى تىرىكلىگىنى بىلەلمىدى.)

ھوش، سەبرى قالمىدى ئۇز ھالىدا،
ئۇزى ھەم باردى ئۇلار دونبالىدا.
(يىگىتنىڭ ھالىدا سەۋىر - ھۇش قالمىدى. ئۇزى ھەم سەۋىرسىزلىك، ھۇشسىزلىقنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى.)

تۇن ساۋادى يەرگە بولغاچ پەردەپوش،
زاھىر ئەتتى پەردىدىن يۇزمىڭ خورۇش.
(تۇن قاراڭغۇلۇغى يەرگە پەردە ياپقاندا، پەردە ئىچىدىن يۇزمىڭ نالە - زارى ئاڭلاندى.)

تاڭغە تىكرو ھالىتى ئەپغان ئىدى،
ئاھ ئەشكى ئۇيلەكىم توپان ئىدى.
(تاڭ ئاتقىچە ھالى يىغا بىلەن ئۇتتى، كوز ياشلىرى توپان سۇيىدەك ئاقاتتى.)

تاڭ قۇشى قىلغاچ سەھەر سىرىنى پاش،
تۇن كىچە ئۇرماق ئىدى باغرىغە تاش.
(تاڭ قۇشى (خوراز) چىللاپ سەھەرنىڭ سىرىنى پاش قىلىش بىلەن تۇن كېچىنىڭ باغرىغا تاش ئۇرۇلدى—تاڭ ئاتتى.)

ئىككى ياندىن بويلە سەۋدا سالدى ئىشق،
ئىككى كىشۋەر ئىچرە يەغما سالدى ئىشق.
(ئىشق مۇھەببەت ئىككى تەرەپتىن ئىشق بۇ خىل سەۋدالارنى سالدى. گوياكى ئىككى مەملىكەتكە ئىشق تالان - تاراج سالدى.)

نەۋ جەۋان ئىشق ئىچرە گەرچە زار ئىدى،
كوپ پوسۇن بىرلە ئۇزىن ئاسرار ئىدى.
(يىگىت گەرچە ئىشق ئىچىدە شۇنچە زارلانسىمۇ، ناھايىتى كوپ ھىلىلە بىلەن ئۇزىنى ساقلايتتى.)

لىك مەھۋەش بى قارار ئېردى بەسى،
ئىشق دىن زارۇ - نازار ئېردى بەسى.
(لېكىن ئاي يۇزلۇك قىز تولىمۇ بى قارار ئىدى. ئىشقتىن تولىمۇ زارلىناتتى، جۇدەپ كەتكەن ئىدى.)

كوردى بارغۇدەك ئىلكدىن ئىختىيار،
ئىشىق رەسۋالىقىقا تۇتقۇدەك قەرار.

(ئۇ ئىختىيارى قولدىن كېتىپ قېلىشنى ئىشىق ئۇنى رەسۋالىقىقا تارتىپ بارىۋاتقان-
لىقنى كوردى.)

قىلدى چون بىچارەلىق بى هەد زەهور،
چارە جولۇق شۇەسىن كوردى زەرۇر.

(چەكسىز بىچارىلىق ئۆزىنى كورسىتىشكە باشلىدى، بۇ هالدا چارە ئىزلەشنى زورۇر
تاپتى.)

ئۇتتى ئىخىپا ئەيلەمەكتىن چۇن ئىشى،
دەردىكىم يوق چارە تاپىلماس كىشى.

(ئۇنىڭ ئىشى يوشۇرۇشتىن ئوتۇپ كەتتى. بۇ ئىشتا كىشى تېپىلمىسا چارە يوق
دەردى.)

بار ئىدى ئىككى مۇۋاپىق مەهرەمى،
شادلىق بىرلە غەم ئىچرە هەمدەمى.

(قىزنىڭ خوشاللىغىدا، غەم-قايغۇسىدا هەممەپەس سىرداش بولىدىغان ئىككى مۇۋا-
پىق مەهرىمى بار ئىدى.)

چارەگەرلىكدە موقەررەر هەربىرى،
ساهىر، شۇخ پۇسۇنگەر هەربىرى.

(ئۇلارنىڭ بىرى چارە تېپىشتا ماهىر ئىدى، گوياكى سېهرىگەر، شوخ هىلىگەر ئىدى.)

مەكىر ئەفسۇن غايىتى غە يەتكۇچى،
پاشە بىرلە پىلنى جۇپت ئەتكۇچى.

(مىكىر هىلىنىڭ ئىنتىهاسىغا يەتكەن ئىدى، پاشا بىلەن پىلنى جۇپ قىلىشقا قادىر
ئىدى.)

ئويلەكىم پاشا ئۆزىن كورمەي كىچىك،
پىل ئۆزىن تاپماي ئۇلۇغراق جۇسسەلىك.

(ئۇلارنىڭ تەدبىرى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، پاشا ئۆزىنى كىچىك كورمەي، پىل ئۆزد-
نى چوڭ گەۋدىلىك كورمەي جۇپ بولۇشۇپ قالاتتى.)

هەربىرىگە يۇز-ئەفسۇن پەرىپ،
ئىشىق بىرلە جەمئ قىلغۇنچە شەكىپ.

www.uyghurkitap.com



(ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە يۈز خىل ھىلە ـ مىكىر چارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئىشق بىلەن سە-بىرنى بىر يەرگە ئەپكىلەتتى.)

با ۋۇجۇدى بۇ بىرى خوش نەغمەدۇر،
چالغۇچى ۋە چەككۈچى بۇ بىر سۈرۈر.

(مەھرەمنىڭ بىرى گۈزەل ـ ماھىر مۇزىكانت ئىدى، يەنە بىرى ھەم چالغۇچى ۋە ناخۇنلاپ چالىدىغان سازلارنىمۇ چالغۇچى ۋە ناخشىچى ئىدى.)

چون مۇۋاپىق تاپىب ئول سازۇ ـ ناۋا،
زۇھرە بۇرجىدىن قەلب ئىتمەك ھاۋا.

(ساز ۋە نەغمە بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپ، زوھرە يۇلتۇزى دائىرە بۇرجىدىن ئىشقىنى يۇتكىۋەتمەكچى بولدى.)

بۇ بىرى سازى ئۇنىدىن جان ئېلىپ،
نەغمەدىن ئول بىر بەدەنغە جان سالىپ.

(ئۇنىڭ بىرى سازى ئاۋازىدىن جاننى ئالسا، يەنە بىرىنىڭ نەغمىسى بەدەنگە جان كىرگۈزەتتى.)

بۇ چالىپ ساز ئول بىرى چەككەي خۇرۇش،
تەرك ھۇش ئەيلەپ ئىشىتكەچ ئەھلى ھۇش.

(بىرى ساز چالسا، يەنە بىرى ناخشا ئېيتسا، ھوشيار كىشىلەر ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتەتتى.)

ماھۋەشغە بۇيلە يەتكەچ شىددەتى،
ئول ئىكاۋنى ئىستەپ ئەتتى خىلۋەتى.

(ئاي يۈزلۈك قىزغا مۇنداق قاتتىق تەسىر قىلغاچ، ئۇ ئىككى مەھرەم سىرداش قىزنى چاقىرىپ، بىر خىلۋەت ـ خالى ئورۇندا سۆزلەشتى.)

دىدى ھالىن يىغلابان ئاچچىغ ـ ئاچچىغ،
كىم ئىچۇك ئىشق ئەيلەمىش ھالىن قاتتىغ.

(قىز ئۆز ئەھۋالىنى ئاچچىق ـ ئاچچىق يىغلا بىلەن سۆزلىدى. ئىشق ئۇنىڭ ھالىنى قانداق بىر قاتتىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.)

تۈشىدە كورگەن ئانى مەھزۇن قىلغانىدىن،
كورگەن ئويغاقلىقدا مەجنۇن قىلغانىدىن.

(چۈشىدە كورگەن يىگىتنىڭ ئۇنى قايغۇغا پاتۇرغانلىغىنى، ئويغاق ھالەتتە كورگەندە مەجنۇن قىلىپ قويغانلىغىنى،)

ئول يىگىت ئىشقىدە زار ئولغاننى ھەم،
ۋالە ۋە بى ئىختىيار ئولغاننى ھەم.
(ئول يىگىتنىڭ ئىشقىدا زار بولغانلىغى، ئاشىقى بىقارار ۋە بى ئىختىيار بولغانلىغىنى،)

دەپكى سىز ئىككى رەپىقى دىلناۋاز؛
شىددەتىمغە بولمىغايسىز چارە ساز.
(سىز ئىككىڭىز مېنىڭ كوڭلۇمنى ئالغۇچى دوستۇم، قاتتىق ھالىمغا چارە قىلماسسىزلەر؟ دىدى.)

خارغادىم ئىشىق ئارا كۆل قىلغۇسى،
پەيكەرىمنى بو ئوتۇم كۆل قىلغۇسى.
(غەم - قايغۇلىرىم ئىشىق ۋادىسىدا مېنى ئورتەپ كۆل قىلغۇسى، ۋۇجۇدۇمنى بۇ ئوتۇم كويدۇرۇپ كۆل قىلغۇسى.)

كويمە كىمدىن ھىچ غەم يوقدۇر ماڭا،
ئولمە كىمدىن ھىچ ئەلەم يوقدۇر ماڭا.
(كويۈشۈمدىن ماڭا ھىچ غەم يوق، ئولۇشىمدىن ماڭا ھىچ دەرت-ئەلەم يوق.)

لىك ناموس ئولتۇرۇر كىم كۈپ گىزاب،
زاھىر ئەيلەپ مەن ئۇرۇپ تەقۋادا لاپ.
(لېكىن نومۇس كىشىنى ئولتۇرىدۇ، مەن تەقۋا توغرىسىدا كوپ سوزلەرنى قىلاتتىم.)

ھەم ئاتام ناموسىدىن بى ھال مەن،
كىم، ئانىڭ شەرھىدە كوڭگ، لال مەن.
(ئاتامدىن نومۇس قىلىپ تېخى ھالسىز مەن، ئىشىق ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشتىن گاچا ۋە كېكەچمەن.)

كىم، نىچوك شاھى پەلەك مىقدار ئىرور،
روزگارىغە بۇ ئىش كوپ ئار ئىرور.
(چۈنكى ئاتام ئاسمان قەدىرلىك شاھتۇر، ئۇنىڭ ھاياتى— دەۋرىگە بۇ ئىش كوپ نۇمۇستۇر.)

يۈز مىنىڭدەك ئولسە ئاندىن باك يوق،
ئۈيلەكىم دەريادا بىر خاشاك يوق.
(مەندەكىنىڭ نەچچە يۈزى ئولسە ھىچ گەپ ئەمەس. ئۇ دەريادا بىرخەس يوق بولغانچىلىك ئىش.)

www.uyghurkitap.com

شىدھىنى بى ناموسلۇققا تاقىتىم،
يوق ئۇچۇن بۇ ئىشدا ئارتار شىددەتىم.
(شاھ ئاتامنى نوموستا قالدۇرۇشقا تاقىتىم يوق بولغانلىغى ئۇچۇن، بۇ ئىشتا شىددى-
تىم بارا - بارا ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ.)

مەن دىدىم ھالىمنى ئەمدى سىر بىلىك،
ئۇلتۇرۇك يا خود ئىلاجىمنى قىلىك.
(دوست - سىرداشلىرىم، مېنىڭ بۇ ھالىمنى سىر (مەخپى ھال) دەپ بىلىپ، مېنى
ئۇلتۇرۇڭلار ياكى بىر ئىلاجىمنى قىلىڭلار!)

توسان ئىردىم ئىشقدىن بولدۇم زەبۇن،
ئاجىز ئۇلدۇم گەرچە بار ئىردىم ھەرون.
(ھېچ قانداق ئىش كورمىگەن توسان - ئەركى ئىدىم، ئىشق شىددىتىدىن مەغلۇپ
بولدۇم، گەرچە مەن سەركەشى - باشباشتاق ئىدىم، ئىشق ھۇجۇمىدىن ئاجىز بولدۇم.)

خاتىرى ناشادىمە رەھىم ئەيلىگىز،
نالەئى پەريادىمە رەھىم ئەيلىگىز.
(قايغۇلۇق كوڭلۇمگە، نالە - پەريادلىرىمغا رەھىم قىلىڭلار.)

چۇن يىتىشتى ئۇل ئىكاۋىگە نىدا،
دىدىلار ئالىڭدا جان ئەيلەي پىدا.
(ئۇ ئىككى مەھرەم سوزىنىڭ تېگىگە يەتتى، ئالدىڭدا جېنىمىز پىدا! دىيىشتى.)

ئەيلەلى بىر چارەكىم ئۇل نازىنىن،
ئانداق ئۇلغاي ساڭا مەئنوس قەرىن.
(بىز بىر چارە قىلايلىكى، ئۇ نازىنىن يىگىت ساڭا مېھرىۋان - ئۇلپەت، يېقىن بولسۇن.)

كىم بۇ ئىشنى ھىچ ئادەم بىلمىگاي،
قايسى ئادەم ئۇل پەرى ھەم بىلمىگاي.
(بۇ ئىشنى ھىچ ئادەم، ھەتتا ئۇ يىگىت ھەم بىلمىسۇن.)

سەن-شەكىبا بول، ۋەلى بىرنىچە كۈن،
ھەردەم ئاھۇ نالە بىرلە چەكمە ئۈن.
(سەن بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىپ نالە - پەرياد چەكمە.)

چۇن مورادىڭ ئىشقا ئىخپادۇر بەسى،
بىزگە بۇ ئىخپا تەمەتادۇر بەسى.

(سىنىڭ مەقسەدىڭ بۇ ئىشتا مەخپىيلىكنى چىڭ ساقلاش، بىزگىمۇ بۇ مەخپىيەتلىكنى مەخپى تۇتۇش كوپ ئارزۇدۇر.)

ۋەسلغە چۇن بولدى ئۇمىدى ھۇسول،
ماھۇەش سەبۇ شەكىپ ئەيلەپ قەبول.
(ۋەسلغە ئۇمىت ھاسىل بولدى، گۇزەل قىز سەۋىر تەھەممۇلغا كوندى.)

ئىككى دانەغە تەئەممۇل بولدى ئىشى،
تۇزدىلار مەتلوپ ئىلە بارىش - كىلىش.
(ئىككى دانا بۇ ئىشنى ئورۇنلاشقا ئارزۇمەند بولۇپ، يىگىت بىلەن بېرىش كېلىش ئورناتتى.)

ئول يىگىت كە ئوزنى ئەيلەپ ئاشنا،
ئىشقىدىن كوڭلىدە تاپتىلار پانا.
(ئۇ يىگىتكە بۇ ئىككى دانا قىز ئوزىنى دوست قىلىۋالدى، ئىشقىدىن كوڭلىدە ئارام تاپتى.)

ئانچە زاھىر قىلدىلا مەكرو - پەرىپ،
كىم ئۇلارغە سەيد بولدى ئول غەرىپ.
(قانچە ھىلە ۋە نەيرەڭلەر بىلەن ئۇ يىگىت ئۇلارنىڭ دامىغا چۇشتى.)

بۇ بىرى بولدى ئانا، بۇ بىر سىڭىل،
دىدىلار چارەڭنى بىزدىن ئاڭلاغىل.
(ئىككى مەھرەم بىرى ئانا، بىرى سىڭىل بولۇپ، ئىشنىڭ چارىسىنى بىزدىن ئاڭلا! دىيىشتى.)

گەرچە ئەھۋالىڭنى قىلماس سەن ئايان،
لىك بىلدوك كىم نىدىن سەن ناتۇۋان.
(گەرچە ئەھۋالىڭنى، نىمە ئۇچۇن ئاجىز - بىچارە بولۇپ قالغانلىغىڭنى ئاشكارىلىمايسەن لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز بىلدۇقكى نىمە ئۇچۇن ئاجىز - ناتاۋان؟!)

ئىشق كوڭلۇڭ مولكىن ئەتمىش پايمال،
ھىجرىڭگە بىزدىن دۇر ئۇمىدى ۋىسال.
(ئىشق كوڭلۇڭنى ئاياغ - ئاستى قىلىپتۇ، ۋىسالنىڭ ئۇمىدى بىزدىن كېلىدۇ، دىدى.)

ئول يىگىت بۇ نۇكتەدىن خوپسەند ئولۇپ،
جاندىن ئول ئىككى گە ھاجەتمەند بولۇپ.
(يىگىت جېنى بىلەن بۇ ئىككىيلەنگە ھاجەتمەن بولدى، ئۇلارنىڭ سوزلىرىدىن خۇرسەن بولدى.)

نىكىم ئۇل ئىككى دىسە پەرمان بىلە،
بۇ بىرى ئەيلەپ ئىتائەت جان بىلە.
(ئۇ ئىككىيلەن نىمە دىسە، يىگىت پۈتۈن جېنى بىلەن ئۇنى قىلىدىغان بولدى.)

كاردانلار تىز ئىتىپ بازار شەيد،
قىلدىلا ئۇل تۇرپە قۇشنى ئۇيلە سەيد.
(ئىش بىلەرمەنلەر ھىلە ـ مىكىرنىڭ بازىرىنى قىزىتتى. ئۇ ئاجايىپ شوخ قۇشنى مۇشۇنداق ئوۋلىدى.)

كىم، دىگاچكىم قوي بىزنىڭ مەنزىلاخە كام،
ناتوۋان ئەزم ئەتتى ئۇل يان شادكام.
(ئۇلار، بىزنىڭ جايىمىزغا قەدەم قويىسىڭىز، دىيىشى بىلەن، ئاشىق يىگىت خۇشال بو-
لۇپ ئۇ تەرەپكە باردى.)

تۈزدىلار شاھانە بەزمى دىپەرىز،
بادە ئىچتى ئىشق ئارا بولغان ئەسىر.
(شاھانە كوڭۈللۈك بەزمە تۈزۈپ، ئىشىق ئىچىدە ئەسىر بولغان يىگىت ئۇلار بىلەن
مەي ئىچتى.)

چۈن قەدەھ كەيپىيىتى بولدى ئايان،
ئەيلە ئىدىلار ھىكايەتلار بايان.
(مەينىڭ تەسىرى ئۆزىنى كورسىتىپ، ھىكايىلارنى سوزلىشەتتى.)

ئىشىق، ئاشىقلىق ئوتىنىڭ دوددىدىن،
ۋىسال ئىلە ھىجران زىيانى سۇددىن.
(ئىشىق ئوتىنىڭ تۈتۈنلىرى ۋىسال بىلەن ھىجراننىڭ، كورۈشۈش بىلەن ئايرىلىشنىڭ،
خوشاللىغى ۋە ئازاپلىرىدىن،)

ئاشنا سۇزلار، مۇرەققەپ رازلەر،
ئانچە شەرھ ئەتتىلار ئۇل دەمسازلار.
(دوستانە سوزلەر، كىشىنى ئۆزىگە تارتىدىغان سىرلارنى بايان قىلىشتى.)

بۇيلە سوزلاردە تۇتۇپ جامى مۇراد،
نامۇراد ئاندىن تاپىپ كامى مۇراد.
(مۇنداق سوزلەرنى سوزلىشىشتە بىر بىرىگە مەقسەت قەدەھلىرىنى تۇتۇشتى. نا-
مۇراد بۇ قەدەھتىن مەقسەت ـ مۇرادىنى تېپىشتى.)

مەي بىلە ئۇل نۇكتەلاردىن نەۋجىۋان،
ئىشق ئارا ئۇلنەۋئ بولدى ناتىۋان.
(يىگىت مەي بىلەن ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سوزلەر بىلەن ئىشىق ئىچىدە شۇنىداق بىتاقەت بولدىكى،)

كىم ئاڭا يۈزلەندى كۆنگ ۋە لال لىق،
ھەر زامان ئۆز ھالىدىن بى ھاللىق.
(ئۇنىڭغا كىكەچ، گاچىلىق، بىھۇشلۇق يۈزلەندى، تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئۆز ھالىتىدىن كېتىپ ھالسىزلىناتتى.)

بۇ مەھەلدە چەكتىلار بى ھەد سۇرۇر،
چالىبان ھوش ئالغۇچى ئۇل نەغمەدۇر.
(شۇ يەردە كىشىنىڭ ھۇشىنى ئالىدىغان نەغمە-ناۋالار قىلىندى، قىزلار ناھايىتى كوپ ناخشىلارنى ئېيتتى.)

ناتىۋان ئۇل نەۋئ قىلدى تەركى ھوش،
كىم، دىگاي سەن ھوش بەزمى قىلدى نوش.
(ئاشىق بىچارە يىگىت ھۇشىدىن كەتتى. ياق، يىگىت ھۇش بەزمىدە مەي نوش قىلدى دىگەيسەن.)

تۈن قاراڭغۇ ئېردى بىخۇدلۇق ھەرىپ،
كامرانلىق ئەيلەپ ئۇل ئىككى زەرىپ.
(تۈن قاراڭغۇ ئىدى، ھۇشسىزلىق ئۇلارغا دۇشمەنلىك قىلاتتى. ئۇ، ئىككى چىچەن قىز مەقسەتنى ئورۇنلىدى:)

ئىشىق دە بولماي سۇست، ئەيلەپ جىددى جەھد،
ھازىر ئەتتىلار راۋان بىر تۇرپە مەھد.
(ئىشتا بوشاڭلىق، سۇسلۇق قىلماي جىددى جەھەت قىلىپ تىرىشىپ، ئاجايىپ بىر بوشۇك ھازىرلىدى.)

ئانى مەھد ئىچرە سالىپ ئەيلەپ شىتاپ،
كام ئورادا زاھىر ئەيلەپ ئىزتىراپ.
(يىگىتنى بوشۇككە سېلىپ ناھايىتى ئالدىراپ ئۇ جايدىن ئېلىپ كەتتى.)

ماھۋەش بەزمىغە ھازىر قىلدىلار،
سەرۋى گۇلخە ۋەسل زاھىر قىلدىلار.

(يىگىتنى گۈزەل قىزنىڭ بەزمىگە ھازىر قىلىپ، سەرۋى قامەتلىك گۈلگە ئۈنىڭ ۋەسلىنى (كەلگەنلىكىنى) بىلدۈردى.)

ئاندا خود ئامادە ئەسبابى تەرەپ،
مونتەزىر خىلۋەتتە ماھى نۇش لەپ.

(ئۇ يەردە كوڭۈل ئېچىشنىڭ بارلىق لاۋازىمەتلىكلىرى تەييارلانغان، ئاي يۈزلۈك، شىرىن لەب بىر خىلۋەت ئورۇندا كۈتۈپ تۇراتتى.)

كىم يىتوردىلار ئۇل ئىككى چارەگەر،
مەھد ئارا بىر سەرۋ قەدرى سىم بەر.

(ھىلىقى ئىش بىلىدىغان ئىككى قىز بوشۇكتە سەرۋى بويلۇق، كۈمۈش بەدەنلىك يىگىتنى كەلتۈردى.)

ماھۋوشنى تەخت ئارا ياتقۇزدىلار،
ئاينى خۇرشىدغە تاپشۇردىلار.

(ئۇ ئاي يۈزلۈكنى تەختكە ياتقۇزۇپ، ئاينى كۈنگە تاپشۇردى.)

ماھۋوش ۋەسلى ئىچرە بولغاچ كامياپ،
دىدىكىم كەجكولاغا ئۇردىلار گۈلاپ.

(گۈزەل قىز مەشۇقى بىلەن كورۇشۇش مەقسىدىگە يىتىپ، يىگىت يۈزىگە گۈلاپ (گۈل سۈيى) چېچىڭلار! دىدى.)

ھۇشىمىزغە ئەترەچۈن تاپتى مەشام،
كوز ئاچىپ كوردى بەشت ئايىن ماقام.

(گۈلاپ چېچىش بىلەن يىگىتنىڭ دىمىغىغا خۇشپۇراقلىق يىتىپ، كوزىنى ئېچىپ بېھىشكە ئوخشاش ئاجايىپ بىر جاينى كوردى.)

ياندا ئۇل غەيرىتى ھورۇ پەرى،
كوڭلىنى زار ئەيلەگەن مەھ پەيكەرى.

(يېنىدا ھور پەرى كۈندەشلىك قىلىدىغان ئىككى قىز، يىگىتنىڭ كوڭلىنى زار قىلغان ئاي يۈزلۈك قىز تۇراتتى...)

قوپۇپ ئولتۇردى ئەجەپ ھالەت بىلە،
باقتى ھەريان يۈز تۈمەن ھەيرەت بىلە.

(ئاجايىپ بىر ھالەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز تۈمەن ھەيرانلىق بىلەن ھەر يانغا قارىدى.)

ئاستىدا كوردى بۈيۈك شاھانە تەخت،
يانىدا مۇنسى شەھ، پۇرخەندە بەخت.
(ئاستىدا بۈيۈك شاھانە تەختنى، يېنىدا شاھنىڭ سۆيۈملۈك بەختلىك قىزىنى كوردى.)

دىدى يارەپ: كىم نى ھال ئىكەن بۇ ھال،
تۇشمۇ ئويغاقلىقمۇ ئىركەن، يا خىيال.
(ئەي تەڭرى! بۇ، ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ، يا خىيالمۇ؟ دىدى.)

بەردى مەھۋەش لۇتىپ ئىلە تەسكىن ئاڭا،
كۆرگۆزۈپ كامى ۋىسال ئايىن ئاڭا.
(نازىنىن يومشاقلىق بىلەن ئۇنىڭغا تەسكىن بېرىپ، ۋىسال ئارزۇسىنىڭ يوسۇنلىرىنى كورسەتتى.)

كىم تۇش ئىرمەس ئىردى، نى تاپ ھۇش،
شۇكىر ئىتىپ قىل ئەمدى جامى ۋەسىل نۇش.
(بۇ چۈش ئەمەس، ھۇشسىزلىقمۇ ئەمەس، شۇكرى قىلىپ ئەمدى ۋەسىل مەينى ئىچ، دىدى.)

ئىستابان ئىچتى پەرى بىر جام نى،
سوڭرە ئاڭا تۇتتى مەي كۇلفام نى.
(قىز بىر قەدەھ قۇيدۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئۆزى ئىچكەندىن كېيىن يىگىتكە گۈل رەڭ-لىك (قىزىل) مەيدىن قەدەھ تۇتتى.)

ساقىيى گۈل خەد ئۇزارى ھۇللە پۇش،
ھوشسىزغە چون ئۇچۇردى ئانچە قوش.
(گۈل يۈزلۈك يىپەك كىيىملىك ساقى، ھۇشسىز يىگىتكە قوش-قوشلاپ قەدەھ سۇندى.)

جامى مەي ئۇردى ھىجاب ئوتىغا سۇ،
بى ھىجاب ئولدى تەرىقى گۇپتۇ-گۇ.
(مەي قەدەھلىرى ئوتتۇرىدىكى پەردە هايا ئوتىغا سۇ سەپتى، گەپ-سوزلەر پەر-دىسىز سوزلەندى.)

ئاشقى مەجنۇن، مەئشۇقى ھەزىن،
بولدىلار ئىشرەت ئويىدە ھەمنەشىن.
(مەجنۇن ئاشىق بىلەن، غەمكىن مەشۇق ئەيشى-ئىشرەت ئويىدە بىللە ئولتۇرۇشتى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

ئانداغ ئولدى بىرلىك ئايىنى راۋا،
كىم ئىككى لىك ئورتادىن بولدى ھاۋا.

(بىرلىك يوسۇنى شۇنداق ئوبدان بولدىكى، ئىككىلىك ئوتتۇرىدىن ھاۋاغا كوتىرىلىپ كەتتى، يەنى ئاشىقنىڭ ئايرىلىپ تۇرۇش، مەشۇق ئايرىلىپ بىر ھالدا تۇرغان ئىككىلىك يوقالدى.)

ھەر تەرەب كىم بولغاي ئىمكانى ھەۋەس،
بىر بىرىدىن تاپىتى ئىككى ھەمنەپەس.

(ئىككى ھەمنەپەس ئارزۇ ئىمكانى بولغاننى بىر بىرىدىن تېپىشتى.)

بى تەھاشا ئۇيلە ئايىنى ۋىغاق،
كىم ئانىڭ شەرھى ئەدەددىن زور يىراق.

(ھىچ تارتىنىش بولمىغان شۇنداق مۇھەببەت، بىرلىك يۈز بەردى ئۇنى بايان قىلىش مولچەردىن يىراق.)

ھەم يىگىت مۇشتاق ھەم مۇھتاج قىز،
يۈزگە يۈز قويۇپ ئېغىز ئوزرە ئېغىز.

(يىگىت ھەم مۇشتاق (ئارزۇ مەند) قىز ھەم مۇھتاج يۈزگە يۈز قويۇلغان، ئېغىزغا ئېغىز قويۇلغان...)

ئوزگەنى مۇندىن قىياس ئەتمەك بۇلۇر،
غايەت ئىمكانىغا يەتمەك بولۇر.

(باشقا ئىشلارنى يۇقۇرقى ئىشتىن قىياس قىلىشقا بولىدۇ. قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار- نىڭ ئاخىرىغا بۇ ھالەتتىن يەتكىلى بولىدۇ.)

تا سەھەر بۇ نەۋئى ئىدى ئەيشى نەشات،
ئىككى ياندىن بى تاھاشا ئىنبسات.

(تا سەھەرگىچە ھەر ئىككى تەرەپ تارتىنىشسىز ئېچىلىپ- يېيىلىپ كەيپى- ساپا سۇردى.)

سۇبھى چۇن ئەيلەرگە تۇن رازىنى پاش،
بولدى بىر مۇشكى ئوزە كاپىر پاش.

(سۇبھى يورۇپ تۇننىڭ سىرىنى پاش قىلماقچى بولدى، قارا ئىپار ئۈستىگە ئاق كافۇر چېچىلدى — تاڭ ئاتتى.)

مەي داغى زاھىر قىلىپ بىھەد سۇرۇر،
ئىلتىپ ئىردى بەزم ئەھلىدىن شوئۇر.

(مەي چەكسىز خۇشاللىق ئاشكارىلاپ، بۇ كىچىلىك بەزىم ئەھلىدىن ھۇشىنى ئېلىپ كەتكەن ئىدى.)

كىم ئول ئىككى پەردە پوش پەردە "دەر"،
بولدىلار ئول پەردە ئىچرە نەغمەگەر.
(ھىلىقى ئىككى سىر يوشۇرغۇچى، پەردىنى يىرتقۇچى قىز، ئۇ پەردە ئىچىدە (كېچىلىك بەزمىدە) مۇزىكا چالاتتى.)

بەزىم ئىلىدىن غارەتى ھۇش ئەتتىلار،
ئول يىگىتنى ئۇيلە مەدھوش ئەتتىلار.
(بەزمە ئەھلىدىن ئەقلى - ھۇشىنى تالان - تاراج قىلدى، ئۇ يىگىتنى ھەم باشقىلارغا ئوخشاشلا بىھۇش قىلدى.)

كىم يىقىلدى زۇئىپ ئانى بى ھال ئىتىپ،
غەش بىلە ئىدراكى ھالىدىن كىتىپ.
(ئاجىزلىق ئۇ يىگىتنى ھالسىزلاندۇرغانلىقتىن يىقىلىپ قالدى، ئەقلى - ھۇشى ئايىنىپ ھالىدىن كەتتى.)

چارەگەرلەرغە بۇ ئىش چۇن بەردى دەست،
مەھد ئارا بىدىل نى ئەيلەپ پاي بەست.
(ھىلىقى ئىككى تەدبىرچى قىز ھۇشسىز يىگىتنى بوشۇككە بولەپ پۇتلىرىنى تاڭدى.)

نەقىل قىلدىلار ھەمۇل كاشانەغە،
ئاشىقى غەمخارەنى غەمخانەغە.
(بالدۇرقى ئۇزىنىڭ ئويىگە يوتكەپ كەلدى، غەم - قايغۇلۇق ئاشىقنى غەم ئويىگە ئېلىپ باردى.)

مەستلىك ئۇيقۇسىدىن بولغاچ پاراغ،
تاڭ يېلىدىن ھالىغە كەلدى دىماغ.
(مەستلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان چاغدا، تاڭ شامىلى ئۇنىڭغا كۇچ بېغىشلاپ ھالىغا كەلدى.)

كوز ئاچىپ بىدىل تەئەممۇل ئەيلەدى،
ئوتكەن ئەھۋالىن تەخەييۇل ئەيلەدى.
(ھۇشىدىن كەتكەن يىگىت كوزىنى ئېچىپ ھىلىقى بەزمىنى ئەسلىدى، بەزمىدە ئوتكەن ئەھۋالنى خىيال قىلدى.)

www.uyghurkitap.com

ئاھ ئۇرۇپ چىقتى دىماغىدىن تۇتۇن،
تاش ئىلە قويمادى ئەزاسىن پۈتۈن.
(ئاھ ئۇرۇپ دىمىغىدىن تۇتۇن چىقتى، ئۆز-ئۆزىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئەزالىرىنى ساق قويمىدى.)

ئۆز-ئۆزى بىرلە قىلىپ كوپ ماجرا،
ئەيلەدى كوزىگە ئالەمنى قارا.
(ئۆز-ئۆزى بىلەن جېدەللىشىپ، پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا قاپ-قاراڭغۇ كورۈندى.)

نەۋھە تۈزدى ئەشك ئەنجۇم رىزئىلە،
باشلىدى ئاشۇپ رۇستاخىز ئىلە.
(يۇلتۇزدەك ياشلىرىنى ئېقتىپ يىغلاپ، ھەيرانلىق، ئاراملىزلىق بىلەن پاراكەندە بولدى.)

ۋەسىل بەزمىنى چۇن خىيال ئەيلەر ئىدى،
نالەئى مەجنۇن مىسال ئەيلەر ئىدى.
(مەشۇقى بىلەن كورۇشكەندە، بەزمىنى خىيال قىلىپ مەجنۇنلاردەك نالە قىلاتتى.)

دەر ئىدى يارەپنى تەدبىر ئەيلەيىن،
كىمگە ئۆز ھالىمنى تەقرىر ئەيلەيىن.
(ۋە ئېيتار ئىدىكى، ئەي خۇدا نىمە چارە قىلاي، ھالىمنى كىمگە ئېيتاي!)

گەر دىسەم خامۇش ئولاي تاقەتمۇ بار،
ئۆزنى زەبت ئەيلەي دىسەم قۇۋۋەتمۇ بار.
(شۇك تۇراي دىسەم تاقىتىمۇ بارمۇ؟ ئۆزەمنى تۇتۇۋالاي دىسەم قۇدرىتىم بارمۇ؟)

ھالەتىم مەخپى توتاي يا پاش ئىتەي،
سوز دىيىن يا تىك تۇراي، بىلمام نىتەي.
(ھالىمنى يوشۇرايمۇ ياكى پاش قىلايمۇ؟ سوزلەيمۇ ياكى جىم تۇرايمۇ؟ نىمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن.)

گەر دىسەم ئەيتاي، قانى پايان ئاڭا؟
دەرگە مىڭ بىرنى يوق ئىمكان ماڭا.
(ئەگەر ئەھۋالىمنى ئېيتاي دىسەم ئۇنى تۇگىتەلەيمەنمۇ؟ مىڭدىن بىرنى سوزلەشكە ماڭا ئىمكان يوق.)

گەر نە ھال توتماغلىغىن قىلسام خىيال،
يوقتۇرۇر جان ئىلتورۇرگە ئېھتىمال.
(ئەگەر يوشۇراي دەپ خىيال قىلسام، جاننى ئېلىپ كېتىش ئېھتىمالى بار.)

ئەيلەر ئېردى بۇيلە غەۋغا ۋە قۇرۇش،
نى تىندەرۇھ، نى مەغزىدە هۇش.
(شۇنداق غەۋغا ۋە دات-پەريات قىلاتتى، تېنىدە جان بولسۇن، نە مىڭىسىدە هۇش بولسۇن؟)

هەيرەتى هەر لەهزە قەسدى جان ئېتىپ،
ئەلنى ئانىڭ هالىغا هەيران ئىتىپ.
(ئۇنىڭ هەيرانلىقى هەر نەپەستە جانغا قەست قىلاتتى، خەلقلەر ئۇنىڭ هالىغا هەيران قالاتتى.)

هەر كىشى ئۇز هالىدىن سوردى خەبەر،
تاپمادى ئانىڭ جاۋابىدىن ئەسەر.
(ئۇنىڭدىن هالىك قانداق دەپ سورىغان كىشى ئۇنىڭدىن جاۋاپ ئالالمايتتى.)

مۇنچە زاهىد ئەيلەدىكىم سورماغىمىز،
كويىگەنىم بەس دۇر، يانا كويدۇرماغىز.
(مۇشۇنچىلىك سوزلەتتىكى ئەمدى سورىماڭلار، مۇشۇ كويىگىنىم يېتەر، يەنە كويدۇرمەڭلار!)

هالىتىم شەرهى ئىمەس تەقرىر ئىشى،
بىلماس ئانى ئاندا تاپىلماس كىشى.
(مېنىڭ ئەهۋالىمنى بايان قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى شۇ يەردە بولمىغان كىشى بىلمەيدۇ...)

مەنمۇ ئىدىم يارەب ئۇل ئىقبال ئىلە،
ۋەسل بەزمىدە ئۇل ئىستىقبال ئىلە.
(ئەي تەڭرى، ئاشۇ ئىقبال — بەختكە ئېرىشكەن مەن ئىدىممۇ؟ ۋسال بەزمىدە ئۇ ئىستىقبالغا ئىگە بولغان مەن ئىدىممۇ؟)

شەرھ قىلماق ئىستەر ئىرسەم گەر ئانى،
كىمسە، نى نەۋئ ئەيلەگەي جاۋەر ئانى.
(ئەگەر ئۇ مەشۇقنى، هالىنى بايان قىلاي دىسەم، كىم ئۇنىڭغا ئىشىنەر....)

هەيرەتىم جانىمنى ئورتەر نەيلەيىن،
جىسىم ۋەيرانىمنى ئورتەر نەيلەيىن.
(قانداق قىلاي هەيرانلىقىم جېنىمنى هەم ۋەيران بولغان جىسمىمنى ئورتەۋاتىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەھدەتى ۋەسل ئىچرە ئول ياغلىغ مۇرار،
ئول سۈپەت مەشوق بىرلە ئىتتىھار.

(ۋەسل ئىچىدە مۇيەسسەر بولغان "ۋەھـدەت" (بىرلىك) مۇنـداق مۇرات بىغىشلىسا، مەشۇق بىلەن مۇنداق بىرلەشمەك يۈز بەرسە.)

سوڭرە ھىجراندىن بۇ ياڭلىغ شىددەتىم،
ھەيرەت ئۈزرە-ھەيرەت ئۈزرە ھەيرەتىم.

(ئايرىلغاندىن كېيىن مۇنداق شىددەت دۇچكەلسە، ھەيرانلىق ئۈستىگە ھەيرانلىق، ھەيرانلىغىم ئۈستىگە ھەيرانلىغىمدۇر.)

ھالەتىمدۇر ئۇسرو بى پايان ئەجەب،
كىمسەگە قىلماي مۇنى بارى نەسىپ.

(بۇ ھال تولىمۇ پايانسىز ئەجەب ھالدۇر. كورگەنلا كىشىگە بۇ ھال نەسىپ بولمايدۇ.)

## دەر شەرھى ھالات بەزى ئەز ئەھۋالى مۇسەننىف
## (ئاپتور (ناۋايى) نىڭ بەزى ئەھۋالى توغرىسىدا)

پاندىيا سالدىڭ يانا تەرھى ئەجەب.
ئەيلىدىڭ قوشلار تىلىن شەرھ ئەجەب.

(ئەي پانى (ناۋايى) يەنە ئاجايىپ، يېڭى بىر بىنانى قۇردۇڭ، قۇشلارنىڭ تىلىنى ئاجايىپ بايان قىلدىڭ.)

بىر سۇلايمان نەبى ئېردىكى ئول،
تاپىب ئېردى قوشلار ئەلپازىغا يول.

(بىرلا سۇلايمان پەيغەمبەر قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىشكە يول تاپقان ئىدى.)

ئاندىن ئاسىپ① ئاڭلىدى تەلىم ئاڭا،
كىمسەگە بىلدۇرمەدى تەپھىم ئاڭا.

(سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى ئاسىپ سۇلايماندىن قۇشلار تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ھېچكىمگە بىلدۇرمىدى.)

---

① ئاسىپ—سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ باش ۋەزىرى بۈيۈك ئالىم ئاسىپ ئىبنى بۇرخىيا.

ئۇل ئىكاۋدىن ئۇزگەلەرگە يەتمىدى،
كىمسەگە چۈن يەتمىدى پەھىم ئەتمىدى.

(سۇلايمان پەيغەمبەر بىلەن ئاسپىدىن باشقا كىشىگە قۇشلار تىلىنى بىلىش نىسىپ بولمىدى. نىسىپ بولمىغانلار پەھىم قىلالمىدى.)

تا ـ نىچە مىڭ يىل سۇ پەھرى تىزگەرد،
جىددۇ جەھد بىلە بولۇپ گىتى نەۋەرد.

(تېز چوگىلەيدىغان پەلەك نەچچە مىڭ يىل، جىد ـ جەھد ئالدىراشلىق بىلەن ئالەمنى ئايلىنىپ،)

زاھىر ئەتتى بىر ھۇمايدىن فال قۇش،
تېز سەيرۇ ـ تېز نۇتقۇ ـ تېز ھۇش.

(تېز ئۇچىدىغان، تېز سوزلەيدىغان، ئەقلى ئۇتكۇر، ھۇشيار بىر مۇبارەك بەختىيار بىر قۇشنى دۇنياغا يارىتىپ ئاشكارا قىلدى.)

قايسى قۇش؟ قافى پانا ئەنقاسى ئۇل،
جۇملە قۇشلار تىلىدە داناسى ئۇل.

(ئۇ، قايسى قۇش ئىدى؟ ئۇ: "فانى" لىق تېغىنىڭ سۇەۇرۇغى ئىدى، بارلىق قۇش ـ لارنىڭ تىلىدا دانا دەپ ئاتالغان قۇش شۇ ئىدى.)

مۇرشىدى ئەتۋار قۇتبى ئەۋلىيا،
كوڭلىدە شەمئى ھىدايەتتىن زىيا.

(ئەۋلىيالارنىڭ قۇتبىسى، ئۇستاز خۇسۇسيەتلىك كوڭلىدە ھىدايەت ـ توغرا يول چىرىغىنىڭ نۇرى بار.)

كەشپ ئەسرارى ھاقايىقدا پەرىد،
نوتقىدىن ئەھلى ھەقىقەت موستەپىد.

(ھەقىقەتنىڭ سىرلىرىنى كەشپ ئېتىشتە يىگانە، ئۇنىڭ سوزلىرىدىن ھەقىقەت ئەھلى پايدىلىنىلغان.)

ئەھلى ئىرپان سالىكى ئەتۋارى ئۇل،
مەئرىپەت بازارىنىڭ ئەتتارى ئۇل.

(مەرىپەت ئەھلىنىڭ سالىك خۇسۇسيەتلىگى، مەرىپەت بازىرىنىڭ ئەترە ساتقۇ ـ چىسى.)

چۈن بۇ گۈلشەن ئىچرە كىم قىلدى زوھور،
كۈي ئاندىن نوتق ئورگاندى تۇيور.

(بۇ مەرىپەت گۈلشەنىدە ئوزىنى ئاشكارىلىدى، قۇشلار ئۇنىڭدىن سوز ئۈگەندى.)

www.uyghurkitap.com



قۇش تىلى بىرلە تەكەللۇم قىلماغى،
ئارتۇق ئاسىپدىن، سولەيماندىن داغى.
(ئۇنىڭ قۇش تىلى بىلەن سۆز قىلىشى ئاسىپ بىلەن سۇلايماندىنمۇ ئارتۇقراق.)

كىم، ئۇلار كىم ئاڭلادىلار بۇ ماقال،
لىك ئەلگە قىلمادى نەفئ ئىنتىقال.
(چۈنكى ئۇلار قۇش تىلىنى بىلدى، لېكىن ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزمىدى.)

بارچەنىڭ گۇيا بۇ نۇتقىن ئاڭلىدى،
"مەنتىقۇتتەيىر" ئاشكارا ئەيلىدى.
(ھەممە ئەلنىڭ گوياكى ئۇلار قۇش تىلىنى بىلىپ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزمىدى، دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ "قۇشلار تىلى"نى مەيدانغا چىقاردى.)

بۇ تىل ئەلپازى كەماھى ئەيلەبان،
شەرھ ئەسرارى ئىلاھى ئەيلەبان.
(مۇشۇ تىلنىڭ تەلەپپۇزلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، خۇدانىڭ سىرلىرىنى شەرھلىدى.)

نۇكتە دەپ ئەنجام ئىلە ئاغازدىن،
ئانچە گەۋھەر ساچتى گەنجى رازدىن.
(باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشىدا مەنىلىك سۆزلەر بىلەن سىرلار غەزنىسىدىن نۇرغۇن گوھەرلەرنى چاچتى.)

كىم، زامان ھۇسنى تولا قىلدى گۇھەر،
تاپدىلار ئاندىن زامان ئەھلى سەمەر.
(كى زاماننى گۆزەللەشتۇرۇپ گەۋھەرگە تولدۇردى، ئۇنىڭدىن زامانە كىشىلىرى مىۋە يىدى.)

گەنجدىن چۈنكى ئىچىلدى بۇ تىلىسىم،
ھەر گاداغا بۇ گوھەردىن يەتدى قىسىم.
(چۈنكى غەزنىدىن بۇ تىلسىم ئىچىلىپ، ھەر بىر گادايغا شۇ گوھەردىن نىسىۋە تەگدى.)

نەفئىنى ئام ئەيلەدى خۇرشىددەك،
جامىدىن ئۇردى سالا جەمشىددەك.
(ئۇ، قۇياشتەك ھەممىگە ئامموۋى نەپئى بەردى. ئۇنىڭ جامىدىن (مەي پىيالىسىدىن) جەمشىدنىڭ جامىدىن چىققان ئاۋازدەك ئاۋاز چىقتى.)

ھەركىم ئېردى تەشنەلەپ نوش ئەيلەدى،
سوز دىمەكدىن تىلنى خامۇش ئەيلەدى.
(كىمكى تەشنا ئىدى، ئۇ جامىدىن مەي ئىچتى، ئۇنىڭ جامىدىن مەي ئىچىپ سوز-لەشتىن تىلنى توختاتتى.)

قۇش تىلى بىرلە ھامان ئەيلاپ كالام،
تۇتى گۇيادەك ئەيلاپ خاس-ئام.
(ئۇ ئامىغا قۇش تىلى بىلەن سوزلىدى، سوزلەيدىغان تۇتىدەك ھەممىگە سوز قىلدى.)

پارسى ئايىن ئۇلوسى پەھىم ئەتتىلار،
بارچە پەھمى دىققەتىغە يەتتىلار.
(ئۇنى پارسى تىللىق خەلق چۇشىنىپ، بارلىق پەھىم، ئىنچىكە تەرەپلىرىگە يەتتى.)

غەير خەيل سادە ئەتراكى پەقىر،
كىم، ئۇلاردەكىم دۇر ئىدراك كەسىر.
(باشقا خەلقلەر، كەمتەر، ساددا تۇركلەركى، ئۇلارنىڭ پەمى كەملىك قىلامتى؟ — ياق، ئۇلارنىڭ ئەقلى ئىدراكى كوپ ئىدى.)

قۇشدىن ئىرماس خالى ئاز كوپنىڭ ئىلى،
لىك پەھىم ئىرمەس بىرىگە قۇش تىلى.
(ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى قوشدىن خالى بولمىسمۇ ئەمما قۇشنىڭ تىلنى بىلمەيتتى.)

قۇش تىلىن موشكوللىرىنى ئىرشاد ئېتىپ،
ئول تەكەللۇمدا مېنى ئوستاد ئېتىپ.
(قۇش تىلىنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئۇگىتىپ ۋە قۇش تىلىدا سوزلەشكە مېنى ئۇستاز قىلدى.)

چۇن ماڭا ئەتتار دۇككانىدىن ئىش،
شەككەرۇ قەن ئېردى ئالماق يازۇ قىش.
(چۇنكى مېنىڭ ئىشىم ياز ۋە قىش شەيىخ ئەتتارنىڭ دۇكىنىدىن قەن-شېكەر ئېلىش ئىدى.)

ئەككە تۇتى ياڭلىغ ئول دوككاندا پەن،
بار ئىدى بولماق ماڭا سەكەرۇ شكەن.
(ئۇ دوكاندىكى ئىشىم تۇتى قۇشقا ئوخشاش شېكەر يىمەك ۋە شېكەر تەرمەك ئىدى.)

قۇش تىلى بىرلە ماڭا نىكىم خىتاپ،
قىلسا، تۇتىنىڭ بىرور ئىردىم جاۋاپ.
(ئەگەر ماڭا قۇش تىلى بىلەن خىتاپ قىلسا، ئۇنىڭغا تۇتىنىڭ جاۋاۋىنى بىرەر ئىدىم.
قۇشلارنىڭ تىلى ھەققىدە ماڭا خىتاپ قىلىنسا، تۇتىغا ئوخشاش چۈشەنمەي تۇرۇپ جاۋاپ بېرەتتىم.)

بەلكى رۇھى قودىسىنىڭ گويا قۇشى،
ئەرش ياغىدىن كېلىپ كوڭلۇم تۇشى.
(بەلكى پاك روھنىڭ قۇشى ئەرش تەرەپتىن كوڭلۇمگە ئۇزۇق يەتكۇزدى.)

چۈنكى تاپتىم ئول كالام ئىچرە كامال،
تۇركى ئەلپازى ئىلە سۇردۇم ماقال.
(چۈنكى ئۇ سوزلەردىن (پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ قۇش تىلىدىكى سوزلىرىدىن) كامال تېپىپ بۇ مەنتىقۇتتەيرنى تۇرك تىلى بىلەن يازدىم.)

نەغمەلا تۇركانە ساز ئەتتىم ئوكۇش،
مەستلىكدە ئويلەكىم قۇش نەغمە قۇش.
(تۇركلەرچە سازدا گۈزەل نەغمىلەرنى تۈزدۇم. بەلكى مەسلىكتە بىر ئاۋازنى قوش تەكرارلايدىغان قۇشنىڭ سايرىشىدەك سايرىغاندىمەن.)

قايسى قۇش بۇلبۇلكى مىڭ داستانى بار،
ھەر بىر ئول داستاندا يۈز ئەپغانى بار.
(قايسى قۇش، بۇلبۇلنىڭ مىڭ داستانى بولىدىكەن، ھەر بىر داستاندا نۇرغۇن دەرت-پىغانلىرى بار.)

لىك ئول داستانلارى گۇل شەۋقىدىن،
ناله ۋە ئەپغانلىرى گۇل شەۋقىدىن.
(لېكىن ئۇنىڭ داستانلىرى ھەم دەرت - پىغانلىرى گۈلنىڭ شەۋقىدىندۇر.)

مەن، مەن ئول بۇلبۇلكى مىڭ ئەپغان ئارا،
ھەر قايان لەھىندە بىر داستان ئارا.
(مەن، شۇنداق بۇلبۇلكى مىڭلىغان پىغانلىرىم ئىچىدە، ھەر بىر ئاۋازىمدا بىر داستان بار.)

كىم ئاڭا ھەر خارىج ئەلھانلىق تۇيۇر،
چەكسە ئەفغان، تاپمىغاي ئاندىن قۇسۇر.
(مېنىڭ ئاۋازىمنىڭ تېشىدا سايرايدىغان (مېنىڭ ئاۋازىمغا چۈشەنمەيدىغان) قۇشلار پىغان چەكسە، مېنىڭ ئاۋازىمدىن قۇسۇر تاپماسمۇ؟)

شەيىخ روھىدىن يېتىشتى بۇ مەدەد،
كىم بۇ بۇلبۇل لەھنى بولدى بى ئەدەد.
(ئۇستاز شەيىخنىڭ روھىدىن ماڭا بۇ مەدەت يېتىشكەچ، مېنىڭ نەغمەم ھىساپسىز بولدى.)

بۇ تاناسوپ غا نەزەر سالغان كىشى،
كوپ ئاڭا ئوخشاش تاپار قەقنۇس ئىشى.
(بۇ سېلىشتۇرۇشقا نەزەر سالغان كىشى، قەقنۇس قۇشىنىڭ ئىشىغا ئوخشاش كوپ پەرق تاپالايدۇ.)

## ھىكايىتى قەقنۇس
## (قەقنۇس ھىكايىسى)

بار ئىدى قەقنۇس دىگەن بىر تۇرپە تەير،
ھىند مولكىدە ئاڭا ئارامى سەير.
(ھىند مەملىكىتىدە قەقنۇس دىگەن ئاجايىپ بىر قۇش بولۇپ، ئارام تېپىپ سەير قىلاتتى.)

شەكلى مەتبۇئ تووانا پەيكەرى،
ئوزگە نەقش ۋە رەڭ بىرلە ھەر پەرى.
(ئۇ قۇشنىڭ شەكلى - تۇرقى يېقىملىق ۋە ئوزى كۆچلۈك، ھەربىر قانىتى رەڭگا - رەڭ، گۈزەل نەقشدار ئىدى.)

بولئەجەپ ھەيئەت ئىلە مىنقار ئاڭا،
نەقبەلەر مىنقار ئارا، بىسيار ئاڭا.
(بۇ قۇش مۇنداق ئاجايىپ شەكىللىك بولۇشى بىلەن تومشۇغىدا ناھايىتى كوپ نەقبەرلەر (توشۇكلەر) بار ئىدى.)

چون چىكىب دىلكەش ناۋايى جان پازا،
پەھىم ئولۇپ ھەر نەقبەسىدىن يۈز ناۋا.
(ئۇ قۇش ناۋا قىلسا ھەر توشۇكتىن يۈز نەغمە ئاڭلىناتتى.)

بىشەئى كىم ئول نەشمىن ئەيلەمىش،
بىر ياغاچ باشنى مەئمەن ئەيلەمىش.
(ئۇنىڭ، جاڭگالدا بىر دەرەخنىڭ بېشىدا ئۇۋىسى بار ئىدى.)

www.uyghurkitap.com

نەقبەلەردىن ھەر زامان قىلسا خورۇش،
ئەيلەبان ئانى ئىشتكان تەرك ھۇش.

(ھەر قاچان ئۇ قۇش تۇمشۇغىدىكى توشۇكلىرىدىن ئاۋاز چىقارسا، ئۇنى ئاڭلىغانلار ھۇشىنى يوقىتىپ قوياتتى.)

جۇپتى بولماس ھېچ قۇش پەيۋەندى ھەم،
ھېچ تەير ئولماس ئانىڭ مانەندى ھەم.

(ئۇنىڭ جۇپتى ھەم بالىسىمۇ بولمايتتى. ھېچقانداق قۇش ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى.)

فەيلەسۇفى قىلدى ئول ياندىن گوزەر،
ئونلارى كەلدى قولاقىغە مەگەر.

(شۇ يەردىن بىر پەيلاسوپ (ئالىم) ئوتكەن ئىدى، پەيلاسوپنىڭ قۇلىغىغا ئۇ قۇشنىڭ ئاۋازى كىردى.)

موختەلىپ تاپتى سادايى شىۋەسىن،
قىلدى ئاندىن ۋەزئ موسقا پەنىن.

(پەيلاسوپ ئۇ قۇشنىڭ ئاۋازى خىلمۇ ـ خىللىقىنى ئاڭلاپ، شۇ قۇشنىڭ ئاۋازىدىن مۇزىكا ئىلمىنى ئىجات قىلدى.)

بىشەدە ئومرى بولۇر ئىرمىش ئۇزۇن،
ئومرىدە شۇغلى ئۇنىڭ يىغماق ئوتۇن.

(ئۇ قۇشنىڭ ئومرى ئۇزۇن بولۇپ، ئومۇر بويى جاڭگاللاردا ئوتۇن توپلىماق بىلەن مەشغۇللىنىدىكەن.)

ئول ئوتۇندىن خاھى ھۇل، خاھى قۇرۇق،
چۈنكى بولدى خىرمىنى بى ھەر ئولۇق.

(ھول ۋە قۇرۇق ئوتۇنلاردىن ناھايىتى چوڭ خامان ياسايدىكەن.)

ئومىر پايانىدا ئول مەسكەن ئۇزە،
نەچچە يىل جەم ئەيلىگەن خىرمان ئۇزە.

(بۇ چاغدا ئومۇر بويى توپلىغان ئوتۇن دوۋىسىنىڭ ئۇستىدە،)

تارتار ئىرمىش نەغمە تەير خۇش ناۋا،
پەس ھەزىن ئاۋاز ئىلە دىلكەش ناۋا.

(بۇ خۇش ئاۋاز قۇش نەغمە قىلىپ، غەمكىن ئاۋاز بىلەن دىلنى ئوزگە تارتىدىغان ناۋا قىلىدىكەن.)

ئول سۇپەتكم هەم ۋوهۇشۇ ـ هەم تۇيۇر،
جەم ئولور ئىرمش ئىشتكاچ ئول سۇرۇر.
(بۇ خۇش ناۋا ئاۋازنى ئاڭلغان ۋەهشى جان ـ جانىۋارلار هەم قۇشلار شۇ يەرگە توپلىنىدىكەن.)

شۋە نەيدىن ئول گۇرۇهى دەرد ناك،
زۇئىپ ئەيلەپ كوپ بولۇر ئىرمش هىلاك.
(قەقنۇسنىڭ تۇمشۇغىدىن چىققان ئاۋازىدىن ئۇ دەرتلىكلەر، ناهايىتى ئاجىزلىشىپ هالاك بولىدىكەن.)

چۇن ناۋاسىغا يېتىشتى ئىنتىها،
سوڭرە تارتىب بىر ئەجەپ ئوتلۇق ناۋا.
(ئۇنىڭ ناۋاسى ئاخىرقى چېكىگە يەتكەندە، ئۇ يەنىمۇ ئاجايىپراق ئوتلۇق بىر ناۋا تارتىش بىلەن،)

سالۇر ئىرمش ئول ئۇلۇغ خامانغا ئوت،
ساكىن ئولغان مەنزىل ـ مەسكەنغە ئوت.
(شۇ چوڭ ئوتۇن دوۋىسىگە يەنى قەقنۇسنىڭ تۇرغان ماكانىغا ئوت تۇتىشىدىكەن.)

ئوت ئەلەم تارتار ئىمىش ئەپلاكغە،
بەرق چۇشكەندەك خەسر ـ خاشاكغە.
(ئۇ ئوت، قۇرۇق ئوت چۆپلەرگە چاقماق چۇشكەندەك ئاسمانغا بايىراق تارتىپ كوتىرىلىدىكەن.)

ئول ئوتۇن يانغاندىن ئول قۇش هەم يانىپ،
پەرلارى ياپراقلاردەك ئورتانىپ.
(قەقنۇسنىڭ ئوزى، قانات قۇيرۇقلىرى شۇ ئوتتا ياپراقلاردەك ئورتىنىپ،)

هەم ئوزى هەم ئول ئوتۇنلار كۇل بولۇپ،
يۇز تۇمەن جۇزۋى ئول كويەردىن گۇل بولۇپ.
(قەقنۇسنىڭ ئوزى هەم ئوتۇنلار كويۇپ كۇل بولۇپ، يۇز تۇمەنلىگەن باشقا نەرسىلەر شۇ كويۇشىدىن گۇل بولۇپ ئېچىلىدىكەن.)

چۇنكىم ئول كۇللار ئوكۇلدى تاغچە،
مەخپى بولمىش كۇلدە بىر قەقنۇس بەچچە.
(چۇنكى ئو كۇللەر گۇل بولۇپ كۇلۇپ تۇرىدىكەن، تاغدەك دوۋىلەنگەن، كۇللەر ئىچىدە بىر قەقنۇسنىڭ بالىسى يوشۇرۇنۇپ قالىدىكەن.)

تەبرىنىپ كۆلدىن چىقىپ تەسكىن بىلە،
پەر چىقارىپ زىننەتى تەزيىن بىلە.
(ئۇ ئاستا ـ ئاستا مىدىرلاپ كۆلدىن چىقىش بىلەن، ناھايىتى چىرايلىق قانات چىقىرىدىكەن.)

چۈن ھاۋا ئەيلەپ كۆرۈپ ئول بىشەنى،
جەزم ئىتىپ ئوتۇن يىغار ئەندىشەنى.
(كۆلدىن چىققان قەقنۇس بالىسى ھەۋەسلىنىپ، ئۇ جاڭگاللىنى كۆرۈپ. ئوتۇن يىغىش ئويى - پىكرىنى جەزملەشتۈرىدىكەن.)

ئۆمرىدە ئول داغى جەمئ ئەيلەپ ئوتۇن،
ئول ئىش ئەسناسىدە تارتىپ دىلكەش ئۈن.
(ئۇ ھەم ئۆمۈر بويى ئوتۇن يىغىپ، ھەم يىغىش جەريانىدا دىلكەش ناۋا چېكىدىكەن.)

چۈن ئاڭا ھەم يەتسە پايانىغا ياش،
ئول داغى ئەيلەپ ئاتا قىلغاننى پاش.
(ئۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتكەندە، ئۇ ھەم ئاتىسى قىلغان ئىشنى قىلىدىكەن.)

شەيخ گويا كەلدى ئول ئەۋۋالقى تەير،
كىم ناۋا ئىچرە قىلىپ ئودرىدە سەير.
(شەيخ فەرىدىدىن ئەتتار گوياكى ئاۋالقى قەقنۇس بولۇپ دۇنياغا كەلدى، ناۋاسى پۈتۈن ئۆمرى بويىچە ئاڭلاندى.)

چەكتى ئانچە لەھن ئىلە دىلكەش ناۋا،
كىم، ساغىنغاي ۋەھشى، تەير ئەيلەپ ھاۋا.
(شەيخ دىللارنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئاۋاز بىلەن ناۋا چەكتى، ۋەھشى جانىۋارلار، قۇشلار ئۇنى سېغىنىپ ياد قىلسۇن، دىدى.)

بارچە ئول موھلىك ناۋادىن ئۆلدىلار،
خىرمىنى ساھىب كېبى كۆل بولدىلار.
(قۇشلار ئول ھالاك ئەتكۈچى ناۋادىن تەسىرلىنىپ ئۆلدى، ئوتۇن خامىنى ئىگىسى (قەقنۇس) غا ئوخشاش ئۆز ئوتىدا كۆيۈپ كۆل بولدى.)

بەلكى ئول كۆلدىن ئەخگەردەك چىقىپ،
بەلكى ئەخگەردىن سەمەندەردەك چىقىپ.
(ئۇ كۆلنىڭ ئارىسىدىن چوغدەك، چوغدىن سەمەندەردەك چىقتى.)

گۇلشەنى دەۋران ئارا ھەر نەۋئى قۇش،
يوقكى يالغۇز تەير بەس بەلكىم ۋۇھروش.
(دەۋران گۇلشەندىكى ھەرخىل قۇشلارلا ئەمەس، بەلكى جانلىق ياۋايى ھايۋانلارمۇ.)

يۈز ناۋا زاھىر قىلىپ مىنقارىدىن،
بارچە ھەقنىڭ ياشۇرۇن ئەسرارىدىن.
(تۇمشۇقلىرىدىن يۈز خىل ناۋا چىقىرىپ، ھەقنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئاشكارا قىلدۇ.)

ئۆزىگە، خىرمانىغا داغى ئوت ئۇرۇپ،
ھەم ئۆزىن ھەم ئۆزگەلەرنى كويدۇرۇپ.
(ئۆزىگە، خامانىغا ئوت يېقىپ، ھەم ئۆزىنى، ھەم باشقىلارنى كويدۇرىدۇ.)

مەن دىمانكىم ئول ئاتادۇر بۇ ئوغۇل،
ئول شەھى ئالى سۈپەت، مەن بەندە - قۇل.
(مەن، ئۇ، ئاتا، بۇ ئوغۇل دىمەيمەن، ئۇ ئالى سۈپەتلىك شاھ، مەن ئۇنىڭ بەندە قۇلى.)

كىم بۇ ئوتقا ئول كويۇپ ئالدى نەفەس،
بارىچە ئالەمغە ئول ئوت سالدى بەس.
(كىم بۇ ئوتتا ئوزى كويۇپ بىر نەپەس ئېلىشى بىلەن، پۈتۈن ئالەمگە ئوت تۇتاشتۇردى.)

سوڭرە ئاندىن كىمسە تاپماي مەنچە سوز،
بۇيلە مۇھرىق شوئلەئى كىتى پوروز.
(ئۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق جاھاننى يورۇتۇپ كويدۇرگۇچى، يالقۇنلۇق ئوتتا ھىچكىشى مېنىڭچە كويمىدى.)

قۇش تىلىدىن شۇئلەلەر زاھىر قىلىپ،
ھەم ئۆزەم ھەم ئۇل كۇل ئولماقنى بىلىپ.
(قۇش تىلىدىن يالقۇنلارنى ئاشكارا قىلدىم، ھەم ئۆزەمنى كۇل قىلىشنى ھەم باشقىلارنى كۇل قىلىشنى بىلىپ قىلدىم.)

ھەر نىكىم كوردۇم ئاتامدىن روزگار،
ھەم ئاڭا بولدى ماڭا ئامىرزگار.
(ھەر نەرسەكى زامان ئاتامدىن كوردۇم، ئۇ ھەم ئۇنىڭغا ۋە ھەم ماڭا نىجاتكار — قۇتقۇلدۇرغۇچى بولدى.)

www.uyghurkitap.com



ئۇرتادىم ئالەمنى ئىلنى ئوزنى ھەم،
قوش تىلدىن ئۇزگە قىلماي سوزنى ھەم.
(قوش تىلدىن باشقا سوز قىلماي، ئوزەمنى ۋە پۇتۇن ئالەمنى كويدۇردۇم.)

بۇدۇر ئۇمىدىمكى، بۇ سوزنى فانا،
بارىچە كويگەنگە باقا بەرگەي يانا.
(ئۇمىدىم شۇكى، مېنىڭ بۇ سوزلىرىمنى "فانا" (يوقىلىش) بارلىق كويىگەنلەرگە "باقا"
(مەڭگۇلۇك) قىلغاي.)

## مۇناجات
## (تەلەپ)

ئەي خالايىق تالىبى مەتلوبى سەن،
ھەم مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مەھبۇبى سەن.
(ئەي خۇدا تەلەبكار خالايىقنىڭ مەتلۇبى (تەلەب قىلىدىغىنى) سەن ھەم مۇھەببەت
ئەھلىنىڭ مەھبۇبى (ياخشى كورىدىغىنى) سەن.

ئىككى دۇنيادىن لارى تالىبلارىڭ،
غەير سەندىن موختەلىف راغىبلارىڭ.
(ئەھلى ئىمان ۋە كۇفىردىن ئىبارەت ئىككى دۇنياغا بولۇنۇپ تۇرغان تەلەپكارلىرىڭ،
سەندىن بولەكگە تۇرلۇك شەكىل سىلەن رىغبەت قىلغۇچىلىرىڭ،)

سەندىن ئايرو گەر مەلەكدور گەر پەرى،
تالىب ئولماقغە كېرەك قىلماس گەرى.
(ئەگەر پەرىشتە بولسۇن ياكى پەرى بولسۇن، سەندىن ئايرىلىشقا تەلەپكار بولمايدۇ،
سەندىن باشقىنى كېرەك قىلىشقا رىغبەت ۋە خاھىش قىلمايدۇ.)

جەننەتۇ، كەۋسەر ۋە گەر تۇبا ۋە ھور،
ئىستاماك سەنسىز تەلەبدىن دۇر قوسۇر.
(سەن سىز تۇرۇپ جەننەت كەۋسەر تۇبا (جەننەتتىكى دەرەخ) ۋە ھور قىزلارنى
تەلەپ قىلىش تەلەپدىكى قۇسۇرلۇق بولىدۇ.)

جان كوڭلۇمنى ئوزەڭگە تالىپ ئەت،
دەرد ئىلە ئىشقىڭغە شەۋقوم غالىپ ئەت.
(ئەي تەڭرىم، جېنىمنى، قەلبىمنى، ئوزەڭنى تەلەپ قىلغۇچى قىلغىن، ساڭا بولغان
ئىشتىياق ۋە ئىشق مىھەببىتىمنى كوچلۇك قىلغىن.)

هەم تەلەب زەۋقىنى ۋاسىل قىل ماڭا،
هەم تىلەب تاپماقنى هاسىل قىل ماڭا.
(هەم تەلەپ قىلىش زەۋقىنى ماڭا يەتكۈزگىل، هەم تىلەپ تاپماقنى ماڭا هاسىل قىلغىن.)

"ماسىۋەللاھ" خاتىرىمدىن سەلب قىل،
ئاندا زىكرىڭنى هۇزۇرى قەلب قىل.
(ئۆزەڭدىن باشقىنى كۆڭلۈمدىن يوقاتقىن، سىنى ياد ئېتىشنى قەلبىمنىڭ هوزۇرى قىلغىن.)

## هىكايەت بەرسە بىلى تەمسىل
## (مەسەل يولى بىلەن هىكايەت)

كەئبە ئەزمى قىلدى بىر تالىب مورىد،
كوردى بەستام ئىچرە ئانى بايەزىد.
(تەلەپكار بىر مۇرىد كەئبەگە بارماق بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇنى بايەزىد بەستامى "بەستام" دىگەن جايدا كوردى.)

شەيخ غە چونكىم موشەررەپ بولدى ئول،
قويتى داغى كەئبە سارى تۇتتى يول.
(ئۇ بايەزىدنى كورۇشكە موشەررەپ بولۇپ، يەنە كەئبە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.)

چون مويەسسەر بولدى هەج ئول خام غە،
قايتىبان يەتتى يەنە بەستام غە.
(ئۇ پىشمىغا موريدقا هەج تاۋاپ قىلىش مۇيەسسەر بولدى، قايتىپ بەستامغا يەنە كەلدى.)

سالىكى فازىل قىلىب ئەرزى نىياز،
بولدى مۇرشىد خىزمەتىگە سەرپەراز.
(بۇ پەزىلەت ئىگىسى مورىد ئۆز هاجەتلىرىنى بىلدۇرۇپ، بايەزىدنىڭ خىزمىتىگە موشەررەپ بولدى.)

شەيخ ئۇنى كورگەچ دىدى ئەي رەھ نەۋەرد،
ۋەسل ئىستاپ ۋادى يۆ-دەرگەھ نەۋەرد.
(شەيخ بايەزىد ئۇنىڭغا: ئەي يوللارنى كەزگۈچى، مەھبۇب ۋىسالىنى ئىزلەپ چول-لەرنى، كەزگۈچى:)

www.uyghurkitap.com



بىر نىشان دەي سىزگە بەيتۇللاھدىن،
بۇ سوز ئۇلغاچ مورىشدى ئاگاھدىن.
(سىزگە بەيتۇللاھدىن بىر نىشان دەپ بېرەي: بۇ سوز دانا مۇرشىدپىر، تەرىپىدىن سوزلەندى:)

دىدى كورگەن ئۇي بەسى ئالى ئىدى،
ئۇي ئىگەسىدىن دىلى خالى ئىدى.
(بايەزىد مۇنداق دىدى: كورگەن ئۇي ناھايىتى ئالى بولۇپ، لېكىن ئۇيىنىڭ ئىگەسىدىن ئۇينى ئىزلەپ بارغۇچىنىڭ دىلى خالى ئىدى.)

دىدى ئول ھاجىغا شەيىخ باخەبەر،
كەئى تەلەپدىن تاپمىغان ئەسلا خەبەر.
(خەۋەردار شەيىخ بايەزىد ھاجىغا دىدىكى، ئەي تەلەپدىن ئەسلا خەۋىرى يوق كىشى،)

ئۇيدە ساھىپ، يولدا ئىردى ھەمرەھىڭ،
ھەر قەدەم ئۇرغان يولۇڭدىن ئاگەھىڭ.
(ئۇيدە ساڭا ئىگە بولغان زات يولدا ھەمرايىڭ ئىدى، ھەر قەدەم باسقان يولۇڭدىن ئاگاھ ئىدىڭ.)

سەندە يوق ئىردى بۇ دولەتتىن شۇئۇر،
تالىپ ئىردىڭ لىك سەئيىڭدە قۇسۇر.
(سەندە بۇخىل دولەتنى ھىس قىلىش يوق ئىدى، سەن تەلەپكار بولساڭمۇ ئىجتىھادىڭ كەم، تىرىشچانلىقىڭدا يېتەرسىزلىك بار ئىدى، دىدى.)

بۇ تەلەپدە كامىل ئەت يارەپ مېنى،
قىلمىغىل مەتلوبىدىن غاپىل مېنى.
(ئەي خۇدا مېنى تولۇق بىر تەلەپكار قىلغىن، ئارزۇ تەلەپتىن مېنى غاپىل قىلغىن.)

ئىستارىمدا كىم قىلۇر ھەمراھلىق،
بەرگىل ئول ھەمراھدىن ئاگاھلىق.
(تەلەپ ئىستەكلىرىمدە ماڭا كىم ھەمراھلىق قىلسا، ماڭا شۇ ھەمراھدىن ئاگاھلىق بەرگىن، تەلەپ-ئىستەك يولىدىكى ھەمراھىمدىن غافىل قىلمىغىن، ئۇنى مەن بىلەۋالاي.)

## مۇناجات

ئەي كوڭۇلنى ئىشقىدىن روشەن قىلىپ،
ھىجىر خارىستانىنى گۇلشەن قىلىپ.
(ئەي ئىشقىدىن كوڭۇلنى روشەن قىلغۇچى جۇدالىق چولىنى گۇلشەن قىلغۇچى،)

ئىشقىڭ ئوتىدىن ياروق ئېردى قۇياش،
كىم، تولۇپ بولدى ئۇلاردىن نۇر پاش.
(ئىشقىڭ ئوتىدىن قۇياش نۇرلانغان ئىدى، كى ئۇ قۇياش ئالەمنى نۇرغا تولدۇرۇپ نۇر ئاشكارا بولدى.)

بەرق ئىشقىڭ سالىبان جانلارغا ئوت،
شۇئلەسى ئاباد-ۋەيرانلارغە ئوت.
(ئىشقىڭنىڭ چاقمىغى جانلارغا ئوت سېلىپ، ئۇنىڭ شوئلەسى ئاۋات جايلارغا ۋە ۋەيرانلارغا ئوت سالدى.)

ئەختەردىن ئىشقىڭ ئەمما تابناك،
گەۋھەردىن تىز ئىشقىڭ ئوسرو پاك.
(سېنىڭ ئىشقىڭ بىر يۇلتۇزدۇركى، ئۇ ناھايىتى ھارارەتلىك، ئىشقىڭ بىر گوھەر-دۇركى تولىمۇ پاك.)

جانىمە يەتكۇر ئول ئەختەر بىرلە سۇز،
كوڭلۇمە سالغىل بۇ گوھەردىن سورۇر.
(مېنىڭ جېنىمغا شۇ يۇلتۇز بىلەن (ئىشقىڭ بىلەن) نۇر يەتكۈزگىن، كوڭلۇمگە شۇ گوھەر بىلەن خوشاللىق سالغىن.)

بادەئى ئىشقىڭدىن ئەت كوڭلۇمنى مەست،
لىك ئول ياڭلىغ كى بولغاي مەي پەرەست.
(ئىشقىڭنىڭ مەيدىن مەي پەرەسلەر مەس بولغاندەك كوڭلۇمنى مەس قىلغىن.)

ئەيلەمە بۇ مەي بىرلە لايەئقىل مېنى،
ئەقل چون رەپئ ئولدى قىل ۋاسىل مېنى.
(بۇ مەي بىلەن مېنى ھۇشسىز نادان قىلما، ئەقىل ھۇشۇم كوتىرىلگەن ھامان ئۇزەڭگە يەتكۇزگىن.)

قەيس ئەمرنى چو ئىشق ئەتتى زەبون،
زايىل ئەتتى ئىشق ئارا ئەقلىن جۇنون.
(قەيس ئەمرنى (مەجنۇننى) ئىشق بىچارە قىلىپ، ئىشق يولىدا ئۇنىڭ ئەقلىنى يوقاتتى.)

بۇيلە لەيلا ئىشقدە مەغلۇپ ئىدى،
تالىپ ئول، گوياكى بۇ مەتلوپ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

(ئۇ لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەغلۇپ ئىدى، ئۇ (مەجنۇن) تەلەپ قىلغۇچى بولسا، لەيلى مەتلۇپ (تەلەپ قىلىنغۇچى) ئىدى.)

ئەرگە خۇلق پەيدا ئىرور زىبۇ-جامال،
يېڭى زەركەش ھۇللەسىدۇر ئەسكى شال.
(ئەركەك كىشىنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەپئالى ئۇنىڭ زىننىتىدۇر، ئۇ ئەسكى ماتا كەيسىمۇ يىپ-يېڭى زەرلىك كىيىم كەيگەندەكتۇر.)

ناز-ئىستىغنا ئىرور مەھبۇپ ئىشى،
رەنج چەكمەي ئالگەرۇ يەتمەس كىشى.
(مەھبۇبەنىڭ ئىشى — ناز بىلەن ئىستىغنا بولۇپ، جاپا چەكمىگەن كىشى مەھبۇبىغا يېتىشەلمەيدۇ.)

ئۇيلە مۇستەغرىق ئىدى ئول ئىشق ئارا،
لەيلىنى مۇتلەق ئىدى ئول ئىشق ئارا.
(مەجنۇن ئىشقتا شۇنداق غەرق بولغان ئىدىكى، ئۇنىڭ مەھبۇبى مۇتلەق بىرلا لەيلى ئىدى.)

كىم بىراۋ بىركۈن دېدى ئاتىڭ نىدۇر؟
دېدى "لەيلا" دېدى ئىسباتىڭ نەدۇر؟
(بىر كۈنى بىر كىشى ئىسمىڭ نىمە دەپ سورىدى، "لەيلى" دەپ جاۋاپ بەرگەندە ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ دېدى.)

دېدى ئولكىم لەيلا ئولدى زات ئاڭا،
ھاجەت ئېرمەس ئەيلەمەك ئىسبات ئاڭا.
(ئۇ: ئۇنىڭ ئەسلى لەيلى بولسا، ئىسپاتىنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ دېدى.)

گەر ساڭا شەكدۇر ماڭا بۇدۇر يېقىن،
بۇيلە ئاشىق لىقىغا يۈزمىڭ ئاپىرىن.
(ئەگەر سەن شەك قىلساڭمۇ مەن ئىشىنىمەن، بۇنداق ئاشىقلىقىغا يۈزمىڭ ئاپىرىن.)

ئىشق ئوتى سۆزىدە مەھرۇق ئەت مېنى،
ۋەھدەت ئىچرە بۇيلە مەشرۇق ئەت مېنى.
(ئىشق ئوتىنىڭ ئوچىغىدا مېنى كۆيدۈرگىن، "ۋەھدەت" (بىرلىك) ئىچىدە مېنىمۇ شۇنداق مەشۇق قىلغىل.)

ئانداق ئىستىغراق ئىشق ئەت قىسمىتىم،
كىم ئۇزولگەي ئۇزلىكىمدىن نىسبىتىم.
(ئىشقغە غەرق بولۇشنى شۇنداق قىسمەت قىلغىنكى، ئۇزلىگەمدىن مۇناسىۋەتىم ئۇزۇلـ
ـسۇن.)

ئىشق ئارا پانىنى نابۇد ئەيلەگىل،
سوڭرە ئىشقىڭ بىرلە مەۋجۇد ئەيلەگىل.
(پانىنى (ناۋايىنى) ئىشق ئارىسدا يوق قىلغىل، يوق قىلغاندىن كېيىن ئىشقىڭ بىلەن
مەۋجۇد (بار) قىلغىن.)

**تەمسىل**

ئەي قىلىپ ئىنسانىنى كانى مەئرىپەت،
كوڭلىنى ئەيلەپ جاھانى مەئرىپەت.
(ئەي! ئىنسانىنى مەئرىپەتنىڭ كانى قىلىپ، ئىنسانىنىڭ كوڭلىنى مەئرىپەتنىڭ ئالەمى
قىلغان تەڭرى،)

مەئرىپەت ھەركىمگەكىم قىسىم ئەيلەبان،
دەھر ئارا ئارىپ ئاڭا ئىسىم ئەيلەبان.
(مەئرىپەتنى ھەركىمگە قىسمەت قىلغان، ئالەمدە ئۇنىڭغا "ئارىف" تەڭرىنى تونىغۇچى
دەپ ئات قويغان.)

كىمنى ئەيلەپ مەئرىپەتكە موتتەسىپ،
ئەيلەبان ئول خەيل ھالىن موختەلىپ.
(كىمنى مەئرىپەتكە لايىق قىلسا، ئۇ مەئرىپەت ئەھلىنىڭ ئەھۋالىنى ھەر شەكىل،
ھەرخىل ھالدا قىلدى.)

ھەركىشى سىررىن كەمالىچە قىلىپ،
قۇربىن ئانىڭ ھەسب ھالىچە قىلىپ.
(ھەر كىشىنىڭ سىرىنى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىغىنى ئوز ھالىچە قىلدى.)

بۇ بايابان يولىن ئەيلەپ بى ئەدەد،
ئۇيلەكىم يوق رەھ رەۋىغە ھەر ۋەئەت.
(بۇ مەئرىپەت باياۋانىنىڭ يولىنى چەكسىز قىلدى. يولۇچىغا چېگرىسىنى كورسەتمەـ
دىڭ. بۇ يولدا ماڭغۇچىلارنى سانسىز، چەكسىز قىلدى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەرىپەتدە يارەپ ئۇل يولكم ئاڭا،
سالىكىكم كىرسە يەتكۇر ئاي ساڭا.
(ئەي خۇدا، مەئرىپەتدە ساڭا يەتكۈزىدىغان يولغا كىمكى ئۇنىڭ يولى مەئرىپەت كىرگۈچىلەرنىڭ يولىنى،)

پانى يۇ ئاۋارەنى بۇ يولغا سال.
قەتئ قىلغاچ يول، نەسىپ ئەتكىل ۋەسال.
(پانى (ناۋايى) ئاۋارەنى بۇ يولغا سال، شۇ يولنى باسقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ۋىسالنى نېسىپ قىلغىن.)

سالىكى قىلدى گوزەر بىر شاھغە،
شەھ باتىپ ئۇل سالىكى ئاگاھغە.
(بىر دەرۋىش بىر شاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، شاھ ئۇ دەرۋىشكە نەزەر سىلىپ،)

ئىلتىماس ئەتتىكى، ئولتۇر بىر نەپەس،
تا قىلاي ھازىر، نىكم قىلدىڭ ھەۋەس.
(بىر دەم قېشىمدا ئولتۇرغىن، نىمە خالىساڭ ھازىر قىلاي دەپ دەرۋىشكە ئىلتىماس قىلدى.)

دىدى سالىك ئەگرىنى تا تانىدىم،
مۇتلەق ئانىڭ غەيرىدىن مەيۇس ئىدىم.
(دەرۋىش: ئەگرىنى تونۇغىنىمدىن بۇيان ئۇنىڭ غەيرىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەن، دىدى.)

نى كېرەك بولغاي بۇ پانى دەھىر ئارا،
كىم گەرى قىلغاي تىلارگە غەير ئارا.
(بۇ پانى دۇنيادا نىمە كېرەك بولاتتى؟ كىممۇ غەيرىلار ئارىسىدا كېرەكسىز نەرسىنى تىلەشكە مەيلى قىلسۇن؟)

گەر كېرەك بولسا داغى ھەق بىرۇر،
بەس ساڭا بۇ ئىشتا كىم مۇھتاج ئىرور.
(نىمە كېرەك بولسا ھەق ئۆزى بېرىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ساڭا بۇ ھەقتە ئېھتىياجىم يوق.)

يارەپ ئۇل سالىككە بولغاندەك سوپەت،
ئۇيلە "پانى"غا نەسىپ ئۇل مەئرىپەت.
(ئەي تەگرى! شۇ دەرۋىشكە بەرگەن سۈپەت ـ مەئرىپەتنى پانى (ناۋايى) غىمۇ نەسىپ قىلغىن.)

جەھل جەۋر زولمىدىن غەۋسغا يەت،
ھەم ئۆزىگە ھەم ئۆزۈڭگە ئارىپ ئەت.
("پانى" غە نادانلىقتىن يەتكەن جەۋر - زۇلۇمدىن پەرياد‌ىغە يەتكىل، ئۇنى ھەم ئۆزىنى ھەم سىنى تونۇيدىغان قىلغىن.)

## مۇناجات بەدەرگاھى قازىيەل ھاجات
## (ھاجەتلارنى راۋا قىلغۇچى ئاللانىڭ ھوزۇرىغا ئىلتىجا)

ئەي جانابىڭ يۈز پەلەكتىن ھەم ۋەسىئ،
ئاستانىڭ مىڭ زۇھەلدىن ھەم رەپىئ.
(ئەي دەرگاھىڭ يۈز پەلەكتىن كەڭ، بوسۇغاڭ مىڭ سەييارە يولتۇزىدىن ھەم بۈيۈك خۇدا،)

چەرخ ئەنجۇمدىن قاشىڭدا نى ۋۇجۇد،
گەر ئۇلار بودى تامام ئولسا نەبۇد.
(پەلەكنىڭ يۇلتۇزلاردىن سىنىڭ ھوزۇرىڭدا ھېچقانداق مەۋجۇتلۇق يوق ئىدى، ئەگەر ئۇ يۇلتۇزلار بولغان بولسا، پۈتۈن مەۋجۇدىيەتتىن ھېچنەرسە يوق ئىدى.)

ئالەم ئولسا نەفىي يا ئىسبات ئاڭا،
بىر سەرى مو يوق تاياۋۇت ئاڭا.
(ئالەم يوق بولۇپ كەتسۇن ياكى بار بولسۇن، ئۇنىڭغا قىلچىمۇ پەرقى يوق.)

بونە يەڭلىغ ھەزرەتى ۋالا بولۇر،
ئاللا - ئاللا بۇنى ئىستىغنا بولۇر.
(ئاللا - ئاللا، بۇ نىمە دىگەن ئۇلۇغلۇق، نىمە دىگەن بى ھاجەتلىك.)

ھەزرەتىڭدە مورلەك ۋە شىرغاب،
بولسا ياخود بولمىسا بىردۇر ھىساپ.
(ئالدىڭدا توكۇر چۈمۈلە ۋە جاڭگال شىرىنىڭ بارلىغى - يوقلۇغى ئوخشاشلا.)

شىر ئىرمەس مەن، ئىرورمەن مۇرلەك،
بەلكى مەندىن ھەم ئاڭا يۈز ئار - نەڭ.
(مەن، شىر ئەمەس، بىر توكۇر چۈمۈلە، بەلكى توكۇر چۈمۈلىمۇ مەندىن يۈز قېتىم ئارلىنىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

غەيرىدىن بورازنى مۇستەغنى ئەت،
ئەلگە مۇھتاج ئەتمە پەرىيادىمغا يەت.
(مېنى غەيرىدىن بى ھاجەت قىل، كىشىگە مۇھتاج قىلماي پەرىيادىمغا يەتكىن.)

## ھېكايەت بەر سەبىل تەمسىل
## (مەسەل يولى بىلەن ھېكايەت)

قىلدى چۇن نەمرود سارى مەنجەنىق،
چونى خەلىلىن ئوتقا ئەيلەرگە غەرىق.
(نەمرود تەرىپىگە مەنچاناق بېرىپ، ئىبراھىم خەلىلۇللانى ئوتقا تاشلىماق بولدى.)

تاغ ـ تاغ ئوتۇنغە ئوتلار ئوردىلار،
شوئلەسىن ئەپلاكغە يەتكۇردىلار.
(تاغ ـ تاغ بولۇپ ياتقان ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت ياقتى، ئوت يالقۇنى پەلەككە يېتەتتى.)

ئاتغاچ ئوت سارى خەلىلۇللاھ نى،
ئىشىق كويىدا زەلىلۇللاھنى.
(ئىشىق يولىدا تەكرى ئۈچۈن خارلانغان ئىبراھىم خەلىلۇللانى ئوتقا تاشلىغاندا،)

ھۆكىم بولدىكىم يېتىشتى جىبرەئىل،
ئوتغە يەتكەن چاغدا دىدى: ئەي خەلىل!
(ھوكۇم بولۇپ جەبرەئىل يېتىپ كېلىپ: ئەي خلىل! دىدى.)

ئېيتغىل كىم ئەھتىياجىڭ نىگەدۇر،
لۇتىپ ـ ئەھساندىن مىزاجىڭ نىگەدۇر.
(خۇدانىڭ لوتىپ ـ ئەھساندىن نىمە خالىساڭ تىلىگىل.)

نىكى سەن دەرسەن موھەييا ئەيلەلى،
ئولچە كامىڭ ئاشكارا ئەيلەلى.
(نىمە دىسەڭ شۇنى تەييار قىلايلى، شۇنىڭ بىلەن مەقسىدىڭنى ئاشكارىلايلى.)

دىدى ئولكىم، ئوت ماڭا روزى قىلۇر،
ئەھتىياجىم نى ئىكەننى ئول بىلۇر.
(ئىبراھىم خەلىلۇللا شۇنداق دىدى: ماڭا ئاللا ئوتنى نەسىپ قىلدى، مېنىڭ ئېھتىيا ـ جىمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۆزى بىلىدۇ.)

يوق ساڭا خود ئېھتىياجىم بۇ نەپەس،
تاكى زاھىر ئەيلەگەيمەن مۇلتەمەس.
(ھازىر بۇ نەپەستە سەندىن سورايدىغان ئىلتىماس قىلىدىغان ھېچنەرسە يوق.)

بارچە ھالىمدە ئۇزەڭ مۇھتاجى بىل،
ئېدىن ئىستىغنا نەسىبىم ئەيلەگىل.
(ھەرقانداق ھالەتتە مەن ساڭا موھتاج، ئەلدىن بى ھاجەت بولۇشنى ماڭا نەسىپ قىلغىن! دېدى.)

## مۇناجات
## (تەلەپ)

ئەي جانابىڭدە خىرەد ھەيران بولۇپ،
ۋادى ئى ھەيرەتتە سەرگەردان بولۇپ.
(ئەي خۇدا سېنىڭ ئالدىڭدا ئەقىللار ھەيران ۋە ھەيرانلىقىنىڭ ۋادىسىدا سەرگەر ـ داندۇر.)

ھەرنە سەندىن ئۇزگەدۇر ھەيران ساڭا،
ھەيرەت ئاباد ئىچرە سەرگەردان ساڭا.
(ھەر نەرسە سەندىن باشقادۇر، ساڭا ھەيران، ھەيرانلىق ئاۋاتلىق ئىچىدىمۇ ساڭا ھەممە باش ئېگىدۇ.)

ئەقىل كۇل ھەيرەتدە زاتىڭ جابىدا،
زات يوق ھەربىر سۇپاتىڭ بابىدا.
(سېنىڭ ئەسلى زاتىڭ ھەققىدە ۋە بەلكى ھەر بىر سۇپەتلىرىڭ ھەققىدە ھەممىنىڭ ئەقلى ھەيراندۇر.)

كار گاھىڭ ئىچرە ھەر بىر رىشتە تاب،
ئەقلىنىڭ بوينىغا ھەيرەتدىن تاناب.
(مەۋجۇدات ئىچىدىكى يالتىراپ تۇرغان ھەربىر تال رىشتە ئەقلىنىڭ بوينىغا ھەيراد ـ لىقتىن ئاغامچىدۇر.)

ئەھلى ئىلىم ئەقلى ۋەسپىڭدە زەبون،
ھەر بىرىنىڭ ھەيرىتى ھەردەم پوزون.
(ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى سۇپەتلىرىڭ ھەققىدە ئاجىز، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى ھەردەم ئاشماقتا.)

www.uyghurkitap.com

ئوشبۇ ھەيرەت سىلكىدە توتغىل قوگۇم،
بو تەھەييۇر ئىچرە كورگۈزگىل يولۇم.
(مۇشۇ ھەيرەت يولىدا قولۇمنى تۇتقىل، ھەيرەت ئىچىدە يولۇمنى كورسەتكىل.)

ھەيرەت ئىچرە قويما سەرگەردان مېنى،
تارت ئوز ۋەسلىڭ سارى ئاسان مېنى.
(ھەيرانلىق ئىچىدە سەرگەردان قىلىپ قويما، ئوز ۋەسلىڭ تەرىپىگە ئاسان تارتقىل مېنى.)

## ھىكايەت بەرسەبىل تەمسىل
## (مىسال يولى بىلەن بىر ھىكايە)

بار ئىدى بىرىبى دىلى زارۇ-ھەقىر،
بولدى بىرىبى مېھىر ئىشقىدىن ئەسىر.
(بىچارە ھەقىر بىركوڭلى سۇنۇق زار بار ئىدى، ئۇ بىر رەھىمسىزنىڭ ئىشقى بىلەن ئەسىر بولۇپ قالدى.)

نىچە ئورتانسە بۇ غەمدىن ئول غەرىپ،
دەۋلەتى دىدار ئىمەس ئىردى نەسىپ.
(ئۇ غېرىپ قانچە ئورتەنگەن بىلەن مەشۇقنىڭ دىدارىنى كورۇش نەسىپ بولمايتتى.)

ئوتكارور ئىردى غەم ھىجران بىلە،
ۋەسىل يادىدە بەسى ئارمان بىلە.
(ئۇ ھاياتنى غەم ۋە پىراق بىلەن، ۋەسلىنى ئويلاپ تولىمۇ ئارمان بىلەن ئوتكۇزەتتى.)

ھەددىدىن ئوتتى چۇنكى رەنج زارلىق،
تارى ئولدى جىسمىغە بىمارلىق.
(ئازاپ ۋە رەنجىش ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ تېنىگە كېسەللىك كەلتۈردى.)

كوڭلى چون مەشوقدىن نەۋمىد ئىدى،
جانىدا ئەندۇھ ئوتى جاۋىد ئىدى.
(ئۇنىڭ كوڭلى مەشۇقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتىن ئۇمىتسىز ئىدى، جېنىدا غەم-قايغۇ ئوتى مەڭگۇ ئورۇنلاشقان ئىدى.)

دەھر ئارا يارەپ ماڭا بۇدۇر مۇراد،
كىم ئۇسۇل نەۋرەستە سەرۋى ھۇرزاد.

(ئۇ: ئەي خۇدا بۇ دۇنيادىكى مۇرادىم ـ مەقسىدىم شۇكى، ئۇ ياش، ئازات سەرۇ، هور بالىسى.)

يەتسە ئول باشىمغا، سالىپ يۇزگە يۇز،
ئېيتسام كوڭلۇم غەمىدىن ئىككى سوز.
(ئۇ قېشىمغا كەلسە يۇزمۇ ـ يۇز قاراپ تۇرۇپ، كوڭلۇمىدىكى غەم ـ قايغۇمدىن ئىككى ئېغىز سوز قىلسام.)

خەلق هالىغە تەرەههۇم ئەيلەبان،
دىلبەرىغە كوب تەزەللۇم ئەيلەبان.
(كىشلەر ئۇنىڭ هالىغە قاراپ رەهىم قىلىشتى، ئۇنىڭ دىلبەرىنى زورلىدى.)

ئاشىغى بىدىل سارى كەلتۇردىلار،
ئومرى ئانىڭ باشىغا يىتكۇردىلار.
(دىلبەرنى بىچارە ئاشىقىنىڭ قېشىغا كەلتۇردى، گوياكى ئاشىق بىچارىنىڭ بېشىغا هايات يەتكۇزدى.)

نازىنىن كەلدى چو ئەيلەپ تەرك ناز،
ئەيلەبان ئول خەستەغە زاهىر نىياز.
(نازىنىن نازنى قويۇپ، ئول بىچارە كېسەلگە مەيىل ۋە رىغبەت كورسەتتى.)

دىدى ئەيتىكىم ئولچە بار كوڭلۇڭدە سوز،
ئول تىكىپ يۇزىگە هەيرەت بىرلە كوز.
(كوڭلۇڭدە قانداق سوزۇڭ بولسا تارتىنماي ئېيتقىن دىدى. ئۇ ئاشىق بىچارە دىلبەر يۇزىگە هەيرانلىقتا كوز تىكىپ قارىدى.)

هەم تىلىن هەيرانلىغى لال ئەيلەدى،
هەم تىنىن ئول زوئىپ بى هال ئەيلەدى.
(بىچارە ئاشىقنىڭ هەيرانلىغى ئۇنى گاچا قىلىپ قويىدى، گەپ قىلالىمىدى هەم ئۇنىڭ تېنىنى ئاجىزلىق هالسىزلاندۇرۇۋەتتى.)

هەيرەت ئاندىن زايىل ئەتتى ئەقىل هۇش،
دەرد ـ هالىن دەر كىشى بولدى خاۋۇش.
(هەيرانلىق ئۇنىڭ ئەقلى ـ هۇشىنى كەتكۇزدى، دەرت ـ ئەهۋال ئېيتىماق بولغان ئۇ دەرتمەن شۇك بولۇپ كەتتى.)

هوشىغا چۇن كەلدى، كەتمىش ئىردى يار،
تۇشتى سىههەتسىز تېنىگە ئىزتىرار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



(نازىنىن ئۇ يەردىن كىتىپ قالغان ئىدى، ئاشىق ھۇشىغا كەلدى. ئاجىز تىنىگە تىتـ-
رەك ئولاشتى.)

ھەيرەتىدىن ئول زەئىپى - ناتۇۋان،
بىرسوز - ئايتالمايىن تاپشۇردى جان.

(ھەيران بولغانلىغىدىن ئۇ زەئىپ بىچارە بىر ئېغىزمۇ سۆز ئېيتالماستىن جان تەسـ-
لىم قىلدى (دۇنيادىن كەتتى).

## مۇناجات
## (تەلەپ)

كىمكى ئۆزلۈكتىن چىقاردىڭ ئانى ھەست،
ئەيلەدىڭ ئالىڭدا تەوھىدىن دۇرۇست.

(كىمنىكى ئۆزلۈگىدىن چىقىرىپ تەكرىنى تونۇتساڭ، ھوزۇرىڭدا ئۇنىڭ تەۋھىدىنى (ئىما-
نىنى) توغرا قىلدىڭ.)

كىمگە كىم تەۋھىدغە بەردىڭ كوشاد،
مەدھىدە كۆپىر ئىله قىلدىڭ ئىتتىھاد.

(كىمگە تەۋھىدغە ئاسانلىق بەرگەن بولساڭ، ھەمد ۋە سانادا كۆپىر بىلەن بىرلەش-
تۈردۈڭ.)

ئاڭا كىم ۋەھدەت سارى يول ئەيلەدىڭ،
سەن قىلىپ نەفىي نەبور ئول ئەيلەدىڭ.

(ۋەھدەت تەرەپكە يول بەرگەن كىشىگە، بارلىغىم - يوقلىغىم ئوخشاش دىگەنگە كەلتۈر-
دۈڭ. مەن ئەزەلدىمۇ يوق ئىدىم، ئاخىرى يوق بولىمەن — ۋۇجۇدۇم يىرق. شۇڭـا بارلـىغىم
يوقلىغىم ئوخشاش دەيدىغان ئىمانغا كەلتۈردۈڭ.)

مەن ۋە ئۆزلۈك شىركەتىن مەندىن ئىتۈر،
مەھىز تەۋھىدىڭ سارى يارەپ يىتور.

(مەن ۋە ئۆزلۈكنىڭ ئورتاقچىلىغىنى ئېلىۋەتكىن، خالىس - ساپ تەۋھىدىڭ تەرەپكە
يەتكۈزگىن.)

مەندە يارەپ قويما مەنلىكدىن نىشان،
ئۆزلۈكىڭدىن مەھۋى قىل دامەن كاشان.

(ئەي خۇدا مەندە "مەنلىكتىن" نىشان قويما، مىنىڭ ئېتىگىمنى تارتىدىغان توسالغۇ-
لارنى مەندىن يوقاتقىن.)

## هىكايەت

بىر كىچە مەھمۇد شاھى پاكباز،
قويتى كىم بىلگاي نەئەيلابدۇر ئاياز.

(پادىشا مەھمۇد غەزنىنۋى بىر كېچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوزىنىڭ ياخشى كورىدىغان خىزمەتچىسى ئايازنىڭ نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىغىنى بىلمەك بولدى.)

گەرچە ئو ئۇيغاق ئىدى يومدى كوزىن،
ھىلە بىرلە ئۇيقۇغا سالدى ئوزىن.

(ئاياز ئويغاق بولسىمۇ، كوزىنى يومۇۋېلىپ ئۇخلىغاندەك بولۇپ يېتىۋالدى.)

تەخىت ئاياغى سارى سالىپ تەكيەگاھ،
ياتىپ ئىردى باشى ئوزرە كەلدى شاھ.

(ئۇ تەختىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە تەكىي قويۇپ ياتقان ئىدى. پادىشا، ئايازنىڭ بېشىغا كەلدى.)

ھەردەم ئەتتى ھۇسنىگە نەززارەئى،
شەۋق ئوتىغا ئەيلەيىن دەپ چارەئى.

(ئايازنىڭ ھوسنىگە قايتىلاپ ـ قايتىلاپ نەزەر سېلىپ، شەۋق ئوتىنى پەسەيتمەك بولدى.)

شەۋقىنى نەززارە ئەپزون ئەيلەدى،
ئىشق ئەھۋالىن دىگەرگۇن ئەيلەدى.

(ئۇنىڭغا نەزەر سېلىش بىلەن، شەۋقى زىيادە بولۇپ كەتتى.)

چەكتى مەھرەشىنىڭ ئاياغىغا ئوزىن،
شەۋقىدىن قويدى تاپانىغا كوزىن.

(ئاي يۈزلۈك ئايازنىڭ ئايىغىغا پادىشا ئوزىنى ئېتىپ، شەۋقىدىن ئۇنىڭ تاپىنىغا كوزىنى سۈرتتى.)

كوز، كەپىنى پايىغا سۈرتار ئىردى شاھ،
ئول ئاياغىن تارتىپ ئالماي ئوزرە خاھ.

(پادىشا ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ ئالقىنىغا كوزىنى سۈرتكەندە، ئاياز ئايىغىنى تارتىپمۇ ئالمىدى.)

بىلدى شەھ كىم، نازىنىن ئويغاق ئىرور،
دىدى: ئەي كىم، جاندانىدىن داغ ئىدور؟

(پادىشا نازىنىنىڭ ئۇيغاق ئىكەنلىگىنى بىلىپ دىدىكى: — ئەي ئايـاز، جانـدا نىمە ئۈچۈن كويۈك بولدۇ؟)

مەندىن ئاڭلاپ مۇنچە ئىزھارى نىياز،
نىچۈن ئىردى مونچە بى ئەندازە ناز.
(مەن شۇنچە توۋەنچىلىك قىلسام، نىمىچۈن مۇنچە ئارتۇق ناز قىلىسەن؟)

كىم ئاياق تارتىپ قوپۇپ ئولتۇرمىدىڭ،
زاھىر ئەيلەپ مىھرىبان سوز سورمىدىڭ.
(ئايىغىڭنى يىغىپ قوپۇپ ئولتۇرمايسەن، مىھرىۋانلىق كورسىتىپ سوز قىلمايـسـەن.)

دىدى: ئەي گۈلچەھرە كىم ساھىب نەزەر،
بارمۇ ئىردى مەندە مەنلىكدىن ئەسەر.
(ئاياز شۇنداق دىدى: ئـەي ماڭـا نـەزەر سـالـغـان گۈل يـۈزلۈك، سـەن نـەزەر سالغاندا، مەندە مەنلىكتىن ئەسەر بارمىدى؟)

بىر كىشى ئوزرە ئەيتغايكىم بولسا ئول،
مەندە ئول دەم يوق ئىدى مەنلىككە يول.
(بىر كىشى ئوزرە ئېيتقايكى، ئۇ ئوزى ئوزلىگىدە بولسا، شۇ چاغدا مـەنـدە مەن دىيىشكە يول يوق ئىدى.)

يوق ئىدى ئول دەم ئايازۇ شاھ ئىدى،
ھەم ئوزى بىدىل ھەمول دىل خاھ ئىدى.
(شۇ چاغدا "ئاياز" ۋە "شاھ" دىگەن يوق ئىدى، ئـۇنـىڭ ئـوزى بـىھـوش ھـەم پادىشانىڭ دىلى ئۇنى خالايتتى.)

كىمكى ۋەھدەت قىلسە مۇنداغ تەرك تاز،
پەرق بولماس ئاندا سولتانۇ- ئاياز.
(كىمنى ۋەھدەت مانا شۇنداق ھالغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشا ۋە ئايازنىڭ پەرقى قالمايدۇ.)

ئالەمى تەۋھىددىن تاپقان خەبەر،
"مەن لىك" ۋە "سـەن لىك" دىن تاپماس ئەسەر.
(تەۋھىد ئالىمىدىن خەۋەردار بولغان كىشى "مەنلىك" ۋە "سەنلىك" تىن ئوزىدە ئەسەر تاپمايدۇ.)

## مۇناجات
## (تەلەپ)

ئەي پانا ئەھلى سىنىڭ ۋاسىللارىڭ،
ۋەسىل نوز ھەتگاھىدا داخىللارىڭ.
(ئەي خۇدا پانا ئەھلى (يوق بولغانلار) ساڭا يەتكەنلار، ئۇلار ۋەسلىنىڭ خوشاللىق بىغىغا كىرگەنلەردۇر.)

كىم باقا تابماقغە سەندىن مەيىل ئىتىپ،
چون سالىپ ئۆزنى پانا سارى يىتىپ.
(ئۇلار سەندىن مەڭگۈلۈك تىپىشنى خالاپ، ئۆزىنى پانا تەرەپكە سالغان.)

ئۆزلۈكىن ھەر كىمكى پانى قىلمايىن،
ئۇل پانانىڭ ھەم پاناسى بىلمايىن.
(ھەر كىشىكى ئۆزلۈكىنى يوق قىلمىسا، ئۇ "پانا" نىڭ "پانا" لىغىنى بىلمەيدۇ.)

تاپماق ئىمكان يوق ۋىسالىڭ كامىنى،
ئۇل پانالاردىن باقا ئەنجامىنى.
(ئۇ پانالاردىن (يوق بولۇشتىن) ۋىسالىڭغە يىتىش مەقسىدىنى، تىپىش مومكىن ئەمەس، تاكى پانالاردىن مەڭگۈلۈكنىڭ ئاخىرىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە.)

بۇيلە پانى قىسمى يارەپ بەس پانا،
كىم، باقا گەنجى دىن ئۇل تاپقاي ئىنا.
(ئەي خۇدا، مۇنداق بىر قىسىم پانىلىق "باقا" غەزىنىسىدىن مۇشەققەت تاپىدۇ.)

قىل ئۆزۈڭدىن بۇدنى ئەۋۋەل نەبۇد،
ئۇل نە بودى ئىچرە كىم بەرگىل ۋۇجۇد.
(ئەۋۋەل ئۆزەڭدىن بارلىقنى يوق قىلىپ، ئاندىن ئۇل يوقلۇق ئىچىدە بار بول.)

كىم ئاڭا ئىش ئۇل ۋۇجۇد ئىچرە تامام،
بولغان ۋە تاپقاي ۋىسالىڭ ۋەسسالام.
(ئەنە شۇ بارلىق ئىچىدە ئىشىڭ تامام بولسا، ئاندىن ۋىسالىڭنى تاپىدۇ.)

### ھېكايەت ئىنسان كامىل بەتەرىق مۇناجات
### (كامالەتلىك ئىنساننىڭ مۇناجات يولى بىلەن ھېكايىسى)

كامىلى ئىزھار ھاجەت ئەيلەدى،
تەڭرىگە مۇنداغ مۇناجات ئەيلەدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

(كامالەت تاپقان بىر كىشى خۇداغا مۇناجات قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرىنى بايان قىلىدى.)

كىم ئىلاھى زات پاكىگە "باقا"،
ئۆيلەدۇركىم، ئىرمەس ئىمكانى"فانا".
(ئەي تەڭرىم: پاك ۋۇجۇدىڭغە مەڭگۈلۈك شۇنىڭغا ئوخشاشتۇركى "فانى" 'يوق' بولۇشىنىڭ ئىمكانى يوق بولغانىدەك.)

ئۆيلەكىم زاتىڭغە سابىتدۇر قىدەم،
ئەيلەسەڭ ئانداغ ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم.
(ئۆزۈڭنىڭ زاتىڭغا قەدىمىلىك ھەقدۇر، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى ئۆز زاتىڭنىڭ قەدىمىلىكتەك يوق قىلغۇەتكىن.)

كىم، ئاڭا يول تاپماغاي رەڭگى ۋۇجۇد،
قالماغاي ۋەسلى ئىچرە جوز كامى شوھۇد.
(ئۇ بار بولۇشقا ھېچقانداق بارلىقنىڭ شەكلى يول تاپالمايدۇ. ۋەسلى ئىچىدە شوھۇد (ھەممە ئىشنى تەڭرىنىڭ بارلىقىدىن نامايەندە دەپ بىلىش) مەقسىدىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ.)

ئىستەگان پانى ۋۇجۇدىدىن ئەسەر،
تاپقاي ئۇل فانى ۋۇجۇدىدىن خەبەر.
(پانى بولۇشنى ئىستىگەن كىشى، ئۇ "فانى" لىقنى فانى بولۇشنىڭ ئۆزىدىن تاپىدۇ.)

"مەن لىك" ۋە "سەن لىك" ئارامىزدىن كىتىپ،
قالغاسىن، سەن ئۇق ئارادىن مەن كېتىپ.
("مەنلىك" ۋە "سەنلىك" ئارىمىزدىن كەتسە، سەن ئۆزەڭ ئارىمىزدىن كەتكەنىدىلا "سەن" قالىسەن.)

**ھېكايەت بەزى ھالات موسەننىپ ئەلەيھىر رەھمە،**
**(موسەننىپ (ئاۋتور) نىڭ بەزى ئەھۋالى توغرىسىدا ھېكايە)**

يادىمە مۇنداغ كېلۇر بۇ ماجرا،
كىم توپولىيەت چاغى مەكتەپ ئارا.
(بالىلىق چاغلاردا مەكتەپتىكى بولغان بۇنداق بىر ۋەقە يادىمغا كېلىدۇ.)

كىم چىقار ئەپتال مەرھوم دىن زەبون،
ھەر تەرەپدىن بىر سەبەق زەبتى ئۇچۇن.
(ئاجىز-بىچارە باللار ساۋاق ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن مەكتەپكە كېلەتتى.)

ئورگانورلار چون سەبەق ئازاريدىن،
يا كالا موللاھىنىڭ تەكراريدىن.
(ئاجىز باللار جاپا چېكىپ، تىرىشىپ ساۋاق ئۆگىنەتتى ۋە قۇرئاننى تەكرارلايتتى، يادلايتتى.)

ئىستابان تەشخىس خاتىر ئۇستاد،
نەزم ئوقۇتۇر كىم راۋان بولغاي ساۋاد.
(ئۇستادنىڭ خاتىرىنى ئىزلەپ ھەم ساۋات راۋان بولسۇن دەپ، نەزم شېئىر ئوقۇتاتتى.)

نەسىردىن بەزى ئوقۇر ھەم داستان،
بۇ گۇلۇستان يەڭلىغ ئول بوستان.
(بەزى باللار نەسرى ئەسەرلەرنى، بەزى باللار شېئىرى داستانلارنى ئوقۇيتتى، بۇ گۇلۇستان ۋە بوستاننىمۇ ئوقۇيتتى.)

ماڭا ئول ھالەتدە تەبى بۇلھەۋەس،
مەنتىقۇتتەير ئېردى مولتەمەس.
(ئۇ ھالەتتە ماڭا چۇشكەن تەبى ھەۋەس، "مەنتىقۇتتەيىر" ئىدى، ئۇنى ئۆگىنىشكە قىزىقاتتىم.)

تاپدى ساكىن خاتىر ئول تەكراردىن،
سادە كوڭلۇم بەھرە ئول تەكراردىن.
(ئۇ تەكراردىن خاتىردىم تىنجىپ، خاتىردىم تەسكىن تېپىپ، ساددا كوڭلۇم ئۇ تەكراردىن بەھرىمەن بولاتتى.)

تەبئ ئول سوزلەرگە بولغاچ ئاشنا،
قىلمادى مەيل ئوزگە سوزلەرگە يانا.
(تەبىم، ئۇ مەنتىقۇتتەيىردىكى سوزلەرگە ئاشنا بولغاچ، باشقا سوزلەرگە قىزىقمىدى.)

ئادەت ئەتدىم ئول ھىكايەتلەر بىلە،
قۇش ماقالىدىن كىنايەتلەر بىلە.
(قۇش تىلى بىلەن كىنايە سوزلەپ ھىكايە قىلىشنى ئادەت قىلدىم.)

چون بىرەر سوزدىن تاپىپ تەبئىم كوشاد،
تاپىب ئېردىكىم نىدۇر ئاندىن موراد.
(چۇنكى بىرەر سوزدىن تەبئىتىم يېشىلسە، ئىزلىگەن مۇرادىمنى تاپاتتىم.)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



زەۋق كوپ خوشهال ئىتار ئىردى مېنى،
شەرھ ئانىڭ لال، ئىتار ئىردى مېنى.
(زەۋق ـ قىزىقىش مېنى كوپ خۇشال ئىلا˜ ى، لېكىن قۇشلار تىلىنى ئىزاھلاش قىيىن تۇيۇلاتتى.)

چون بۇ ئەھۋالىغا بولدى ئۇستاد،
بولدى ئول دەپتەرغە غالىب ئىئتىقاد.
(ئۇستاد ـ شەيىخ مەدەت قىلدى، ئۇ ئەسەرگە ئىشەنچىم كۈچەيدى.)

ئويلە كىم ئەلدىن ئۇزۇلدى ئولپەتىم،
ئول كىتاپ ئىردى ئەنىسىر ـ خىلۋەتىم.
(ئەل بىلەن ئولپەتچىلىكىم ئۈزۈلۈپ، ئۇ كىتاپ مېنىڭ ئولپىتىم، مۇڭدىشىم، سوھ ـ بەتدىشىم بولدى.)
خەلق رەسمى سوزلىرىدىن قىل قال،
ئۇتىسە تەبئىمغە يىتار ئىردى مالال.
(خەلقنىڭ ئادەتتىكى بەزى گەپ ـ سوزلىرىدىن مېنىڭ كوڭلۇمگە مالاللىق يېتەتتى.)

ئاقىبەت ئىشىق ئەيلەدى شەيدا مېنى،
بۇيلە مۇشغىق ئەتتى بۇ سەۋدا مېنى.
(ئاقىۋەت ئىشىق مېنى شەيدا قىلىپ، بۇ سەۋدا مېنى شۇنداق مۇشغىق (ئامراق) قىلدى.)

كىم، دىدىم ئىززەت ئىشىگىن ئاچقامىن،
دەھرى مەئنى ئىلىدىن قاچقامىن.
(دىدىمكى: ئىززەتنىڭ ئىشىگىنى ئاچقايمەن، زامانىنىڭ بىمەنە كىشىلىرىدىن قاچقايمەن.)

ئاگلاغاچ ئەتپال ئەيلەپ شۇر شەين،
ئىستىماڭ ئەتتى بۇ سوزنى ۋەلىدەين.
(باللارنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭلىرىدىن، ئۇزئارا ئەيىپلەشلىرىدىن ئاتا ـ ئانام بۇ سوزنى ئاڭلىدى.)

ۋەھم غالىپ بولدى ئانداغكىم گاۋام،
كىم ئىرور سوز ئاتەشىن ۋە تەبئىخام.
(ئۇلارغا شۇندا ۋەھىمە كەلدىكى، سوزلەر ناھايىتى ئوتلۇق، تېخى تەبئىتىم خام،)

بولمىغايكىم دەستت بەرگەي تىلبەلىك،
چەككولۇك بولغاي سالاھىدىن ئىلىك.
(ساراڭلىق يۈز بېرىپ قالمىسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشتىن قولىنى تارتىش لازىم دېيىشتى.)

ياشۇرۇپ دەپتەرنى مەئدۇم ئەتدىلار،
شوغلىدىن كوڭلۇمنى مەھرۇم ئەتدىلار.
(كىتاپنى يوقىتىۋېتىپ، مەشغۇللىغىمدىن كوڭلۇمنى مەھرۇم قىلدى.)

مەنئ كۆللى قىلدىلار ئول ھالدىن،
مەنتىقۇتتەير ئوزرە قىلو-قالدىن.
("مەنتىقۇتتەير" توغرىسىدىكى گەپ سوزلەردىن تامامەن مەنئى قىلدى.)

چون ئارادىن ئوتتى بىر ئەھدى بەئىد،
بولدىلا ئول ھالەتىدىن نائۇمىد.
(ئاردىن ئۇزۇن بىر مەزگىل ئوتۇش بىلەن، بۇخىل مەنئى قىلىشتىن نائۇمىت بولدى.)

لىك چۇن يادىمدا ئىردى ئول كالام،
ياشۇرون تەكراز ئىتەر ئىردىم مادام.
(لېكىن "مەنتىقۇتتەير" نىڭ سوزلىرى مېنىڭ يادىمدا بولۇپ، مەخپى ھالدا داۋاملىق تەكرار قىلاتتىم.)

ئاندىن ئوزگە سوزگە مەيلىم ئاز ئىدى،
قوش تىلى بىر كوڭۇل ھەمراز ئىدى.
("قۇش تىلى" بىلەن كوڭلۇم سىرداش بولۇپ ئاندىن باشقا شوزلەرگە مەيلىم ناھايىتى ئاز ئىدى.)

توركى نەزمىدە چومەن تارتتىم ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى يەك قەلەم.
(تۆركى نەزم (شېئىر) دە مەن بايراق كوتىرىپ چىقتىم، ئۇ تۈركى تىل مەملىكىتىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردۇم.)

تورت دەيۋان بىرلە نەزمى پەنج-گەنج،
دەستت بەردى چەكمەيىن ئەندۇھ رەنج.
("توت دىۋان" بىلەن "پەنج-گەنج"—بەش غەزنە ئەسەرلىرى كوپ مۇشەققەت-قايغۇ چەكمەستىنلا يېزىلىپ قولدىن چىقتى.)

نەزم ـ نەسىردىن تەخمىنن قىلغىل شوناس،
يازسە بۇزەلىك بەيت ئىتار ئىردى قىياس.
(نەزم ھەم نەسىر يېزىلغانلارنى تەخمىن قىلغاندا، يۈزمىڭ بېيت دەپ قېبلىشقا بولاتتى.)

مۇنچەكىم نەزم ئىچرە قىلدىم ئىشتىغال،
خاتىرىمدىن چىقماس ئىردى بۇ خىيال.
(شۇنچىلا نەزم ئىچىدە مەشغۇللاندىم، "مەنتىقۇتتەيىر" نىڭ خىيالى خاتىرىمدىن كەتمەيتتى.)

كىم، بۇ دەپتەرغە بىرىپ ،ەۋپىق ھەق،
تەرجىمە دەسمى بىلەن يازسام ۋەرەق.
(كى، تەگرى بۇ دەپتەرنى يېزىشقا ئاسانلىق بېرىپ، تەرجىمە رەسمى بىلەن بۇ ئەسەرنى يازاي دىدىم.)

لىك سوز دىشۋار ئىدى مەن ناتاۋان،
بارماس ئىردى خامغە ئىلكىم راۋان.
(لېكىن سوزلەر ئېغىر ئىدى، مەن ئاجىز ئىدىم، قولۇم قەلەمغە راۋان بارمايتتى.)

ئاقىبەت كوردۇمكى ئومر ئەيلەر شىتاپ،
ئولسەم قالىپ قالغاي دىيالماي بۇ كىتاپ.
(ئاقىۋەت كوردۇمكى ئومۇر ئالدىرايدۇ، ئولۇپ كەتسەم بۇ كىتاپ قېلىپ قالمىسۇن دىدىم.)

ئول جاھان سارى بۇ ئارمان ئەيلەگۇم،
بۇيلە ئوتدىن داغى خىرمان ئەيلەگۇم.
(ئۇ ئالەم تەرىپىگە كەتسەم بۇ ئارمان بىلەن كېتىمدىكەنمەن، دىدىم، مۇنداق ئارمان ئوتىدىن بىر خامان ياسايدىكەنمەن، دىدىم.)

ئالتىمىشغە ئومىر قويغاندا قەدەم،
قۇش تىلى شەرھ ئىتكالى يوندۇم قەلەم.
(يېشىم ئاتمىشقا قەدەم قويغاندا «قۇش تىلى» نى يېزىشقا قەلەم ياسىدىم. قەلىمىمنى قولۇمغا ئالدىم.)

شەيىخ نىڭ رۇھىدىن ئىستىمداد ئىتىپ،
كورگەچ ئىستىمداد ئول ئىمداد ئىتىپ.

(شەيخ پەرىدىن ئەتتارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىدىم. مەدەت تىلىگىنىمنى كورۈپ شەيىح مەدەت قىلدى.)

ئىردى يارىم كىچە ئىشىغالىم چاغى،
تەبئ بۇ مەئىنىغە مەشغۇل ئولماغى.
(يىزىش مەشغۇلىيىتىم يىرىم كىچىلەرگىچە داۋام قىلاتتى، تەبئىتىم بۇ مەئىنىغە مەشغۇل بولاتتى.)

خامە رەپتارىن نىچە سۇرىسام نىچە،
قىرىق-ئەللىگ بەيىت ھەر يارىم كىچە.
(قەلەمنىڭ يۈرۈشىنى قانچە يۈرگۈزسەم، ھەر يىرىم كىچىگىچە قىرىق ئەللىك بىيىتتى،)

سەپھەغە يازماي قارارىم يوق ئىدى،
بۇ رەقەمدە ئىختىيارىم يوق ئىدى.
(سەھىپەگە يازماي تۇرالمايتتىم، بەلكى بۇنى يازماي تۇرۇشقا ئىختىيارىم يوق ئىدى.)

شەيىخ روھىدىن تاپىب كوپ ئىھتىمام،
قىلدىم ئاز پۇرسەتتە ئىرقامىن تامام.
(شەيىخ روھىدىن كوپ مەدەت بولغاچ، بۇ ئەسەر رەقەملىرىنى ئاز پۇرسەتتە يىزىپ تامامىلىدىم.)

سوز دەقىق ئىردى مەئنى ئانداكىم،
گەرچە قىلدىم ئوز-ئوزەمگە ئوشتەلىم.
(سوزلەر ناھايىتى ئىنچكە ئىدى، ئۇنىڭ مەنىلىرى ھەم ئىنچىكە بولغاچقا، ئوز-ئۆزەمگە مۇشەققەت يۈكلىدىم.)

شەيىخ روھىدىن ۋەلى يەتتى كوشاد،
كىم، موراددىن تاپتى ئۇشبۇ نامۇراد.
(شەيىخنىڭ روھىدىن ئوڭايلىق يىتىپ، بۇ مۇرادسىز (ناۋايى) مۇرادىنى تاپتى.)

گەرچە غەۋۋاسى چىكىب رەنج-ئىنا،
ئوزنى بۇ دەرياغا ئەيلەپ ئاشنا.
(ئەگەرچە بۇ دىڭىزنىڭ غەۋۋاسى (سۇغا چۆمگۈچىسى) جاپا-مۇشەققەت چىكىپ ئوزىنى بۇ دەرياغا ئاشنا—دوست قىلدى.)

دۇرغە گەرچە تاپمامام ھەم دەست رەس،
يىغما دەريا مەۋجىدىن خاشاكۇ-خەس.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

(بۇ دىڭىزدىن ئەگەرچە گوھەر تېپىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىسامۇ، دەريانىڭ دولقۇنىدىن خەس، خەشەك (ئەخلەت-چاۋا) يىغىپ ئالارمەن.)

ھەم قورۇتسە-قىلسالار ئانى ئوتۇن،
ياردىغا ۋەيرانەسى بولماي تۈتۈن.
(ئوت خەسلەرنى قۇرۇتۇپ ئوتۇن قىلسا، قۇرۇق ئوتۇن تۈتۈن بولماي كۆيەر ئىدى.)

مەن بۇ دەريا ئىچرە دۇررى پاكنى،
تاپمايىن يىغدىم ئەرسە خاشاك نى.
(مەن بۇ دەريادىن پاك گوھەر تاپماي، ئوت خەسنى يىغدىم.)

نەيلەيىن بۇ ئېردى مەقدىرىم مېنىڭ،
قانىئ ئولدى تەبئى مەھجورۇم مېنىڭ.
(ئىقتىدارىم شۇنچىلىك ئىدى، ھىجران-پىراقلىق تەبئىتىم شۇ يىققانلىرىمغا قانائەت قىلدى.)

ساچتى ئىرسە نازىمى ئالى ماكان،
ئالەم ئەھلى ئۈزرە بەھرى نەقد-كان.
(ئالى ماكانلىق شائىر ئالەم ئەھلى ئۈستىگە دېڭىز كانىنىڭ نەقدى 'گوھىرى' نى چاچتى.)

مۇندىن ئارتوق راق ھەد ئىمەسدۇر ماڭا،
جۇدىنى ژەسىپ ئەيلەسەم بەسدۇر ئاڭا.
(بۇندىن ئارتۇغراق رەقەم چېكىشكە مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، تەڭرىنىڭ سېخىلىقىنى — ئىلتىپاتىنى سۈپەت قىلسام يېتەرلىكتۇر.)

بۇدۇر ئۇمىدىم كى، ھەركىم سالسە كوز،
كىم، ھارارەت سالسا كۆڭلىگە بۇ سوز.
(ئۇمىدىم شۇكى: كىمكى بۇ كىتاپقا كوز سالسا مۇشۇ سوزلىرىم كوڭلىگە ھارارەت-تەسىرات سالسا بولدى.)

شەيىخ ئەنپاسىغا ئانى ھەمل ئىتىپ،
پەيز تاپقاي كامىنە يەئنى بىلىپ.
(ئۇنى شەيىخ (پىردىن ئەتتار) نىڭ نەپەسلىرى دەپ بىلسە، مەقسىدى ئۆچۈن پەيز تاپار.)

سىز داغى ئاندا كوزگە بىر تۆپەيل،
قىلماغاي كۆڭلى ئىككى لىك سارى مەيل.

(ئۇ يەردە كوزدە بىرنىلا كورۈپ، بىرگە ئەگىشىپ، كوڭلىڭىزنى "ئىككىلىك" تەرىپىگە مايىل قىلمىغايسىز.)

تالىبى كوڭلىدە ئاشۇبى تەلەب،
شەھىر ئارا بارۇر ئىدى تارتىپ تەئەپ.

(كوڭلىدە تەلەپ ـ ئارزۇنىڭ قوزغىلىشى بار بىر تەلەپكار جاپا چېكىپ شەھەرگە كېتىۋاتاتتى.)

كۆردى دىۋارى يىقىلغان كوى ئارا،
جەمى بولغان ئەل ئۇزاتىپ ماجرا.

(ئۇ كوچىدا يىقىلىپ چۈشكەن بىر تامنى كوردى، بىر توپ خەلق يىغىلىپ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىۋاتاتتى.)

كىم بۇ شارىئ دىن ئىدى ئېلىگە ئۆبۈر،
ئەمدى يارەپ قاي سارى توشكەن مورۇر.

(چۈنكى: بۇ يولدىن — كوچىدىن شەھەر خەلقى ئۆتەتتى، خەلقلەر، ئەي پەرۋەردىگار، ئەمدى قەيەردىن ئۆتەرمىز، دېيىشىپ چۇقان سالاتتى.)

كىم، ئىمارەت ئەيلەگەي ئايا مۇنى،
يا ياسارغە ئەيلەگەي پەۋا مۇنى.

(بۇ يىقىلغان تامنى كىممۇ ياساپ تۈزىتەر ياكى كىم بۇ تامنى ياساشقا كوڭۈل بولەر؟ دېيىشەتتى.)

مۇددەتى باغلاندى ئۇ ئىلگە مادام،
راھ ئاممە كىم، ئۆتەر ئېردى ئاۋام.

(بۇ كوچا ئەلگە بىر مۇددەت داۋاملىق توسىلىپ قالدى، بۇ ئاممىۋى يول، ئاممىنىڭ ئۆتەر يولى ئىدى.)

ئەل ئارا بۇ ئىزتىرابۇ ـ ئىزتىرار،
كىم يېتىشتى تالىپ ئۈمىدۋار.

(خەلق مۇشۇ بىئاراملىق ـ پاراكەندىچىلىكتە تۇرغاندا، ھېلىقى تەلەپكار — ئۈمىدۋار بۇ يەرگە كېلىپ قالدى.)

كورگەچ ئول ھالەت تۈشۈپ كوڭلىگە خۇش،
ۋەجد ھال ئەتتى ئايان ھەردەم خۇرۇش.

www.uyghurkitap.com

(تەلەپكار ئۇ ھالەتنى كورۇپ كوڭلىگە خوشاللىق چۈشۈپ، قايغۇ-غەم ئايان قىلىپ، پەريات، چۇقان سالدى.)

ئەل تەئەججۇپ قىلدىلار كىم بۇ پەقىر،
بى جەھەت قىلدى ئايان ۋەجدى سەغىر.
(خەلقلەر بۇ پەقىرنىڭ ئورۇنسىز ئاشقلىق كورسەتكەنلىگىگە ئەجەپلىنىشتى.)

كەيپىيەت سوردىلار ئول بىچارەدىن،
كامى مەقسەد دەشتىدە ئاۋارەدىن.
(تەلەپ، مەقسەت دەشتىدە ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن بىچارىدىن خەلق ئەھۋال سورىدى.)

دەردى مەن بۇ خەلقنىڭ جەمئىيەتىن،
كوردۇم ئەمما بىلمەدىم كەيپىيەتىن.
(ئۇ بۇ يەرگە يىغىلغان خەلقنى كوردۇم، ئەمما قانداقلىقىنى بىلمىدىم، دېدى.)

لىك سالىپ بۇ تەرەپ رەپتارىنى،
ئەيلەسەم نەززارە بۇ دىۋارىنى.
(لېكىن بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ بۇ تامغا قارايدىغان بولسام،)

مەيلنى دايىم كورار ئېردىم بۇيان،
كىم يىقىلماق ئەيلەمىش ھالا ئايان.
(ھەممىسە يانتۇ بولۇپ قالغانلىقىنى كورەتتىمكى بۈگۈن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.)

چون جەمارى زاھىر ئەتسە بۇ سۈپەت،
مەيل-قىلماقۇ-يىقىلماق ئاقىبەت.
(ئەگەر ئولۇك جىسىملار مۇشۇنداق يانتۇ بولۇپ قىلىشىنى، ئاقىۋەت يىقىلىپ چۈشۈشىنى ئاشكارىلاپ تۇرسا،)

مەنكى بار ئېردىم ئوزۇمدىن نائۇمىد،
مەيل قىلغان كاندىن بى ھەد بەئىد.
(مەن ئوز-ئوزەمدىن ئۇمىتسىز بولۇپ، ئارزۇ-ئۇمىت قىلغان كاندىن ناھايىتى يىراقتا ئىدىم.)

ئەيلەگەچ دىۋار بۇدەم ئاشكار،
بولدى بۇ نەۋمىد ھەم ئۇمىدۋار.
(تام بۇ قېتىم مايىللىقىنى ئاشكارىلىدى. مەن نائۇمىت ھەم ئۇمىتۋار بولدىمكى،)

كىم، قايانكىم مايىل ئەتتى ھەق مېنى،
ئول تەرەپ ئوق باشلاغان مۇتلەق مېنى.
(خۇدا مېنى قايسى تەرەپكە مايىل قىلسا، مېنى مۇتلەق شۇ تەرەپكىلا باشلىدى:)

•

چۇن ماڭا پەقرۇ-فانا كەلدى مۇراد،
ئول تەرەپتىن ھەق نەسىپ ئەتتى كۇشاد.
(چۇنكى مېنىڭ مەقسىدىم پەقىرلىك ۋە خانىلىق ئىدى، ئۇ تەرەپتىن ھەق.
ئاسانلىق بېرىپ ماڭا پانىلىق نېسىپ قىلدى.)

مەيل ئەيلەپ سارى بەرگەي ئىختىيار،
سالغاي ئول جانىب مېنى ئىختىيار.
(مېنى قايسى تەرەپكە مېڭىشقا ئىختىيار بەرسە، شۇ تەرەپكە مەيل قىلدىم.)

چۇن كىچىك ياشدىن ماڭا بولغاي نەسىپ،
نەزم ئاراسىدا خىيالاتى غەرىپ.
(كىچىك ۋاقتىمدىن ماڭا نەزم ئىچىدە ئاجايىپ خىياللار نېسىپ بولغان.)

شېئر ھەر سىنىپىن كى قىلدىم ئاشكار،
تۈرك ئەلپازى بىلە تاپتى قارار.
(شېئرنىڭ ھەرخىل ئۇسلۇب، تۈرلىرىنى ئاشكارا قىلدىم. ئۇ شېئرلىرىم تۈرك
تەلەپپۇزى (تىلى) بىلەن مۇقەررەرلەشتى.)

ئۇيلە كىم ھەركىمسە نىكىم قىلغۇسى،
بەزى ئىشدە بار ئۇنىڭ بىر بەلگىسى.
(شۇنداقكى ھەر كىشى بىر ئىشنى قىلىدىكەن، بەزى ئىشتا ئۇنىڭ بىر
بەلگىسى بار.)

سەپھە دىباسى نەزم ئىنشاسىدۇر،
كىم، تەخەللۇس نازىمى تامغاسىدۇر.
(سەھىپە-قەغەزنىڭ ئىپەك تاۋارى نەزم (شېئر) نىڭ ئىنشا قىلىنىدىغان ئورنىدۇر.
كى، تەخەللۇس ئۇ شائىرنىڭ سەھىپەگە باسقان تامغىسىدۇر.)

بۇ نىشانى بىزگە تاپتى ئىمتىياز،
بى ۋەرەق كىم نەزم قىلدى ئەھلى راز.
(بۇ نىشان—بەلگە (تەخەللۇس) بىزگە ئىمتىياز تاپتى—يەنى شېئرنىڭ شائىرىنى
پەرقلەندۇردى، ئۇنى ئەسرار ئەھلى ۋەرەقسىز (قەغەزسىز) نەزم قىلدى.)

www.uyghurkitap.com

كىم، بۇ، سەئدىيۇ نىزامى نىڭ دۇرۇر،
يا بۇ، خىسرەۋ بىرلە جامى نىڭ دۇرۇر.
(كى بۇ، شەيىخ سەئدى نىڭ ۋە نىزامىنىڭ ياكى خىسراۋ بىلەن جامىنىڭدۇر.)

مەنكى تۇرك ئەلپازىغا ئەتدىم شورۇئ،
نەزم تاپدى تەبئ كىلـكىم دىن پـۇرۇئ.
(مەن تۇرك تـىلى بـىلەن يېزىشقا كىرىشتىم، نەزم (شېئىر) تەبى هالدا قەلىمىمـ
دىن شاخلاپ ئۇرلەۋەردى.)
چون ساهابى تەبئىم ئولدى دۇر پەشان،
نەزمىمە ئېردى "ناۋايى" دىن نىشان.
(تەبىئىم ۋە ئىلهامىمنىڭ بۇلۇتى گوهەر چاچتى. نەزمىمدە "ناۋايى" دىگەن تەخەللۇس
'بەلگە' بولدى.)

پارسى نەزم ئىچرە چۇن سۇردۇم قەلەم،
نەزم نىڭ هەر سونئىغە ئۇردۇم رەقەم.
(پارىسچە نەزمدە قەلەم يۇرگۈزۇپ (نەزم شېئىر) نىڭ هەرخىل سەنئەتـلىرىـگە قەلەم
ئۇردۇم.)

پەيز يەتكەچ ئول مائانىدىن ماڭا،
تاپتى نەزمىم بىلگۇ "فانى" دىن ماڭا.
(ماڭا شۇ مەئىنىلەردىن پەيىز يېتىپ، پارىسچە شېئىرلىرىم "فانى" بەلـگە (تەخەللۇس)
بىلەن تەخەللۇسلاندى.)






(داستان)

## ئابازبەك قۇشچى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: **توختى ئابىخان، ئابلەمەت ھاجى**

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدە (840 — 1212) ئاساس سېلىنغان يېڭىچە يازما ئەدەبىياتى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ داستانى «ھىبەتۇل ھەقايىق» دا ئۆزىنىڭ نادىر ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

يېڭىچە يازما ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا مۇھەممەت خارەزمىنىڭ لىرىك داستانى — «مۇھەببەتنامە»، رابغۇزىنىڭ نەزم - نەسرلىك داستانى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانۇل ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ لۇتپى، سەككاكى، ئاتايىلارنىڭ شېرىيىتى ۋە ناۋايىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «خەمسە»، «چاھاردىۋان» ناملىق توپلاملىرى بىلەن تەرەككىي قىلىپ، ئەدەبىي گۈزەللىك يېقىدىن يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

سەئىدىيە دەۋرى (1514 — 1678) پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قاراخانىلار ۋە تېمۇرىلەر دەۋرىدىن كېيىن يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى.

سەئىدىيە خانلىقى ئۇنى قۇرغۇچى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ خانلىق يەركەننى پايتەخت قىلغانلىقى ئۈچۈن تارىختا يەركەن خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۇلتان سەئىدخان 16 - ئەسىردە ئوتكەن تۇرپان ھوكۇمرانلىرىنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەپنامىسى: خىزىر غوجا — ئوغلى مۇھەممەتخان — ئوغلى شېر مۇھەممەتخان — ئوغلى ئوۋەيسخان — ئوغلى يۇنۇسخان — نەۋرىسى سۇلتان ئەخمەتخان — ئوغلى سۇلتان سەئىدخان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىدا — سەئىدى، مەۋلانا خۇلقى، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، ئايازبەك قۇشچى، رەشىدى، قىدىرى، نەفىسى، خوجا ئابدۇرازاق، مەخمۇت جوراس قاتارلىق شائىر ۋە ئەدىپلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئايازبەك قۇشچى — شائىر، سەركەردە ۋە دولەت ئەربابلىرىدىن بىرى. ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەندىجانغا بېرىپ ھاكىم بولغان ياشلىق دەۋرىدىكى يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان. ئايازبەك قۇشچى سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدىرىشىتخان دەۋرىدىكى گۈللەنگەن سەئىدىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ «مەخمۇتنامە»، «جاھاننامە» ناملىق ئىككى داستانى ۋە ئابدىرىشىتخاننىڭ خانلىق سەلتەنىتىگە چىقىشىغا بېغىشلانغان «ساقى مەيى پەرەخ بەخش تۇتكىم باھار كەلدى، ئىشرەت زامانى يەتتى ئول گۈل ئۇزار كەلدى» سەدرىسى بىلەن يېزىلغان مۇبارەكنامىسى، ئابدىرىشىتخاننىڭ خەلققە ھېيتلىق توي قىلىپ بەرگەنلىكىگە بېغىشلىغان «ئىدۇ باھار ئەييامىدۇر ساقى لەبا لەب جام تۇت، ئەيشى تەرەپ دەۋرانىدۇر جامى مەي گۈلپام تۇت» سەدرىسى بىلەن يېزىلغان قەسىدىسى قاتارلىق شېئىرلىرى ھازىرغىچە كوچۇرۇلمە نۇسخىلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئايازبەك قۇشچىنىڭ گۈزەل داستانى «جاھاننامە» 2650 مىسرا (1325 بېيىت) دىن تەشكىل تاپقان، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك داستان. داستاندا ئەينى زاماننىڭ كىتابەت ئادىتى بويىچە، تەڭرى، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چاھار يارلىرى سۈپەتلىرىگە 60 مىسرا قەسىدە بېغىشلانغان. داستاندا يەنە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەپلىرىگە ئائىت مۇقەددىمە خاراكتېرىدا 160 مىسرالىق بايان، ئەسەرنىڭ ئاپتور ھېسسىياتلىرىغا ئالاقىدار خاتىمىسىگە ئاتالغان 32 مىسرالىق بايان بار. خاس «جاھاننامە» قىسمىنىڭ ئۆزى 2398 مىسرا بىلەن بايان قىلىنغان.

سۇلتان سەئىدخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن مەيدانغا كەلگەن بۇ چوڭ ھەجىملىك گۈزەل داستان، سەئىدىيە دەۋرىنىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئۆز دەۋرىنىڭ زور ھورمىتى ۋە بەدىئى زوقىنى قوزغىغان ئىدى.

«جاھاننامە» داستانى شەيبان خاننىڭ سەئىدىيىگە تەۋە بولغان بەدەخشان زۇپەر قەلئەسىگە سالغان تەھدىتىگە قارشى ھەربى يۇرۇشلەر پەيتىدە يېزىلغان. شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، زوھرىدىن مۇھەممەت بابۇرنىڭ «بابورنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى كۆپلىگەن ئەسلىمىلەرمۇ دەل شۇ شەيبان خان ۋەقەسىگە ئائىتتۇر.

تارىختا مەلۇمكى، ئۆزبېك خان 1313 — 1340 -يىللىرى ئالتۇن ئوردىدا مۇسۇلمان بولغان جۇجىخان قىسمىلىرىنىڭ خانى ئىدى. ئۇ، ئوبۇلخەيرى دەۋرىدە، سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغان ئۆزبېك خان، تومۇرلەڭنىڭ نەۋرىسى بولغان ئۇلۇغ بەگنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسيان قىلغان جىيەنى ئالادۇلەنى باستۇرۇش ئۈچۈن ھىراتقا ماڭغىنىدىن پايدىلانغان ئىدى. ئوبۇلخەيرى ئۆلگەندىن كېيىن، دەشتى قىپچاق ئۆزبېكلىرى پارچىلاندى. ئۇلارنى ئوبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى مەھەممەت شەيبان خان (1450—1510) قايتا ئۇيۇشتۇردى. ئۇ 1499—1500-يىللىرى بۇخارانى ئىگەللىدى. بابۇرنىڭ ۋە سۇلتان ھوسەيىن بايقارا (1416—1506) نىڭ قولىدىكى ماۋرەننەھرى ۋە خوراسان رايونلىرى كۆپ ئۆتمەي شەيبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. شەيبانىخان پەرغانە ۋە تاشكەنتنى ئېلىشتا، بۇ يۇرتلارنىڭ ھاكىمى بولغان سۇلتان مەخمۇت-

خان بىلەن ۋە ئاكا ئاقسۇدىن ياردەمگە قوشۇن تارتىپ چىققان ئىنىسى ئەخمەتخان بىلەن
كوپ قېتىم ئۇرۇشۇپ، مەخمۇتخان پاجىەسىنى پەيدا قىلدى. ئەخمەتخان ئاقسۇدا كېسەل
بىلەن ئولدى. ئوز غەلبىلىرىدىن ئېسىنى يىقاتقان شويبانىخان ئىران ساپاۋى خانلىقىنىڭ
پادىشاسى ئىسمائىل شاھ بىلەن ئۇرۇشتى ۋە 1510 - يىلى مەرۋي يېنىدىكى جەڭدە ئولتۇ-
رۇلدى. مۇھەممەت بابۇر شويبانىخاننىڭ ئولتۇرۇلگەنلىگىدىن روھلىنىپ ئىسمائىل شاھقا مەك-
تۇپنامە ئەۋەتكەن ئىدى. بابۇر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەمەرقەنتكە كېلىپ، تىمۇرىلەر
سۇلالىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ماۋرەئۈننەھرىگە خان بولدى. سۇلتان سەئىدخان بولسا ئاق-
سۇدىن چىقىپ تاغىسى مەخمۇتخاننىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە شويبانىخان ئىگەللەپ ئالغان پەر-
غانە رايونىغا بىر مەزگىل خان بولدى.

ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا ئوزىنىڭ سۇلتان سەئىدخانغا ئەگىشىپ ئەن-
دىجانغا كەلگەنلىگى ھەققىدە توختىلىپ:

"جاھان ئىچرە بى ھەسەل ئول جان ئېرۇر،
ئاتادىن ئاتاخان بىرخان ئېرۇر.
تابۇغىندا كەلدىم قەدىمى قۇلى،
ئىچۇككىم گۇل ئولسە بولۇپ بۇلبۇلى.
ئەلىپ ئېلتۇرۇپ ئەندىجان مۇلكىنى،
ئالاي دەپ خىيالى جاھان مۇلكىنى."

دەپ يازغان ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئەندىجاندا خان بولۇپ تۇرغان چېغىدا، قەشقەر ھاكىمى ئابابەك-
رى مىرزا ئوڭا قارشى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېڭىلگەن ئىدى.
كوپ ئوتمەي، شويبانىخاننىڭ ئورنىغا دەسسىگەن ئۇنىڭ تاغىسى بولغان ئەبەيدۇللاخان باش-
چىلىغىدىكى ئوزبېك تورىلىرى بابۇرنى سۈرۈپ ئۇنى ئوز يۇرتىنى مەڭگۇ تاشلاشقا مەجبۇر
قىلدى. بابۇر ھىندىستان تەرەپكە سۈرۈلدى ۋە 1519 - يىلى دېھلى سۇلتانى ئىبراھىم رو-
دىنى يېڭىپ، ھىندىستاندا بابۇرىلەر سۇلالىسىنى قۇردى. مانا شۇ خىل تارىخىي شارائىتتا،
ئەبەيدۇللاخاننىڭ قوشۇنلىرى پەرغانە ۋادىسىگە كېلىپ، سۇلتان سەئىدخاننى قىسىشقا
باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان، قېرىغانسېرى زالىملىشىپ كەتكەن
ئابابەكرى مىرزىدىن بىزار بولغان قەشقەرىيە خەلقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئانا يۇرتىغا قايـ-
تىپ كېلىشىنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يوشۇرۇن كىشىلەر ئەۋەتتى. بۇ ئىككى ئەھ-
ۋال سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەرىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى.
«جاھاننامە» داستانىدا بۇ ۋەقە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

"ئابابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئەردى رۇستەمدىن ئۇنىڭ كەمى،
ئەنىڭ مۇلكىدىكى ئەل - ئۇلۇس تامام،
تاپىپ ئەردى بەندۇ بالادا مۇقام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



.........

مۇسۇلمانلار ئەرمىشتۇك ئەسرۇ خاراپ،
كورۇپ زالىم ئىلكىدە تۇرلۇك ئازاپ.
بولۇپ ئۇشبۇلار بائىس شەھرۇيار،
بولۇپ ئىتتىپاقۇ سىغارۇ كىبار.
راۋان بولدى خان كاشغەر مۇلكىگە،
كىم ئول خەبىرى بىخەبەر مۇلكىگە".

سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرى مىرزىنى تارمار قىلدى. ئابابەكرى مىرزا تىبەتكە قاچ-قاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى سۇپىتىدە باش كوتەرگەن جاھانگىر مىرزىنىمۇ يو-قاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەركەندە خانلىق سەلتەنىتىگە چىقتى. ئەبەيدۇللاخان باشچىلى-غىدىكى ئوزبېك ئاقسوڭەكلىرى پەرغانىنى ئىشغال قىلىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەدەخشاننى، ھەتتا قەشقەرىيەنىمۇ ئىشغال قىلىش قەستىگە كىرىشكەن ئىدى. ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

"تابوغىندا مەن بولۇپ سۇبھو شام،
تۇرۇپ قۇللۇغىدا قىلىپ ئىھتىمام.
بولۇپ لۇتپى ئىھساندىن سەرپىراز،
بولۇپ ئەردى مەخمۇت يەكىلىغ ئاياز.
كى ۋەقە بولۇپ ئانداق ئەييام ئىشى،
كەلىبان بەدەخشان ساردىن كىشى.
خەبەر بەردى بى سەر قاپتۇر ئۇلۇس،
بۇزۇغلۇقتا كوڭۇل ساپتۇر ئۇلۇس.
ئول ئەلنى ئىلىكلا ماساخان ئازىپ،
ئەسىر ئۇلغۇسىدۇر پەقىرۇ - غەرىپ.
ئۇلۇر ئول ۋىلايەتكە ئوزبېك كېلىپ،
مېنى ئەل ئىبەردىلەر ئانداق بىلىپ.
راۋان بولدۇم ئەمىر ئىلاھى بىلان،
كىرىپ يولغا پەرمان ئىلاھى بىلان".

بەدەخشان ئەسلىدە قەشقەرىيەگە قاراشلىق بىر ۋىلايەت ئىدى. ئابابەكرى مىرزا زا-مانىدا مىرزاخان بۇ ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى بولۇپ، ئۇ سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاغىسى خان مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتى غۇلىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئوزبېك تو-رىلىرىنىڭ كوشكۇرتىشى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىغا نىسبەتەن "مۇستەقىل" بولىۋالغان.
بۇ قېتىمقى بەدەخشان يۇرۇشىگە سۇلتان سەئىدخان ئوزى باشچىلىق قىلدى. ئۇ زۇپەر قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا، مىرزاخان ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خاتالىقىنى تونۇدى. سەئىد-

خان ئۇنى ئەپۇ قىلدى. بۇ قېتىمقى ھەربى يۈرۈشكە قاتناشقان سەركەردىلەر ئىچىدە سەئىد- خاننىڭ ئوغلى ئابدىرىشىتخان بىلەن بىللە ئايازبېك قۇشچىمۇ بولغان.

ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ بەدەخشان سەپىرىدە يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى سۆيگەن مەھبۇبىنى ئۇچراتقانلىقىنى، كونا ئىشىق ۋە ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا ئويلاپ ھاياجانلىنىپ شۇ كۈنى كەچتە بارگادا ئۇخلىيالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىر بارگادا ياتقان ياش ئۆلپىتىگە بۇ سىرىنى سوزلەپ بەرگەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ تەكلىۋى بىلەن «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ.

داستاندىكى:

"بۇ تەقەررۇپ بولدى كەل ئى نەۋجۇۋان،
مۇبارەك زەمرىگگە يەتسە كامان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر ھىكايەت قىلاي،
ۋاپاسىز جاھاندىن شىكايەت قىلاي."

دىگەن مىسرالارغا قارىغاندا بۇ نەۋجوۋان (ياش يىگىت) ئەمدى يىقىنلاشقان (تەقەررۇپ) يىگى سىرداش بولۇپ، سىر خۇددى ئوقيا ئوقى (كامان) دەك ئۇنىڭ سىر ساقلىغۇچى قەلبىگە (زەمرىگە) يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى تەۋسىيە قىلىنغان.

داستاننىڭ ئاياقلاشقان ۋاقتى، ھەققىدە ئۇنىڭ خاتىمە قىسمىدا تولىمۇ ئېنىقسىز ھالدا يەقەت:

"يىل ئات ئەردى ماچىن تارىخىدا،
رەجەپ ئاي فۇرخەند تارىخىدا.
تۈگەتتىم جاھان مېھنەتى غوسسەسىن،
قىلىپ نەزمە بىر داستان قىسسەسىن.
جاھاننامە قويدۇم ئۇنىڭ ئاتىنى،
دىدىم چۇن ئۇنىڭ ھالۇ ھالاتىنى"

دىيىلگەن خالاس.

ئايازبېك قۇشچى «جاھاننامە» داستانىدا چوڭقۇر بىر پەلسەپىۋى پىكىرنى — كائىناتنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەركەتتە ۋە ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىقىنى ھىكايەت شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ، تۇغۇلماقتا ئولمەكلىك، خوشاللىقتا قايغۇ- ھەسرەت، گۈللىنىشتە خاراپلىق ئامىللىرى ساقلىنىدىغانلىقىنى، جاھان ئۆز ماھىيىتى بويىچە بۇ قانۇنىيەتكە زادى خىلاپلىق قىلمىغانلىقىنى، ئالەمنى، ھاياتلىقنى، خوشاللىق ۋە گۈللىنىشنى مەڭگۇ ئۆزگەرمەس تۇرغۇن ھالەتتە دەپ قاراش "ئەجەپ غەپلەت" ئىكەنلىگىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ:

"ئايازا ئەجەپ غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خاھى بىدار، خاھى ئويۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نە ۋاقتى نە سائەتكى سەندىن بۇگۇن،
ئۆتەر ئۆمۈر ئىرۇر ئۇل ئەمەستۇر ئۇكۇن.
يوق نەرسە ئۇشال ۋاقت سائەت تورۇر،
كىم ئاي - يىلۇ ھەر كۇنۇ - تۈن يۇرۇر.
ئۆتەردىك كورۇنەر ساڭا ئۇل ۋەلى،
يورۇرلەر جاھاندىن سېنى سورغالى."

دەپ، ئۆتۈۋاتقان نەرسە ۋاقت، سائەت، ئاي، يىل ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر. ۋاقت سېنىڭ كويۇڭدا، ئۇ سېنى جاھاندىن ئېلىپ كەتمەك پىيىدا يۇرىدۇ، دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

ئايازبېك قۇشچى بۇ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە ئىسپات قىلىپ مۇنداق بىر گۈزەل ھېكايىنى سوزلەيدۇ:

شەھرىيار ناملىق بىر پادىشالىق بولۇپ، ئۇنىڭ پايىتەختى سىمىن شەھرىدە شەھسىۋار ئىسىملىك پادىشا بولغان، ئۇ ئوغۇلسىزلىق دەردىدە ياشايدۇ. كېيىن فىروز شاھ ئىسىملىك بىر ئوغۇلغا ئىگە بولىدۇ. فىروز شاھ بالاغەتكە يېتىدۇ. ئۇ بىر كۈنى مەي ئېچىپ، مەيدىن كېيىن ئۇخلاپ چۈش كورىدۇ. چۈشىدە چارۋاغىدىكى بىر قەسىر ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردە پەرىلەر ئارىسىدا تۇرغان رەنا ئىسىملىك پەرىزاتنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. قەسىردە كوڭۇللۇك سوھبەت ۋە شېرىن بەزمىلەر بولىدۇ. بەزمە شارابىدىن مەس بولۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن فىروز شاھ ئويغىنىپ، ئۆزىنى يەنە ئۆز ھەرىمىدە كورىدۇ. شۇندىن باشلاپ، ئۇ رەنا ئىسىملىك پەرىزاتقا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئۇنى ئىزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىز - دېرىگىنى ئالالماي كېسەل بولىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سەلىم ئاتلىق ۋەزىر ئۆز ئوغلى فىروزارايىنى شاھزادىدىن ئەھۋال ئۇقۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار شاھزادىنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىدۇ. ئوۋدا يۇرگەندە فىروز شاھنىڭ ئالدىدىن بىر كېيىك ئۆتىدۇ، ئۇ، كېيىكنى قوغلايدۇ، كېيىك شاھزادىنى ئەگەشتۇرۇپ چۈشىدە كورگەن چارۋاغقا ئېلىپ بارىدۇ. شاھزادە رەنا ئىسىملىك پەرىزاتنى كورۇشى بىلەن بىھۇش بولۇپ يىقىلىدۇ. پەرىزات ئۇنى ئۆز قۇچىقىدا ھۇشىغا كەلتۇرىدۇ. ئۇلار نەسەب ۋە ھال - ئەھۋال سورىشىدۇ. پەرىزات شاھزادىنىڭ ئىشقى ئارزۇسىغا ئۇچ تۇرلۇك شەرت قويىدۇ. بۇ ئۇچ شەرت: پەرىزات ئۇيقۇغا كەتكەندە ئۇنى تېرەن مەنىلىك سوزلەر بىلەن ئۇچ قېتىم ئويغىتىش كېرەك ئىدى.

پەرىزات بىرىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزات ياتقان تەخت پايە بىلەن سوھبەتلىشىدۇ:

"نە كىم سەرگۇزەشت ئەيلەگەن ئەردى تەخت،
پەلەك جەۋرىلەر زۇلمىدىن نەرىم - سەخت."

تەختى پايە ئۆزىنىڭ ئەسلى نىل ۋادىسىدىكى مول يىپپۇرماقلىق دەرەخ ئىكەنلىكىنى سوزلەيدۇ، سايىسىدىن ھوزورلانغان بەزمىچىلەر ۋە شېخىدىن بەھرىلەنگەن ئۇچار قۇشلار توغرىلىق بايان قىلىدۇ. دەرەخ ئاخىرى ۋەيرانلىق قىسمىتىگە مۇپتىلا بولۇپ قۇرىغان، كېسىلگەن

ۋە تەخت قىلىنغان. شائىر تەختى پايە ھېكايىسى ئارقىلىق پەرىزاتىنىڭ تەسىرلىنىپ ئويغانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئالەمنىڭ بىقارارلىقىنى دەلىللەيدۇ.

پەرىزات ئىككىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاش قاچا بىلەن سوھبەتلىشىدۇ:

"سوراھى ئىچى ھەم تولا قان ئىدى،
پەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى."

تاش قاچا ئۆزىنىڭ ئىلبىرىس تېغىدىكى قورام تاش ھەتتا ئىلبىرىس تېغىغا ئاسماندىن چۈشكەن سەنگى (مېتورىت) ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ سۇلايمان، جەمشىت، كەيكۇبات ۋە ئىسكەندەر دەۋرلىرىنىمۇ كورگەن. كېيىن ئۇبۇلخەيرى ھەككاك ناملىق تاشچى ئۇنى ئېلىپ كېتىپ قاچا ياسىغان. شائىر بۇ دىتال ئارقىلىق مېتورىت ھەم قورام تاشنىڭمۇ ھادىسى ئالەمدىن خالى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.

پەرىزات ئۈچىنچى قېتىم ئۇيقۇغا كەتكەندە، شاھزادە پەرىزاتىنىڭ يېنىدا يېنىغلىق تۇرغان شام بىلەن سوھبەتلىشىدۇ:

"دىيەلمەي غەمىن شەمئى ھەم زار ئىدى،
پەلەكتىن بەسى ئوتلىرى بار ئىدى."

شام ئۆزىنىڭ ئەسلى قوزا بولۇپ كېيىن قوي بولۇپ ئىككىنى قوزىلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ مېيىدا شام ياسىغىچە بولغان، بېشىدىن ئوتكەن ھادىسىلەر ئۈستىدە سوزلەيدۇ، شائىر شام ھېكايىسى ئارقىلىق ئالەم ئوزگىرىشلىرى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ.

شۇندىن كېيىن پەرىزات شاھزادىغا ئوز رايىنى بېرىپ، دادىسى شاھ تاجى ۋە ئانىسى ماھىرۇينىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكالىق بولىدۇ. شائىر بىر خوشاللىق ئىزىدا بىر قايغۇنىڭ تۇرىدىغانلىغىدىن بىشارەت قىلىپ، فىرۇز شاھىنىڭ ئانىسىنىڭ ئوغۇل ھىجرىدە ئالەمدىن ئوتكەنلىكىنى، ئانىسى شەھسۋارنىڭ ئوغلىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي بىئارام بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىدۇ ۋە ۋەزىر سەلىمىنىڭ تىلىدىن كەنئانلىق ياقۇپ ئەلەيھىسالام بىلەن ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسالام ئارىسىدىكى ھىجران ۋە ۋىسال قىسسىسىنى بېرىدۇ. بۇ چاغدا، شاھزادە فىرۇز شاھ چۈشىدە ئاتا-ئانىسىنى كورىدۇ ۋە چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە پەرىزات رەنا بىلەن سىمىن شەھرىگە قاراپ ئاتلىنىدۇ. ئۇلار سىمىن شەھرىگە يېتىپ بارىدۇ. شەھسۋار ئوغلىغا خانلىق سەلتەنىتىنى بېرىپ ئاندىن ئالەمدىن ئوتىدۇ. فىرۇز شاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرىدۇ. كېيىن پەرىزات ۋاپات بولۇپ، شاھ تەركى دۇنيا بولىدۇ. خەلقنىڭ ئەلۋى ۋە ۋەزىر فىرۇزرايىنىڭ تەكلىۋى بىلەن فىرۇز شاھ ئوغلى پەررۇخسۋارغا شاھلىقنى ئوتۇنۇپ بېرىدۇ.

فىرۇز شاھ تەركى دۇنيالىقتا يۈرگەندە، يەنە ياشلىق چېغىدا ئۇچراتقان ھېلىقى كىيىكنى ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن يەنە چار باققا كېلىپ قالىدۇ. قارىسا، ئۇنىڭدا

www.uyghurkitap.com



ھېچنەرسە قالمىغان...

ئايازبىك قۇشچى ئۆز داستانىدا ئەرىش ئۈستى، دىۋە-پەرىلەر، مېھىراللار ۋە ئۇسۇملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانىيەت، روھى ھايات ۋە تەپەككۈردىكى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختالدى. ئۇ:

"تۈزۈلگەن زاماندىن پەلەك گەردىشى،
ئېرۇر خانىدانلارنى بۇزماق ئىشى.
......
قايان باردى بۇ ھەم نەشىلەر دىمەس،
ئۇلارنى كورۇپ ئۇز غەمىن يىمەس."

ئىكەنلىگىنى بەدىي ئۇسۇلدا بايان قىلدى. ئەمما ئايازبىك قۇشچى ئۆز داستانىدىكى ۋەقەلەردىن پاسسىپ، ئۈمىتسىز ۋە روھانى خۇلاسە چىقارمايدۇ، بەلكى قىسقا ئۆمۈرنى خەلققە، جامائەتكە بېغىشلاش لازىملىغىنى، پادىشالارنىڭ ئادىل ۋە رەھىمدىل بولۇشى كېرەكلىگىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ رېيالىستىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"تۈزۈك تەرھ ئەيلە ئەدلۇ بۇنياد قىل،
ئادالەت بىرلە مۇلكۇ ئاباد قىل.
......
دىل ئازارلىق پىشەسى شۇمدۇر،
نە بولغاي دىل ئازارى مەلۇمدۇر.
بولۇپ رەھمدىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دۇئادا بىرەرتە بىزنى ھەم ياد قىل.
......
ئادالەت بىرلە تۈزدى ئانداق ئۆزىن،
ئىككى قىلمادى بىر ئېيتقان سوزىن."

توۋەندە «جاھاننامە» داستانىنىڭ تولۇق تېكستى بېرىلدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ داستاننىڭ تېپىلىشى ۋە ئېلان قىلىنىشى سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى مول مەزمۇن بىلەن بېيىتىدۇ.

سانايى جاھان ئاپىرىنغە بىرۇن،
كىم ئاندىن ئەمەستۇر ئىشى يوشۇرۇن.
نە كىم ئادەمىنىڭ خىيالى يېتەر،
ھەر ئىشكىم ئۇلۇستىن نىھانە ئىتەر،
بارى ئەنىڭ ئالدىدا يەكسەن دۇرۇر،
ئەچۇق دەستۇگەر نىيزە مىسكىن دۇرۇر.
نىكىم ئالمۇ ئەھلىدە باردۇر،
ئەنىڭ قۇدرىتى ئاندا ئىزھاردۇر.
جاھاندا نىكىم جانسىز دۇرۇر،
ھاۋادا ئۇچار، يەردە يۈگۈرۈپ يۈرۈر.

ئەنىڭ قۇدرىتىدىن پەرۇ بال ئۇچار،
ئەنىڭ قۇدرىتى بىرلە يۈگۈرۈپ قاچار.
دەرەخت، گۈلۇ، سەبزۇ خارۇ خەس،
ئەنىڭ قۇدرىتىدىن ئۈنۈپ ھەر نەپەس،
چىقار يەردىنمۇ سەبزە خۇررەم بولۇپ،
كوكۇلدىن غەم ئول ۋەقتلار كەم بولۇپ.
تاپىپ ھەر بىرى بىر سۈپەتتە كامال،
تاپار چۈن كامالغا يەتسە زاۋال.
باھارۇ خەزان مەۋسىمى كىم ئىرۇر،
بۇلارنىڭ كامالۇ زاۋالىن بىرۇر.
ياراتماقتا ھەر بىردىنى با ھىكمەتى،
نە ھىكمەت قىلاي دەر، يەتەر قۇدرەتى.
ئىرۇر ئادەم ئوغلىغا، ھەم ئۇشبۇ ھال،
بىرگە كامالۇ، بىرگە زاۋال.
زاۋال ئولمىسا قانى بولغاي ئىدى،
جاھان ئادىمى بىرلە تولغاي ئىدى.
ۋاپاسىزدۇر ئۇشبۇ جاھان ئى رەپىق،
ۋاپا بولسا ئىدى قانى ئۇل شەپىق.

## ھەزرىتى رىسالەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە چاھار يار بەرگەزىدەنىڭ سۈپەتلەرى

ھەبىبى خۇدا ھەزرىتى مۇستەفا،
كىم ئەردى جاھان ئەھلىغە پىشەۋا.
گەزىن قىلغان ئول پىشۋا ئەھلىدىن،
ئەبابەكرى سىدىق بەرھەم نەشىن.
بەزور بولغاچ ئىسلامغا ھەق زەپەر،
سائادەت تېپىپ بائەس ئولغاي ئۇمەر.
تەقى ئىبنى ئەففان ھەيا مەئدەنى،
ئەچىلغان يۈزىدە ساپا گۈلشىنى.
تەقى ھەيدەر ساھىبى زولفىقار،
كى شىرىم دىگەن ئەردى پەرۋەردىگار.
ئۇلارغە ۋەفا قىلمىدى بۇ جاھان،
سەنۇ مەندەك ئەۋرىلارغە نە سان.
نە شاھۇ، نە دەرۋىش، نە ئامۇ خاس،
پەلەك جەۋرىدىن ئولغان ئەرمەس خالاس.
تۈزۈلگەن زاماندىن بارى گەردىشى،
ئىرۇر خانىدانلارنى بۇزماق ئىشى.
نە جەم ئەنكىم ئەنى كوردى شات،
كى بىر بىردىن ئەتتۇرمادى خەيرباد.
نە مىسكىنكى ئەمدى ۋەتەن قىلدى كەرەم،
ئانى سورمادى ئاندىن ئول نەرەم ـ نەرەم.
ئەجەپ غەپلەتى ئادىمزادىغە،
قويار مىھرى بۇ مىھنەت ئابادىغە.
كورەر كىم كوزى ئالىدا ھەر زامان،
چىقىرار ھەم نەشىلەرنى بۇ خاكدان.
قايان باردى بۇ ھەم نەشىنلەر دىمەس،
ئۇلارنى كورۇپ ئوز غەمىنى يىمەس.
ھەمىشە بولۇر ئۇشبۇكىم ئۇشبۇ كۈن،
سالامەتمۇدۇر جەمئى باغرى پۈتۈن.
چۇ تاڭلا باقارسەن ئۇشۇل جەمئى ئادا،
ئەچىلىپتۇر ئەلۋەتتە بىردىن جودا.
بولار تەجرىبە بولمىغان بولسا ھېچ،
بىلۇرسەن بۇگۈن تاڭلا بولماس بۇ كېچ.

## بۇ شىكەستەنىڭ ئوز سەرگۈزەشتەسىدە ھەزرىتى خان قۇللۇقىغە مۇشەررەف بولۇپ بۇ جاھاننامەنى ئەيتقانىنىڭ سەۋىبى

بۇ تەقەررىپ بولدى كەل ئەي نەۋ جۇۋان،
مۇبارەك زەمىرىڭگە يەتسە كامان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر ھىكايەت قىلاي،
ۋاپاسىز پەلەكتىن شىكايەت قىلاي.
ماڭا سەرگۈزەشتە ئولغان ئىشتىن دەيمەن،
كوڭۇل غەم بىلە تولغان ئىشتىن دەيمەن.
ئاقىل كوزى بىرلە قىلسا نەزەر،
جاھان ئوتمۇشۇ نە بىرۇر تېخى بىخەبەر.
خەبەردار ئولۇپ بۇ ھىكايەت ئىشت،
ئۇشۇل ۋاقتلار كىم بار ئەردىم يىگىت.
ۋىلايەتتە ساكىن ئىدىم نەچچە يىل،
ماڭا ئول ۋەتەندەك بولۇپ ئەردى بىل.
بار ئەردىم بولەك يارۇ ياران بىلە.
ئۇرۇغۇ قاياشۇ جەمئى تۇققان بىلە.
تۈزدۈك خانۇ خەندان پۇر ھوزۇر،
كوڭۇل جەمئى ئەھباپ ئەيشۇ سورۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



باھارۇ خازان مەۋسىمى سەير ئېتىپ،
نە يەركىم ساپالىق ئىشتىپ يېتىپ.
گاھى ئولتۇرۇپ، گاھى جەۋلان ئۇرۇپ،
بىبىك پىشە ۋە سەبزەلاردە تۇرۇپ.
كوڭۇل خوشلىغان يەردە مەجلىس قۇرۇپ،
مەي ئىچمەككە مەشغۇل ئولۇپ ئولتۇرۇپ.
بىرى بىر-بىرىمىز بىرلە خۇشال ئىدۇق،
ھەممىشە خۇشانۇ خۇش ئەھۋال ئىدۇق.
خازان پەسلى ھەم باغ ئارام جەم ئولۇپ،
يۇرۇر ئەردۇق ئاسۇدە ئويناپ كۇلۇپ.
ئاياققە تۇشۇپ ھەر خازان ياپراغى،
دەر ئەرمىشتۇق ئولدەم بۇ ئىشرەت چاغى.
غەنىمەت دۇرۇر جەمئى ئەھبابغە،
جاھان ۋاقىت قويماس بۇ ئەسبابغە.
بىز ئولدەم يىگىتلىك غورۇرى بىلە،
ئوشول ۋاقىت ئەيشۇ سۇرۇرى بىلە،
خىيال ئەتمەس ئەردۇق ئالەم نىدۇر،
جاھان ۋاقىت قويماسۇ نە غەم نىدۇر،
نەچە يىل بۇ تۇر ئاندا ئىشرەت بىلە،
كەچۈردۇك جاھاننى پاراغەت بىلە.
پەلەك ئاقىبەت شەجەر بۇنياد ئېتىپ،
بۇ جەمىيىتىمىزنى بەرباد ئېتىپ.
سالىپ ھەر بىرىمىزنى بەريان غەمكىن،
قىلىپ پاراغەت ئەندۇھى بىرلە ھەزىن.
غەمۇ غۇربەت ئەكسەرىنى ئەيلەپ ھالاك،
تۇگۇندىلەر ئارمانۇ ھەسرەتتە پاك.
مەن ئول جەمىئدىن ئايرىلىپ يالغۇزۇن،
بۇ خاقانىكى ھەق ياشىن ئەتسۇن ئۇزۇن.
جاھان ئىچرە بى مەسەل ئول جان ئىرۇر،
ئاتادىن ئاتاخان بىر خان ئىرۇر.
تابوغىندا كەلدىم قەدىمى قۇلى،
نىچۇككىم گۇل ئولسە بولۇر بۇلبۇلى.
ئەلىب ئولتۇرۇپ ئەندىجان مۇلكىنى،
ئالاي دەپ خىيالى جاھان مۇلكىنى.
بار ئەردى ۋەلى كاشغەر ساردىن،
كىلىب جەمئى بەدخوۋا ھەر ساردىن.
كىچىلەر ئوغۇرلۇق يوسۇنى بىلە،
يۇرۇپ كەنتلەرگە ئىت ئۇنى بىلە.
مۇسۇلمانلار ئۇستىگە يۇرۇپ تالاپ،
ئىلىپ ئولتۇرۇپ ئىتى تاغ ئارلاپ.

كىشى كورسە قىچىپ كىتەر ئەردىلەر،
باش ئىلىپ ئاياغىن ئىتە ئەردىلەر.
ئاتابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئەردى رۇستەمدىن ئۇنىڭ كەمى.
ئەنىڭ ئىلكىدىكى ئەل ئولۇس تامام،
تاپىپ ئەردى بەندۇ بالادا مۇقام.
ئولۇپ بەندى زىنداندا ئولگانلىرى،
قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلىرى.
تۇتۇپ بەزىلەرنىڭ قولاغىن كىسىپ،
قولاغۇ ئىلىكۇ ئاياغىن كىسىپ.
يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ ئاختىلاپ،
ئەلىپ تۇتۇ تۇرۇپ مال مۇلكىن تالاپ.
مۇسۇلمانلار ئەرمىشتۇك ئەسرۇ خاراپ،
كورۇپ زالىم ئىلكىدە تۇرلۇك ئازاپ.
بولۇپ ئوشبۇلار بائىس شەھرۇ يار،
بولۇپ ئىتتىپاقۇ سىغارۇ-كىبار.
راۋان بولدى خان كاشغەر مۇلكىگە،
كىم ئول خەبىرى بىخەبەر مۇلكىگە.
خەبەردار ئولۇپ كىلىپ ئول بەدكەر،
چىرىكىن سالىپ قەلئەئى كاشغەر.
يېتىپ خان ئالەم ئىلىپ قەلئەسىن،
تەۋبەتكە قاچىپ ئول سالىپ قەلئەسىن.
سوكىغە تۇشۇپ چىرىك ئاخىر يېتىپ،
باشىنى ئەلىپ كەلدىلەر قول ئىپتىپ.
خوتەن كاشغەرچە ئەلىپ خان يۇرۇپ،
ئادالەت بىلە تەخت ئۇزرە ئولتۇرۇپ.
ئولۇسى بەر قارار ئولدى دەۋرانىدا،
كىشى قالمىدى بەندۇ زىندانىدا.
كىم ئول خەۋاجۇ مالدار ئولمىغاي،
خەزىنە ئاقا گەنج ئىلە تولمىغاي.
تابوغىندا مەن ھەم بولۇپ سوبھۇ-شام،
تۇرۇپ قۇللۇغىندا قىلىپ ئىھتىمام.
بولۇپ لۇتپى ئىھسانىدىن سەرپىراز،
بولۇپ ئەردى مەھمۇت يەكلىغ ئاياز.
سالىپ ئىلتىپاتى كوڭۇلگە ھوزۇر،
تۇشۇپ باشىغە ھەرلە ھەز ئاندىن غورۇر.
پەلەك جەۋرۇ-زۇلۇمىن پارامۇش ئېتىپ،
نەشاتۇ تەرىپ جامىنى نوش ئېتىپ.
يۇرۇر ئەردىم ئەسۇدە دىل شادۇ خۇش،
پەلەك جەۋرۇ زۇلۇمىدىن ئازادەۋۇش.

كى ۋاقئە ئولۇپ ئانداق ئەييام ئىشى،
كەلىبان بەدەخشان سارىدىن كىشى.
خەبەر بەردى بەسىر قالىپتۇر ئولۇس،
بۇزۇغلۇقغە كوگۆل سالىپتۇر ئولۇس.
ئول ئەلنى ئىلىكلا ماساخان ئازىپ،
ئەسىر ئولغۇسىدۇر پەقىرۇ-غەرىپ.
ئولۇر ئول ۋىلايەتكە ئوزبىك كىلىپ،
مېنى ئەل ئىبەردىلەر ئانداق بىلىپ.
كى خاندىن ئول كۈن يوقتۇر ئۇمىدىمىز،
يورۇغلۇق بىرور كوزگە خۇرشىدىمىز.
ئېشتكەچ راۋان بولدى خان ئولزامان،
بۇ قۇلغا دېدىكىم راۋان بول راۋان.
كى سەندىن خەبەر تاپسۇن ئەل بۇرناراق،
بارۇر بىزمۇ ئەلگە ئىندۇر يىراق.
راۋان بولدۇم ئەمىر ئىلاھى بىلان،
كىرىپ يولغە پەرمان شاھى بىلان.
يىراق كەتتۈك يىگىرمە يىل ئاندىن بىرى،
بولۇپ ئەردىكىم يارى بىر ئول سارى.
بۇ يەگلىغ باھانە نەپىش ئۇفتاد،
قىلىپ بەرگىلى ئوتكەن ئىشلارنى ياد.
گەزارىمنى سالدى پەلەك گەردىشى،
ھەمىشە بۇدۇر ئەلگە ئەنىڭ ئىشى.
كى ھەر رەڭ ئىلە بىر جاپا ئەيلەگەي،
جاپاسى بىلە مۇپتالا ئەيلەگەي،
ئوشۇل چاغدىكىم جەمئى ئەھباپ ئىلە،
يۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئەردىم ئەسباپ ئىلە.
بارىنى تاندىم يۇرۇپ ئول زامان،
بارىسى كوزۇمگە كورۇندى ئايان.
ئوشۇل باغۇ سەھرا ۋە مەنزىلكى بار،
تۇرۇپتۇر بىر يېرىندا يارى بەرقارار.
ۋەلى ئول جامائەتكە باھەم ئىدىم،
ئوشۇل جاي مەنزىلدە ھەمدەم ئىدىم.

بىردىن ئەسىر كورمادىم ئول زامان،
قاراڭغۇلۇق ئولدى كوزۇمگە جاھان.
پەرىشان بولۇپ خاتىرىم ئانچە زار،
يىغى يىغلادىم ئانچە ئىمكان بار.
ئۇنۇت بولغان ئوچكەن پىراق ئوتلىرى،
تۇتاشتى ۋۇجۇدۇمغە ئاندىن بارى.
ئەلەم يۇزلەنىپتۇر ماتەم بىلە،
كېچە-كۈندۈز ئولدى ئىشىم ماتەم بىلە،،
نەچە كۈنگىچە ئورتەنىپ ئوشبۇ ھال،
چىكەر ئەردى ئازاردە جانىم مالال.
نە كۈندۈز كوگلىدىن چىقار ئەردى غەم،
نە كېچە يېتەر ئەردى ئويقۇ ھەم.
بۇ يەگلىغ كويۇپ ئورتەنىپ ھەر كېچە،
پىراق ئوتى بىرلە ياتىپ بىر كېچە.
يۇمۇلماي كوزۇم ئويقۇغە ھەر سەھەر،
ياتىپ ئەردىم ئولدەم قاشىمدا مەگەر.
بىراۋ ئوشبۇ ھالىمدىن ئاگاھ ئىدى،
مېنىڭ بىرلە كىم ئاندا ھەمراھ ئىدى.
ئاگا ھەم پۈتۈن ئويقۇسىزلىق يېتىپ،
ماگا ئويقۇ ئوچقاننى مەلۇم ئېتىپ.
ياتىپ ئىكەن ئولدەم چۇ بىلدىم ئانى،
دېپ ئەيدىم ئويقۇ ئىلتىمىش سېنى.
ماگا بۇ كېچە ئويقۇ كەلگەن ئەمەس،
مەگەر كوزلەرىم قادى ئويقۇنى بەس.
ئولار كىم پەلەك دەۋرىدىن قوزغالىپ،
بارىپ ئەردىلەر مېنى مۇنداق سالىپ.
ئولارنىڭ فىراقى بىرلە زارىمەن،
سەھەر ۋاختى بولدىيۇ بىدارىمەن.
غەم پىكىر بىرلە دىل ئاشىپتىمەن،
كوزۇمدىن ئوچۇپ ئويقۇ ئالىپتىمەن.
ۋاپاسىز پەلەك دەردىغە ئېتەمىد،
قىلىپ بولماس ئەرەش جاھاندىن ئۇمىد.

## جاھاننامە داستانىنىڭ بايانى

چۇ ئەۋۋەل ئاگلاپ ئەردىم مېنى پىكرۇ غەم،
پەرىشان قىلىپ ئىلتىمىش ئويقۇنى ھەم.

دېدى بىر ھىكايەت قىلاي شايەت ئول،
بولۇپ بائىس ئويقۇ كوزۇنگوزدا يىرل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپىپ قىلغايسىز ئىستىراھەت دەمى،
چىقىپ كوڭلۇڭىزدىن غەمى ئالىمى.
تەكەللۇمگە تىلدىن راۋان ئەيلىدى،
راۋان داستانىنى بايان ئەيلىدى.
كىم ئول زامانلاردا بىر شەھرىيار،
بار ئەرمىش تۇك ئاتى مۇلۇك شەھسىۋار.
كىلىپ شەھرى سىمىن ئاڭا پايتەخت،
توكوز تەڭرى بەرگەن ئاڭا تەختۇ بەخت.
ۋىلايەت دىنۇ ئەل ئولۇستىن كەمى،
يوق ئەردى جاھاندا نىمەدىن غەمى.
مۇسەخخىر ئىدى يەتتە ئىقلىم ئىلى،
خەزىنىسىدا ۋە يەنە ئەنىڭ ھاسىلى.
جاھان شاھلىرىندا ئۇنىڭ دولتى،
بولۇپ ئوتكەن ئەمەس ئىدى نوبىتى.
ۋەلى ئىككى يۈزگە يەقىن ياش ئاڭا،
يېتىپ بولمىغان ئىرۇر بىرى باش ئاڭا.
بۇ غەمدىن ئىچى تەبنە قان ئىدى،
ئوغۇلسىزلىق ئوتىدا بەريان ئىدى.
تىلار ئەردى ھەقتىن مەدام ئوغۇل ئىېزىز،
قويۇپ باشنى بەرگە بولۇپ قەترە رىز
قىلۇر ئەردى ئەيلەپ كېچىلەردە سەير،
تۇل، ئوكسۇككە پىنھان ئىھسانى خەير.
مەزارۇ مازارات تەۋقىغە يۇز،
قويۇپ سۇرتەر ئەردى يۇزىن يەرگە تۇز.
كى بەرگەي خۇدا بىر جىگەربەندە ئاڭا،
كى قالغاي جاھان ئىچرە پەرزەنت ئاڭا.
ئۇزى بارسا ئورنىدا ئۇ ئولتۇرۇپ،
تۇرسا چىراغىدىن بۇ ئەۋۋەل ياندۇرۇپ.
تۇتۇپ مۇلۇك ئەيشۇ سەرۋەر ئەيلىگەي،
ئۇنى كورسە ئۇ ھەيىۇ ھوزۇر ئەيلىگەي.
تەلەپ ئۇستىدە سىدقى چۇن بار ئىدى،
دىلۇ جانى بىرلە تەلەپكار ئىدى.
بولۇپ ئاخىرىلئەمىر ھەق لۇتپى يار،
ئاڭا بەردى پەرزەنت پەرۋەردىگار.
ئولۇس مۇستەھىقلىرىنى قىلدى شات،
ھەمۇل دەم قۇل - كېنىزەك قىلىپتۇر ئازات.
چۇ ئولدەم ئاتىنى ئاتاپ پادىشاھ،
كى ئاندىن كېيىن قويىدى فىرۇزە شاھ.

## مالىك زادە تۇغۇلۇپ سۇت ئەمىلگەندىن تا بالاغەتكە يەتكەن ھالى، تۇشىدە كورگەن چاھار باغ ۋە قەسىر زەر نىگار ئىچىندىكى مەشۇقىسىنىڭ خىيالى

سۇت ئەمگەندە سائادەت پايە بولدى،
تىلى چىققاچ ھۇنەر ھەم سايە بولدى.
تاپىپ نەشۋە ناما دولەت ئىچىندە،
يىگانە بولدى ئاز مۇددەت ئىچىندە.
كىچىك ياشىدا قامۇق فەنلارنى بىلدى،
كوپىن ئاز ئەقىل بىرلە نەھم قىلدى.
نە تۇردى بىر نەپەس، نە يۇردى بىر دەم،
تامام ئۇرگەندى بىلدى بارچە ئادەم.
گەھى قۇش قۇشلىماق كى ئوۋلىماقتا،
كىيىك ئاتماق، تۈلكى قوۋلىماقتا.
كېچە بولسا تەنەھھوم بىرلە مەشغۇل،
مەساھىبلار بارى مەئزۇنۇ مەقبۇل.
پەرى ئەۋساپ ساقىلار گۇل ئەندام،
تەبۇقچىلار سۇبۇك روھۇ دىلئارام.
مۇنەڭدەك خۇش كوچۇرۇپ ئومرىنى شات،
چىقىپ كېزەر ئىدى سەرۋەر ئازات .
خۇش ئەردى بىر كېچە ۋاقتى بىغايەت،
ئوتۇپ سوھبەت ۋە ھەر تۇرلۇك ھىكايەت.
كى ئوگەتتىلەر خوتەن رىبالىرىنى.
زامانە رۇمنىڭ رەنالىرىنى،
گەھى چىن خوپلىرىدىن سوزلىدىلەر،
كى ئوزبېكدىن پەرىلەر كوزلىدىلەر.
ئىتىپ ھەر بىرى بىر كەشۇرنى تەھسىن،
قىلا بىلمادىلار بىر يەرنى تەئيىن.
مالىك زادە بولۇپ خۇشۋەقت ھەردەم،
لىبى خەندان مەسەل سەل زۇلفى دەرھەم.

بۇ ھالەتتە خۇرامان بولدى ساقى،
مالىك زادىغە يەتتى دەۋىر ئاياغى.
ئاياق ئىلىپ ئىچەر ئىچمەس دە ئول شاھ،
كى ئۇيقىغە ئىبەردى ئۆزىنى ناگاھ.
ئاجايىپ باغۇ-بوستانلارنى كوردى،
غارايىپ قەسرۇ ئايۋانلارنى كوردى.
كى ئول قەسىر ئىچرە كوپ ئەرمىش پەرىلەر،
كى ئەيىپ نەقسىلەردىن دۇر بەرىلەر.
خۇسۇسەن ئولتۇرۇپتۇر بىر پەرىزات،
يۇزى ئاي، كوزى چولپان، قەددى شەمشات.
مالىك زادىنى قولدىن قولغا ئالدى،
پەرىلەر ئۆز شەھەر ئالدىغە سالدى.
كى تەكلىپ ئەتتى تەخت ئۆز رەشاھنى،
ئىرىتتى جەبھەسىدىن گەرد راھنى.
كى گەردەشكە كەلتۇردىلەر پىيالە،
قىلىپ نەي بىرلە چاڭ، تەنبۇرە نالە.
پەرى شاھى ئۇشۇلدەم تۇقتى بىرجام،
مالىك زادە ئەلىبان قىلدى ئاشام.
چۇ ئول مەيدىن بولۇپ ئان يىتىپ بىخۇت،
يىقىلدى يەرگە بولدى بودى نابۇت.
بىناگاھ ئۇيقىدىن بىدارە بولدى،
بۇرۇن كورگەنلىرىگە زارە بولدى.

## فىروزە شاھ ئۇيقىدىن بىدارە بولۇپ، تۇشىدە كورگەنلىرىنى ياد ئەيلەپ غەمكىن بولغانى

چۇ بىدار ئۇلۇپ ئۇيقىدىن ئولزامان،
تاپالماي ئول خوپلاردىن نىشان.
دىدى نە تۇش ئەردى، نە ئەھۋال ئىدى،
نە كوردۇم ئىشتتىمۇ، نە ھال ئىدى.
بۇ بىھىكمەت ئەرمەس مۇنى نىھان،
تۇتاي تا زامانكى بولغاي ئايان.
كورەي بارى تابۇنى تەئبىر ئىتەر،
ماڭا بۇ پەرى ۋەسلى قايدىن يىتەر.
نە مەنزىلدە ۋە قايدا ئۇچرار ماڭا،
سەبەب نە بولۇبان يىتەرمەن ئاڭا.
دىدىيۇ تەۋەككۇلغە بەردى كوڭۇل،
ۋەلى كوڭلىدىن چىقماس ئەردى بۇ گۇل.
خەبەردار ئەرمەس ئەردى ئاندىن كىشى،
ۋەلى بار ئەردى ياشۇرۇن نالىشى.
نە مۇندىن سەلىمۇ فىروزەراي،
خەبەردار ۋاقىپ ئىدى جۇز خۇداي.
ئۇلارغە چۇ بۇ زاھىر ئەتكەن ئەرمەس،
نە بىلىسون كىشىكىم ئىشىتكەن ئەرمەس.

## سەلىم فىروزە شاھىنىڭ خاراپ بولغانىن ئاڭلاپ فىروزەرايدىن سورغانى

ئايان ئولمىدى مەخسۇدى ھىچ،
نەچەكىم نىھان ساقلادى قالدى كىچ.
بۇ گىبز ھالى كۇندىن كۇن، ئولدى خاراپ،
تۇشە باشلىدى جانىغە ئىزتىراپ.
بۇرۇنقىدەك ئەل بىرلە ئۇيناپ كۇلۇپ،
مەئاش ئەتمەس بولدى غەمكىن بولۇپ.
سەلىم ئوغلىدىن سوردى بىر كۇن نەھان،
كى ئى غۇنچە، ئى گۇلىن باغۇ جان.
نە ھالەت تۇرۇر شاھ فىروزەم،
كىم ئەۋۋەلغىدەك لۇتپى ئەيلە كوزەم.
كورۇنمەي كورۇنىدۇ ئاشۇفتەراق،
كى تۇتقاي ئۆزىنىڭ پاناھىدا ھەق.
نە بار ئەل بىلە بۇرناغى ئىلىپتى،
نە ئەيشۇ تەنەئئۇم بىلە رىغبىتى.
نە خەندانۇ خۇشۋاقىت خۇشھال ئىرۇر،
نە ئەۋۋەلقىدەك چىھرىسى ئال ئىرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

غەمى بارمۇدۇر، غەم نىدىندۇر، نە يوق،
نە كوڭلى تىلەر سوزنى ۋە كورمەكنى نە يوق.
ئەنىڭ دولەتىدە بارى مەندە بار،
نىكەم كوڭلى ئىستەر تاپار سەدھازار.
ئاڭا دىدى ئى مېھرىۋان كارىۋان،
بۇ كىم پەم ئىتىپسىز ئاياندۇر ئايان.
بۇ غەم بىرلە مەن ھەم گىرىپتارىدەن،
بىلالمايىن مەن ھەم ئەپكارەمەن.
غەمى باردۇر ئەلۋەتتە خۇد يوق ئەمەس،
ۋەلى ھەر نەچچە كىم سورامەن دىمەس.

## سەلىم فىروزە شاھ ھالىنى ئاڭلاپ فىروزەراينى تەدبىر ئۈگىتىپ ئىبەرگىنى

دىدى ئى جىگەر بەندى فىروزە بەس،
قىلىپ تۇرۇر ئەلۋەتتە ئول بىر ھەۋەس.
سوراپ بىلگىل ئەلۋەتتە ھالى نىدۇر،
غەمۇ پىكرۇ روي خىيالى نىدۇر؟
بۇلاردىن چۇ ئەمەستۇر باشقە ھال،
غەمۇ پىكىر يادەر ۋە ئىرۇر با خىيال.
غەمۇ پىكرو ئولۇپ ھېچنىمە كەم ئەمەس،
ئەگەر ۋىردى باردۇر نە ئۈچۈن دىمەس.
خىيالى قىلىپ تۇرۇر ئەلۋەتتە ئول،
كىشىگە دىيەلمەيدۇر ۋە رەباتنى ئول.
سەن ئەۋۋەل ئەنىڭ بىرلە خىلۋەت قىلىپ،
بۇرۇن ھەر تەرەپتىن ھىكايەت قىلىپ.
گەھى مىسسىرۇ شامۇ ئىراقۇ ھەرى،
خىتايۇ خوتەن خوبلىرىدىن بەرى.
گەھى چۇر گاھى پەرى سارىدىن،
جاھان شوخ رەنالىرى سارىدىن.
بىرار - بىرار ئەيلەپ ھىكايەت نەزەر،
قىلىپ كوركىم ئەيلەر نە يەردە ئەسەر.
ئوشول يەرگە يەتكەندە بىئىختىيار،
سىراپ قىلىپ دەر ساڭا ھەر نە بار.
دىدىيۇ ئىبەردى بۇ تەدبىر ئىلە،
غەمنى ئاڭلىغاي تا بۇ تەزۋىر ئىلە.

## فىروزە خىلۋەت قىلىپ ئۇلتۇرۇپ غەمىنى ئەيتقانى

چۇ فىروزەراي ئول سۆپەت راي ئىلە،
قوپۇپ بار سادەرۇ غەمى نە بىلە.
بۇ يەتكەندە فىروز شاھ ھەزىن،
قىلىپ خىلۋەت ئۇلتۇرغان ئىكەن غەمكىن.
ئۇز - ئۇزى بىلە، ئەيتىشىپ قىسسەسىن،
ئىچىندە نىھان ساقلىغان غۇسسەسىن.
كى نەچچە بۇ غەمنى ئىچىدە تۇتاي،
نەچچە پىكىر ئەندۇھ بىلە قان يۇتاي.
ئىچىم تولدى، تاشتى بۇ غەم بىلە،
دىمەي مۇنى بىر يار ھەمدەم بىلە.
يىتىشتى بۇ ھالەتتە ئەپرۇزەراي،
دىدى ئۇلتۇراي مەھرەمۇ دىلكۇشاي.

## فىروزە راي فىروزە شاھقە سىرىنى ماڭا ئەيتماسىن دەپ گىلە قىلغانى

چۇ ئۇلتۇرۇپ فىروزە شاھ قاشىدا،
غەمۇ غۇسسىدىن كوردى كوز ياشىدا.
دىدى ئى شاھىنشاھ رويى زىمىن،
ناغۇ بۇ سۆپەت ئۇلتۇرۇپسەن غەمىن.
نە كەمدۇر، نە يوقتۇر نەدۇر ئارزۇ،
نە ئۇچۇندۇر دەر تىرەلىك غەم زاغۇ.
نىچوك ئەيشى ئىتەي دىسەڭ ئەسباپچەم،
نە كەم خاتىرەڭ ئىستەر ئەھباپ جەم.
بارى سەرۇ قامەت بىلىك ئوغلانلىرى،
گۇل سۇرۇخ يۇزلۇك يىگىتلار بارى.

تۇرۇر جان بىلە خىزمىتىڭ تىلەپ،
قىلۇر خىزمىتىڭ دولىتىڭنى تىلەپ.
ۋەگەر بولسا مەھبۇپ زىبا ھەۋەس،
پەرى چېھرىلىك شوخ رەنا ھەۋەس.
شەھ مىسرۇ شامۇ ئىراقۇ ھەرى،
بۇخارا، سەمەرقەنت، ۋە چىندىن بەرى.
دىساڭ قايسى شەنىڭ قىزى نىسبىتىن،
نە مەنئى دۇر ئى شەھ ئەيتساڭ ئاتىن.
بىلىپ خان بىلەن كۇشىش ئەيلەپ ئانى،
سىنىڭ خىزمىتىڭغە كەلتۇرسەك قانى.
غەمىڭنى كىشى بىلسە بولمايدۇرۇر،
بىلا ئالماي كىشى قىلسە بولمايدۇرۇر.
ئىشىڭ ئەيشۇ ـ ئىشرەت بىلە قالمادى،
سوزۇڭ ئەل سوھبىتى بىلە قالمادى.
ئادۇقۇشقە ئاتلانماغىڭ ھەر تەرەپ،
بولۇپ بارادۇر جەمىيەت بىر تەرەپ.
جامالىڭ گۇلى سارغىيىپ بارىدۇر،
دىمەيسەنكى بۇ غەم كانى جارىدۇر.
ئەگەر ھەر كىشىگە دىمەك مەسلىھەت،
ئەمەس ماڭا دىمەسكە نەدۇر جەھەت؟
كى مەن بار ئىدىم مۇتتەسىل مۇھەررىمىڭ،
بىلە پۇتكەن، توراغان ھەمدىمىڭ.
نە بولدىكى بولدى نىھانە سوزۇڭ،
ئىنايەت بىلە كورمىگەندەك كوزۇڭ.
ئۇمۇدىم ئەمەستى سەندىن پۇتۇر،
كى جانىمغە قىلغانسەن ئاخىر پۇجۇر.

## فىروزراي گىلە قىلغاچ، فىروز شاھ تۇش كورۇپ، ئۇن ئىشىتىپ، ئاشىق بولۇپ ئويغانىپ، تۇشىن ياشۇرغانىنىڭ سەبىبىنى ئەيتقىنى

چۇ مۇنداق گىلە قىلغاچ ئول نىك خۇۋاھ،
خىجالەت تاپىپ شاھ فىروز شاھ.
دىدى كەلگىل ئى مېھرىبان ھەمدىمىم.
ۋەئى ئالدىڭدا ئەمدى نىھانە غەمىم.
بۇ يەڭلىغكى ئاشىفتە ۋە خەستەمەن،
كورۇنمەس بەلايىغە دىل بەستىمەن.
نەچە كۇن نەھان ساقلادىم ئىچىمدە غەم،
ھەزىن جانىمە ئاشتى ئاتچە ئەلەم.
سەنۇ كىم ماڭا مۇھەررەم راز ئىدىڭ،
نە يەڭلىغ ئىشىم بولسە دەمساز ئىدىڭ.
ئارامىزدا يوق ئەردى ئىش ياشۇرۇن،
نە ئىش بولسە بىر بىرىمىزدىن بۇرۇن
دىشۇر ئىدۇق ياخشىيۇ كەرىمان،
ئارامىزدا سوز قالماس ئەردى نەھان.
بۇ سىرىمنى سەندىن نەھان ئەتمىكىم،
سىنى مۇنداق ئازاردا جان ئەتمىكىم.
ئەنىڭ ئۇچۇن ئەردىكىم دەرلەر كىشى،
كورۇپ ۋاقىئە زاھىر ئەتكەچ ئىشى.
تاپىپ روناق ئول ئىش ئاچىلماس ئىمىش،
تەلەپكار ئەل ئول ئىشنى قىلماس ئىمىش.
ئەچىلماق ئوتۇپ ئوتتى جانغە ئەلەم،
ۋۇجۇدۇمنى باشتىن ئاياغ تۇتتى غەم.
ئەزەلدىن ئەتىڭدۇر چۇ فىروزراي،
كورەيكىم ماڭا كورستەرسەن نە راي.
دىدى ئېيتتى بارى ھالىنى،
بارى كورگەن، ئىشىتكەن ئەھۋالىنى.
ۋەلى ئول پەرىزات دىلدارىنى،
كورەلمەيىن چەككەن ئازارىنى.
دەپ ئەيتىپ تۇگەتمەيىن ئارمانىنى،
سالور ئەردى ئوتقە ھەزىن جانىنى.

## فىروزراي فىروزە شاھنىڭ تۇش كورۇپ، ئاشىق بولغانىنى بىلىپ نەسىھەت قىلغانى

چۇ فىروز بىلدىكى فىروز شاھ
كورۇپ ۋاقىئە بولمىش ئەندۇھە خۇۋاھ.
ئەيتتىكىم ئى شەھرىيار جاھان،
يامان كوزدىن ئولسۇن ئول جامالىڭ نەھان.

بۇ يەكٔلىغكى ۋاقىئە بولۇپتۇر ساكٔا،
نەسىبە يۇزى ئورۇلۇپتۇ ساكٔا.
جامالىنى كورسەتسە ئەردى ھەبىب،
يەقىندا كورەر ئەردىك ئۇشبۇ نەسىب.
بۇ كىم يۇزىنى كورماي ئول يارنىڭ،
سىينى زار قىلغان دىل ئازارنىڭ.
ئاچىلمىش كوزۇڭ ئۇيقىدىن ئۇن بىلە،
قالىپسەن بۇ ھالە دىگىر كۇن بىلە.
نە ئىمكان خۇۋا ئەلبەتتە رەھمانەدۇر،
بۇ شاھزادە فىروزىنىڭ جانەدۇر.
نەسىب ئولماي ئاخىر نەئىمكان بار،
تىلەگەي كىشى مۇنى تال جانى بار.
ۋەلى ئالەم ئەھلى ئاراسىغە بۇ،
تۇشۇپ قىلماسە ياخشى بولغاي غەلۇ.
كى ئالەمدۇر ۋە بارچەدىن باردۇر،
يامان، ياخشى دىگۇچى بىسياردۇر.
كىشى تۇش كورۇپ تۇشىگە خۇرسەند ئولۇپ،
تۇشىندەكى دىلبەرغە دىلبەند ئولۇپ.
جاھان لەززەتىن كامىغە تەلخ ئىتىپ،

ئوزۇب ئەلدىن ئىلپەت ئوزىدىن كىتىپ.
نە ئىشدۇر بۇ ۋۇجۇدنى سەۋدا دىگەي،
نەچە بولغاي ئولكىم بىلىپ غەم يىگەي.
تەھەممۇل قىلىپ سىرنى نەھان تۇتۇپ،
نەچە بولسا خونابە ئىچىدا يۇتۇپ.
بۇرۇنقىدەك ئەل بىرلە ئويناپ كولۇب،
تۇزۇب ئەيشۇ بەزمىنى خەندان بولۇب.
گەھى ئاتلانىب ئوۋغەكى قۇش سالىب،
ئىنايەت بىلە خەلق كوكٔلىن ئالىب.
كوكٔۇلنى تەنەئئەمغە مەشغۇل ئىتىب،
تەنەئئەم بىلە غەم يولىن بەركىتىب.
كىشىگە بۇ ھالەتنى بىلدۇرمەيىن،
كىشى پەھمىغە پەھىم قىلدۇرمايىن،
تەھەممۇل بىلە ئەيشى سۇرمەك كىرەك،
سالىپ تەكٔرىگە ئىشنى كورمەك كىرەك.
كى ھەقتىن نىسىپ ئولغان ئولسا ئول ئاي،
مەھەللىدا كورسەتكۇسىدۇر خۇداي.
نە غەمۇ نىچە غەم بىرلە ئوزىن خاراب،
قىلىپ شاھىم ئەتمەك كىرەك ئىزتىراب.

**فىروز شاھ فىروز رايغە: سىرنى كىشىگە ئەيتما، ئاتاڭٔغە ئەيت، مالىككە ئەرز ئەتسۇن، ئوۋغە ئاتلانىب چىقسەلەر كىيىك ئاتقۇلاب كوكٔۇل ئوۋلىساق، دىگانى**

بۇ يەكٔلىغ دىگەچ ئاكٔا فىروزراي،
ئەيىتتى بەس ئى ھەمدەم دىلكۇشاي.
دىدىم بۇ ئىشنى ساكٔا سەن بىلۇ بەس،
كىشى سەندىن ئۇزگە ئىشتكەن ئەمەس.
تەھەممۇل قىلاي پىششھۇ سەبرى ئىتەي،
كوكٔۇل ئويىنى غۇسسىدىن بىر كىتەي.
ۋەلى سەن داغى تۇت مۇنى ياشۇرۇن،
ئاتاڭ سورىسا ھەم قىلما زىنھار ئۇن.
مۇنى ئەيت ئاتاڭٔغەكى شاھزادە دەر،
ئىرۇر شەھەر بىسيار دىلگىر يەر.

شەئىلىندا ئەرز ئەتسە كىم شە ئۇزى،
ئەگەر قىلسەلەر مەيل سەھرا يۇزى.
بەغايەت لەتىپۇ خوش ئايەندەدۇر،
كوكٔۇلكىم گىرەدۇر كۇشايەندەدۇر.
نەچە ۋاقت سەھرا نەشىن قىلسەلار،
غەززال ئوۋلابان لالەچىنىن قىلسەلار.
ئەگەر بىلسە كىم شاھ بىمەيل ئىرۇر،
قوشۇب ئەلنى بىرگە ئىجازەت بىرۇر.
بارىب نەچە كۇن يۇرۇب ئوۋ ئوۋلاساق،
كىيىك ئاتقولاشاق، قولان قوۋلاساق.

**فىروزراي سەلىۋ ۋەزىرغە فىروز شاھنىڭ ئوۋ مەسلەھەتى قىلغانىنى ئەيتقانى**

بارىب چۇن ئاتاسىغە فىروزە راي،
دىدى كوردى شاھزادە بوتۇر راي.

كى سەھرا يۇزىدۇر گۇلۇ لالەزار،
كوكٔۇلدىن غەم ئىلتۇرۇر، كوزدىن غۇبار.

چىقىپ شاھۇ شەھزادە ئەل بارى،
تۇتۇپ كوھۇ سەھرا يۇزىن ھەرسارى.
تاماشا ۋە ئەيشۇ سەرۋەر ئەتسلەر،
كوكۇل ئىستىگەندەك ھوزۇر ئەتسلەر،
ئولۇسنى گاھى ئوۋغە تارقاتسەلەر،
ھەۋەسلىك يىگىتلەر كىيىك ئاتسەلەر.
نەچە شەھەر ئىچىدە بۇتۇر ئولتۇرۇب،
كوكۇللەر ئىچىلسۇن ئىلە تەڭ تۇرۇب.
ئەگەر شاھ ئوزى چىقمسا ئاتلانىپ،
بولۇرمۇ بارىب كەلسەك ئوۋلاب يانىب.

## سەلىم مالىككە فىروز شاھنىڭ ئوۋ ھەۋسى، قىلغانىن ئەيتقانى، مالىك ئوۋ جارى قىلدۇرغانى

سەلىم جاھان دىدەخوش ئىشتىب،
خىيالىدا ئوۋلارنى تەئيىن ئىتىب.
شە ئەلىندا يازىب چۇ ئەرزۇ ئەيلادى،
ئوزى بارماغىن شاھ فىروز ئەيلادى.
كى نە ئۇچۇن ئوزۇم بارماي ئەنىڭ بىلە،
يۇرمەي جامالىن تەفەررۇج قىلە.
بۇ يەرگە يىتىب ھاسلىم ئولدۇرۇر،
كورەر كوزۇ جانۇ دىلىم ئولدۇرۇر.
ئەنىڭ بىرلە ئالەمدە خۇرسەندمەن،
ئەنىڭ بىرلە يەر يۇزىدە بەندەمەن.
يوق ئەرسە ماڭا ئانسىزىن نە ھايات،
قالىب ماڭا تەڭ تىرىگلىكتىن ئاد.
ئولۇب ئولمان ئول‌گەر سالامەت دۇرۇر،
تىرىگلىك ماڭا ئانسىز ئاپەت دۇرۇر.
يىغلىسۇن ئولۇغۇ كىچىك خاسۇ ئام،
يىبەرگىل تەۋاچىلار ئىلگە تامام.
سەلىم جاھان دىدە ئولدەم چىقىب،
مالىك ئالدىن شادۇ خۇررام چىقىب.
تەۋاچىلار ئەتتى راۋان ھەر سارى،
كىم ئوچ ئايلىق ئەيلاب ياراغ ئەل بارى.
يىغلىسۇنكى شەھزادە فىروز شاھ،
چىقار ئوۋغە ھەم شاھى ئالەم پاناھ.

## مالىك ۋە فىروز شاھنىڭ ئوۋغە ئاتلانغانى، مالىكنىڭ فىروز شاھنىڭ چابۇكلىقىغە قوۋانغانى

تەۋاچى يۇرۇپ ئەلگە چۇن جار ئىتىب،
بارى ئەلگە جارى تەۋاچى يىتىب.
يىغلىب ئولۇس ئاتلانىب چىقتى شاھ،
جاھاننىڭ يۇزىنى تۇتتى خىلۋە سىپاھ.
كى چۇن بولدى بىر دەفئە شەھزادە بىرلە سۇۋار،
ئەجىب زۇلفۇ سۇنبۇل يىگىتلەر ھازار.
چىقىپ ئەردىلەر ساچراتىب ئىلگارى،
بارى بىر قۇراملىق بىلىك ئوغلانلىرى.
خىجالەت تىپىپ سەبزۇ لالەزار،
ئاياق ئاستىدا قالدىلار خاكسار.
بارىغە نەزەر ئەيلىسە شەھرىيار،
بارىدىن ئىرۇر ئوغلى چابوكسۇۋار.
نىچۇككىم ئىرۇر ھوسىندە پاكراق،
ئىرۇر پاكدىن جۇستۇ چالاكراق.
قوۋانىب جىگەر بەندىغە ئولزامان،
قىلىپ شۇكرى پەرۋەردىگار جاھان.
دىدى باراتتىڭ تاڭلا ئاد ئاۋلالى،
كوكۇللەر مىرادچە قوش قوۋلالى.
كىيىك ئاتقۇلاب بولسا فىروز شاد،
شىكەستە كوكۇللەرگە ئولدۇر مىراد.

## مالىك ئاۋنى ئىھتىمام قىلىپ ئارادىن كىيىك ئۆتكازمىسۇنلار دەپ تۇتقە قىلغانى

تاپىپۇ ئولۇس كەلدى چۇن جەمى ئولۇب،
چىرىك قالدى سەھرا يۇزىگە تولۇب.
يورۇتتۇردى بۇڭا قالىكىم ھەر كىشى،
دىسا كىم تاپار روناق ئارتىب ئىشى.
تۇزۇك چىركالاب چىركىدىن قالماسۇن،
قىلىب جەھەد ئارانى ئاچۇق قويماسۇن.
ئاراسىدىن ئۆتكەزسە ھەر كىم كىيىك،
مۇنى جەزىم بىلسۇنكى قالماس تىرىك.
نەچە تەربىيەت قىلغانچە بولسە ئول
بىرىپ شەھەر ئولۇس ئەھلىگە نىمە بولسە ئول.
كىيىك ياندا پارە قىلغۇم دۇرۇر،
ھەمۇل لەھەز ئەۋۋارە قىلغۇم دۇرۇر.

## فىروز شاھىنىڭ ئالىدىن كىيىك ئۆتكانى، ئەنىڭ قوۋلاب بىرىب تۇش كورگان چاھار باغنى تاپغانى، پەرىزادلار ئەنى كوشككە ئەلىب پەرىزاد رەئنا قاشىغە كەلتۇرگانى

چۇ مۇنداق قىلىب ھوكۇم ئىتىب ئىتىپاق،
يىباردى ئوتۇ ھەر سارى بەش قوناق.
ئارا ئۇزمەيىن ئەل يۇرۇب سەربسەر،
نە دەشتۇ، نە سەھرا، نە كوھۇ كەمەر.
يىغىپ ھەر ساردىن سۇرۇپ كەلدىلەر،
جاھانىڭ قىزىغىن تۇرۇپ كەلدىلەر.
نىكىم بۇ باياۋاندا جاندار ئىدى،
چىقا ئالماي ئورتىدا زار ئىدى.
يىغىلىب تىمەنۇ مىڭ كىيىك ھەر تەرەب،
تۇزۇپ تۇرۇپ ئەردى نەچە يەر دەسسەپ.
كى ناگا ئۇلاردىن بىرى ئايرىلىب،
ئوتەر سويىن ئەيلەب ئورۇنۇپ كىلىب.
ئۇتەلمەي ئەل سىپاھ ئالىدىن،
كىلىپ ئوتتى فىروز شاھ ئالىدىن.
بۇ ۋاقىئەنى چۇن كوردى فىروز شاھ،
كىيىك ئالىدىن ئوتتى تۇتتى راھ.
سوڭىغە تۇشۇب ئاخىر يەقىن،
يىتىپ كورسە بىر جانۋار نازىنىن.
كى ھەر لەھەز بىر رەڭ زىبا بىلە،
كوزىگە كورۇنۇپ قاچار تاب ئىلە.
باقار ئورۇلۇپ ھەر زامان شاھغە،
كىزى تەلمۇرۇب شاھ دىلخۋاھغە.
ئەلىب ئەردى ئاتماق ئۇچۇن ياغە ئوق،
دىدىكىم نە يەئنى بۇ رەئناغە ئوق.
ئاتىب ئەيلەگەيسەن مۇنى خەستە ھال،
كى ئالەمدە بولماس مۇنىڭدەك غەززال.
قىلىب ھەلقە بويىنغە زەررىن كەمەند،
سالاي تا تۇتۇلغاي ماڭا بىگزەند.
دىدىيۇ كەمەندىگە ئۇردى ئىلىك،
كەمەند ئولغۇچ ھەلقە سۇردى كىيىك.
ئەردى تووۋاغ شاھنىڭ رەختىسىدىن،
كورۇپ قالدى شىبەھتەك ئۇنىڭ نەقشىدىن.
بوكىز تۇندى بولدىكى تا يەتمەيىن،
يىتىپ بويىنەنى ھەلقە بەند ئەتمەيىن.
نە ئىمكانكى مۇندىن سالىب يانغايمەن،
مىگەر تۇتسام ئانى ئىلىب يانغايمەن.
ئاتىن قامچىلاپ قاۋدى قاۋغانىچە،
كىيىك ھەم قاچىب باردى بارغانىچە.
نەچە كىم سۇرۇب ئىتى ئىلداملادى،
كىيىك داغى ئانچە يىراق چاملادى.
ئارادا نەچە دەشت سەھرا قالىب،
كىيىك شەنى ئول يەرگە كەلدى ئىلىب.
كى بىر كوھى زەررىن يەكبارەئى،
باشىدىن ئاياق ئىلە ھەمراۋئى.

كى قونماق ھەۋەس قىلسە ئاندا مەگەس،
قونۇپ توختىماغلىق مەلۇم ئەمەس.
يۇقارى نەزەر قىلسا كوز يەتكۇسىز،
ئۇنىڭ ئۇستىيۇ كۆكنى پەرق ئەتكۇسىز.
ئوق ئاتسا يىتەر يەرگىچە زىنەپا،
تۇشۇب ئاندا دەرۋازەئى دىلكۇشا.
يىتىب چىققاچ ئول زىنەپادىن كىيىك،
جىلاۋى چەكتى شەھزادە تاشلاب ئىلىك.
كىم ئايا بۇنى جايۇ مەنزىلى دۇرۇر،
مگەر مۇددىئا مۇندا ھاسىل دۇرۇر.
دەب ئاتتىن توشۇب زىنەپاغا قەدەم —
قويۇپ ئەردىكىم يەتتى فىروز ھەم.
ئىزىدىن مالىك زادىنىڭ قالمايىن،
يەنە ئۇزگە سارى نەزەر سالمايىن،
كورۇب ئانى شەھزادە خۇشھال ئولۇب،
ئالىب كوڭلى قۇۋۋەت خۇش ئەھۋال ئولۇب.
ئاڭا دىدى ئى ھەمدەم باۋاپا،
يەنە مۇندا ھازىر بولاي مەن ساڭا.
سەن ئوشۇندا تۇر، مەن چىقىب ھالىنى،
تۇشەي كورۇب بىلىب ئەھۋالنى.
قەدەم قۆيدىيۇ چىقتى دەرۋازىغە،
سائادەت ئىشكى بۇ گۇلۇ تازەغە.
ئاچىب كىرگەچ ئوق سالسە كوز ھەرقايان،
مۇئەييەن ئىرۇر بۇ ئوشۇل گۇلستان.
كى تۇشدە كورۇب ئۇنى ئىشتىب،
بولۇب ئەردى بىدار ئۇزىدىن كىتىب.
قەلىبۇ ھەم ياز بۇ ھەم تۇش بولۇپ،
مەن ئويغانمايىن يانى ناخۇش بولۇپ.
دىب ئىلگىرى قويغاچ قەدەم ئول راۋاق،
كۆرۇنۇپ كوزىگە ھەم ئايۋانۇ تاق.
پەرىزاتلار جەمى ئولۇب ئالىغە،
راۋاق ئۇستىدىن ئورۇلۇپ ئالىغە.
توشۇب ئىلىك-ئىلىككە ئېلىپ راۋان،
راۋاق ئۇزىرە چىقتىلار ئالىب خۇشان.

**فىروز شاھ پەرىزاد رەئنانى كورۇپ بىخود بولغاندا، پەرى باشى ئۇستىگە كىلىپ، ئەنىڭ باشىنى قوينىغە ئېلىپ، تەختتە بىلە ئولتۇرۇپ مەجلىس تۇزگانى**

ئالىب ئانداكىم ئول پەرزاد ئېيدى،
كوردىلار ئول سەرۋە ئاۋاد ئېيدى.
چۇ شاھزادە كىردىيۇ قىلدى نەزەر،
راۋاق ئىچرە ھەريان پەرىزادلەر.
بارى سەرۋى قامەت، بارى گۇلئۇزار،
بارى زۇلفى مىشكىنلىرى مىشكبار.
ۋەلى يۇقارى باقسە بىر سەرۋەناز،
كىشى ئاڭا يۇز قاتار جان بەرسە ئاز.
قىلىپ جىلۋە تەخت ئۇزرە يۇز ناز ئىلە،
تەكەللۇم قىلىپ نازۇكۇ ئاۋاز ئىلە.
بولار بىرلە ئوي گۇلشەن ئول گۇل بولۇپ،
بولار بارچەسى ئاڭا بۇلبۇل بولۇپ.
ئانىڭ ئالىدا جامۇ گۇلگۆن چىكىب،
بارىسى ئۇنىڭ ھۆسنىگە كوز تىكىب.
ۋاپاسى ئۇنىڭ بارىنىڭ جانىدا،
بارىسى ئۇنىڭ ئەمرۇ پەرمانىدا.
قويۇپ ھەر سارى سەندەل زەرنىگار،
تاپىب ھەر بىرى ئوز جايىندا قارار.
ھەزىن نالە بىرلە خوش ئاۋازلار،
قىلىب نەغمە ئول نالە دىلسازلار.
بارى نىشائى بىرلە سەرەنداز ئىدى،
ئەنىڭ نىشائىسىدىن سەرەفراز ئىدى.
نەزەر قىلغاچ ئول سەرۋە رەئناغە شاھ،
ھەزىن جانىدىن تارتىبان ئوتلۇق ئاھ.
يىقىلدى ئۇزىدىن بېرىپ سارغايىب،
قوپۇب ئول پەرى باشى ئۇزرە بارىب.
ئېلىپ باشىنى قوينىغە ئىلكىنى،
سالىب قوينىغە بوينىغە ئىلكىنى.
دەر ئەردى نە بولدىكى بۇ نامراد،
كورۇب بىزنى قالماي مۇڭا ئېقىل ياد.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىقىلدى ئۇزىدىن بارىب سارغايىب،
بىزنىڭ مۇلكىمىزدە توشۇپتۇر غېرىب.
قىلىب مېھرىۋانلىق گۇلابۇ ئەتىر —
سېپىب يۈزىگە، كوكسىگە دىلپەزىر.
كوز ئاچسا ئۇزىگە كېلىپ شەھرىيار،
ئالىب قوينىغە باشىن ئۇل گۇلئۇزار.
قىلۇر مېھرىۋانلىقنى غەمخۇۋاردەك،
نەچە يىل بىلە بولغان ئۇز ياردەك.
بۇ ھالەتنى كورگەچ قىلىب چەھرە زەرد،
يەنە باردى ئۇزدىن چېكىب ئاھ سەد.
كى بۇنە سائادەت دۇرۇر تۇش ماڭا،
بۇ ئويغاغلىق ئەركەنمۇ يا تۇش ماڭا.
نەچە مۇنداقكى ئۇزدىن بار بىكىي كىلىب،
ئاڭا گۇلدەك ئۇل نازىنىن ئاچىلىب.

تۇتۇب ئەلكىدىن ئۇل بۇ ئاخىر قوپىزىب،
تەۋازۇئ يۈزىدىن ئاياغىن ئوپۇب.
ئىككۇلەن بولۇب تەخت ئۇزرە ھەم نەشىن،
بارى شوخلار ھەر تەرەب نازىنىن.
پەرىزاد ئىتىب ھوكۇم بىر گۇلئۇزار،
قوپۇب تۇتتى جام مەيىئى خۇشكىۋار.
پەرىزاد ئېلىب تۇتتى شاھزادىغە،
ئەلىب جان بىرە يازدى ئۇل بادىغە.
چۇ بىر نەچە پەيدەر-پەي ئولغاچ ئاياغ،
چىقىب بادە باشىغە قىزدىتتى دىماغ.
تىلەر بولدى ھەرلە ھەز كىم شەھرىيار،
پەرىزادنى ئەيلىگەي دەر كانار.
ۋەلى ناز ئىتەر ئەردى ئۇل سەرۋە ناز،
پەرى قىزلىرىدىن قىلىب ئىھتىراز.

## پەرىزاد فىروز شاھغە ئەسلى ۋە نەسەبىنى، بۇ مەنزىلدە بولغانى جەھەتىنى ۋە شەرتلىرىنى ئەيتقانى

چۇ كوردىكى شاھزادىغە ھىچ تاب،
توشۇب كۇلسە تا باشلىدى ئىزتىراب.
دىدى ئاڭلىغىن مۇنى ئى شەھرىيار،
بۇ گۇلچېھرىلەر كىم ھوزۇرۇمدا بار.
پەرى قىزلىرىدۇر بارى مۇنداغى،
ھەمىشە بۇ يەڭلىغ پاراغەت داغى.
ئاتامدۇر پەرى خىلىنىڭ سەرۋەرى
ھاۋا خۇۋاھىدۇرلار ئاتامىنىڭ بارى.
ئىرۇر شەھرى زەررىن ئاڭا پايتەخت،
ئۇزىنىڭ مۇبارەك ئاتى تاجۇ بەخت.
ئانامىنىڭ ئاتى ماھروي زەررىپ،
يوق ئانداق جاھان ئىچرە زات شىرىپ،
ئاتالار مېنى ناز بۇ سەرۋە ناز.
سۇرارلار شەلار ئالىمدا روي نىياز.
ئاتام ھەلمى بىرلە بۇ مەنزىل بولۇپ،
مېنىڭ خاتىرەم مۇندا مايىل بولۇپ.
بۇ گۇلشەننى دەرلەر ئارامى گۇلشەنى،
چىكىپتۇر مۇنۇنىڭ خۇشھاۋاسى مېنى.

توشۇبمەن ئاتادىن ئانادىن يىراق،
ئۇلار بىرلە مۇنداق قىلىب ئىتتىپاق.
كى ھەر شاھۇ شاھزادە خۇش سىۋەر،
ۋىسالىمدىن ئولماق تىلار با دەۋەر.
بۇ مەنزىلگە كىم مۇددىئاكى كەلتۇرۇر.
بار ئۇچ شەرتىم ئەۋۋەل بىجا كەلتۇرۇر.
مەن ئەنىڭ مەنۇ تاجۇ تەختىم ئەنىڭ،
نىكەم ھاسىلۇ بەختۇ رەختىم ئەنىڭ.
پەرىدىن نەچە شاھۇ شاھزادىلار،
يۈزى گۇل، قەددى سەرۋە ئازادىلار.
ۋىسالىم ھاۋاسىدا ئۇرتەندىلەر،
بۇ ئۇچ شەرتىنى ئۇتمەيىن ياندىلار.
ۋەلېكىن سەن ئادەم شاھ ئوغلىسەن،
ئىرۇر ئادەم ئوغلىدا بىسيار پەن.
دىسەڭ شەرتلەرنى بىجا كەلتۇرەي،
سېنى ھەم قىلاي ئىمتىھان كورەي.
دىدى: ھەرنە شەرتىڭ بار ئى نازە بوي،
دىگىل ھەق سائادەت سارى بەرسە رۇي.

بىجا كەلتۈرۈپ بولغان كامران،
ۋىسالىڭ گۈلۈستانىدا شادمان.
دىدى شەرت بۇدۇركى ئۈچ قەترە مەن
ئويۇقلار مەن ئولتۇرۇب ئۈچ قەترە سەن —
ئاتىمنى تۇتۇپ قاتىغ ئۇن قىلمايىن،

بويۇمغە ئىلكىڭ يەقىن كەلمەيىن،
مېنى بىر لەتاپەت بىلە ئويغاتىپ،
مۇشان ئەيلىسەڭ شۇئەئى كورسەتىپ.
هەر ئۈچ شەرتكىم بار بۇ هالەت دۇرۇر،
نەمەنىئدۇر ئەمدى كى پۇرسەت دۇرۇر.

## پەرىزادنىڭ شەرت ئويقۇسىغە بارغانى، فىروز شاهنىڭ ئىلهام ئىلاهى بىلەن تەختنىڭ هەسبۇ هال سورغانى

چۇ ئولدەم كۈنى ئاخشام بولۇپ ئەردى جەمىئ،
ئىجازەت ئىلىب باردىلەر كەلدى شەمىئ.
پەرىزات ئويقىغە سالدى ئوزىن،
مەلىك زادە ئولتۇروب كورۇپ يۈزىن.
تەپەككۈر بىلە كىم نە ئىش كورستاي،
نە پەن بىرلە بۇ شوخنى ئويغىتاي.
ئىنايەت قىلىب خالىق زۇل جەلال،
خىيالىغە يەتكۈردى مۇنداق خىيال.
كى بۇ تەخت زىباكى بۇ ناز بوي،
ياتىپتۇر ئەنىڭ بىرلە قىل گۇفتىگوي.
خىيالىغە كەلگىنى خىيالى ياقىپ،

دۇرست ئولتۇردى تەخت سارى باقىب.
ئەيتتىكىم ئى تەخت پىرۇز بەخت،
ئىنايەت قىلىپ هەق سېنى قىلدى تەخت.
پەرىزاد ناز ئويقىسىغە باقىپ - باقىپ،
ئولتۇرۇپمەن توشۇب ئەش غەرىپ.
دىل ئويقۇدا تۇن بىغايەت ئۇزۇن،
سەن ئەمدى ئۇنى غەمىن يالغۇزۇن.
جاهاندىن تىلار ئەيلادىڭ سەرگۈزەشت،
يېرىڭ بورنا باغ ئەردى يا كېهى دەشت؟
نە هالۇ نە تەقەررىپ ئىلە بۇ سۇپات،
تۇشۇب مۇندا بولدى ساڭا تەختۇ ئات؟

## تەخت هال تىلى بىلە فىروز شاهنە سەرگوزەشت هالىن هىكايەت قىلىپ، فىروز شاهدىن كەلگەنىن سۇئال قىلغانى

بېرىپ قۇدرەت ئولدەم ئاڭا زۇلجەلال،
دىدى هال تىلى بىلە ئەرزۇ هال.
كى ياخشى سۇئال ئەيتىڭ ئى شەهرىيار،
دىن ئەرزۇ هالىمنى بول هۇشيار.
مېنىڭ هەم ئىچىمدە پاراۋان ئەلەم،
پەلەك جەۋرىدىن ئەردى نىتەي بۇ دەم.
مەن ئەۋۋەل ئىدىم مىسر سەهراسىدا،
بىرەر ئىلدىزىم نىل دەرياسىدا.
تۇتۇپ هەر يانىم بىر ياغاچ سەبزە دەشت،
بارى ئىشرەت ئەهلىگە ئول جاي گەشت.
توپەمدە توشۇب يانە پۇر چەشمە سار،

تۇتۇپ هەريانىمنى گۈلۈ لالىزار.
يىگىتلەر كېلىپ ئاندا جەۋلان قىلىپ،
باهار ئەۋۋلى كۆي غەلتان قىلىپ.
گاهى ئولتۇرۇپ بادە نوشان ئولۇب،
بولۇپ مەست سايىمدا غەلتان ئولۇب.
بارۇر ئەردىلەر ئەيشۇ ئىشرەت قىلىپ،
دەمى خوش كورۇپ خوش پاراغەت قىلىپ.
كامالىمغە يەتكەندە هەرسارى ئوتۇپ،
يۇز كىشىگە تىگەر ئەردى سايەم توكۇب.
هەر ئوتكەن مۇئەززەم جاهان شاهلىرى،
كىلىب نەچە قانلا بەهەم شوكرى،

www.uyghurkitap.com

توپەمدە توشۇب ئىستىراھەت قىلىب،
هاۋا ئىسسىغىدا پاراغەت قىلىپ.

گەهى بەشۇ ئالتە يەتتى قونۇب،
تۇرۇب ئۇخچۇپ ئاسۇد كەتتى قونۇب.

نەچە مۇددەتۇ پۇرسەتۇ ئاي، يىل،
ئۇتۇپ ئاقىبەت دەهرى پىيما كىسىل.

قەرىلىغىنىڭ ئەسبىنى يەتكۇرۇب،
كىلىۇر بولدى شاخىمنىڭ ئۇچى قۇرۇب.

نەچە مۇددەت بىرىب ئاندا شەهرى شور
قەرىلىق تامامى ۋۇجۇدۇمغە زور.

قىلىب ئاخىر ئەمرى باشتىن ئاياغ،
قۇرۇدۇم بۇ دەۋر بارچىغە سۇلۇك ئاياغ.

شول چەشمە زارە ئۇشۇل سەبزۇ دەشت،
قۇرۇب بولدى بىرشور زارۇ بىكەشت.

ئۇشۇندا كىشى سەبزە لالەزار،
بار ئەردى دىسە يوق ئىدى ئىهتىبار.

نەچە يىللار ئانداق تىنىم خۇشىك ئولۇب،
گۇلۇ سەبزەدىن بەريانەم خەشىك ئولۇب.

نەهايەتتىن ئارتا تىگىب يەل ياغىن،
ئۇچۇرۇب سۇرۇب ئىلدىزىم تۇپراغىن،

ئاچىلىب قالىب ئىلدىزىم بىمەدار،
ئىيلىشىب تورۇب ئىبەردىم ئاخىر گوزار.

ئورۇب يىقىتتى بىر تەندۇ توپان كىلىب،
مىنى سالدى يەر بىرلە يەكسان قىلىب.

تىكىب يەرگە شاخىم بولۇپ كۇل كومەك،
ئاچىلدى تەنىمدىن نەچچە يەردە دەك.

نەچە ۋاقت ياتتىم بولۇپ خاكسار،
باسىب غەم يەلىدىن تەنىمنى غۇبار.

ئوتەر ئەردى بىر كۇنى قالىن كارىۋان،
بار ئەردى ئاراسىدا بىر كارىۋان.

ياغاچچىلىق، ئولغان ئەنىڭ پىشەسى،
ياغاچ بابىدا ئەررۇ تىشەسى.

جاهان ئىچرە بىمىسل مانەند ئىدى،
نىچۇككىم دىسلەر هۇنەرمەند ئىدى.

نەزەر قىلدىيۇ كوردى خوش مەۋجەدار،
ياغاچ مەن ياتىب نە بولۇپ خاكسار.

تۇرۇب ئۇستۇ قۇمدا قىلىپ ئىهتىمام،
قويۇب بەندە بەندەمگە ئەررە تامام.

قىلىپ خەۋلە ـ خەۋلە بۇرۇن ئول ئەنى،
تىلىب تەختە ـ تەختە سۇڭ ئول خەۋلەنى.

خەچرۇ توگىلەرگە يۇكلەتتۇرۇب،
تۇشۇردى ئۇيىگە ئېلىپ كەلتۇرۇب.

ياغاچتىن نىكەم قىلغۇلۇق ئەردى ئول،
كىشىنى بۇيىردى قىلىپ بەردى ئول.

قالىب ئەردى ئاندىن نەچە تەختە جۇب،
پەلەك گەردىشىدىن بولۇپ غوسسە كوپ.

كى كەلدى بىراۋ بۇ پەرىزاتتىن،
تىلەي تەخت مىسلى يوق ئۇستاددىن.

هەمۇن ئەلهەز بونياد تەخت ئەيلادى.
ئارادىن نەچە تەختىنى سايلادى.

نەچە رەندىيۇ، تىشە ئەررە سۇرۇب،
تامام ئىككى كۇندە بەهەم يەتكۇرۇپ.

مۇلازىمغە تاپشۇردىيۇ ئول مىنى،
ئېلىب كەلدىيۇ مۇندا بۇ گۇل مىنى.

نەسىمىن قىلىپتۇر نەچچە يىل دۇرۇر،
ماڭا مۇندا مەقسۇد هاسىل دۇرۇر.

ئەگەرچە پەلەكتىن جاپا ۋە سىتەم،
بىغايەت هىكايەت كوردۇم ئەندۇهۇ غەم.

نەچەكىم يىدىم نىشە ئۇستاددىن،
چىكىب ئەررەهۇ رەندە پىدادىن.

يۇز ئەنچە نىسىپ ئەيلەدى هەق هوزۇر،
كى مۇنداق پەرىزات قوينۇمدا دۇر.

يەنە ئەمدى بىلمەنكى مۇندىن نارى،
نىلەر بولغۇسىدۇر پەلەك ئىشلارى.

سەن ئى شاهۇ ئالەم نە ۋاقىئە بولۇپ،
توشۇپسەن بۇ مەنزىلگە تالىئ بولۇب.

كى كەلمەس بۇ يەرگە كىشى بىسەۋەب
نە ئەردى بۇ كەلمەكتە سەئيۇ تەلەب؟

## فىروز شاھ كەلگەن سەبەبىنى بۇ ھىكايەتكە ئۇلاب، پەرىزادنى بۇ تەقەررىپ بىلە ئۇيغاتقانى

دىدى شەھكىم ئى تەخت ۋەدىرىنە سال،
مۇنى سەن داغى ياخشى قىلدىڭ سۇئال.
بىزنىڭ شەھرىمىزدىن بەھەم تورت يار،
چىقىپتۇرلەر ئەيلەپ سەپەر ئىختىيار.
بىرى كوكۇلنى ئىلىم ئىلە پەرۋەرىش،
قىلىب بىلمىگەن ئىلىمدىن ئوزگە ئىش.
قىلىب ھەر نەچە كۇندە خەتمە كالام،
ئەنىڭ بىرلە ئەۋقاتى ئوتكەن تامام.
يەنە بىرسى زەرگەرى بىنەزىر،
ئىچۇك ئىش كىم ئالتۇندا دۇر دىلپەزىر.
ئەنىڭ دەك بىلىپ قىلغان ئەرمەس كىشى،
ئولۇسقە پىسەندىدە كەلگەن ئىشى.
بىرسى داغى دەرزىئى تىزكار،
ئاڭا قانچە ئىكەنىدە ئىختىيار.
ئىچۇك كەسسە ئانداق تىكىب كەلتۇرۇپ،
كىشى قىلغۇسىز پەھىم ئانى كورۇپ.
بىرسى ھەم ئوستاد چۇمچە تەراشى،
ئەنىڭ بىرلە ئىمرىندا قىلغان مەئاشى.
ياغاچدىن نە تۇرلۇك ئىش ئەھلى جاھان،
بۇ يۇرسە بولۇر ئەردى ئاندىن ئايان.
ۋە لېكىن لەقەپ ئاڭا ئەل ئىچرە پاش،
بولۇپ ئەردى ئوستاد چۇمچە تەراش.
بارۇر ئەردىلەر بىر كۇنى ئاخشام بولۇپ،
ئىككى تاغ ئاراسىدا كۇن كام بولۇپ.
ھەمە ئەردى ھاۋادا بولۇتتىن ئەسەر،
بېرۇر ئەردى يېلۇ يېغىن دىن خەبەر.
پەناھى تاپىپ قونغالى ئىزتىراپ،
قىلىپ بارسالار بىر رەبات خاراب.
دۇچار ئولدىيۇ قوندى ئاندا ئۇلەر،
قاراڭغۇ تۇن ئەردىيۇ يەرۇ پۇر خەتەر.
دىدىلەركى ئوشبۇ رەبات كۇن،
زورۇر ئولدىيۇ مۇندا بولدۇق پۇتۇن.
تاڭ ئاتقۇنچە بۇ كېچە نوبەت بىلە،
بىراۋ ئولتۇرۇب ئاڭا ئويقۇ كىلە.
بېرىمىز قوپۇپ ئولتۇرۇب ئول ھال،
ياتىب يەنە بىرنى نوبەتتە ھەم ئوشبۇ ھال.
بولۇب ئاتتۇرۇپ تاڭنى بىدار ئولۇب،
بۇتۇن ئوزىمىزدىن خەبەردار ئولۇب.
سالامەت قوپۇپ تەبرىسەك ئەرتىلەب،
تاڭ ئاتقۇنچە ھەق دىن ئاسانلىق تىلەب.
چۇ بۇ مەسلىھەت بىرلە چۇمچە تەراش،
تۇرۇپ ئوزگىلەر قويدى ئويقىغە باش.
ئويغۇلاب ئۇلار بۇ ۋاقىت ئولتۇرۇب،
رەبات ئىچرە بىر تەختە چوبى كورۇپ.
ئەلىب ئىلكىگە ئانى ئوستاد كار،
چاقىب قويدى بىر سۇرەت گۇلئۇزار.
ئەغزۇ كوزۇ، قاش، ئىلىك، ئاياق
بارى بىر بىرىدىن كىلىب ياخشىراق.
مۇكەممەل قىلىب ئول سەنەم سورىتىن،
بۇتۇردى ئوتكارىب ئوزىنىڭ نوبىتىن.
قويۇب تۇردى ئانى نەمۇدار ئېتىب،
باشىن قويدىيۇ دەرزىنى بىدار ئېتىب.
قوپۇب ئولتۇرۇب ئاچسە دەرزە كوزىن،
سالا بەرمەيىن ئويقۇغە دەب ئوزىن.
تۇرۇر توردە بىر ئادىمى سورىتى،
چوچۇب قوپتى ساجراب كىلىب ھەيبىتى.
كى بۇ كوزلارىمگە كورۇنگەن نەدۇر،
يالىڭاچ قوپۇب توردە تۇرغان نىدۇر.
كىلىب ئىھتىيات ئىلە كورگەچ ئانى،
دىدى ئەرمىش ئوستادنىڭ قىلغانى.
چىقاردى يۇ ھەم بۇغچەدىن ۋالەئى،
قىلىب چىن بۇتى چاھاردە سالەئى.
تىكىب كوڭلەكۇ ئىمچىنى ئولتۇرۇب،
مۇكەممەل سەرۇپا قىلىب كەيدۇرۇب.
قويۇب ياتتى زەرگەرگە نوبەت قويۇب،
ھەممىنكىم باشىن قويدى قالدى ئۇيۇب.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قويۇپ ئولتۇرۇب توركە باقسا بۇ ھەم،
تۇرۇپتۇر مۇكەممەل قويۇب بىر سەنەم.
تۇتۇپ كوزىن ئەستەغپىرۇللا، دىدى،
يەنە ئاچسە، كورسە ياندا ئىدى.
تۇشۇب جانىغە ۋەھىم ئۇزىدىن كىتىب،
كىلىب ئاقىبەت كورسە تەھقىق ئىتىب.
قويۇب ئىككى ئۇستاد ئىشىن كورساتىب،
ئۇيۇقلاب ئىمشىلەر مۇنى ئويغاتىب.
بۇ ھەم ئاختۇرۇب ئىلىب ئەسبابىنى،
دۇكان قۇرۇب ئالتۇن ئىلىب تاپغانىنى.
ئۇزۇكو، سىرغا، بىلەيزۇك قىلىب،
بارىسىنى زىبا ۋە نازۇك قىلىب.
قولاغۇ ئىلىك بىلاكىگە سالىب،
سەھەر ۋاختى موللاغە نوبەت قالىب.
ياتىب زەرگەر، ئويغاندى موللا سەھەر،
قىرپۇب ئولتۇرۇب سالسە بۇ ھەم نەزەر.
تۇرۇر توردە بىر دىلبەر نازىنىن،
قىلالمىغاي ئەبلە نەققاشى چىن.
تەفەھھىز قىلىب كورسە ئۇستادلەر،
بارى كورسەتىپتۇرلار ئاندا ھۇنەر:
بولۇپ مۇندىن ئول لەھەز موللا غەمىن،
تاھارەت قىلىب كىلىب ئول پاكىدىن.
ئۇتەب ئىككى رەكەت ناماز ئولزامان،
قىلىب كوزلىرىدىن ياشىنى راۋان،
باشىن يەرگە قويىدىكىم "ئى بىرو بار،
سىنىڭ ھەزرىتىڭدە ئىرۇر ئاشكار.
كى چۇمچە تاراش ئەتتى تىشى ئىشىن،
ھەممىشە بولۇپ تىشىگە ھەم نەشىن.
ھۇنەر كورساتىب ئابرۇيلۇق بولۇب،
قوپار ئۇيقىدىن ھالى ئويناب كۈلۇب.
قىلىب دەرزى ھەم ئىگىنى خىزمەتىن،
تىكىب كەيدۇرۇب بۇ سەنەم خىلئىتىن.
قىلىپتۇر ئۇزىنىڭ ئىشنى ئادا،
ئۇز ئىشىندا قالمايدۇر ئوزرە ئاڭا.
بىلەقىن ئىشنى قىلىب ئىھتىمام،
ئەنىڭ **خىزمەتىدە** بولۇپ سۇبھى شام.
ھۇنەر خۇرج ئىتىب جانىن ئەيلاب پىدا،
ھەم ئالتۇنچى قىلمىش ئىشنى ئادا.
مەن بىدىل ئۇزگە ھۇنەر بىلمادىم،
جاھان كەسىب كارىنى ھەۋەس قىلمادىم.
ھەۋەس ئەيلادىم ئىلمى قۇرئانىڭگە،
كوڭۇل باغلىدىم ئەمىر پەرمانىڭگە.
بۇ كۇنلۇكتە بارچە ھۇنەر مەند ئولۇب،
ھۇنەر كورساتىب ئاڭا خۇرسەنت ئولۇب.
بولارنىڭ ئاراسىندا مەن بىھۇنەر،
بولۇب قالسام ئى داۋايى دادىكەر.
خىجالەت تاپىب بولسام ئىش بىلمەگەن.
نە ئىش قىلغان ئولغايمەنۇ تىلەگەن،
كەلامۇ ئەزىمىڭ ھەققى ھورمىتى،
مۇكەممەل بولۇب بۇ سەنەم سۇرىتى.
مۇئەتتىل سىنىڭ ئەمىر ئىھسانىڭگە،
تورۇپتۇر باقىب لۇتپى پەرمانىڭگە.
كى جانى ئەتا قىلساڭۇ جىلۋە ساز،
بولۇب بۇ سەنەم مەن داغى سەرەفراز.
بولۇپ تاپقاي ئەردىم بەسى ئابروي،
قىلالمىغاي ئەردىلار گۇفتا ـ گوي...
چۇموللا بۇ يەڭلىغ دىل ئەپكار ئولۇب،
باشىن يەرگە قويدى تەلەپكار ئولۇب.
ئىنايەت قىلىب خالىق با كەرەم،
رەۋا ئەيلابان ھاجەتىن ئۇشبۇ دەم.
ئەلىب ئەبرۇ بەخشايىشىدىن نەسىم،
تاپىب ئول سەنەمنىڭ دىماغى شەمىم.
كىرىب جان ئۇرۇب ئەتسە بولدى راۋان،
تاڭ ئەتىب چىقىب كۇن يارۇدى جاھان.
بارى قوپتىلار ئويغانىب ئويقىدىن،
بولۇب جىلۋە ساز ئول سەنەم ئوترىدىن.
تىشى دۇررى، لەبى لەئلۇ سىمىن تەنى،
ساچى سۇنبۇلۇ يۈزى گۈل خەرمەنى.
كوزى نەرگەسۇ قەددى سەرۋە سەھى،
جاھان شوخى رەئنالارىنىڭ شەھى.
بارى ئول سەنەم ئاشىقى بولدىلەر
بارىسى ئەنىڭ لايىقى بولدىلەر.
بىرى دەر مۇنىڭ سورتىن بۇرنا مەن،
قىلىپمەن، تىگەر ماڭا بۇ سىم تەن.

بىرى دەركى مەندىن كىيىپتۇ لىباس،
ماڭا تەككەي ئول دەپ قىلارمەن قىياس.
بىرى دەركى مەندۇرمەن ئول دەر مېنى،
سىرغا، بىلايزۇك، ئۈزۈك سالغانى.
بىرى ئېيتۇر ئول ئالمى پاك راۋ،
كى تارتىڭ بارىڭىز بۇ سوزدىن جىلاۋ.
كى هەق ساقلاب ئوز ئىلمىنىڭ هورمىتىن
راۋا ئەيلىبان خەستەنىڭ هاجەتىن.
ئاتا ئەيلادى جان بەردى هايات،
كىرەككىم ماڭا ئەيلىسە ئىلتىپات.
ئەجىب هالەت ئىچرە قالىب ئول سەنەم،
گىرىفتار ئولۇب تارتادۇر بۇ ئەلەم.
كى قايسىغە بولسام رىزا هەق رىزا
بولۇب مەندىن ئولغاي هەقىقەت ئادا؟
مەن ئۇشبۇ پەرىزات تەھسىنىنى
ئىشتىب كىلىپ ئەردىم ئەيىنىنى.

كى دانا ۋە ئاقىل پەرىزات ئىرۇر،
بەسى مۇشكۇل ئىشلار مۇڭا ياد ئىرۇر.
سورايىكىم قايسىغە تىگەر بۇ سەنەم،
يەنە ئوزگىلەر چەكماسۇنلار ئەلەم.
بۇ هەم باردى تازا ئويىقىسىغە باتىب،
مۇنى كىمسە بولمايدۇرۇر ئويغاتىب.
ئەگەر بارماي ئويقۇغە بىدار ئولۇب،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئولۇب.
قوپۇب ئولتوروپ كوزلەرنى ئەچىب،
شوكىرلەرلە بۇ شەكەردىن ساچىب.
دىماسەكىم ئول شوخ كىمگە تىگەر،
هەق مۇلكى كىمگىدۇر ئول سىمبەر.
ئۇلارنىڭ ۋابالى قىيامەت كۇنى،
قىيامەتكى باردۇر نەدامەت كۇنى.
بۇرەئىنا پەرىزاتنىڭ بوينىغە،
قەددى سەرۋە ئازادنىڭ بوينىغە.

## پەرىزاتنىڭ بى ئىختىيار ئويغانىب بۇ سۇئالنىڭ جاۋابىنى بەرگانى

بۇ يەڭلىغ دىگەچ شەهرۇ يارۇ جاهان،
چۇ ئول شوخ ئەيدى ساهىب ئىمتىهان.
خەبەردار ئەردىيۇ بىدار ئىدى،
ئەنىڭ ئىمتىهانى ئىلە بار ئىدى.
كوزىن ئاچتىيۇ قوپتى بى ئىختىيار،
دىدى ئى شاهىنشاه نۇسرەت شوئار،
نە مەئنىسى جەمئى سۇئالىن ماڭا
سالىب يۇكلىگەيسەن ۋابالىن ماڭا.
ئەگەر تىشنى فەرۋەي ئۇچۇن تىشدار،

نىمەرسە تەۋقىئى قىلۇر بىرى بار.
يەنە بىرىكى تىكسە خىلئەت ئانى دىمەك،
ئاڭا خىلئەتنىڭ باهاسى كېرەك.
يەنە بىرىگە هەم بولسا ئول ئىزتىراب،
ئاڭا داغى بۇدۇر مۇئەييىن جاۋاب.
ئىرۇر ئول پەرى چەهرى موللا هەققى،
كېرەك بولسە موللا بىلە رەۋنەقى.
كى هەق ساقلاب ئوز ئىلمىنىڭ هورمىتىن،
راۋا قىلغان ئەرمىش ئەنىڭ هاجەتىن.

## فىروز شاه بىر شەرت بىجا كەلگەنىنى پەرىزاتدىن سوراب ئول قوبۇل قىلغانى ۋە يەنە ئويقۇغە بارغانى

دىدى شەهكىم ئى شوخ روشەن زەمىر،
ئادا بولدى بولغايمۇ شەرتىڭدە بىر.
دىدى ئارى بىرىنى ئادا ئەيلادىڭ.
ئاداسى بىلە هەم بىجا ئەيلادىڭ.

يەنە ئىككىسىنى هەم بۇ يەڭلىغ بىجا،
ئەگەر كەلتۇرەرسەن قىلىبسەن ئادا.
دىدىيۇ يەنە تەكيىگە قويدى باش،
ئوزىنى سالىب ئويقۇغە ئول قۇياش.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



## فىروز شاھ سۇراھى سەنگىنىدىن سەرگۈزەشت ھال سۇئال قىلغانى

بۇگىز شەھرىيار ئولتۇرۇب ھەسىبىھال،
سۇراھى سەنگىندىن ئەتتى سۇئال.
كىم ئى زەرف ئاب زۇلال ھەبىب،
تەربى ئەھلىغە نىشان سەندىن يېتىب.
نەكىم سەرگۈزەشت ئەيلىگەن ئەردى تەخت،
پەلەك جەۋر ئىلە زۇلىمدىن نەرم ـ سەخت.
ھىكايەت قىلىب تاپتى جانىم نەراھ،
خۇشان ئەتتى كوڭلۇمنى چەكمەي تەداھ.
نىكەم مۇشكۇلۇم بار ئىدى بولدى ھەل،
سىنىنىڭ سەرگۈزەشتىڭغە ئەمدى مەھەل.
بولۇپتۇركى سەن ھەم بايان قىلغايەن،
پەلەكتىن نە كوردۇڭ ئايان قىلغايسەن.

## سۇراھى سەرگۈزەشتىن ھىكايەت قىلىب، فىروز شاھنىڭ كەلمەكى جەھەتدىن سورغانى

چۇ شاھزادە مۇنداق سۇئال ئەيلادى،
نىچۇك پەرىشۇ ھەسىبى ھال ئەيلادى.
سۇراھى ئىچى ھەم تولا قان ئىدى،
پەلەك دەردى بىھەد بايان ئىدى.
دىدى ئى شەھىنشاھ ئالەم پاناھ،
نەدىلخوۋاھىڭ ئولسە يەتكۈزگەي ئىلاھ.
مەن ئەلبەرز تاغىكىم ئانداق بەلەند،
يەر ئۈزرە يەنە تاغ ئەمەس دىلبەند.
ئەنىڭ ئۈستىدە پارە سەنگى ئىدىم،
نە پارەكى سەنگى نەھەنگى ئىدىم.
مۇئەللەق تۇشۇب تەگرى ئەمرى بىلە،
تۇرۇب ئەردىم ئافاقدىن بەكلە.
ئىتاكى بىلە بىر ئۇلۇق يول تۇشۇب،
قارار ئەتمەس ئەردىلەر ئەل يۈرۈشۈب.
نەچە قاتلە ئىسكەندەر، كەيقۇباد،
سولايمانو جەمشت دىل قەۋمى ئاد.
مۇئەززەم چىرىك بىرلە ئەيلەب گۈزەر،
تەئەججۇب قىلۇر ئەردىلەر سەربەسەر.
دەر ئەردىلەر ئى قادىر بىروبار،
كى خوش قۇدرەت ئىلە مۇنى بەر قارار.
قىلىبسەن مۇئەللەق تۇرار يەر تاسىب،
كى كىمدۇر مۇنىڭدەك ئاجايىب غەرب.
نەچە يىللار ئانداق تۇرۇب سەرپىراز،
نەزەر قىلماي ئوتكەن ماڭا ئەردى ئاز.
پەلەك كورسەتەر بولدى چۇن سەرزەنىش
جاھاندىن چۇشەر بولدى باشىمغە ئىش.
توپەمنى قازىب يەل ياغىن بىمەدار،
بولۇبان تۇرۇب ئەردىم ئى شەھرىيار.
كى بىركۈن ھاۋادا بۇلۇت كور كاراشىب،
قىلىب يەلۇ يامغۇر چەقىن چاقناشىب.
قىيامەت تۇنىدەك قارايىب جاھان،
يوق ئەردى يارۇغلۇق سارىدىن نىشان.
كى يەر تەبرىدىيۇ مەن ئاندىن جۇدا،
بولۇب تەبرەدىم چارە قالماي ماڭا.
يىىرىم يولدا ئوق پارە ـ پارە بولۇب،
كىلىب يەرگە تۇشتۇم كۆلۈم سورۇلۇب.
نەچە يىللار ئول يول ئۈزرە پايمال
بولۇب ياتتىم ئول ئەردى دىشىۋار ھال.
كى ھېچكىمسە پەرۋايىم ئەتمەس ئىدى،
يوزۇمدىن غۇبارىم ئەرتمەس ئىدى.
كى بىر كۈن قالىن كارىۋان دەر گۈزەر
ئەيدىكىم بىر ئۇستاد ساھىب ھۇنەر.
ئۇلار بىرلە ئول يولدا ھەمرا ئىكەن،
ھونەر مەند ئۇستاد دىلخۇۋاھ ئىكەن.
كىلىب خوجا ئوبۇلخەير ھەككاك ئانى،
جاھان ئىچرە تولغان ئانىڭ شورەتى.
نەزەر قىلدىيۇ كوردى تاشى ياتىب،
مۇئەييىن ئامان توپراق ئىچرە پاتىب.

تۇشۇبان ئەرتىب يۇزۇمدىن غۇبار،
نەزەر قىلسە تاش مەن ئەجەب مەۋجدار.
ئارابى ئېلىپ كەلتۇرۇب شەھەردىن،
سالىبان ئۇل ئۇستاد رويى زىمىن.
دوكانىغە سالدى مېنى كەلتۇرۇب،
ئوتەردە بۇ رەئنا كەلسە شاھ كورۇب.
سۇراھى بۇيرۇدى ئۇل ئۇستادىغە،
جاپا ئىلكىگە قويدى بىدادغە.
توپەمگە قويۇب ئەررە ھدريان كىسىپ،
مىتىنلەر ئېتىپ ھەريانىمغە نىسىپ.
سەتەمكار ئەلدىن ئىچىم كوۋلانىپ،
تاشىمدىن تەنىم خىراج يەب ئايلانىب.
تامام ئولدۇم مېنى ئەرسە تاپشۇرۇب،
مېنى پىشكەش قىلدى ئۇل كەلتۇرۇب.
ئەگەرچە پەلەكتىن بۇ يەكلىغ جاپا،
كورۇب يەتتى تۇرلۇك باشىمغە بالا.
قىلۇرمەن مۇڭا شۇكرىكىم ئاقىبەت،
مېنى خالىق باكىرەم بۇ سۇپەت.
بۇ رەئنا بىلە ھەمدەم ئەيلاب تۇرۇر،
مۇنىڭ بەزمىدەنى غەم ئەيلاب تۇرۇر.
تۇرۇبمەن ئۇزاتىب بويۇن بىملال،
كى مەيل ئەيلىگەي مەندىن ئابزىلال.
ھەمىشە نىشات ئۇزرە سوھبەت تۇتۇب،
پەرىلەر مەيئى لەئلى مەندىن يۇتۇب.
بولۇرلار خوشان نەشائى پەيدا قىلىب،
گۇلسۇرۇختەك يۇزلىرى ئاچىلىب.
بۇلار بىرلە خوش ۋاقىت خۇشھالمەن،
بىغايەت خۇشانۇ خوش ئەھۋالمەن.
مۇنى بىلمان ئەمدىكى ئاخىر نىدۇر،
يەنە ئەمرى پەرمان قادىر نىدۇر.
سەن ئىس شەھ ناغۇ مۇنچە تارتىب مالال،
كوزۇڭدىن ئۇچۇب ئۇيقۇ ئاشفتە ھال.
بولۇب ئولتۇرۇبسەن نىدۇر مۇددىئا،
ئىنايەت قىلىب ئېيت سەن ھەم داڭا.

## فىروز شاھ كەلگىنىنىڭ سەبەبىنى بۇ ھىكايەتكە ئۇلاب مۇنىڭ بىلە پەرىزاتىنى ئويغاتقانى

دىدى شەھكى بۇدۇر مالالىم مېنىڭ،
ئىرۇر مۇندىن ئاشفتە ھالىم مېنىڭ.
كى سەمىنكى باردۇر مېنىڭ كەشورىم،
ئەنىڭ ئەھلۇ خەيلى مېنىڭ لەشكىرىم.
ئۇل ئەل ئىچرە بىر زاھىد پاك دىن،
بار ئەردى ئەنىڭ بىر قىزى نازىنىن.
ئەنىڭ ئىشقىدا ئۇچ كىشى بىقارار،
كېزەر ئەردى كويىدا دىلەفكار.
بىرى بېكۇ، بىرى سىپاھى ئىدى،
بىرى سەنگى ئەنداز شاھى ئىدى.
ئولۇس ئىچرە مەشھۇر ئۇلارنىڭ ئىشى،
بولۇب ئەردى دەرماندا زاھىد كىشى.
كى ھەر بىرى زاھىدغە بىر سوز سالىب،
جۇۋابىدا بىچارە ئاجىز قالىب،
ئۇلارغە جاۋاب ئەيتالماس ئىدى،
ئۇلار كويىدىن خالى قالماس ئىدى.
كىچە-كۇندۇز ئۇل كوي ئۇزرە ئايلانىب،
يۇرۇر ئەردىلەر ئىشقىدا ئورتانىب.
دىسە ھەر بىرى بىلە نىسبەتىن،
قەلىبان تېپتى كورمەي مېھنەتىن.
يەنە ئىككىسىدىن بولۇب ۋەھىمناك،
ئىدى تۇغماغۇر قىزى بىرلە ھالاك.
كى بىر كۇن چىقىب ئويدىن ئۇل سىمبەر،
تۇرۇب ئەردى ھويلىسىدا بىخەبەر.
بار ئەرمىش توك ئۇل يەردە بىر ئاق دىۋە،
ھەم ئۇل قىز جامالىغە مۇشتاق دىۋە.
كىلىب ھەركۇن ئۇل كوي ئۇزە ئايلانىب،
بارۇر ئەركەن ئۇل خالى تاپماي يانىب.
ئېلىب كوككە چىقتىيۇ بولدى راۋان،

بولۇبان خەبەردار بىلك ئۇل زامان،
سۈكىچە راۋان بولدى كوككە باقىب،
ياكىلىماي راۋان بولدى ئەشكى ئاقىب.
باردىب ئاقىبەت تۇشتى بىر تاغ ئارا،
ئۇزىن بىلك يەتكۈرسە ئۇلۇم قارا.
ئىرۇر تاغ ئاراسىدا بىر ئار دىۋە،
تۇرۇر ئىزلارى روشەن ئۇل ياردىۋە.
كىرىب كورسە غار ئىچرە جامى نەھەڭ،
دەھىن پۇشى ئۇستىدە بىر تەختە سەڭ.
مۇئەييەن كورۇب يانىب ئاندىن كىلىب،
ئۇل ئىككىنى ئاندىن ئاگاھ قىلىپ،
ئۇچۇيلان بۇلۇب كىلىب ئۇل چاھ ئۇزرە،
تورۇب بىلك ئۇلارغە ئەنى كورگۇزە.
سىپاھى دىدىكىم بۇ ئىشتۇر مىنىڭ،
ئەمەسنۇر بۇ ئىش بەندىدىن ئوزگىنىڭ.
ماڭا ئۇشبۇ چاھ ئىچرە تۇشمەك كىرەك،
نە بولسە چاھ ئىچرە كورمەك كىرەك.
كەمەند ئالدىبۇ بىلىگە قىلدى بەند،
كەمەر بەند ئىدى چاھقە سالدى كەمەند.
تۇشۇب كورسە چاھ ئىچرە بىر تاش ئىشىك،
ئاچىلدى ئىشىك چۇنكى ئۇردى ئىلىك.
قىلىچىنى يالاڭ ئەيلاب ئۇل مەردكار،
قەدەم قويسە تەخت ئۇزرە ئۇل گۇلئۇزار.
بولۇب لالدەك ئەشكىدىن كوزلارى،
خازان ياپراغىدەك سۇلۇب يۇزلارى.
باقىب ئولتۇرۇب لالۇ ھەيران قاتىب،
قويۇب قوينىغە دىۋە باشى پاتىب.
ئۇيۇقلاپتۇرۇر، كوردى تىغى تىيز
سالاي دەپ ئەيدى، دىدى قىز: ئەي ئىيزىز.
قاتىلماكى ناگاھ تىغىڭ زەرەر،
يەتكۇرمەي بولۇب بۇ يەنە باخەبەر.
قوپۇب قىلماسۇن مۇندا زايا سىنى،
بۇ قالسۇن ئۇيۇقلاب ئەلىب چىق مىنى.
ئالىب تەكىيەئەنى باشىغە قويۇب،
بۇلار چىقتىبۇ دىۋە قالدى ئۇيۇب.
چىقىب تەبرىدىلار ئاراغە ئالىب،
بولۇب غافىل ئۇل دىۋە ئۇيۇقلاب قالىب.
يۇرۇب يىتىب ئەردىلەر ئەلگە يىقىن،
كى بىدار ئولۇب دىۋە ئۇلاردىن كىيىن.
باشىغە تۇتۇن ئورلەب ئاچچىغلانىب،
غەزەب بىرلە جانغە ئوتلار يانىب.
قۇيۇندەك پەلەككە تەنورە ئۇرۇب،
چىقىب بىر زاماندا ئوزىن يەتكۇرۇب.
بۇلۇتتىن چاقىن چاقناغاندەك تۇشۇب،
دەمىدىن جاھان كويگەلى ياۋۇشۇب.
ئارادىن ئەلىب چىنتى چانگال ئۇرۇب،
باقىب قالدىلار كوزلىرى تەلمۇرۇب.
توكۇب سەنگى زىن كوزىدىن ياشىنى،
فەلاخەن كەپىگە قويۇب تاشىنى.
ئۇلۇق تەگرەنىڭ ئاتىنى ياد ئىتىب،
دۇرۇدى ھەبىبىنى بۇنياد ئىتىب.
ھامانكىم تاش ئىلكىدىن ئەتتى جۇدا،
بۇلار ھالىغە رەھىم ئەيلاب خۇدا.
ئەنگىدەك بارىب دىۋە بوينىغە تاش،
تىگىب سەكرىبان جىسمىدىن باشقا باش.
تەنىدىن باشى باشىدىن باشقە تەن،
ھاۋادىن كىلۇر ئەردى ئۇل ئەھرىمەن.
ھەم ئاندىن بولۇب باشقە ئۇل سەرۋەناز،
تۇشۇبان كىلۇر داھىم ئۇل سەنگباز.
ھاۋادا تۇتۇب يەرگە يەتكۇرمەيىن،
سالامەت قالىبتۇر زەرەر كورمەيىن.
بىرى ئەيتۇر ئالەمدىكى ئۇل سىمتەن،
بولۇب ئەردى ئۇل دىۋىنىڭ مۇلكى مەن.
ياكىلماي بارىب يەرنى كورۇب كىلىب،
ئالىب باردىم ئىككىگىنى ئاگاھ قىلىب.
ئەگەر باربان كورمەسەم ئەردى مەن،
ئەنىگكى بولۇب ئەردى ئۇلسىمتەن.
كىرەككىم مىنىڭ ھەمدىمىم بولسە ئۇل،
يۇگۇردۇم ئانىڭ ئۇچۇن ئوشۇنچە يول.
يەنە بىرى ئەيتۇر يۇگۇردۇڭ نە سۇد،
بارىب مەنزىلىن ھەمكى كوردۇڭ نە سۇد؟
مەن ئۇل چاھغە باغلاب بىلىغە كەمەند،
تۇشۇب چىقتىم ئەنى ئالىب بىر گەزەند.
ئەگەر توشماسام ئەردى ئۇل چاھنە مەن،

تۇرۇب ئەردىڭىز بىلمايىن ھىچ پەن.
مەن ئەتتىم ئانىڭ يولىدا جانىنى تۇفەيل
كىرەككىم مىنىڭ سارى ئۇل قىلسە مەيل.
يەنە بىرى ئۇل سەنگى زەن دەر جاۋاب،
كى ھەر ئىككىڭىز قىلماڭىز ئىزتىراب،
بىرىڭ باردىيۇ كوردى مەنزىل نەسۇد،
بىرىڭ قىلدى مەقسۇد ھاسىل نەسۇد.
يەنە بارچىنىڭ ئورتاسىدىن ئالىب،
بارىب ئەردى دۇشمەن بارىڭىز قالىب.
پەلەكتىن توشۇردۇم ئۇرۇب تاش ئىلە
باشىن تەندە قويماي تەنىن باش ئىلە.
ھاۋادىن تۇشۇرماي تىغى يەرگە ھەم،
تۇتۇپمەن سالامەت قالىپتۇر سەنەم.
كىرەككىم مىنىڭ بىرلە دەئۋايى كىشى،
قىلالماسا قالمايىن ھىچ ئىشى.
بۇلارنىڭ ئاراسىدا ئۇل قىز غىرىب،
تاللاشقە قالىبدۇر ئۇز ئەركى بارىب.
بۇرەئنادىن ئۇل مۇپتالا ھالىنى،
سوراي دەپ كىلىپ ئەردىم ئەھۋالىنى.
بۇ ھەم ئۇيقۇغە باردىيۇ مەن بۇ ھال،
باقىب ئولتۇرۇبمەن چىكىب يۇزمالال.
ئىگەرمۇندا بىدار ئولۇب قەسد ئوزىن،
سالىب ئويقۇغە سۇزگان ئولسە كوزىن.
ئاچىب كوزلارىنى قوپۇب ئولتۇرۇب،
تەرەھھۇم ئۇنىڭ ھالىغە كەلتۇرۇب.
دىماساكىم ئۇل كىم بىلە يار ئولۇب،
سائادەت يۇزى قايسىغە ئويرۇلۇب.
قىيامەتكى روزى نەدامەت ئىرۇر.
ئۇلارنىڭ جۇۋابىنى بۇ رەئنا بىرۇر.

## پەرىزادنىڭ بىئەختىيار ئويغانىب جاۋاب بەرگانى

ئىشتكەچ قوپۇب ناز ئىلە ناز بوي،
دىدى ئىدى مەلىك بۇ نىچۇك گۇپتىگۇي؟
بولۇر كىم تۇغۇب كورمىگەن بىلمىگان،
كىشىلار جاۋابىن بىرۇر بۇ دىگان.
ئىگەر بىك يوگىرىب باربان يەرىن،
كورۇب كەلدى ئالسۇن ئاياغى تەرىن.
سىپاھى ئىگەرچە بارىپتۇر دىلىر،
ۋەلى ئەيلەمەپتۇ ئىشىن دىلپەزىر.
كىرەك ئەردىكىم چاھدا ئوق دىۋە ئىشىن
قىلىب چىققاي ئەردى داغى ھىچ كىشىن.
شىرىك ئەتمىگەي ئەردى ئۇز ئىشىگە،
سوزى قالمىغاي ئەردى ھىچ كىشىگە.
بەھرى رەڭ ئالىب چىققانى خوب بولۇب،
ئەركان ئەمما كىيىن ئالدۇرۇب.
بولۇب چارەسىز قالغان ئەھۋالدا،
ھاۋا ئوزرە ئەلىپ بارۇر ھالدا.
ئاتىب سەنگى زەن جان سىتان تاشىنى،
ئۇرۇب ئوز كۇچى دىۋنىڭ باشىنى.
ھاۋادىن توشۇپ كەلگۇچى قىزنى ھەم،
يۇقارى تۇتۇپتۇر يەتكۇرمەي ئەلەم.
ئىرۇر سەنگى زەن ھەققى ئۇل سەر ۋە ناز،
كىرەك ۋەسلىدىن بولسا ئۇل سەرفەراز.

## فىرۇز شاھنىڭ يەنە بىرى ئادا بولدىمۇ دەب سوراغانى پەرىزادنىڭ قوبۇل قىلغانى ۋە يەنە ئۇيقۇغە بارغانى

دىدى شەھرىيار ئى دىلئارام بۇ،
مۇبارەك زەمىرىڭغە خۇش كەلدىمۇ؟
دىدى ئارى ئەمدى يەنە بىرنى ھەم،
بۇ يەڭلىغ بىجا كەلتۇرۇرسەن نە غەم.
ئارامىزدا قالماس تۇرۇر ئوزگە سوز،
كىشى ئەيتالماس تۇرۇر ئوزگە سوز.
دىبان يانى باش قويغاچ ئولگۇلئۇزار،
بۇكەز خاتىرىن جەم ئىتىب شەھرىيار.

www.uyghurkitap.com

## فىروز شاھنىڭ شەمئىدىن سەرگۈزەشتە ھال سوئال قىلغانى

چۇ خۇش كەلگەننى بىلدى دىلدارىغە،
باقىپ ئولتۇرۇپ شەمئى رۇخسارىغە.
دىدى ئەمدى ئى شەمئى روشەن زەمىر،
دىگىل سەرگۈزەشتەڭنى داغى بىر.

كۈنى كوردۈڭ ئاتامدىن خەيرۇ شەمەر،
ھىكايەت قىلىپ بىزنى قىل باخەبەر.
دىيەلمەي غەمىن شەمئى ھەم زار ئىدى،
پەلەكتىن بەسى ئوتلىرى بار ئىدى.

## شەمئى سەرگۈزەشتىن ھىكايەت قىلغانى، فىروز شاھنىڭ كەلىمەكىنىڭ سەبەبىنى سورغانى

دىدى ئى شەھىنشا فىروز بەخت،
قۇۋانسۇن سىنىڭ بىرلە بۇ تاجۇ تەخت.
چۇ سوردۇڭ مىنىڭ سەرگۈزەشتەم ئىشىت
قازا ئەيلاگان سەر نەۋەشتەم ئىشىت.
مەن ئەۋۋەل قوزى ئەردىمۇ بىر جاپاي.
ئىگامدىن تىلەي ۋە ئىگەم ئەردى باي.
مىنى بەردىيۇ كەلدى ئويگە ئېلىپ،
قىلىپ پەرۋەرىش سۇ بىرىب، ئوت سالىب.
ئولۇق بولدىمۇ بەردىم ئىككى قوزى،
چىراغدەك يورۇدى جاپاينىڭ كوزى.
مەنۇ ھەم ئول ئىككى قوزى ھەم ئىككى رار،
قوزى بەردىكۇ بۇ دەستۇرلار.
بەش - ئالتە يىل ئوتمەي بۇ ھەم بولدى باي،
دەر ئەردىلەر ئەل باي بولدى جاپاي.
ئولۇس ئىچرە مەشھۇر باي ئولدى ئاتى،
مەن ئولدۇم ئۇنىڭ بائىس دولىتى.
قەرىلىغ يېتىپ ئاجىزلىئو مۇرمەن،
قىسى قالدىمۇ تولدى ياغ بىرلە تەن.
نىكەم ئىرىك قويلارنى سايلاتتۇرۇپ،
بارۇر بولدى ساتماققە هايداتتۇرۇپ.
مىنى ھەم دىدي ئىرىك ھوكمدەدۇر،
قىرىب بەرمەيىن قوزى سەمىرۇب يۇرۇر.
قوشۇپ هايدىتىپ كەلدى بازارغە،
كى خېرا جىگە ساتقاي خېرىدارغە.
كىلىب كوردى قاسساب بەردى باھا،

باھاسىن بىرىب قىلدى باينى رەھا.
بارىمىزنى ھايداب سۇرۇب كەلتۇرۇپ،
ئارادىن مىنى تاللاب تۇتتۇرۇپ،
ئاياغىمنى باغلاپ تۇرۇپ تىغى تېز،
قويۇپ ھەلقۇمغە بولدى خونا بەرىز.
تىرەمنى سويۇپ پارە - پارە قىلىب،
كانارىدا ھەر پارىسى سانجىلىب،
ئەلىب باردى ھەر كىشى بىر پارەنى،
قىلىب توھمە ئول پارە بىچارەنى.
ياغىمنى قىلىب جەمئى بىر شەمئى رىز،
ئەلىب ساتقۇن ئىلتىب قىلىب رىز - رىز.
قازانغە سالىب مىنى ئوت ياقىلىب،
قادۇرۇپ ۋە ئەلىب سىزغۇرۇپ سۇ قىلىب،
قويۇپ شەم قىلىب دەستە - دەستە ئاسىب،
دۇكان ئوزرە قويدى ئول ئەردى نىسىب.
نەچە كۈن دۇكاندا ئەسىلىب تۇرۇپ
ئوتەردە بۇ رەئنا كىشىسى كورۇپ.
بارىمىزنى ساتقۇن ئالىب كەلتۇرۇپ،
ھەر ئاخشام بىرىمىزنى بۇ كويدۇرۇپ.
ئوتەرمىز جاھان مۇلكىدىن سوز ئىلە،
كويەرمىز بۇ رەئنا دىلفەرۇز ئىلە.
ۋەلى ھەر نەچە كويسە ئورتەنسە ھەم،
كىشى ئارزۇسى باردۇر دەر بۇ سەنەم.
قىلورمىسز مىڭا داغى يۈز قەترە شۈكرى،
بولۇرمىز رىزا داغى يۈز قەترە شۈكرى.
كى مۇنداق پەرىزاد ئۇنىڭ شامىدا،

كويۇب بۇ سۇپەت بەزم ئەيیامىدا.
بىزنىڭ رۇشنىمىزدە گۇلچەھرىلەر،
چىكىب جامە كەلكۇن قىلىب نەشئەلەر،
پەراغەت ئىلە ئوتكۇرۇرلەر جاھان،
بىرى بىرى بىرلە بولۇرلار خۇشان.
قىلاي مەن داغى ئەمدى گۇستاخلىغ،
جۇۋابىنى لۇتپى ئەيلاب ئەتمە دەرىغ.

سەنىئى شاھ خۇبان ئالەم نىتىب،
بۇ مەنزىلگە كەلدىڭ بىز يەكلىغ يىتىب؟
كى بۇ گۇلستاندۇر پەرىلەر يىرى،
بۇ مەنزىلگە ئادەم ئاتىدىن بىرى،
يوق ئەرمىش گۇزەل ئادەم قىلغانى
سەۋەب نە ئىدى مۇندا كوردۇك سىنى؟

## فىروز شاھنىڭ كەلگەنىنى بۇ ھىكايەنىغە باغلاپ بۇ نەفەرىپ بىلە پەرىزاتنى ئويغاتقانى

دىدى شەھرىيار ئى جىگەر سوز ئىشىت،
بىزنىڭ يەردە ئىككى مۇساھىب يىگىت.
بىرى بىرىدىن باشقە بىر سائىتى،
بولۇب ئەيلاماس ئىدى تاقتى.
ھەمىشە بولۇب بىر بىرى بىرلە شاد،
تىلاب بىر بىرى خوشلۇغىدىن مىراد.
سەپەر قىلسىلار ھەم ئىكاۋ ھەم سەپەر،
مۇقىم ئولسىلار ھەم چۇشىرۇ شىكەر.
بىرىگە فەرەھ يەتسە بىرى خۇشان،
بىرسىنى خوشان، بىرگە ئەيشى جاھان.
جاھان خوشلىغىن بىر بىرىدىن تىلەب،
قىلىب بىر بىرسى بىلەن ئەيشۇ تەرەب.
يۇرەر ئەردىلار ئەيشۇ ئالەم قىلىب،
بىرى بىرى ۋەسلىن غەنىمەت بىلىب.
كى تاكى بىرى گەد خۇدالىق ھەۋەس،
قىلىب دىسە ئول دىدى مەنى ئەمەس.
سوراب بىلدىلار ئاندا سىمتەن بىرى،
بەس سالىھ پارسا دىلبىرى.
ئاراغە سالىب سوز تىلاب سوئىبتىن،
رىزا بولدى چۇن قىلدىلار نىسبەتىن.
نەچە كۇن بولۇب گەد خۇدا بۇ بىرى،
بىر ئاخشام پەرىشان بولوب خاتىرى.
كى نە قىلماغۇر ئىشنى قىلدىم ھەۋەس،
مۇئەييىن ئەمەس بۇ ئىش ئەمەس.
بولۇب گەد خۇدا مەن پاراغەت بىلە،

ئەۋەل ئولدۇر يالغۇز مالالەت بىلە.
نىتىب نە قىلىب ئولتۇرۇر يالغۇزۇن،
نىتىب ئۇيقۇ كىلۇر ئاڭا تۇن ئۇزۇن.
دىبان بارسا ئولدەم قىلىب ئىزتىراب،
ياقىب شەمئ ئالىغە سالىب كىتاب.
غەمىن ئولتۇرۇب ئىلە يالغۇز قالىب،
ئوقۇماي كىتابىغە تىك كوز سالىب.
كىرىب كەلدىيۇ كوردى ئول ھالىنى،
ئوزىدىن بولۇب تۇشكەن ئەھۋالىنى.
دىدى ئول رەفىقىغ ۋاپادارىغە،
ئىشىدىن پۇشمان بولۇب يارىغە.
كىم ئى يار نە قىلماغۇر ئىشنى مەن
قىلىب مەنكى يالغۇز بۇ ھالەتنى سەن.
جۇدا بولغان ئەرمەس ئىدوك ھىچ دەم،
مەن ئەيتتىم ئوزۇمگە ماڭا بۇ سىتەم.
ئىماس ياخشى ئەمدى بۇ ئادەت بولۇب،
ماڭا ئەيلىسە، ساڭا ھالەت بولۇب.
موقىم ئولساق ئوشۇندا مەنزىل تۇتۇب،
ۋەتەن قىلساق ئوز تورمىزدىن ئوتۇب.
سەپەر ئەيلەيلىك ئەرتە ۋە بىر نەچە
يۇرۇب سەير ئەيلاب نەچە كونگەچە.
بولۇب بىر بىرىمىز بىلە شادمان،
كوكۇل ئىستىگانچە يۇرۇب ھەر قايان.
ئاچىلىب كوكۇللارچۇ پەسلى باھار،
پاراموش ئولۇب مىھنەت روزگار.

يانىب كەلسەڭ ئاندىن يەنە گورگابىز،
نە كەلسە جاھاندىن ئانى كورگەيمىز.
بۇ يەڭلىغ قىلىب ئىتىپاق ئىككى يار،
ساباھ ئەيلاڭ دەب سەپەر ئىختىيار.
كىلىب بۇ ھالالىغە دىدىكى بىز،
ساباھ ئەيلادۇك ئىتىپاق ئىكمىز.
كى ئەزم سەپەر قىلغانبىز سەير ئۇچۇن،
كوڭۇللەر ئەچىلغاي يورۇب نەچە كۈن.
كى بىر بىرىمىزدىن جۇدا بىر زامان،
بولۇشقان ئەمەس ئەردۇكۇ باشقە جان.
ماڭا بولغالى بۇ سۇپەت نىسىب ئول،
چىكىب پۇرقەتۇ مىھنەت غۇربەت ئول.
پەرىشان ئاشۇفتە ئەھۋال ئىرۇر،
ئەۋۋەل ئول خۇرسە ماڭا نە ھال ئىرۇر.
يۇرۇب نەچە كۇنگەچە سەير ئەيلەيلى،
بىر بىرىمىزگە كوڭۇل ئۇۋلالى.
زەئىپە قوپۇب توشەئى راھ ئىتىب
ئۇزۇغۇ ياراغىنى ۋە بىخورە ئىتىب.
ساباھ بولدىيۇ تەبرەدى ئىككى يار،
بىرى - بىرىسىگە بولۇب غەمگۇزار.
يەنە ئەرتىسىگە كىلىب بىر ئىبزىز،
تەرەھھوم كوزىدىن بولۇب قەترە رىز.
خەبەردار قىلدىكىم ئى سىمىتەن.
قونۇب ئەردىم ئاخشام فالان يەردە مەن.
كىلور ئەردىم ئاندىن قوپوب ئەر تىلەب،
كى يول ئۇزرە كوردۇم بولۇپتۇر ئەجەب.
رەفىقى كى جۇپتۇ ھالالىڭ بىلە،
بار ئەردى قۇۋانغان ۋىسالىڭ بىلە.
قاراقچىغە ئۇچراب ھەدابكە نەزار،
تۇتۇب ئولتۇرۇپتۇر ياتۇرلار بىكار.
قىلىب باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا،
سالىپتور ياتۇرلار بولۇب خاكىپا.
بۇ بولسا خۇدا ھوكمى نە چارەدۇر،
ئەزەلدە نە قىسمەتتۇر ئول بارەدۇر.
چۇسەن - سەن ئۇلارنىڭكى غەمخوۋارى ھەم،
جاھان ئىچرە يارۇ ھاۋادارى ھەم.

ئۇلار ياتماسۇنلار بولۇب خاكسا
بارىب ئەيلا مەنزىللارىن بەقارار.
ئىشىتكەچ بۇ سوزنى زەئىپە راۋان،
تەشنە بولۇب جانى سۇ باغرى قان.
ياتىپتۇرلار ئىككى رەفىقۇ ھەرىن،
تاپىپ قەتلۇ بىرەھىملەر ئىلكىدىن.
كىسىب باشلارىن تاشلامىشلا جۇدا،
ئەلىب كەلتۇرۇب دىابەرۇ پارسا.
قويۇب ھەر بىرىمنى بىر تەن بىلە،
تەزەررۇھ قىلىب ئاھۇ شەبۇن بىلە.
تەھارەت قىلىب ئىككى رىكەت ناماز،
قىلىبان سۇرۇب يەرگە روي نىياز.
دىمىش كوز ياشىن ئاقىزىبكى ئى ئىلاھ،
ئاياندۇر ساڭا بۇ ئىككى بىگۇناھ.
تاپىپتۇر ستەم كارلاردىن زەرەر،
بۇلار دەردىدىن ماڭا قاندۇر جىگەر.
كىم ئەردى بولار بىزەرەر بەندىلار،
يوق ئەردى بۇلاردىن كىشىگە زەرەر.
تىلەب بىرى بىرى خوشلۇغىنى مادام،
يورۇر ئەردىلەر سەير ئىتىب سۇبھى شام.
نە ئولكىم بولارغە يۇرۇب ئالىمى،
مەتائى جاھان ئولغاي ئەردى غەمى.
غەمى بىر بىرىنىڭ رىزاسىيۇ بەس،
بىرى بىرىسىنىڭ موپتەلاسىيۇ بەس.
بىرى بىرىسىدىن ئايرىلالمايىن،
بىرى بىرىسىنىڭ خاتىرىن سالمايىن،
كىلىب ئۇچرامىشلار بۇ ئاپەتغە،
مىنى تاشلامىشلار بۇ ئوقەتغە.
ئەگەر رەھم قىلماي ستەم كارلار،
سەتەم قىلدى بىرەھىم خۇنخۇۋارلار.
سەن ئەيلەب تەرەھھۇم بۇلار ھالىغە،
مەنى زارە مەزلۇم ئەھۋالىغە.
بىرىب يانە باشىدىن بۇلارغە ھايات،
ماڭا يەتسە ماتەم ئويىدىن نەجات.
سىنىڭ لوتفوڭ ئالدا ئاسان ئىرۇر،
ئاتىڭ چۇن رەھمىيۇ رەھمان ئىرۇر.
چۇ مۇنداق نىياز ئۇزرە مەزلۇم زار،

تەزەررۇ يۈزىن سورسە پەرۋەردىگار.
راۋا ئەيلابان ھاجەتىن ئولزامان،
ئۇلارغە ئىنايەت قىلىب بەردى جان.
ھەر ئىككىسى قوپتىيۇ ئولتۇردىلار،
بىرى بىرىدە باشلارىنى كوردىلار.
پەرىشانلىق ئەھۋالىدا ناتەۋان،
ئەلىب كەلتۇرۇب باشلىرىنى ئولزامان.
بىرىن بىرگە بىرىنى بىرىگە قوشۇب،
قوپۇب ئەردى جانغە ئوتلار تۇشۇب.
بىرى بىرىگە ياكىلىش بىرىب باشلارى،
قالىب ھەيرەت ئىچرە ئاقىب ياشلارى.
قۇرۇپتۇرلار ئولزار مەزلۇم ئىشى،
نە تۇرلۇك بولۇر بىلمايىن ھىچكىشى.

كى قايسى بولۇر ئول سەنەم ھەمدەمى،
باش ئولغايمۇ يا تەن ئۇنىڭ مەھرەمى؟
مۇنى بۇ پەرىزاتتىن سورغالى
مەھەلدە ئەرزىگە يەتكۇرگالى.
كىلىب ئەردەم ئويقۇغە سالىب ئۆزىن،
ياتمىپتۇر يۇمۇب ناز بىرلە كوزىن.
ئىشتىب ياتىب بولسا بىدار ئولۇب،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئولۇب.
جوۋابىن قوپۇب ئولتۇرۇب بەرمىسە،
ئۇلارنىڭ ۋابالىن ئالۇرمەن دىسە.
ئۇلارنىڭ ۋەبالىيۇ بۇ سەرۋە ناز،
ئۆزى بىلگەي ئار قىلمىسا ئىھتىراز.

## پەرىزاتنىڭ بىئىختىيار ئويغانغانى، قوپۇب جوۋاب بىرىب فىروز شاھغە دۇئا قىلغانى

ئىشتكەچ قوپۇب ئولتۇرۇب ئولپەرى،
دىدى ئى شەھەنشاھلار سەرۋەرى.
كالامىڭغە روھۇ رەۋانىم پىدا،
ھەددۇ ئىشىڭغە جانۇ جاھانىم پىدا.
سائادەت بىرىب ھەق تەبارەك ساڭا،

نىكەم كامىڭ ئەتسون مۇبارەك ساڭا.
ئىرور ئاشنا گەرچە تاھىردا باش،
ۋەلى تەندەدۇر تەنغە مۇھەررەم ماتاش.
كىبرەككى ئۇنىڭ مۇھەررەمى بولسا تەن،
كى مۇھەررەم دورۇر تەنگە باشتىن بەدەن.

## پەرىزات ئىختىيارىنى فىروز شاھغە سالغانى، فىروز رايىنىڭ كىلىپ قوشۇلغانى، پەرىزات ھەم ئاتا - ئاناسىغە خەبەر بەرگانى، بارچەسى يىغىلىپ كەلگەنى

بۇ ئۆچ شەرتنى چۇ دىن ئادا شەھرىيار،
قىلىپ ئەردى ئول نازىنىن گۇلئۇزار.
دىدى سەندەدۇر ئىختىيار ئى مەلىك،
ماڭا قالمادى ھىچ نەۋئى ئۆزگەلىك.
بۇ شاھزادە ئەمرىدە بولدى ئول ئاي،
خەبەر بەردىيۇ كەلدى فىروزراي.
ئاتا ۋە ئاناسىغە ھەم سىمبەر،

كىشىلەر ئىبەردىكى قىلغاي خەبەر.
يىتىپ چۇن خەبەر بىلدىلار ھالىنى،
بارى شەرت ئادا بولغان ئەھۋالىنى.
بارى ئەھلۇ خىلىن خەبەردار ئىتىپ،
يىتىپ جەمى ئەسباب تەييار ئىتىپ.
ئارام گۇلشىنى كارۋان كەلدىلار،
ئۇلۇغۇ كىچىك شادمان كەلدىلار.

www.uyghurkitap.com

## پەرىزاتنىڭ ئاتا-ئانىسى كەلگەنى، فىروز شاھنىڭ ئەساۋ نەسەبىنى سوراپ بىلگانى، فىروز شاھنى فىروزراي بىلە كەلتۈرۈپ كورگەنلارى

كىلىپ چۈن جىگەر بەندىنى كوردىلار،
مەلىك زادە ئەھۋالىنى سوردىلار.
كى قايدىن دۈر كىمگە دۈر نىسبىتى،
نىدۈر تور رەسمىيۇ كىمدۈر ئاتى.
دىدى شەھرى سىمىن مەلىك زادەسى،
جاھان شاھلارىنىڭ كى ئازادەسى.
ئاتىسىنىڭ ئاتى مەلىك شاھسۇۋار،
بېرىپ ئىككى يۈز ياش ئاڭا بىرۇ بار.
ئوغۇل-قىزدا بولغان بارى ھاسلى،
بۇ ئەرمىش كورەر كوزۇ جانۇ دىلى.
كىلىپ ئۇز ئاتى شاھ فىروز شاھ،
توكۇز بارچە ئىشىدا ياراتقان ئىلاھ.

نە ئىش بولسا پەھمۇ پاراسەت بىلە،
بىلۇر قىلۇر يۈز لەتاپەت بىلە.
دىدىلاركى بىز ھەم كورەيلىك ئانى،
كىلىپ بىزنى كورماسمۇ ئول ھەم قانى.
تىلاب كەلتۈرۈپ شاھ فىروزنى،
بەھەم كوردى ھەم يارۇ سوزنى.
مۇبارەكلىك ئەيلاي پەرى قىزلىرى،
تەبەقلاردا ئالىب جاۋاھىر بارى.
تۈرۈب ئەردىلار باشىغە ساچتىلار،
گۇل بەخت ئول شوخنىڭ ئاچتىلار.
سەرۇ پايىدە مائىدە كەيدۈردىلار،
مۇناسىب بارى تورىدا كوردىلار.

## پەرىزادنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ فىروز شاھنى خوشلاب ئىككى ئاي توي قىلىپ نىكا باغلاپ پەرىزادنى فىروز شاھغە بەرگانى:

ئاتا ۋە ئانا داغى خوش قىلدىلار
رىزا باغىدا گۇلدەك ئاچىلدىلار.
ئولۇق توي ئېتىب ئىككى ئاي چىرغالان
قىلىشىپ پىرى خىلى ياخشى-يامان.
پەرىزادنىڭ باغلىبان ئەقدىنى،
مەلىك زادغە بەردىلەر نەقدىنى.
چۇ نەقدىنىڭ قۇفلىغە توشتى كىلىد،
ئاچىلدىيۇ ساچىلدى سورخۇ سەفىد.
يۇكلىگەچ دۇررۇ دانە سىمىن سەدەف،
ئەلىب كامىغە گاھى تاپتى شەرەف.
نىسار ئەيلادى لەئلۇ ياقۇتىنى،
دۇردانىدىن تاپتى چۇن قۇۋۋەتىنى.
سەدەف قەبىلە ئومۇر تاباقىدۇر،
ھەمىشە دۇردانە مۇشتاقىدۇر.

باھار ئەۋۋەل بولسا نىسان چاغى،
چىقىب بەھرە ئۈزرە ھەرنە دەر ياداغى.
تۈرۈر قەترەئىغە چىكىب ئىنتىزار،
كى قىلغاي نىسىب ئاڭا پەرۋەردىگار.
نەسىب ئەيلاگەن قەترەئى جەزب ئېتىب،
تىنىب كوڭلى دەريا توبىگە كىتىب.
تاپىب مۇددىاسىنى ئەيلاب قارار،
بولۇر ئەرمىش ئانىڭ بىلە دا نەۋار.
نەچەگە نەسىب ئولماي ئول قەترە سۇ،
يانالار ئىمىش بەرمەي ئۇل ئەبرۇ.
يەنە ئەبىر نىسان غىنچە كوز تۇتۇب،
يەنە بولسا ھەم روزبەر قىلغاي پۇتۇب.
گەھى خوش، گەھى ناخوش ئەھلى جاھان،
ئوتەرلار ئىمىش ياخشى، گەھى يامان.

## فىروزرايغه هەم بىر نازىنىن پەرىنى تويلاب ئەقىدە باغلاپ بەرگانلارى

چۇ تاپتىلار ئۇل ئىككى يار ئەتتىسال،
چىگىب بىر بىرى بىرله جامۇ ۋىسال.
جاھان باغىدا كامران ئولدىلار،
ئەيشۇ ئەھىب شادمان ئولدىلار.
بار ئەردى پەرىزاد رەئناغه ھەم،
كوكۇلداش ئۇزىدەك تىلىگەن بەھەم.
ئىمىب بىرسۇت ئۇلغان ئىككاۋ پەرىۋش،
جۇدا بولمىغاي بىر زامان يازۇ قىش.

ھەمىشە ئۇنىڭ ھەمدەم مەھرىمى،
ئۇل ئەردى ئاندىن يوق ئەردى كەمى.
بارى ھوسىن توردا كامىل ئىدى،
نىكەم ئاندادۇر، مۇندا ھاسىل ئىدى.
ئەنىڭ ۋالىھى بولدى فىروز راي،
چۇ بۇ ۋاله بولدى مۇڭا ھەم ئۇل ئاي.
بىرى بىرىگه نىسبەتەن قىلدىلار،
ئۇلار ھەم جاھان ئىشرىتىن قىلدىلار.

## مەلىك شەھسۇۋارنىڭ فىروز شاھنىڭ ئىزىچە بارىب تاپالماي يانىپ كەلگانى، ئاناسى فىروز شاھنىڭ ئاناسىنىڭ ئوغۇل فىراقىدا ئولگانى

بۇلار مۇندا بۇ ئەيشۇ ئىشرەت بىله،
كوكۇل ئىستىگەندەك پاراغەت بىله.
تۇرۇب بىز ئوقۇبان مەلىك شەھسۇۋار،
كى قالدى ئۇ ئۇستىدا كوڭلى فەكار.
ئەنىڭ ھالىدىن ھەم بايان ئەيلايلى،
نه بولدى نه قىلدى ئايان ئەيلايلى.
كىيىك كىم ئوتۇپ شاھ فەروزانه،
قاۋۇپ كەتتى ئۇل پەردىلسوزانه.
كورۇپ تۇردى تا بولدى كوزدىن يىراق،
ھەزىن جانىغه تۇشتى دەردۇ فىراق.
تەھەممۇل قىلالماي ئاۋنى سالىب،
جىگەر كوشەسىنىڭ ئىزىنى ئالىب.
راۋان بولدىيۇ تاپتى ئەل ھەم خەبەر،
توشۇب شاھنىڭ سوڭىغه سەربەسەر.
سورۇبان يىتىب ئىستاشىپ ھەرنەچە،
ئىزىنى ئىزارلاب قاراڭغۇ كىيچە.
تاپالماي ئىزىنى ھەم ئىيتتۇردىلار،
ئوتۇپ ئۇل كىيچە تاڭلا ھەم سوردىلار.
بىلالمادىلاركى باردى قايان،
تىلابان تاپالمادى نامۇ نىشان.
كىيىكنىڭ ئىزىچە كىلىب ئەتتىلەر،
كىشى بىلمادىكىم قايان كەتتىلەر.

بىر ئايچە يۇرۇب ئىستاب ئەل سەربىسەر،
نه دەشتۇ نه سەھرا نه كوھۇ كەمەر.
تاپالمايىن نائۇمىد ئولدىلار،
جاھاننى كەزىبان بىر ئاي يۇردىلار.
قارادى كوزىگه جاھان شاھنىڭ،
فىراقىدا فەرزەندىنىڭ ۋاھنىڭ.
يۇرەكى سۇ باغرىيۇ بەريان ئىدى،
بۇ ۋەھمۇ غەم ئىچرە ئىچى قان ئىدى.
كى قايسارى باردى جىگەر پارەسى،
قالۇرمۇ ماڭا بۇ يۇرەك يارەسى.
بىلىڭ ئەتتىمۇ توئىمه پىشىشه ئارا،
ئالىب كەتتىمۇ تاغ ئارا ئەجدىھا.
سۇغا تۇشتىمۇ يۇتتىمۇ يا نەھەڭ،
ھاۋا قىلدى سومرۇغ ئەلىب با بەچىڭ.
يىقىلدىمۇ ئاتتىن يامان يەر كىلىب،
ياياق قالدىمۇ ئاتتىن ئايرىلىب.
سۇباب سايەئى ئارزۇ قىلدىمۇ،
پاناھى تاپىب ئاندا يىقىلدىمۇ؟
يىقىلغاندا يا بىخۇت ئاتتىن يامان،
كىتىب ھوشىدىن بىخۇد ئولغان زامان.
بورىلەر گوزەرىغه توش بولدىمۇ،
قىينى توئىمەئى، روھى قۇش بولدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

دەب ئەيلار ئەردى ھەر زامان بىر خىيال،
تاپىلماغلىق بولدى ئاخىر مەھال.
نە ئىزنىيۇ نەز ئىرىدىن ئولدى نىشان،
يارۇغ كوزلىرىگە قارارىدى جاھان.
ئۇمىدىن جىگەر كوشەسىدىن ئۇزۇپ،
بۇلۇتتەك قارا چىرماب ئەفغان تۇزۇب.
خازان يامغۇرىدەك ئاقىزىب ياشىن،
تۇتوبدۇر ماتەم ئوتىدىن باشىن.
بولۇب ئاق ساقالىنى بەرباد ئەتىب،
ياقاسىنى قىلىب چاكۇ فەرياد ئەتىب.
يانىب تۇشتى ماتەمدا تۇندەك بولۇپ،
ئول ئىشرەتتى غۇسسىغە ئويۇرۇلۇپ.
ئاناسى جاھان بانۇي پاك چېھرە،
خەبەر تاپتى كىم ۋە ھەر تەرك ئەتتى مىھرە.
قويۇب شاھ ئاياغىغە باشىن زار،
قىلىب يۈزۇ كوكسىنى ئەيلاب فىگار.
قويۇب ماتەم ئوتى بىلە ناتىۋان.
فىراق ئىچرە تەگرىگە تاپشۇردى جان.

## مەلىك شەھسۇۋار ئوغلىنىڭ ۋە ھەمغۇۋانەسىنىڭ فىراقىدا خاراپ بولۇپ ئەفغان قىلغانى

چۇكۇردى مەلىك شەھسۇۋار ئىلە ھال،
دىدى ئى ئەجەل جانىمنى ئال.
يىگىتلىكتە مۇنداق بالا كورمادىم،
نىشات تەرىپىدىن ئۇ كۈن سورمادىم.
كۇچۇ قۇۋۋىتىم بارىدا دەردۇ غەم،
يىتىب چەكمادى جان كوڭلۇم ئەلەم.
قەرىلىغىم داغى دولىتتۇ ھورمىتىم،
جىگەر كوشەم ئەردى كۇچۇ قۇۋۋىتىم.
كۇچۇ قۇۋۋىتىمدىن جۇدا ئەيلادىڭ،
ئاڭا ھەمدەمنى پىدا ئەيلادىڭ.
بۇلارسىز ماڭا نىدۇر ھايات،
مۇنىڭدەك ھايات ئوتكەننى ياخشى پات.
دەب ئەفغان قىلۇر ئەردى بىچارە پىر،
بولۇپ ماتەم ئىلكىدە جانى ئەسىر.
تىرىكلىكتىن تارتىبان يۈز مالال،
بولۇپ ئەردى زەئىپ ئىچرە ئانداغكى نال.
ئوغۇل دەردىيۇ ھەم نەشىن غەمى،
خاراب ئەيلەر ئەردى دەمىدىن دەمى.

## سەلىمنىڭ مەلىك شەھسۇۋارغە كوڭۇل بىرىپ نەسىھەت راي كورساتكانى

چۇ شاھ ئولدى ھىجران غەمىدىن خاراب،
سەلىم جاھان دىدىغە ئىزتىراب.
تۇشۇپ ئورتانىب جانى بىر كۈن كىلىب،
شاھ ئالىدا ئولتۇردى مەھزۇن كىلىپ.
ئەيتتىكىم ئى شاھ نىچۇن سەتەم،
ئوزۇڭگە قىلىپ تارتادۇرسەن ئەلەم.
تەۋەللا قىلىب ھەققە سەبىر ئەيلاگىل،
غەمۇ غۇسسىغە ئوزىنى كوب بەرماگىل.
خۇدا بەندەسىدۇر ئۇلار بىز داغى،
ئۇلارنىڭ مۇنىڭدەك ئەتىب بارماغى.
ئىماس تۇرۇر ئەلبەتتە بىھكمىتى،
ئۇلارغەدۇر ئەلبەتتە بىر ھالىتى.
كىشى چۇن كوزى بىرلە كورگەن ئەمەس،
نەھى بولغان ئولغان ئۇلارغە قەپەس.
يامان فال نىچۇن كىرەكتۇر بۇتۇر
سالۇر بۇ سۇپەتنى ئەيىيامدۇر.
ئەمەستۇر مۇڭا بىتە ھەممۇللۇق ئىش،
تەھەممۇل قىلۇر مۇندا قوللۇق ئىش.
تەزەررۇ قىلىب تەگرىگە سۇبھى شام،
تەلەب ئۇستىدە ئەيلەيلۇق ئىھتىمام.
يىتىمۇ، پەقىرۇ ئەسىرۇ غىرىب،
خۇدا يولىدا بىزدىن ئالسۇن نەسىپ.

گۇناكارلار زىندانى ۋە بەندىلەر،
كى بەندۇ بالا بىرلە شامۇ سەھەر.
دىلئازاردە دەردۇ غەم دىدەدۇر،
پەرىشان مەھجۇر رەنجىدەدۇر.
ئۇلارنى قىلىب لۇتفى ئازاد ئىتىڭ،
ئەلب كوڭلىنى خاتىرىن شاد ئىتىڭ.
تول ئوكسۇكگە خەيرئىلە ئىھسان قىلىڭ،
بۇ ئەلنىڭ دۇئاسىن ئىجابەت قىلىڭ.
بىرىنىڭ دۇئاسىنى ھەق مۇستەجاب،
ئەگەر قىلدى بولدۇق بىلىڭ مىياب.
بۇ ئىشنى قىلىپ شەھ سەبر ئەيلاماك،
ئىبرۇر جۇملە مەقسۇددىن بەر يىماك.
پەيغەمبەرلەر ئىچرە ۋە ھەم شەھرىيار،
سالىبتۇر بۇ ھىجران ئۇتتى كەردكار.
بار ئەركىن ئۇنىڭ تانچۇك ھىكمىتى،
نىتەي دىسە ئانى قىلۇر قۇدرىتى.
ئەنگىدەككى يەئقۇب پەيغەمبەرىن،
ھەسەد ئوتىغە سالىب ئوغلانلارىن.
سەبەب قىلدى يۇسۇپتىن ئەتتى جۇدا،
فىراقى بىلان ئەيلادى مۇبتەلا.
ھەمىشە كۆيۈب داغ ھىجران ئارا،
غەمىن ئولتۇرۇب بەيتۇلھەزان ئارا.
يىغىدىن دەمى خالى ئەرمەس ئىدى،
كورەر كوزلارى نۇر بەرمەس ئىدى.
نەھايەتۇ ئاشتى ئىسە غۇسسەسى،
قىلغان بىرلە سەبىرلىك قىسسەسى.

خىتاپ ئەيلادى ھەق ئى مەردى ھەق،
ئەگەر بولدى ئوغلۇڭ جۇدا بىزگە باق.
بىز ئەيتتۇق جۇداسىدىن بىزنىڭ بىرلە بول،
بىزنىڭ بىرلە بولساڭ قايان بارغاي ئول.
ئەگەر ئەمدى مۇندىن نارى غەم يىسەڭ،
بولۇپ سەبىرسىز يۇسۇب ئاتىن دىسەڭ.
سالۇر بىزنى ھەم بىز ئۇزىدىن يىراق،
بىلورسەن ئۇزۇڭ قايسىدۇر ياخشىراق.
ھەر ئىنسان ئولۇب تەڭرى پەرمانىدىن،
چىقىب كوشەئى بەيتۇل ئەھزانىدىن.
ئۇنۇتتى تامامۇ غەمۇ مىھنەتىن،
ئىككىنچى ئەيتمادى يۇسۇب ئاتىن.
تەھەممۇل قىلىب تەڭرى يادى بىلە،
بولۇب ئەردى ئانىڭ مىرادى بىلە.
جاھان ئاپىرىن ھەم پەلەك گەردىشىن،
تۇزۇب راي ئىلە قىلدى ئاسمان ئىشىن.
جۇدا بولغان ئوغلىن بىرىب ئىززۇ جاھ،
قىلىب مىسرى تەختى ئۇزە پادىشاھ.
خوشا بەردىيۇ ئەيلادى شادىمان،
يارۇدى قارا كوزىگە جاھان،
جاھان مۇلكىدىن جان دەۋلەتۇ ئىلە،
دىلۇ روشنۇ جان ئاگاھ ئىلە.
ئابىد مەنزىلغە قەدەم قويدىلەر،
ئەل ئۇنىڭ ئىبتىنى ئەدەم قويدىلەر.
بارىمىزغە داغى ئىش ئۇشبۇدۇر،
ئۇكۇن ئىش ئەمەستۇر ئىش ئۇشبۇدۇر.

## مەلىك سەلىمنىڭ سوزىگە خوشھال بولۇب، ئىختىيارنى سەلىمغە سالىب خەندە جان قىلغانى

بۇ سوزلەرنى شاھ ئۇ جاھان دىدەدىن،
ئىشىتكاچ ياش ئەيلاب راۋان دىدەدىن.
دىدى ئى ھەددىسىڭدا جان راھتى،
سىنىڭ بىرلە بولسۇن جاھان دولتى.
كىم ئولغايمۇ ئانداقكى فىروز شاھ،
تىرىك بولغايۇ قوشقاي ئەنى ئىلاھ.

ھەددىسىڭ مىنى قىلدى ئۇمۇتۋار،
نىچۇككىم تىلەر رايىڭ ئول ئىختىيار،
نىكىم بەندۇ زىندانى باردۇر بارىن،
قويۇبگۇ بىرىڭ ئانچە سىمۇ زەرىن.
كى ھىچكىمگە مۇھتاجلىق چەكمىسۇن،
خۇدا يولدا ئالسۇنۇ رەنجىمىسۇن.

يىتىمۇ پەقىرۇ غەرىبۇ ئەسىر،
تۇلۇ بىۋە خاھى يىگىت خاھى پىر.
بىرىلىك خىلئەتۇ، ئاشۇ، نانۇ، تائام،
قۇرۇق قالمىسۇن بەندە خاسۇ ئام.
سەلىم ئۇنچە پەرمان قىلىب ئەردى شاھ،
يۇز ئانچە قىلىب كوشەش ئول نىكخاھ.
قىلىب بەندۇ زىندانلارنى خالاس،
بولۇك دىدى دەرگاھ ئالىدا خاس.
نىكەم ئەردى دۇنيادا مۇھتاجلار،
غىنى بولدىيۇ تويدىلار ئاچلار.
ئولۇسنىڭ دۇئاسى بولۇپ رەھبەر،
تەزەررۇ بىلەن ئوزى شامۇ سەھەر.
تەلەب ئۇستىدە بولدى ئۇمىتۋار،
كى بەرگەي تىلەكىنى پەرۋەردىگار.
بىلە كىمكى خالىق رىزاسىن تىلەر،
بولۇر خەلقى ئەھۋالىدىن باخەبەر.
ئەنىڭ ھالىدىن ھەم ئول ئاگاھ ئىرۇر،
يۇمۇب ئاچقوچ كوز مىرادىن بىرۇر.
ۋەلى ئادىمى ئەسرۇ غەپلەتتەدۇر،
تىكىپ كوزىنى دۇنياغە مىھنەتتەدۇر.
ئەگەر بەندىسى بولسە ئەنىڭ بىلە،
ئەنىڭ لوتفى ئىھسانىدىن نەكىلە.
نەچە غەپلەتى بولسە ھەم ئادىمى،
كىرەم كوركى رىزقىن كەم ئەتمەس دەمى.

## فىروز شاھ تۇشىدە ئاتىسىنى مۇناجات ئۇزرە كورۇپ پەرىشان ئويغانغانى، پەرىزات پەرىشانلىقىنىڭ سەبەبىنى سورغانى

بۇلار مۇندا تۇرسۇن ئۇ ئۇستىدە،
ئۇلار كىم نىشاتۇ تەرەپ ئۇستىدە.
قالىب ئەردىلار ئەمدى ئۇليان كىزەر،
قىلىب ئەيلەيلى قىسسەنى مۇختەسەر.
پەرىزاد رەئنا بىلە شەھرىيار،
چىكىب جامۇ كەلكۇن ئالىشىب كانار.
ياتىب ئەردىلەركىم سەھەرگاھ ئىدى،
كوز ئۇيقۇدا ۋە كوڭۇل ئاگاھ ئىدى.
كى كوردى ئوزىن شاھ سىمىن ئارا،
ئولۇسنىڭ باشىندا تۇتۇندەك قارا.
ئاتاسى ھەرىمىغە قويىيە قەدەم،
قاراڭغۇلۇق ئەردى ھەرەم سەھنە ھەم.
تاپالماس ئەردى كىشىكىم خەبەر،
سوراب بىلگەي ئول تۇندۇر يا سەھەر.
قەدەم قويسە ئىلگىرى ئول شاھسۇۋار،
قاراڭغۇلۇق ئىچرە چىكىب ئىنتىزار.
قويۇب باشىنى يەرگە گەريان ئىرۇر،
فىراق ئوتىدا باغرى بەربات ئىرۇر.
قىلىب نالۇ زار ئەفغان تۇزۇب،
فىغان بىرلە ھەر لەھەز كوڭلىن بۇزۇب.
مۇناجات ئۇزرە دەيدۇ ئى بىرۇ بار،
سىنىڭ ھەزرىتىڭدە ئىرۇر ئاشكار.
كى يىللار تەلەبكار پەرزەند ئىدىم،
ئەسرۇ خاراب جىگەر بەندە ئىدىم.
كى مەن بارسام ئورنۇمدا ئولتۇرغاي ئول،
ئوچۇرگەن چىراغىمنى ياندۇرغاي ئول.
ئولۇسۇم ئۇزرە پادىشالىق قىلىب،
كىيىب تاجۇ، تەختىم ئۇزرە ئولتۇرۇب.
جاھان ئىچرە ئەيشۇ سەرۋەر ئەيلەگەي،
ئۇنى كورسە روھۇم ھوزۇر ئەيلەگەي.
نىچوككىم تىلەر ئەردى خاتىر ماڭا،
بارى روشەنۇ زاھىر ئەردى ساڭا.
ئىنايەت قىلىپ بەردىڭ ئانداق ئوغۇل،
كىم ئىچىلغان ئەمەس ئەردى ئەيلا گۇل.
ۋەلى غۇنچەسى ئەچىلۇر چاغىدا،
كورۇنۇپ كىلۇردە نەزەر باغىدا،
نەغەم تەندۇ باغىنە قالدىڭ دۇچار،
قايان سالدى گەردىدىن بىئىتبار.
كى نامۇ نىشانىدىن ئانىڭ خەبەر،
بىلالمىدىم باردى نۇرى بەرسەر.

كىيىكنىڭ ئىزىچە بولۇب روبىراھ،
قايان باردى پەرزەندىم دىلبەندىم ئاھ.
جاھاندا تىرىكمىكىن يا ئۆلۈك،
يانا بارمۇكىن ئانى كورگۈلۈك.
ۋە يا خۇد بۇ ئارمان ئىلە خارۇ زار،
بىرىپ جان قالارمەنمۇ بىبەركىسى بار.
دەرەختىكى بىبەركى بار ئولغاي ئول،
جاھان ئىچرە نىقەدەر دار ئولغاي ئول.
نە سايە ئىرۇر ئاڭا نە مىۋەئى،
كى سايىسىدا بەرە يىگەي سىۋەئى.
كىسىب ئوتقە ياقماقتىن ئۆزگە ئانى،
جاھان بوستانىدا سودى قانى.
مىنى ئەسلا جەبرىكۆبار ئەيلەدىلىڭ،
كى بىقەدىر ۋە بىئېتىبار ئەيلەدىلىڭ.
كىسىلمەي ئۇمىدىمنىڭ بولدى قانى،
نە قىلدى فىراق ئوتقە ياقماي مىنى.
ئاتاسىنى چۇن كوردى بۇ ھال ئىلە،
پەرىشان ئاشىپتە ئەھۋال ئىلە.
كى نا ئۇمىدلىك ئۆزرە ئەيلەب نەفىر،
فىراق ئوتىدا ئورتەنۇر خەستە پىر.
پەرىشان ئولۇب قوپتى بىدار ئولۇب،
ئاتاسى فىراقىدىن ئەپكار ئولۇب.
كوزىدىن تەرەھھوم ياشى ئاقىلىب،
ئاتاسى ئوتى جانىغە ياقىلىب.
پەرىزاد رەئنا داغى سەسكانىب،
كوزىن ئاچىسە فىروز شاھ ئويغانىب.
قوپۇب ئولتۇرۇب زار - گەريان ئىرۇر،
پەرىشانلىق ئوتىدا بەريان ئىرۇر.
دىدى شوخ رەئناكىم ئى شەھرىيار،
ناغۇ خاتىرەڭ بولدى مۇنداق فىكار؟
ناغۇ نەركەسىڭ ئەشك ئىلە لالە نام،
بولۇپ ئىشرەت ئۇيقۇسىن ئەيلەر ھارام.
مىنى ئەيلە بۇ ھالدىن باخەبەر،
كى قان بولدى ماڭا بۇ غەمدىن جىگەر.

## فىروز شاھنىڭ تۈشىدە ئاتاسىنى كورگانىنى پەرىزادقا ئەيتقانى

دىدى ئى كوزۇم روشنى مەھۋەشىم،
دىباكىم نە ئۇچۇن راۋاندۇر ياشىم.
ناغۇ مۇنداق ئاشىفتە ئەھۋال مەن،
بولۇب خاتىرەم خەستە بەرھالمەن.
تۈشۈمدە ئاتام ھالىن ئەسرۇ خاراب،
كورۇب تۈشتى كوڭلۈمگە بۇ پىچ تاب.
مېنىڭ ئۇچۇن ئەسرۇ دىل ئەپكار ئىمىش،
فىراقىدا ئەھۋال دىشۋار ئىمىش.
باشىنى قويۇب سەجدىگە خەستە پىر،
يۈزىنى سورۇپ يەرگە پىر پەقىر.
مۇناجات ئۆزرە ئىيدۇروركى ئى ئىلاھ،
قانى كوزلەرىم نورى فىروز شاھ؟
قانى ئول بۇ يەرگە يىتىب ھاسىلىم،
كورەر كوزىمۇ جانۇ ئەقلىمۇ دىلىم.
ئانامدىن ھىچ ئاسار پەيدا ئەمەس،
مۇناجات ئۆزرە بىر ئاتامدۇر بەس.
ئاتام ئانچە قىلغاندا مەزلۇم ئانام،
يىمەسىمو ئەيدى بولسە يۈز مۇنچە غەم.
فىراقىدا مەزلۇم مىسكىن ئوتۇپ،
ئاتام قالدىمۇ يالغۇزدىن غەم يۇتۇب.
ئاتام يانىدا ئوران خالى دۇرۇر،
مىگەركىم ئەجەل پايمال دۇرۇر.
پەرىشانلىغىدە سەۋەب ئوشبۇدۇر،
بۇ غەم بىرلە جان خارمىنىم سۇدۇر.

## پەرىزادنىڭ فىروز شاھنىڭ تۈشىنى ئاڭلاب پەرىشان بولۇب، شەھرى سىمەنگە بارور مەسلىھەتىنى كورگانى

ئىشىتكەچ بۇ ۋاقىئەنى ئول نازىنىن
بولۇب خاتىرى خەستە جانى ھەزىن.
توكۇب شەمئىدەك ئەشك دۇردانەسىن،
كورەلمەي ئول ئوتتا پەرۋانەسىن.

دىدى ئى ئىزلىك توزى تاجۇ سەپەردىم،
باشىمدىن ئاياغىم تەپلىك باردىم.
سىمىن مىنىڭ مېنىڭدەك زەئىبو ھەزىن،
ساڭا سەدىقى بولسۇن سەن ئۇلمە غەمىن.
نەيەرگە قەدەم قويساڭ ئۇل يەردە مەن،
باشىمدۇر ئاياغىڭدا ھەر قايدا سەن.
پەلەك ئەمدى سەندىن يىراق ئوتمىسۇن،
فىراقىنىڭ بالاسىنى كورسەتمىسۇن.

ئاتاڭ ئانداق ئۇلسە فىراقىڭدا زار،
ساڭادۇر نە پەرمانلىساڭ ئىختىيار.
ۋەتەن سارىغە خاترەڭ قىلسە مەيل،
نەمەنىئ يولۇڭدا تۇمەن جان تەفىل.
موڭا مۇنچە خاتىر پەرىشان نەدۇر،
دىلۇدىدە بەريان گەريان نەدۇر.
ئاتا ـ ئانا ئاندا ئانداق خاراب،
بولۇب بىزگە تورماغلىغى ئەرمەس ساۋاب.

## شاھ تاجى بىلە ماھىروي شەھرى زەررىندىن كىلىب فىرۇز شاھ بىلەن پەرىزادنى ياخشى ياراغلار بىلە شەھرى سىمىنگە ياندۇرغانى

بۇ سوزدىن بولۇب شاھ بىغايەت خۇشان،
مۇۋاپىق ئىككى يار ئۇلۇب ئۇلزامان.
قىلىب ئىتپاق ئەيلەدىلەر ياراغ،
بەرەرغە ئەيلەدىلەر بىئەيشۇ فاراغ.
خەبەردار ئۇلۇب كەلدى شاھ تاجۇ بەخت،
كى باغلار جىگەر بەندى سىمىنگە رەخت.
ئاناسى داغى ماھىروي زەرىف،
دىل ئەفكار كەلدى ئىرۇر چۇن زەئىف.
زەئىفۇ قەۋى ئالەم ئىچرە بىلە،
ئىرۇر بارچەغە ھىجرى مۇشكۇل ۋەلە.
زەئىف ئەلگە دىشۋار ئىرۇر ئۇزگىدىن،
زەئىف ئەل دىل ئەفكار ئىرۇر ئۇزگىدىن.
مۇكەممەل بولۇب بارى جابدۇقلارى،
چىقىب يۇككە جابدۇقتىن ئارتۇقلارى.
پەردىن بىرىب شاھ قىرق ئوي قىزى،
كى ھەر بىرىنىڭ يەرگە باسقان ئىزى.
پەلەكتىكىلەر كوزىگە تۇتمىيا،
بولۇر ئەردى ئادەملەرغە خودنە بالا.
يەنە نەچە قۇل بەتچىلەر ھەم بۇتۇر،
كى كورگەن ئەمەس ئەردى ئەيپامدۇر.
تۇتۇب ھەر بىرى بىر باھار قاتار،
راۋان بولدىلار يولغە بىئىختىيار.

بۇلار ھەم ئىجازەتلەشىب ئاتلانىب،
راۋان بولدىلار ئەرسە ئوتتەك يانىب.
ئاتا ۋە ئانا يىغلاشىپ قالدىلار،
فىراق ئىچرە غەم نەغمىسىن چالدىلار.
بارى ئالەم ئەھلىغە ھال ئوشبۇدۇر،
بىل بارچىغە ئوشبۇ ئەھۋالدۇر.
كى بارچە تەلەپكار پەرزەند ئىرۇر،
چۇ بۇلدى ئاڭا جانى دىلبەند ئىرۇر.
ئەگەر كورسە كوز قەترە ياشىدىن،
يىتەر ئۇلدەم ئويرۇلگەنى باشىدىن.
كىپى پايىغە تەگسە ناگىھان خار،
قىلۇر جانىغە نەيزە يەتكەنچە كار.
بۇ يەڭلىغ جىگەر خۇنلۇق ئىلە مەدام،
قىلور پەرۋىرىش كورسەتىپ ئىھتىمام.
ھەمىنكىم يىتىپ ياشقە بالىغ بولۇر،
ئەنىڭ شىۋەسى بىۋالىق بولۇر.
دەردىخاكى، ئالەم ئىشى ئۇشبۇدۇر،
جاھان ئەھلىنىڭ ئىشى ئوشبۇدۇر.
بوگۇنكىم كورەر مېھرىبانلار ۋىسال،
ئوتەرچۇن بۇگۇن تاڭلا باردۇر خىيال.
چۇ تەڭرى تائالا بۇ ئەمىر ئەيلامىش،
جاھان ئەھلىنىڭ شىۋەسى بۇ ئىمىش.

## فىروز شاھ بىلەن پەرىزادنىڭ شەھرى سىمىنگە يېتىپ بارغانى، مەلىك شەھسۇۋارنىڭ بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ تامام خەلق بىلە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كورۇشۇپ بىلە ئوغلىن كوروب شاد ئولغانى، فىروز شاھنىڭ ئاناسىن يوقلاغانى

راۋايەت قىلۇر بۇ سوپەت پەرىراھ،
كى چۈن يەتتى سىمىنگە فىروز شاھ.
ئاتاسى خەبەردار ئولۇپ شادمان،
بولۇب كوزلەرىگە يارۇدى جاھان.
كىم ئوچكەن چىراغىنى ھەق ياندۇرۇب،
يوقالغان جىگەر بەندىنى يەتكۇرۇب.
قۇرىغان گۈلۈستانىنى سەبزە ئىتىب،
چىقىپ كەلدى سەرۋەر دانە يېتىب.
چىقىب ئالىغە ئوترو شاھۇ گادا،
كورشۇب قىلىب جانلارىنى پىدا.
ئاتاسى ئاياغىغە ئوغلى تۈشۇب،
قۇچۇب ئوغلىنى كوزلىرى يورۇشۇب.
تۇكۇب شادلىق ئەشكىنى كوزىدىن،
كوتەرمەي كوزىن ئوغلىنىڭ يۈزىدىن.
قىلۇر ئەردى شوكۇر خودايى كىرەم،
ئىچۈككىم بۇ ئوغلى بىلە ھەم تەسلىم.
ۋە لېكىن ئاناسىنى فىروز شاھ،
ئاتاسى بىلە كورمىگاچ تارتىب ئاھ.
دىدى ئەي دەرىغ ئول ۋەلى نىمەتىم،
دەمى كورمىگەن خەبەر غەمۇ مىھنەتىم.
ئانام مېھرىبانىم قىبلەم قانى،
كى سۇلتان ئاتام بىرلە كورمادىم ئانى.

## مەلىكەنىڭ فىروز شاھغە ئاناڭ سېنىڭ فىراقىڭدا باردى دەپ ئەيتقانى، شەھرۇ خەلقى ئالىدە پادىشالىغىنى فىروز شاھغە نەسىھەت قىلىب تاپشورغانى ھەم ۋەسىيەت قىلىب جان بەرگانى

چۇ دەرد فىراق ئىلە شاھ جاھان،
بولۇب ئەردى زەئىف ئىچرە بەس ناتاۋان.
ۋەلى ئوغلىنى كورمەك ئۈمىدىدە،
يۈزىنى يۈزىگە سۇرمەك ئۈمىدىدە.
ئېلىنىپ تۇرۇب ئەردىك ئولمايىن
تىرىكلىك ئولۇك سانىدا بولمايىن.
يوق ئەرسى ئوتۇب دەردۇ غەم مەغزىغە،
چىقارغە يېتىب ئەردى جان ئاغزىغە.
كى يەتتى جىگەر بەندىيۇ بىر زامان،
ئەنىڭ خوشلۇغى بىرلە جىسمىدا جان.
تورۇب ئەردى بىرلە ھەز ئەيلاب قارار،
ئاناسىن سۇئال ئەيلەگەچ شەھرىيار.
فىراق داغى دەردۇ غەم يادىغە،
توشۇب سالىب جان ناشادىغە.
ئەيتتىكىم ئى نۇرى دىدەم مېنىڭ،
مەئە سالدى يالغۇز فىراقىڭ سېنىڭ.
فىراقىڭدا بەرباد قىلدى ئوزىن،
فىراقىڭ غەمى بىرلە يۇمدى كوزىن.
يېتىب ئەردىم ئول ھالغە مەن داغى،
بولۇب ئەردى ئومرۇمنىڭ ئاخىر چاغى.
سېنى كورمەكىم ئەردى بىر ئارزۇ،
ھايات ئىستەرىمدىن غەرەز ئەردى بۇ.
كى سەن بولساڭ ئورنۇمدا تاجۇ تەخت،
ساڭا بولسە ۋە ئورناسا تەختۇ بەخت.
بولۇپ خاتىرەم جەمى سەندىن تامام،
جاھان باغىدىن ئەيلەگەيمەن خۇرام.
بەھەمدىللا ئولكىم مىرادىم ئىدى،
سېنى بەردى باشتىن ياراتقان ئىدى.
ساڭا بولسۇن ئەمدى جاھان گۈلشىنى،
خۇدا سالامەت تۇتسۇن ئەمدى سېنى.
گۈلۇ گۈلشەنىڭ تازا بولسۇن سېنىڭ،
جاھان ئىچرە ئاۋازىڭ بولسۇن سېنىڭ.

نەھال قەددىڭ سەرۋىرىڭ سەرفىراز،
بولۇب چەكمىسۇن دەھرىدىن ئىھتىراز.
فىراقىڭدا ئەگەر باردى ئۇل ھەمدەمىم،
مىنىڭ ھەم قىلىب ئەردىن ئوشبۇ دەمىم.
مۇنۇ شەھرۇ مەلىكۇ ۋىلايەت سىنىڭ،
بارى تەركو تاجۇ رىئايەت سىنىڭ.
توزۇك تەرى ئەيلە ئەدلۇ بۇنياد قىل،
ئادالەت بىرلە مۇلكو ئاباد قىل.
فەقىرۇ غەرىبۇ يىگىتۇ قىرى،
سىنىڭ خەيرىڭ ئىلە قۇۋانسۇن بارى.
بوتۇر ئەل دوئاسى كى ھەمرا ئولۇر،
نە قىلساڭ ئىشىڭ بارى دىلخۇۋا ئىرۇر.
ئولۇس ياخشى خۇلقۇڭدىن ئولسۇن خوشان،
نىكەم فىتنىدىن مۇلكۇڭ ئولسۇن ئامان.
ئولۇس كوڭلىكىم شاھىتىن جەمى ئىرۇر
نە مەقسوتكىم بولسا تەڭرى بىرور،
دىل ئازارلىق پىششەسى شۇمدۇر،
نە بولغاي دىلئازارى مەلۇم دۇر.
بولۇب رەھىم دىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دوئادا بىرەرتە بىزنى ھەم ياد قىل.
بۇ يەڭلىغ ۋەسىيەتلەر ئۇستىدە ھەرف،
سورۇب قىلدى جانەنى جانانغە سەرف.
مەلىكزادە ئەيلەب ياقاسىنى چاك،
بولۇب بارچە بۇ غۇسسىدىن دەردناك.
چىكىب دەردلىغى ئاھ ئازا تۇتتىلار،
ئازا ئىچرە خۇناب غەم يۇتتىلار.
مەقامىكى ھەم خانەسى مەنزىلى،
بولۇب ئەردى جانانسى مەنزىلى.
ھەم ئول شاھ ئالەمنى يەتكۇردىلەر،
ئاڭا يار ھەمدەمنى يەتكۇردىلەر.
قويۇب مەنزىلىغە يانىب خاسۇ ئام،
بولۇب خەتمى ئولۇسقە چىكىلىب تائام.
قاراسىنى شاھزادىنىڭ سالدىلار.
ئىزا خىلئىتىن ئىگنەدىن ئالدىلار.

## فىروز شاھنىڭ تەختتە ئولتۇرۇب ئەدلى بۇنياد قىلغانى، يۈز ئەللىك يىل پادىشالىق سۈرگانى

چۇ شاھزادە سالدى ئىزا خىلئەتىن
ئاڭا قويدى گەردىدىن جاھان نوبىتىن.
ئاكابىر يىغىلىب تەۋازوئ بىلەن،
كىلىب بىكلار ئەھلى توۋابىئ بىلەن.
قويۇب تەخت كەيدۇردىلەر تاجۇ زەر،
تابوغىندا ئەل باغلىدىلەر كەمەر.
ئەنىڭ ئاتىدا خۇتبەنى تۇزدىلەر،
ئەنىڭ ئاتىدا سەككە كورگۇزدىلەر.
ئەنىڭ دولىتى نوبىتىنى چالدىلەر،
ئولۇس ئىختىيارىنى ئاڭا سالدىلەر.
ئولۇسنى بىلىب تەخت ئۇزرە ئولتورۇب،
ئاتاسى ئورنىدا پادىشالىق سۇرۇب.
ئولۇس ئۇزرە سۇلتانلىق ئايىنەنى،
ئەنىڭدەك توزۇب قويدى يەئنەنى.
كىم ئاندىن ئوكۇن قىلمادى ھىچكىم،
ھەم ئاندىن ئوكۇن بىلمادى ھىچكىم.
ئادالەت بىلە تۇزدى ئانداق ئوزىن،
ئىككى قىلمادى بىر ئەيتقان سوزىن.
يىتىمۇ پەقىرۇ غەرىبۇ ئەسىر،
تۇلۇ بىۋە، خۇۋاھى يىگىت، خاھى پىر،
غەنى بولدىلەر خەيرى ئىھسانىدىن،
تەمە قىلمادىلەر كىشى خانىدىن.
ئولۇس بولدى خوشھال ئۇنىڭ توردىن،
كىشى كورمىدى زور ئەنىڭ جەۋرىدىن.
ئولۇس ئىچرە پەيۋەستە غەۋغا ئىدى،
تويۇ ئىشۇ ئەيشۇ تاماشا ئىدى.
يوز ئەللىك يىل ئانداق پەلەك گەردىشىن،
كورۇب دولىتۇ ئىشرەت ئاسايىشىن.
گولۇستان ۋەسل ئىچرە شاد ئەردىلەر،
فاراغەت ئۇزرە خودمىراد ئەردىلەر.

خىيال ئەيلەمەس ئەردىلەر كىم پەلەك،
قىلۇر ئىشرەت ئەيىيامىنى ئۆزگىرەك.
يىتىب كىلىشى ئىشرەت ئىچرە قۇيۇن،
ئۇچۇرمەككە گۇللەرنى باشلار ئويۇن.

خازان بورجىغە يۈز كەلتورۇر باھار،
قۇيار شاخ گۇللەرنى بىبەرگى بار.
قىلور تىرە تۇن ۋەسل ئەيىيامىنى،
ياپار يۈزىگە ھىجرى ئەجەل دامىنى.

## پەرىزادنىڭ فىروز شاھ بىرلە گولۇستاندا ياتىب، سەھەر ئويغانىب چىمەندىن ناله ئىشىتىب، زوھرە دەردىدە بولۇب ئاللەدىن ئوتكانى

راۋايەت قىلۇر بۇ سۇپەت پىردون،
كى كوركىم نىچوك كورسىتۇر ئويۇن.
خازان پەسلىيۇ بەرك رىزان چاغى،
ساۋۇق يەل بىلە سورۇلۇر زان چاغى.
كى شاھ سەرەخىراز ئىلە گۇلئۇزار،
چىمەن سەھنىدە بادەئى خۇشكۇۋار.
چىكىب بىر بىرى بىلەن ھەم خوۋاب ئىدى،
تاڭ ئاتقۇچە ئۇل كىچە ماھتاب ئىدى.
كى ۋاقتى سەھەر ئەردى سالقىنى،
ئەسىب داردى ماھىنىڭ جالغىنى.
كوزىن سەسكەنىب ئاچسا گولزاردىن،
كىلور نالەئى زار ھەر ساردىن.
نەشاخۇ، نە بەرگۇ نە سەھنى چىمەن،
قىلۇر نالەئى زار گايى سىمتەن.
خازان يەتسە بىزگە سەن ئەردىڭ باھار،
سىنىڭ بىرلە ئەردۇك گولۇ گولئۇزار.
سىنىڭ خوشلوغۇڭ بىرلە فىروز شاھ،
قىلۇر ئەردى بۇ سەھنىنى جىلۋىگاھ.
سىنىڭ بىرلە ئالەم گۇلۇستان ئىدى،
سىنىڭ بىرلە فىروز سۇلتان ئىدى.
فىراقىڭ ئونى موپتالا قىلغۇسى.
غىرىبۇ ئەسرۇ گادا قىلغۇسى،
دەرىغاكى بۇ ئالەم بىۋاپا،
قىلور خەستە جانلارغا ئاخىر جاپا.
ئىشىتكەن بۇ نالەشنى نازۇك سەنەم،
تۇشۇب جانىغە ۋەھىم ئوزرە دەردۇ غەم.
ئەنىڭدەك توتۇب شەنى پەرياد ئىتىب،
يىقىلدى سولۇب مەگزى ئوزىدىن كىتىب.

خەبەردار ئولۇب شاھ ئۇنىڭ ھالىدىن،
ۋەلى بىلمەي ئول نالەش ئەھۋالىدىن.
نە تورلۇك ئىلاجىكى دەرلەر بارىن،
قىلىب كورمەدى سەھھەتى دىلبىرىن.
تەسەددۇق قىلىب مۇلكىتو مالىنى،
تاپالمادى سەھھەت ھالىنى.
ئوشۇل بىخود ئولغان بىلە گولئۇزار،
جاھان گولستانىدىن ئەتتى كانار.
ئوشۇل ۋەھىم ئىلە زەھرەسى يارىلىب،
قالىب ئەردى تەن روھىدىن ئايرىلىب.
قاراردى كوزىگە جاھان شاھىنىڭ،
پانا دەردى ياپتى يۈزىن ماھىنىڭ.
فىراق ئوتى ياندى خىرران جانىغە،
خازان يەتتى سەرۋە گۇلستانىغە.
ياقاسيۇ كوكسىن قىلىب چاك ـ چاك،
دەرىن ئەردىكىم قىلغاي ئوزىنى ھالاك.
ئۇرۇب ئوزىنى يەرگە پەرياد ئىتىب،
ئونۇت بولغان ئوتلارنى بۇنياد ئىتىب.
تاپالمادى ھىچ دەرمانەنى،
نە قىلسە بولۇر تەگرى پەرمانىنى.
خازان يامغۇرىدەك توكۇب ياشنى،
بولۇتتەك قارا قىلدى پوي باشنى.
يۈز ئەللىك يىل ئىچرە خۇدا بەرگەنى،
بولارغە بىر ئوغول بار ئەردى ئەنى.
مەلىك تاجۇ بەخت ئەسرا ئىلتىب ئىدى،
قىزىم ئورنىدا ئولغاي ئول دەب ئىدى.
قويۇب ئەردى ئاتىن فەرروخ سۇۋار،
يىگىرمە ياش ئەردىلەر ئول شەھريار.

ۋەلى بۇ زامانلاردا هازىر ئەمەس،
فىراق ئىچرە كويگۈچى شەرورۇ بەس.
يەنە قىز يوق ئەردى ۋە يانە ئوغۇل،

كى بۇ غەمدە قىلغاي پەرىشان كوڭۇل.
ئەنىڭ بىرلە باھەم بولۇب يىغلىغاي،
بىرى بىرىگە ھەمدەم بولۇب يىغلىغاي.

## پەرىلار ئاسماندىن ئاڭلاب كېلىب پەرىزادنىڭ جىنازىسىنى ئېلىب ئۇچقانى، فىروز شاھنىڭ فىراقىدا نالە قىلىب يىغلاغانى ۋە پادشالىقىنى تەرك قىلىب گادالىقنى ئىختىيار قىلغانى

چۇپاك ئەردى ساندۇق ئارا پاك ئىتىب،
سالىب ساندۇق ئاغزىن تۇتۇب بىكىتىب.
تۇرۇب ئەردىلار چەرخنىڭ تاقىدىن،
پەلەك سەبھەسىدىن كوك ئۇراقىدىن.
سىيەپوش جەمئى توشۇپ كەلدىلەر،
ياقا يىرتىشىبان فىغان قىلدىلەر.
مەلەك ئەرپلەر يا ئۇلار ھور ئىدى،
كىشى كورسە جاندىن ئىلىك يۇۋار ئىدى.
بۇلار بارچە ھەسرەت ۋە ھەيران باقىب،
تۇرۇب ئەردىلەر زارۇ گەريان باقىب.
بىلالماي ئول جامائە نە خىلدۇر،
كى كوز ياشلارى ئىلە كىم سەلدۇر.
ئىلىب چىقتىلەر كوككە پەرۋاز ئۇرۇب،
باقىب قالدىلەر كوزلەرى تەلمۇرۇب.
فىغان بىرلە شاھ يىغلار زارۇ زار،
كىم ئوز خىلىغە ئاقىبەت باردى يار.
نە تەقسىر كەچتىكى بۇ دىلرابا،
مۇنىڭدەك ۋاپاسىزلىق ئەتتى ماڭا.
بىلالمىدىم ئوزۇرنى قولمادىم.
خەبەردار بۇ ھالدىن بولمادىم.
گادالىق تەرىقى بىرلە دەر بەدەر،
يۇرۇب ئىستىسەم ئونى شامۇ سەھەر.
تاپىلغايمۇ نامۇ نىشانى ماڭا،

دەي ئالغايمۇ مەن ئوزۇرۇ تەقسىر ئاڭا.
دىدىيۇ گادالىققە قويدى كوڭۇل،
غەمۇ بىناۋالىققە قويدى كوڭۇل.
ئازا خانەدا چىللە ئولتۇرۇب،
چىقىب كەزگەي ئوزگە جاھاننى يۇرۇب.
بۇ يەڭلىغ خىيال ئەيلاب ئول شەھرىيار،
بولۇب فۇرقەت ئەندۇھى بىرلە فىكار.
ئوتۇب تەختتىن تاشلىدى تاجۇزەر،
تاكىب غەمۇ قۇرىدىن بىلىگە كەمەر.
كىيىب ئىگىنىگە بىرقارا ئىپسكە شال،
نەھالىن فىراق ئەيلاب ئانداقكى ھال.
قىلىب كۇشەئى بەيتەل ئاخىرىن ۋەتەن،
فىراق ئوتى بىرلە بولۇب شەئىلە زەن.
كۇيۇب ئورتانىب زار گەريان ئىدى،
ئىشى كۇچى پەريادۇ ئەفغان ئىدى.
ۋىلايەت دىنۇ ئەل ئولۇسىدىن غەمى،
يوق ئەردى ئوزى ئەردىيۇ ماتەمى.
ئولۇستىن خوشانلىق بولۇب بىرتەر ب،
بارۇر بولدىلەر تارقىشىب ھەرتەرەب.
قويلار زابۇنلارغە بىداد ئىتىب،
يورۇر بولدىلەر ئاھ پەرياد ئىتىب.
ۋىلايەت ئىشى قالدى بىزەبىت ئولۇب،
ئولوسىنىڭ باشى غەم بىرلە ئۇيرۇلۇب.

## خەلق كېلىب فىروز رايغە پادشا نە ئۈچۈن مۇنداق قىلادۇر؟ خەلق چايقالىبدۇر، خەلق ھالىن پادشاغە ئەرز قىل دەب ئونى مەلىككە ئىبەرگانلارى

چۇ تۇشتى بۇ ھالەت خالايىق ئارا
يىغىلىب ئولۇغۇ كىچىك بىنەۋا.

كىلىب باردى فىروزراي ئالدا،
سالىب سەئىيۇ تەدبىرۇ راي ئالدا.

دىدىلەركى ئى شاھ غەمخوۋارەسى،
دۇئاسى سەن بۇ ئىشنىڭ نىدۇر چارەسى.
ئولۇس قالدى بىسەر جاھان چايقالىب،
تامام ئەل بۇزوقلۇققە كوڭلىن سالىب.
كىرىب شاھ ئالىندا ئەرز ئەيلەگىل،
يامەن - ياخشى ھەرسارىدىن سوزلەگىل.

كىم ئادەم ئاتا چاغىدىن تا بۇ دەم،
كىم ئولغان ئەمەس ئادىمىدىن بۇ غەم.
توغۇپتور بارى ئادەم ئولمەك ئۇچۇن،
ئولۇم زاھىر ئولغان ئەمەستۇر بۇگۇن.
ئولۇم باردۇرۇر تا جاھان باردۇرۇر،
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان باردۇرۇر.

**فىروزراي فىروزشاھغە بارىب خەلقىنىڭ مەسلىھەتىن ئېيتىب نەسىھەت قىلغانى، ھىچ بولمىسا پادىشالىق ساڭا كىرەكمەس بولسە ئۇنى ئوغلۇڭ فەررۇخسۇۋارغە بىرەلى دەپ ئەيدگانى**

قوپۇب بارسە شاھ ئالدىغە نىكىخۇۋاھ،
غەمىن ئولتورۇپتۇر چىكىب دەردۇ ئاھ.
كىرىب تۇردى چۇن كوردى شاھ جاھان،
دىدى ئولتۇراي مۇھەررەم مىھرىبان.
دىگىل كىم پۇتەرمۇ يۇرەك يارەسى.
بولۇرمۇ فىراق ئوتىنىڭ چارەسى.
فىراق ئوتى بىرلە تۇتاشتىم تامام،
بۇ غەم بىرلە تولدۇرمۇ تاشتىم تامام.
دىدى ئاڭا فىروز كايىما شەھرىيار،
بىنايى جاھان تا تاپپىدۇر قارار.
بۇ دەردۇ فىراقۇ بۇ ئەندۇۋۇ غەم،
بۇ سوزۇ گەدازۇ بۇ ئوتۇ ئەلەم،
جاھان ئەھلىدىن خالى بولغان ئەمەس،
سىنىڭ جانىڭ ھالى بولغان ئەمەس.
ئاتالار ئانالار قايان باردىلار،
بىرى بىرىگە ئەيلەب فىغان باردىلار.
بارىمىزغە داغى بارار يول بۇدۇر،
بارى ئالەم ئەھلىغە ھال ئوشبۇدۇر.
تەھەممۇل كېرەك تەڭرى پەرمانىغە،
رىزا بەرمەك كېرەك ئۇنىڭ بويرۇغانىغە.
خۇدا بەندە ئىنى قىلۇر پادىشاھ،
كى بولغاي خالايىققە پۇشتى پاناھ.
قويلار زابۇنلارغە كوچ قىلمىغاي،
كوڭۇللەرنى بىر بىرىگە ئوچ قىلماغاي.
خالايىق ئىچىندە تەپاك ئولمىغاي،

بىر بىرىدىن ئول يىراق ئولمىغاي.
ساڭا تۇشكەلى بۇ فىراقۇ بۇ غەم،
تىگىبدۇر ئۇلۇسغە بىغايەت ئەلەم.
قويۇبدۇر بۇزۇغلۇققە يۇز بارچە ئەل،
تاڭىبدۇر پاراكەندە بولماققە بەل.
زەبۇنلارغە كوچلۇقلارى زور ئىتىب،
يۇرۇرلەر ئىشىكدىن ئىشىككە يىتىپ.
سورۇب ھوزورىغە كىمسە يەتمايدۇرۇر،
كىشى كىشى سوزىن ئىشتمەي دۇرۇر.
قىيامەتنى سەندىن سورالارمۇ،
سەنەندى قىلماغىل بۇ غەمۇ قايغۇ.
قالىب بىسەر ئەل كورماسۇن زولۇمۇ زور،
پەلەك سالماسۇن ناكى ئاشۇبۇ شور.
چىقىب دولىتۇ تەختىڭ ئۇستىدە بول،
ھەمۇل ئىلە بەختىڭ ئۇستىدە بول.
ئاتاڭدىن ئاتاڭغە يىتىب تا بۇ دەم،
تىگىب ساڭا بۇ دولىتۇ مولكۇ جەم.
قالىب ئەردى گەر تەرك ئىتار ھەم ئىسەڭ،
ماڭا شاھلىق ئەمدى كېرەكمەس دىسەڭ.
مەلىك زادە پەررۇخسوۋارىڭغە بەر،
يىتىلدى ئىكىن ئەمدى ئۇل داغى ئەر.
پەرىزاد قىزلار بىرلەن نازىنىن،
ئاچىب جەددىجە ھەد ئوزرە بالۇ پەرىن.
راۋان شەھرۇ زەررىنغە يەتسۇن بارىب،
بۇ ۋاقىئەنى ئاندا ئەيتسۇن بارىب.

مەلىك زادە فەرروخنى ئەلىپ كىلىپ،
ئۆز ئورنوڭدا سەن ئانى سۇلتان قىلىپ.
نە ئىشكە رەجۇ ئەيتساڭ ئى شەھرىيار،
ساڭا ئانداذۇر ھەر نىچۇك ئىختىيار.
يوق ئەرسە ئولۇسنى بۇ يەڭلىغ خاراب،
قويۇب ئۆزگە ئىش قىلماق ئەمەس ساۋاب.

ئۇلارغا ئەگەرچە ئايانذۇر بۇ ئىش،
ۋە لېكىن كېرەكدۇر بۇ ياندىن بارىش.
پەرىزادنىڭ ھەم بىلىپ ھالەتىن،
كىلۇر قايداذۇر ھەم كورۇپ تەربىيەتىن.
پەرىلار ئالدىكىم ئېلىپ كەتتىلەر،
ئالىپ بارىپ ئول يەردە دەفنى ئەتتىلەر.

## فىروز شاھغە فىروزرايىنىڭ مەسلىھەتى خوش كېلىپ نازىنىنغە پەرى قىزلارنى قوشۇپ يىبارگانى

بۇ سوزلەر كىلىپ شاھغە بىسيار خوش،
دىدى كەلسون ئول نازىنىن ئول ماھۋۇش.
كىلىپ نازىنىن شاھ ئاياغىغە زار،
توشۇپ يۈزۈ كوكسىنى ئەيلەپ فىكار.
قىلىپ شاھ يەنە پارە ـ پارە ئۆزىن،
فىغان ئەيلادى يەرگە سۇرتۇپ يۈزىن.
كى تاش ئولسە ئولدەم يارىلغاي ئىدى،
ئۇلار ھالىغە نالە قىلغاي ئىدى.
دىدى شاھكىم ئى نازىنىن گولئۇزار،
ئەنىڭدەك فىراق ئوتىدا بەقارار.
بولۇب مەن نە تەخت نە تاجۇ كەمەر،
نە شەھەرۇ نە خەلقۇ نەسىمۇ نەزەر.
بارىدىن كىچىپمەن جاھاندىن ئۆتۇب،
ئەمدى مەن گادالىق تەرىقىن تۇتۇب.
ئەنىڭ بىرلە ئەردى مېنىڭ شاھلىغىم،
شايى بولمىدى ئاڭا ھەمرالىغىم.
بارىب ئەمدى شاھ تاجۇ تەخت ئالىدا،
ھەم ئول ماھرۇينىڭ بەخت ئالىدا.
بۇ ۋاقىئەنى ھەم بەندىنىڭ ھالىنى،
پەرىلار ئالىب ئۇچقان ئەھۋالىنى.
قىلىب ئەرزۇ مەلۇم ئىتىب كەل ماڭا،
بۇلارنى بىلىبان يىتىپ كەل ماڭا.
ئەگەر گۇلئۇزارىمنى ئىتىب ئۇلار،
مۇقامىنى ئۆز شەھرىدە قىلسالار.
يىتىب مەنزىلىگە سالامىم يەتكۇر،
دىگىل يارلىغ رەسمى مۇنداقىدۇر.
كى مۇنداق مېنى زارۇ ئەپكار ئىتىب،

فىراق ئوتى بىرلە گىرىفتار ئىتىب.
ۋاپاسىزلار ئايىنەنى تۇتقايسەن،
فىراقىڭ بالاسىدا قان يۇتقايسەن.
ئەگەر بولسە مەقدۇرۇڭ ئى جان دىگىل،
مېنى ھەم ئۆزۈڭ بىرلە دەمساز قىل.
فىراق ئىلكىدە مۇپتالا قويماغىل،
بۇ يەڭلىغ سىرۇ گادا قويماغىل.
سېنى بىر زامان كورمىسام ئەردى ئاھ،
بولۇر ئەردى ئالەم كوزۇم سىياھ.
دەر ئەردىم جۇدا بولسام ئولكۇن دۇرۇر،
ئۆرۈب تىغ باغرىمنى بولگۇم دۇرۇر.
نەچە كۇندۇرۇر سەندىن ئايرىلغالى،
فىراق ئوتى جانىمغە ياقىلغالى.
ئەگەرچە فىراقىڭدا بولدۇم كاۋاب،
ئۆلەي دەپ ئولالمىدىم ھىچباب.
كىشى دەردۇ غەم بىرلەن ئولمەس ئىمىش،
بالا ۋە ئەلەم بىرلە ئولمەس ئىمىش.
بۇ يەڭلىغ بارى ھالىتىن ئەرز ئىتىپ،
بالا ۋە غەمۇ مىھنىتىن ئەرز ئىتىپ.
ئەيلادى شوخىنى شەھرىيار راۋان،
پەرى قىزلاردىن قوشۇب ھەر زامان.
مەلىكزادە فەروخنى فىروزراي،
دىدى ئى ئاياغىڭغە دىدەمدە جاي.
ئېلىب كەل كەل ئەلبەتتە بۇ شەھرىيار،
ئۆتۈپتۇر تۇتۇب مەملىكەتتىن كانار.
ئولۇس ئۆزرە بولسۇن كېلىب شادۇ ئول،
ئىرۇر شاھغە داغى دىلخۇۋاھى ئول.

## نازىنىن شەھرى زەررىنغە يېتىپ شاھ تاجۇ بەخت بىرلە ماھىرۇيغە كوڭۈل ئەيتغانى ۋە نازىنىننى كورۇپ شاھ، ماھىرۇي ۋە فەررۇخسۇۋار - نىڭ يىغىۋاشتىن ھازا تۇتغانى

راۋان بولدى چۇ نازىنىن ئولپەرى،
ئاچىلدى ھاۋا ئۇزرە بالۇ پەرى.
يۇرۇب شەھرى زەررىنغە يەتسە راۋان،
ئېرۇر بارچە شەھەر ئەھلى پىرۇ جۇۋان.
سيەپۇش باشىدىن ئاياقىچە پاك،
دىل ئەپكار ئاشفتە سىنە چاك.
بىراۋدىن سۇئال ئەتتى ئى نىكمەرد،
بۇ يەغلىغ نىدىندۇر بۇ ئەھۋالى دەرد.
دىدى بولدى بىر ھەفتە كىم ناز بوي،
جاھان ئەھلىدىن باغلامىش گۇپتەگوي.
ئەلىب كەلتۇرۇبان ياراغ ئەتتىلار،
ئارام گۇلشىنىگە ئالىب كەتتىلار.
كىم ئول گۇلشەن ئەردى ئەنىڭ مەنزىلى،
ھاياتىدا ئەردى ئەنىڭ مايىلى.
قويۇپ ئاندا ئىلتىب بولۇب دىلفىكار،
بۇگۇن كەلمىش ئاندىن يانىب شەھرىيار.

بارى ئىلگە ماتەم بۇ غەمدىن دۇرۇر،
سيياپوش ئولۇس بۇ ئالەمدىن تۇرۇر.
مۇنى قىلدى مەلۇم ئول پەرى،
كىلىب مۇندا بولمىش ماقام ئول يەرى.
كىلىب ماھىرۇي نازىنىن ئالىدا،
توشۇب يەرگە ئانداغكى كوي ئالىدا.
يۇزىنى سۇرۇپ يەرگە پەرياد ئىتىب،
كورۇب ماھىرۇي ئانى ئۇزىدىن كىتىب.
كىلىب شاھ كوكسىن قىلىب چاك - چاك،
بولۇب ئالەم ئول غۇسسەدىن دەردناك.
ئورۇب تاجىنى يەرگە فەررۇخسۇۋار،
كى قانى ئانام ناز بوي گۇلئۇزار.
بۇ غەمدىن بارى خەلق نالان بولۇب،
ئۇلۇغ - كىچىك بارچە گىريان بولۇب.
يەنە يىغى باشتىن ئازا تۇتتىلار،
ئازا غۇسسەسى بىرلە قان يۇتتىلار.

## نازىنىن تاجۇ بەخت ئالىدا فىروز شاھنىڭ ئەرزۇ ھالىن ئېيتىب فەررۇخ سۇۋارنى خەلق تىلاگىن ھەم ئەرز قىلىب، شاھ تاجۇ بەختكە ماقۇل كىلىب قوبۇل قىلغانى

چۇ خەتمى ئولدىيۇ ئەل دۇئا قىلدىلەر،
بىرىب خەتمە ئىشنى ئادا قىلدىلەر.
قۇپۇب نازىنىن شاھ فىروز شاھ،
غەمۇ ھالىتىن تارتىبان ئوتلۇق ئاھ.
ئوتۇب تەختىدىن تاجىنى سالغانىن،
گادا قورچاغىن باشىغە چالغانىن.
كىيىب ئىگنىگە بىر قارا ئەسكى شال،
تەقى قىلغانىن دەربەدەرلىك خىيال.
ئولۇس چايقالىب جەمئەت بىر تەرەپ،
بولۇبان بارىدۇرغانىن ھەر تەرەپ.
تىگىب كۇچسىز ئەلگە قەۋىلار كۇچى،

ئىشىكتىن ئىشىككە يېتىپ سورغۇچى.
تاپالمايىن زار بولغانلارىن،
ئولۇس زار ۋە ئەپكار بولغانلارىن.
كورۇب مەسلىھەت شاھ يۇكلەگىنىن،
مەلىك زادەنى ئەل تەلەب قىلغانىن.
چۇ غەرەز ئەتتى ئەرسە دىدى راستدۇر،
نە چارە نە كىم تەڭرىگە خاسدۇر.
دەب ئەردىم قىزىم ئورنىدا بولغاي ئول،
قۇۋانغاي ئەنىڭ بىرلە جانۇ كوڭۇل.
ئانى كورسەم ئەلەمدە دەب ناز بوي،
قىلۇر ئەردىم ئانىڭ بىرلە گوپتاگوي.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

ئۇل ئەردى ماڭا جانۇ دىل مۇنسى،
كىلۇر ئەردى ئاندىن قىزىمنىڭ ئىسى.
مۇنى دەب ئانى گەرى بارماي دىسەم،
ئۇزۇمنىڭ بۇ هالى ئۇچۇن غەم يىسەم.
ئاڭا تاكى ئادەم دەمىدىن بۇ دەم،
يىتە كەلگەن مەلىكۇ خىلۇ ھەشەم.

بەراكەندەلىككە يۈز ئۇيرۇب تامام،
يەنە بىر چىقىپ كورسەتىب ئىھتىمام.
ئەھلۇ مەلىك ئىلكىدىن چىقىپ بىر يولى،
قۇرۇق قالمىغاي بۇ مەلىك لەر قولى.
ئەلىب بار مەلىك زادە پەررۇخنى پات،
خۇدا قايدا كىم بولسا تۇتسۇن هايات.

## فەررۇخسۋارغە رۇخسەت بىولۇب شەھىرى سىمىنگە كىلىب پادىشالىقنى ئالگانى

چۇ رۇخسەت بېرىپ شاھ ياراغىن قىلىب،
ئىجازەت لاشىب يىغلاشىب ئايرىلىب.
راۋان بولدىلەر نازىنىن مەلىك،
ھاۋا ئۇزرە ئەلىب ئىلكىدىن ئىلىك.
راۋان شەھرى سىمىنغە يەتكۇزدىلەر،
چۇ شەھەر ئەھلى شەھەرزادەنى كوردىلەر.
سۇيۇندىلەر ئانداغكى جان سوزەندىن.
يىتەر جان ئىچۇك كىم باھارىن چۇمەن دىن،
كورۇب ئوغلىنى يىغلادى شەھرىيار،
كىم ئى غۇنچەئى نۇرەس يادىكار.
ۋۇجۇدۇڭ گۇلىنىڭ باھارى قانى،
بۇ مىسكىن ئاتاڭ غەمگۇزارى قانى؟
قانى لەززەت بادەئى ئىشرەتىم،

قانى بائىسۇ جامۇ جەمشىتىم.
بۇ ھىجىر ئوتىدىن ئىلە هالەتتە مەن،
جاهان خوشلۇغىدىن مالالەتتە مەن.
مونۇ تەختۇ تاجۇ ۋىلايەت سىنىڭ،
بارى خەلقۇ شەھرۇ رەئايەت سىنىڭ.
نە قىلساڭ سىنىڭ ئىختىيارىڭ بولۇر،
يامان ياخشى سىنىڭ شۇئارىڭ بولۇر.
مۇنۇ پادىشالىقنى بەردىم ساڭا،
مۇئەتتەل باقىب تۇرۇب ئەردىم ساڭا.
بېرىب تەختۇ تاج سۇلتانلىغىن،
ئۇزىگە راۋا كوردى ۋەيرانلىغىن.
كىيىب تاجۇ تەختىم ئۇزرە قىزىم سۇۋار،
چىقىب ئولتۇرۇب خەلق تاپتى قارار.

## فىروز شاھ فەرروخ سۇۋارنى تەختكە ئولتارغۇزۇب پادىشالىق تور ۋە تەرتىقىسىن تەلىم بېرىب ئاۋغە ئەلىب ئاتلانغانى، ئىول گىۇلۇستان ئارامىغە راھبەر بولغان ئوشول كىيىككىم يەنە ئوچراغانى

چۇ شاھ ئوغلىنى قىلدى مۇسنەد نەشىن،
بىلله ئولتۇرۇب ئۇل شاھ مەلىكودىن.
بارى بەكلارى چىركاسىن كورسەتىب،
بارى رەسمۇ ئايىنلارىن ئورگەتىب.
بىرۇر ئەردى ھەرلەھزى تەلىبى شاھ،
نىكەم شاھلىغىدا ئىبرۇر رەسمۇ راھ.
دىدى بىر كۇن ئاۋغە قىلغىل ئەمرى جار،
چىقسۇن يىغىلىب سىغارۇ كىبار.

چىرىكىنىڭ تۇزۇكىنى ئاۋ بىلدۇرۇر،
تۇزۇكۇ بۇزۇغىنى ئاۋ بىلدۇرۇر.
ئەنىڭ ئۇچۇن ئاۋنى قىلۇر شاھلەر.
كى بولغاي چىرىك هالىدىن باخەبەر.
تاپىپ جار بەرچە سىغارۇ كىبار،
چىقىب ئاتلانىب شاد خوررام سۇۋار.
يىغىلىب ئەل ئۇل مەنزىلگە تامام،
قىلىب ئۇزى فىروز شاھ ئىھتىمام.

ئوتۇ باشلانىب ھەرسارى بەگلارىن،
سوگچە يانا چىركالىك دەكلارىن.
يىباردىيۇ تۇتتۇردى توختالىكم،
ئارادىن كىيىكنى بەھەر ھالى كىم.
چىقارسا گۇناكار بولسۇن ئوزىن،
ئولار جەزم زىنھار بىلسۇن ئوزىن.
بۇ يەگلىغ قىلىب ھوكۇم ئىلشىپ دەررۇ،
ئوتۇب ھەر ئىككى تەرەب دىن كىلىب روبىرو.
ئارادا قىلىب يۇز تۇمەن جانىۋار،
سورۇلۇب تۇرۇب ئەردىلەر كىم مەككار.
بىرى ئايرىلىب كىلىب ئاندىن راۋان،
ئوتۇرگە شاھ ئالدىن ئولدى راۋان.

**فىروز شاھ ئول كىيىكنى تونۇب يەنى سوگىچە بارىب گولىستان ئەرەمغە يىتىب، كوشكىنى قىرا ھىلە بىلە ياپىغلىق كورۇب زىنەپايەسىن ھەم قوپاراغلىق كورۇب ھەيران بولغانى**

تابىندى شاھ ئەنى دىدى ئى جانىۋار،
سەن ئەردىگمۇ مەقسۇدۇم رەھبەر.
سەن ئىلتىب مىنى گولئوزارىم بىلە،
قىلىب ئەردىك ئاسۇدە يارىم بىلە.
سەن ئىلتىب مىنى گۇلستان ئەرەم،
بولۇب ئەردى گولچىھرە يارىم پەھەم.
سىنىڭ پەرۋىيىك بىرلە بەھۇ بۇدۇم،
سىنىڭ مۇقەددىمىك بىرلە مەقسۇدۇم.
يىتىب ئەردىم ئەمدى داغى جان بىلە،
ئىزىگچە باراي چەشمە گەريان بىلە.
دىبان ئول كىيىك يول ئەچىپ بىرىب،
راۋان بولدى ئەنىڭ سوگىغە كىرىب.
مەلىك زادە ۋە ئەل بولۇب ئاۋغە كىرەم،
كىيىك ئاتماق ئوزرە نىكو دوغە كورەم.
ئەمەس ئەردىلەر قازا ۋە ئاندىن كى شاھ،
كىيىكنىڭ سوگىغە كىرىب تۇتتى راھ.
كىيىك باشلاب ئانداق ئەلىب كەلدى راست،
ئەرەم گولشىنگە كىم ئول ئەردى خاست.
كورۇب ئۇنى قىلىب ئولدى ئىزتىراب،
تۇشۇب خەستە جانىغە يۇز پىچ تاب.
قەدەم زىمنىپاغە قويۇب چىقسە شاھ،
كوزىن بىدار ئاقىزىب ياشىن، تارتىب ئاھ.
مۇئەييىن تۇرۇپتۇر ئۇ شۇل گۇلۇستان،
بارسا كوزىگە كورۇنۇب ئايان.
ئاچىلىب گۇلۇ لالە سەبزە زار،
تۇرۇبتۇر يىرىدا بارى بەرقارار.
چىكىب قەد سەرۋە رەئنالارى،
ئۇ شۇل مەنزىلۇ جاي مەئۋالارى.
ۋەلى ئول جامائەتكىم ئاندا بىلە،
بولۇب ئەردىلەر ئول چىمەندە بىلە.
بىرىدىن ئەمەس ئەردى پەيدا ئەسەر،
كوزدىن ئاقىب سەل خۇن جىگەر.
راۋاق ئالىغە بارسا باشتىن ئاياق،
قارا ھىلە بىللە يەپىغلىق راۋاق.
چىقار زىنەپايەسىن بىر كىتىب،
قوپارغان تامى بىرلە ھەمۋار ئىتىب.
قويۇبدۇرلارۇ ھىچ جاندىن ئەسەر،
كورۇنمەي دۇرۇر كىم كىشى بى خەبەر.
سوراب بىلگەيكى ئاندىن مەھ پارەسى،
مازارىغە كىرمەكىنىڭ نە چارەسى.
نىچۇكتۇر قايدىن كىرىب زار - زار،
مازارىن قۇچۇب يىغلىغاي شەھرىيار

**فىروز شاھ گولىستان ئەرەمنى كېزىب كورۇب پەرىزات بىلە يورگەن، ئولتۇر-غان، قوپقان جاي - مەنزىللارنى كورۇب ياقالارنى چاك قىلىب، گاھى بىخۇد، گاھى ھۇشيار بولۇب دىۋانىلاردەك كوشىك ئەسكىگە كىلىب، مېنى ھەم پەرىزاتغە قوش دەب نالان بولۇب مۇناجات قىلغانى، ھەقتائالا ھەم ئۇنىڭ مىرادىچە كوشىك پەردىسىن ئاچىب ئىلىك چىقىب، فىروز شاھنى ئەلىب بارغانى**

پەرىزاتلاردىن مەجاۋرلارى،
تاپىلغايمۇ دەب كوز سالىب ھەر سارى.
كېزىپ جايۇ، مەنزىللارنى كورۇب،
قىلىب نالە ھەر يەردە بىر دەم تۇرۇب.
نەسەبزۇ گۇلۇ لالەزار ئالىدا،
يۇرۇب يا تۇرۇب ئەردى يار ئالىدا.
نى سەبزە ئوزرە ئولتۇرۇب جامۇ ۋەھىل،
چىكىب ئەردىلەر بەزمۇ ئەييام ۋەسىل.
نە ئەرىغ ياقاسىندا بىر ئولتۇرۇب،
قوپۇب ئەردىلەر بەزمەنى تورۇب.
نە مەنزىلدە سەرمەست باھەمە ياتىب،
قوپۇپ ئەردىلەر بىر بىرىن ئويغاتىب.
بىرەر بىرەر ئانى كورۇب ياد ئېتىب،
ئوزىنى ئورۇب يەرگە پەرياد ئېتىب.
يۇرگەن يىردە يۇزىنى سۇرۇب،
بىلە بولغان ئوزىنى يالغۇز كورۇب.
قىلۇر ئەردى ھەرلەھەز كۇلسە نە چاك،
ئورۇب يەرگە ئوزىن ساچىب باشقا خاك.
گاھى نالە ئەيلەب گاھى ئاھ ئورۇب،
يالاڭ باش ياقا چاكۇ گەريان يۇرۇب.
گاھى ئوزدە، گاھى ئوزدىن كېتىب،
تۇرۇب تەلبەلەر كەبى پەرياد ئېتىب.
قەھەممول قىلالماي ھىچ نەۋئى،
ئوزىنى بىلەلمەيىن ھىچ نەۋئى.
راۋاق ئاستانىغە ئاخىر كەزار،
كىلىب بولدى نالان كىم ئى بىروبار.
مېنى بۇ بالادا راۋا كورمەگىل،
فىراق ئوتىغە مۇپتالا كورمەگىل.
كويۇب قالمىدى ھىچ ھالىم مېنىڭ،
يانا ئورتانۇرغە مەجالىم مېنىڭ.
ھاياتىمدىن ئەسرۇ مالالەتتە مەن،
تىرىگلىكنى نىلەي بۇ ھالەتتە مەن.
تىرىگلىكنى ئىستەر كىشى جان ئۇچۇن،
تىلار جاننى ھەم كىشى جانان ئۇچۇن.
ھەزىن جاننى جاناندىن ئايرۇ نىتەي،
قۇرۇق جىسىمنى جاندىن ئايرۇ نىتەي.
ئىنايەت قىل ئى قادىر با كىرەم،
كى بىر پەردىدە يار بىرلە بەھەم.
بولاي داغى كورمەي جاھان مېھنەتىن،
يامان فورقەت ئىچرە غەمۇ ھەسرەتىن.
چۇ مۇنداق تەزەررۇدا نالان بولۇب،
كوزۇ كوڭلى گەريانۇ بەريان بولۇب.
تەلەب ياشى يەرگە قۇيدى ئىسە
تەزەررۇ ئوتى بىرلە كويدى ئىسە.
ئىجابەت ئىشىكنى ئاچىب بىرۇبار،
ئالىب پەردىنى ئورتىدىن پەردىدار.
چىقىب پەردىدىن بىر ئىلىك شاھنى،
ئىلىب باردى ئوزىگە ھەمراھنى.
كىشى بىلمەدىكىم قايان باردىلەر،
قويۇب خالى جايۇ ماكان باردىلەر.

## ۋە يانا راباتنىڭ يولىدىن ھەممشە ئالەم ئەھلى تىنماي ئوتمەكىدىن ۋە قايان بارۇرلارىن بىلمەستىن ۋە ھونەرلەرىدىن خەبەردار ئىرمەستىن ۋە بۇ تۇئەنىب ئول بولماستىن ھەيرەتتە ئالغانى، ئەھلى ئاجىزنىڭ مۇناجات قىلىب سوزلەگەنى

بىنا بولغانى بۇ رابات جاھان،
ئۇتەرلەر كىلىب تىنمايىن كارىۋان.
بىرسى خەبەردار ئىمەسكىم قايان،
بارۇرلار نە يولۇ نە مەنزىل ئايان.
بىرىنى بىرىنىڭ سوكىچە دەمبۇ دەم،

ئەزىمەت قىلىبان بولۇرلار ئەرەم.
خەبەردار ئەمەس ھىچ ئۇلاردىن كىشى،
كى نە بولدى ئەركىن ئولارنىڭ ئىشى.
تۇمەن مىڭ بىرىب بىرى يانمايدۇ،
بارىب ئول تولۇب بۇ تۇگەنمەيدۇ.

## قايىل شىكەستە ئوزىگە نادامەت قىلغانى كىم ھەردەم ۋاقىت ۋە سائەـ تىكىم ئول ۋاقىت ۋە سائەت ئوتمەس، ئومرۇڭ ئوتادۇر دەب ئىزتىراپتا بولغانى

ئايازا ئەجىب غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خوۋاھى بىدار، خوۋاھى ئۇيۇ.
سەمەنىد ھاياتىڭ ئەزىمەتتەدۇر،
نىكەم ھاسىل نەقىدىڭ ئول ئاتتەدۇر.
باردۇر تىنمايۇ نەچە مەنزىل قالۇر،
ئوتەرسەنۇ غەپلەتتە ھاسىل قالۇر.
نە ۋاقتۇ نە سائەتكى سەندىن بۇگۇن،
ئوتەر ئومۇر ئىرۇر ئول ئەمەستۇر ئۇ كۈن.
يوق ئەرسە ئو شول ۋاقت سائەت تۇرۇر،
كىم ئاي يىلۇ ھەر كۈنۇ-تۈن يۇرۇر.

ئوتەردەك كورۇنەر ساگا ئول ۋەلى،
يۇرۇرلەر جاھاندىن سىنى سورغالى.
قانى سورماسا يارو يارانلارىڭ،
ئاتا ۋە ئانا جەمى توققانلارىڭ.
ئولارنى سۇرۇب ئوتكەرىب نوبەتىن،
ساگا يەتكۇرۇپتۇركى بىر پۇرسەتىن.
تاپىب سورغاي ئەمدى سىنى ھەم راۋان،
يۇرۇرلەرىگدە بولۇبان داۋان.
چۇ مۇنداق تورۇب قەسد ئوزە ئالەمى،
ئوتەردىن كەزەرمۇ قىلۇر ئادەمى.

## قايىل شىكەستە ھەزرەتى رىسالەتنىڭ ۋە يارانلارىنىڭ ھورمىتىن شەفى كەلتۇرۇب ھەزرەتى پەرۋەردىگارغە مۇناجات قىلا سوزلەگەنى

ئىلاھا ھەبىبىڭ ھەققى ھورمتى،
تەقى تورت يارىكى ھەم سوھبتى.
ئىرۇرلەر ئولارنىڭ تىفلى ئوچۇن،
تەقى ئالۇ ئەسھابى خىلى ئوچۇن.
بۇ ئاسىيۇ مۇھەررەمكى دەرماندادۇر،
باشىدىن ئاياق بەھرى ئىسياندادۇر.
دەمى خالى ئەرمەس گىنە ئەتمەيىن،

ئەمەل نامى سىنى سىيا ئەتمەيىن.
ئىنايەت قىلىب تارتىب ئول ۋەرتتىن،
سالىب كوڭلىگە زەۋق ئىلە شەۋق ئوتىن.
قىلىب ئوز تەرىقەڭدىن ئاگاھ ئانى،
گۇنا يولىدا قويما گومراھ ئانى.
ھاياتىدا جانىنى ئاگاھ قىل،
بارۇرىندا ئىمانىنى ھەمرا قىل.

www.uyghurkitap.com



## داستان تامام بولۇب ئەڭا جاھاننامە ئات بولغانى ۋە تارىخ فوروخەندە بولغانى

كەل ئى مونشە ئىى تەبىئ روشەن نەھاد،
قىلۇرمەن جاھاننامەدىن خەيرىياد.
كوڭۇل لەۋھىدىن دەفى ئىتىب غۇسسەنى،
قىلۇرمەن تامام ئەمدى بۇ قىسسەنى.
بۇ ئول قىسسە ئەردىكىم ئول ھەم نەشىن،
قىلىب ئەردى كوڭلۇمنى كورگەچ ھەزىن.
مۇۋاپىق كورۇب ئانى ئوز ھالىمە،
مۇناسىب كورۇنۇب ئوز ئەھۋالىمە.
خىيال ئەيلەدىم ئەرسە تەقەررىب ئىلە،
بۇ چاغلىق ھىكايەت تەرتىب ئىلە.
تىزىلدى كىلىب نەزمە سۇلكىن تۇتۇب،
تامام ئولدى بۇنيادىدىن يىل ئوتۇب.
ئەنىڭ ئوچۇن ئانداغكى دوۋران غەمى.
سالۇر ئەردى ھەر سارى ھەر بىر دەمى.
كوڭۇل جەمى ئەرمەس ئەردى ئەييامدىن،
كى نۇش ئەيلەسام ئەردى بۇ جامدىن.

تاپىب خىلۋەتى گاھۇ بىگاھدا،
كىچەلەردە ئەكسەر سەھەرگاھدا.
بولۇب پۇرسەتىم گاھى پىشۇ ئونار،
خىيال ئىتىم ئولغايدىبان يادكار.
يىل ئات ئەردى ماچىن تارىخىدا،
رەجەب ئاي فۇرخەندە تارىخىدا.
تۇگەتتىم جاھان مىھنەتى غۇسسەسىن،
قىلىب نەزمە بىر داستان قىسسەسىن.
جاھاننامە قويدۇم ئانىڭ ئاتىنى،
دىدىم چۇن ئۇنىڭ ھالۇ ھالاتىنى.
مەشەۋۋەش ئىدى كوڭلۇم ئول ھالدىن،
چۇ ئەيتۇر ئەردىم ئوتكەن ئەھۋالدىن.
سوزومدە قۇسۇرى بولوب بىلىسلەر،
كەرەم ئەيلەپ ئەسلاھىنى قىلىسلەر.
سالاھ ئىچرە سالىم توتۇب مۇتتەسىل،
نەبى روھى ئولغاي ئولاردىن بەھىل.

## لۇغەت

### ئا

| | |
|---|---|
| ئاشۇفتە | پاراكەندە، پەرىشان |
| ئاسار | خەۋەر، ئۇچۇر، ئالامەت |
| ئافاق | ئۇستۇن |
| يەئنە | قائىدە ـ يوسۇن |

### ب

| | |
|---|---|
| بىرون | تاشقىرى، سىرت |
| بال | قانات |
| بىھەمدىللا | خۇداغا شۇكرى |
| با | بىلەن |

| | |
|---|---|
| بۇتۇر | بۇ قېتىم |
| بەرگەزىدە | تاللانغان |
| بەرھەم | ئارىلىشىپ كېتىش |
| بەزور | كۈچ بىلەن |
| بەد خۇۋاھ | يامان نىيەتلىك |
| بەسار | كوكۇلدە كورۇش، كورۇش |
| بۇنياد | ئاساس، ھۇل، سەۋەپ |
| بىيەك | بىر، بىر قېتىم، بىر مەررە |
| بىسەر | باشسىز، باشلىقسىز |
| بودى | بولغان ئىدى |
| بىگىزەند | تاللانمىغان |
| بەگىلە | نارازىلىق بىلەن |
| بەھبۇدۇم | بارلىغىم |

## ت

| | |
|---|---|
| تەقى | تېخى، يەنە |
| تابۇغى | ئايىغى ئاستى، بوسۇغىسى |
| تەپلىك | سەۋىبىك، تۇپەيلىك |
| تەبۇقچى | تاۋاقچى |
| توپقال | كوپچىلىك |
| تەپەررۇج | ساياھەت قىلىش |
| تەقەررۇب | يېقىنلاشماقنى ئىزلەش |
| تەسلەم | بويسۇنغان |
| تەرانشى | تاراشلىغۇچى، تاراشلىغان |
| تەفەھھىز | ئويلاپ كورۇش |
| تۇند | ئاچچىق، تەنتەك، ئالدىراڭغۇ، توسۇن |
| تىشە | كەكە، پالتا |

## چ

| | |
|---|---|
| چابۇك | چاققان، تىز |
| چۇمچە | چۇمۇچ |

## خ

| | |
|---|---|
| خەس | ئەخلەت |

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| خازان | كۆز پەسلى، غازاڭ |
| خاكدان | ئىستىقامەت ئورنى |
| خۇنابە | قانلىق، قانغا ئارىلاشقان |
| خىشان | ئورۇق تۇققانلار |
| خالىق | ياراتقۇچى |
| خەير | ياخشىلىق |
| خۇد | ئۆزى، پەقەت، يالغۇز |

## د

| | |
|---|---|
| دۇرۇن | ئىچكىرى، ئىچى |
| دىگىر | يەنە، قايتا، باشقا، ئىككىنچى |
| دىلگىر | دىلى چىگىلگەن، رەنجىگەن |
| دىرىنەسال | مۇشۇ يىلدا |
| دىشۋار | قىيىن، ئېغىر هال، مۇشكۈلچىلىك |

## ر

| | |
|---|---|
| رىسالەت | ئېبەرتىلمەك، ئېبەرتىلگەن |
| رىز | ① توكۇلگەن، پارچە؛ ② قوم، تاش |
| رىبا | جازانە |
| رەبات | دەڭ، لەنگەر، ئوتەڭ |
| رەي | ئوي - پىكىر، مەيل، ئىختىيار |
| روي نىياز | هاجەتمەن، هاجەتنى بايان قىلىش |
| رەۋ | يۈز، ماڭغان |

## ز

| | |
|---|---|
| زەرىپ | هوشيار، ئەقىللىق |
| زۇل جالال | كاتتىلىقنىڭ ئىگىسى |
| زەرف | سارغايغان |

## س

| | |
|---|---|
| سانا | ماختاش، مەدھىيىلەش |
| سەبزە | يېشىل |
| سەللەللاهۇ | ئۇنىڭغا خۇدا رەھمەت قىلسۇن |

| | |
|---|---|
| سەنەندى | سەن ئەمدى |
| سىغار | كىچىك |
| سۇبۇك | يەڭگىل |
| سۇرۇخ | قىزىل |
| سەر | باش، ئۇچ |
| سەمىن | قىممەت باھا |
| سىياھ | قارا |
| ساكىن | توختاش، تۇرۇش |
| سۇراھ | قاچا |
| سەفىد | ئاق |
| سەللەم | سالامەت قىلسۇن |

ش

| | |
|---|---|
| شەر | يامانلىق |
| شىرىپ | ئۇلۇق |
| شەفىق | مېھرىبان |

غ

| | |
|---|---|
| غۇلتان | سۇ ئۈزگەن |

ف

| | |
|---|---|
| فىرەۋى | ئەگەشكەن |

پ

| | |
|---|---|
| پەرۋەردىگار | پەرۋىرىش قىلغۇچى، تەربىيىلىگۇچى |
| پۇشت | ئارقىسى |
| پۇجۇر | گۇنا، يامان ئىش |
| پىيما كىسىل | قېرى، سۇس، ھورۇن |
| پۇرسەش | سوراش |

ق

| | |
|---|---|
| قومۇق پەنلەر | تۇرلۇك پەنلەر، بارلىق پەنلەر |
| قەرشۇ | ئالدىغا چىقىش |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| قەۋى | كۆچلۈك |

### ك

| | |
|---|---|
| كىبار | چوڭ |
| كەرىمان | سەخىلەر |
| كەشت | ئايلىنىش، ئۈزگىرىش |
| كەسى | ئادەم |
| كەشۇر | دۇنيا |

### گ

| | |
|---|---|
| گىر | ئىگەللەش، قولغا كىرگۈزۈش |
| گەزىن | ئىلغانغان، تاللانغان |

### ل

| | |
|---|---|
| لۇتفى | مۇلايىملىق |

### م

| | |
|---|---|
| مەتائى | نەرسىلەر |
| مۇتتەسىل | دائىم، توختىماي |
| مۇئەززىم | ئۇلۇق، كاتتا |
| مۇلازىم | خىزمەتچى |
| مەۋجدار | ئورلىگەن، ئوركەشلىگەن |
| مۇستەفا | تاللانغان، ئېسىل، ئەڭ خىل |
| مۇسنەد | تەخت |

### ن

| | |
|---|---|
| نىيزە | ھەم، شۇنىڭدەك |
| نەشىن | ئولتۇرغان |
| نەرەم | ئۇششاق، يۇمشاق |
| نەۋجۇۋان | ياش يىگىت، بالاغەتكە يەتكەن ياش |
| نەشۋە | كورۇنەرلىك، گۈزەل |
| ناغۇ | نىمشقا |

| | |
|---|---|
| نىشە | چاقىقان |
| نىسان چاغى | ئەتىياز ۋاقتى |

### ئو — ئۇ

| | |
|---|---|
| ئۇفتار | چۇشتى، يىقىلدى |
| ئوكسۇك | تۇل ئايال |
| ئول | بول |
| ئولهەز | ئۇ چاغ، ئۇ ۋاقت |

### ۋ

| | |
|---|---|
| ۋىردى | ئادەت، ئوقۇپ ئادەتلەنگەن ۋەزىپە |
| ۋالەئى | ئاشىق، سەرگەردان |

### ھ

| | |
|---|---|
| ھەيدەر | شامال، ئارسلان، باتۇر |
| ھەم تەسلەم | ئوزئارا يۈز كورۇشۇش |
| ھەسبۇھال | ئوزىگە لايىق، قەدىر ئەھۋال |
| ھەرف | گەپ ـ سوز |
| ھەشەم | ھەشەمەت |

### ئە

| | |
|---|---|
| ئەۋساب | سۇپەتلەر |
| ئەستەغفىرۇللا | خۇدادىن گۇنايىمنى تىلەيمەن |
| ئەننۇ ـ تىشە | ھەرە، كەكە ـ پالتا |
| ئەلەيھى | ئۇنىڭغا |

### ئى

| | |
|---|---|
| ئىبنى | بالىسى، ئوغلى |
| ئىلىكلىماسا | يىتلىمىسە، باشلىمىسا |
| ئىهتەماد | ئىشەنگەن، يولەنگەن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# غەزەلىيات

## موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ ئوغلى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن**

يارنىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك سائادەتدۇر ماڭا،
بەلكى ئىشقىدا زەبۇن بولماق ھالاۋەتدۇر ماڭا.

يارسىز كورگەن ئۆمۈرنىڭ قانچە بولسۇن لەززىتى،
چۈن ئانىڭسىز بۇ مۇسۇلمانلىق زەلالەتدۇر ماڭا.

بەلكى بىر مېھنەتچىلىكدۇر كىم ئانىڭسىز دەۋلەتىم،
بولسا گەر شەھلىغ مۇيەسسەر ئول شەقاۋەتدۇر ماڭا.

زاھىدا، يارسىز ئەمەل بىرلە سېنىڭ زوھدىڭ نېتەي،
ئول نىگارىم يادى كىم قۇربى ۋەلايەتدۇر ماڭا.

نە كېرەك يارسىز ماڭا شاھى پەرىدۇن دەۋلەتى،
يار بىلە بولسام، گادالىق كىم ئەسالەتدۇر ماڭا.

تەئنە قىلما زاھىدا كىم گەرچە بولسام بىئەمەل،
يار — مەشۇق قىلماقىم تەغدىر ئىرادەتدۇر ماڭا.

بۇ مېنىڭ ھالىمغا كۇلدى تەئن ئېتىپ خەلقى جاھان،
ئۇشبۇ نەۋئ بولماقلىغىم ھەقدىن ئىنايەتدۇر ماڭا.

نە خۇش ئېردى، ئەي مۇھىبلەر، قەتىل قىلسا يار ئەگەر،
بىلىسىڭىز ئۇشبۇ قەتىل رۇتبە شەھادەتدۇر ماڭا.

يارنىڭ ۋەسلى بەھەم بولماس بىلالغا شۇبھەسىز،
جەھد ئېتىپ خاكى قەدەم تاپسام كۇپايەتدۇر ماڭا.

× ×

ئىلاھا ئول پەرىگە مەن غېرىپنى ئەيلەگىل شەيدا،
پىراقىدا مېنى قىلغىل مىسالى بۇلبۇلى گويا.

مەجازىي ئاپتابىدا قۇرۇتقىل بۇ جەسەتنى پاك،
كى ئاندىن سۇختە ئەيلە ئىشىق ھەقىقەت ئىچرە، ئەي شاھا.

ئېنى ھەم چۈن بەدىئى، چۈن مېنى سەيغىل مۇلك ئەتكىل،
مېنى مىسلى قىلىپ مەجنۇن، ئول ئاينى ئەيلەگىل لەيلا.

ئول ئاي مانەندى شىرىندۇركى ئارى مەن ئاگا پەرھاد،
تەقى ئەيلە مېنى ۋامىق، ئول ئاينى ھەم قىلىپ ئۈزرا.

شەھىدى ئىشىق قىلغىل ئول پەرىنىڭ كويىدا يارەب،
ھىكاياتىم ئوقۇپ يۈرسۈن قىياماتكە ھەمە ئەشيا.

بەشەرىنىڭ بارچەسى يارىم ئۈچۈن ۋابەستە ھەيراندۇر،
كى بەرداش قىلا ئالغايمۇ مەلائىك كورسەلەر ئايا.

نىگارىم بىر مەجازىي ھەم ھەقىقىدۇر ئانىڭ ئىشقى،
مەجازىي گەرچە زەردۇر كىم ھەقىقى گەۋھەرى يەكتا.

بىلالنىڭ بۇ مەجازنى كى تەبدىل قىل ھەقىقەتكە،
بولۇپدۇرلەر مەجازىي چۈن ھەقىقى نەزدىدە رەسۋا.

× ×

ئەي، سەبا، يەتكۈز بوگۈن مەندىن نىگارىمغە دۇئا،
نەچچە ئايدىن ئايرۇ چۈشكەن بەند تارىمغە دۇئا.

سورىسا ھالىمنى، دېگىل ئىشقىدا كوپ ئاۋارىدۇر،
ئەندەلىب يەڭلىغ، دېگىل ئول لالەزارىمغە دۇئا.

بىكەسۇ— بىچارەئى، ۋابەستەئى ھەيران ئېرۇر،
ئەيلەگىل ئىزھار ئەھۋالىمنى يارىمغە دۇئا.

بەندەلىك ئەيغىل، دېگىل يىغلار سىنىڭ ئىشقىڭدە كىم،
كوپ خىجىللىقتىن دېدى رويى ئانارىمغە دۇئا.

بىر بىر ئېيتىپ بۇ بىلالنىڭ ئەرزىنى يار ئالدىدا،
ئانچە زىنھارلاپ دېگەيسەن شەھسۇۋارىمغە دۇئا.

× ×

جەھد ئەيلەپ، ئەي سەبا، بىر نامە كەلتۈرگىل ماڭا،
ئول پەرىۋەش نەزدىدىن پەيغامە كەلتۈرگىل ماڭا.

غۇنچە بويلۇق يارنىڭ باسقان ئىزىدىن بىر سىقىم،
بۇ كوزۇمگە سۈرگىلى توھپانە كەلتۈرگىل ماڭا.

تارىئىي مويىنى كەلتۈر، ئەيلەيىن تەۋىزگە باغ،
يا ئۇزۇڭ بىلگەنچە بىر يادنامە كەلتۈرگىل ماڭا.

ياكى مەي كەلتۈر بۇ دەردىمگە داۋا بولغاي دەمى،
ئىشقىدا سىبغۇرغىلى پەيمانە كەلتۈرگىل ماڭا.

يالبارىپ بادى سەباغە بۇ بىلالى دەرت ئىلە،
يىغلاپ ئېيتۇر قىسسەئى جانانە كەلتۈرگىل ماڭا.

× ×

ئەرزىم ئىشتكىل، ئەي يار، دىلخاھ،
ھەر تۈن چىكەرمەن سەد ئاھۇ-ۋەيلا.

ئىشقىڭدا دايىم يىغلاپ يۈرۈرمەن،
بولغىن بۇگۈن سەن ھالىمدىن ئاگاھ.

بىچارە بولدۇم، ئىشكىڭگە كەلدىم،
قىلغىل تەرەھھۇم، ئەي يار، ھەمراھ.

ئىشقىڭ ئەسرى — بىچارەدۇرمەن،
لۇتپۇ كەرەم قىل، ئەي رويى بەرنا.

جانا سۇپاتىڭ ..........................
ھەم غۇنچە لەبلىك رۇخسارى بەيزا.

ھەم قامىتى گۈل، ھەم ساچى سۇنبۇل،
مەن مىسلى بۇلبۇل يارىمغە شەيدا.

چۈن نەرم سوزلۈك ھەم ئاھۇ كوزلۈك،
خورشد يۈزلۈك ھەم قەددى زىبا.

سەيفۇل مۇلۇكمەن، سەن ـ سەن بەدىئى،
مەن مىسلى ۋامىق، سەن مىسلى ئۇزرا.

مەن مىسلى پەرھاد، سەن بىزگە شىرىن،
مەن مىسلى مەجنۇن، سەن بىزگە لەيلا.

سىنى سوراغلاپ، ئىزلەپ چىقارمەن،
شەھرى ئىلىدىن سويى بۇخارا.

لۇتپۇ كەرەم قىل بىكەس بىلالغە،
ھەم كوڭلى تىنسۇن، ئەي ماھ سىيما.

× ×

ئاھ، نە ئەيلەي بۇ پەلەك قىلدى نىگارىمدىن جۇدا،
ئەندەلىب يەڭلىغ بولۇپمەن گۈلئۈزارىمدىن جۇدا.

ھەم جۇدالىقتىن بىرى ئەندۇھۇ ــ غەمگە يارمەن،
ھەم مىنى قىلغان ئۇچۇن ئەغيار يارىمدىن جۇدا.

يىغلىماي نەيلەي بوگۈن بىر خەستەئى ئاۋارەمەن،
كىم ئەمىن سائەتتە بولدۇم بىقارارىمدىن جۇدا.

بەختى قاچقان بولمىسام، ھەم تالىيىم شۇم بولمىسا،
بولغاي ئىردىمۇ بوگۈن روىي ئانارىمدىن جۇدا.

غۇنچەۋەش نازۇك بەدەنىنىڭ ئاي يۈزىدىن كورگەن زامان،
بۇ بىلال ئىيتۇر: بولۇرمەن ئاھۇ ـ زارىمدىن جۇدا.

www.uyghurkitap.com

× ×

بولغالى، ئەي نازەنىن، ئول ئاي جامالىڭدىن جۇدا،
كىم بولۇپمەن بارچە غەم — ئەندۇھلەرغە ئاشنا.

بازىئى تىفلانە بولدۇم دەردى ھىجرىڭدە سېنىڭ،
تاش ئاتۇر ئارقامدىن، ئەيلەرگە ئىزا بىرلە جاپا.

دىلرەبا، ئاڭلاپ پىغانىم زەررە رەھمىڭ كەلمەدى،
سىنماي كوڭلۇمنى بەرگەنگە بۇ ھىجراندۇر سەزا.

ئىشىتىپ ھالىمغە ھەيران بولدىلەر خەلقى جاھان،
بەلكى نالەمدىن مەلۇل بولدى جەمئى ئاشيا.

نەزم قىلسا ئۇشبۇ دەردىڭنى بىلالى تىنمايىن،
قايىسبىر دەردىڭنى دەپتەرگە پىتىپ قىلغۇم ئادا.

× ×

بىر كۈنى قىلدى تەكەللۇم ناز ئىتىپ يارىم ماڭا،
قەھـ ـ قەھە بىرلە كۈلۈپ ئول يارى دىلدارىم ماڭا،

دېدىلەر: نە ۋەجھىدىن بولدى چىرايىڭ زەپىران؟
سوردى ھالىم، رەھم ئەيلەپ ئول دىلئازارىم ماڭا.

يىغلىدىم دەردىمنى ئېيتىپ ئول دىلئارامىمغە كىم،
لۇتف ئىتىپ قىلدى تەكەللۇم ئول شەكەر خارىم ماڭا.

ئۇشبۇ نەۋئى سوزلىشىپ تۇرغاننى كوردى شۇم رەقىب،
رەشكدىن قەست ئەيلەدىلەر نەچچە ئەغيارىم ماڭا.

تىز تون ئالغىل پەنا غارىغە ئوزى، ئەي بىلال،
دىدى ـ يۇ، قىلدى نەسىھەت نەرم گۇپتارىم ماڭا.

× ×

ئەي نىگارا، قەتل قىلماققە مېنى قىلما شىتاب.
خوب ئەمەسمۇ داغ ھىجرىڭ بىرلە قىلساڭ ئىھتساپ.

بەس ئىدى ئۇل رىشتەئى كاكۇل مىنى بەند ئەتكىلى،
نە ئۇچۇن تاپماققە قىلدىڭ جۇستىجۇ ئۇزگە تاناب.

داغ ئۇزرە داغ قويدۇڭ ياشۇرۇپ رويۇڭنى كىم،
ئاي يۇزۇڭنى ياشۇرۇپ جانا نىچۇن تارتتىڭ نىقاب.

ئارى بىلدىمكى، قانىم توكمەك ئىكەن قەسدىڭ سىنىڭ،
بۇ سەۋەپتىن رەھىم قىلماي قىلغان ئىرمىشسەن ئازاب.

گەر ئەزەلنىڭ تەغدىرى بولسا بىلالغە چارە يوق،
خاھى ئۇلتۇر، خاھى كويدۇرگىل بوگۇن تۇردى قاراب.

× ×

ۋەھ، نە خۇشتۇر خەستەلىكدە كورسىلەر يارىم كېلىپ،
ياكى يالغۇزلۇقتا ياندا تۇرسا دىلدارىم كېلىپ.

ياد ئېتەر بولسام بىناگاھ ئۇل پەرى يۇزلۇكنى كىم،
كۇلبەم ئىچرە ئۇل دەمى ئۇلتۇرسا گۇلزارىم كېلىپ.

كەلسە غەمنىڭ لەشكىرى باشىمنى ئايلاندۇرماقە،
گۇپتىلىق قىلسا يانىمغە ئۇل شەكەرخارىم كېلىپ.

قۇتۇلۇر ئېردىم بۇ غەمدىن ئۇل دىلئارامىم كورۇپ،
ۋەھ، ئەگەرچەندىكى قەتىل ئەتسە دىلئازارىم كېلىپ.

بۇ كوڭۇلنى بارچە غەملەردىن خالاس قىلغاي ئىدى،
بىر نەزەر قىلماق بىلە ئۇل شوخ خۇنخارىم كېلىپ.

نەچچە ۋاخ ئەيلەپ تەھەممۇل، ئەي بىلال، بولغىل خامۇش،
مەرھەمەت ئەيلەر سىتەم يەتكەندە غەمخارىم كېلىپ.

× ×

چىقساڭ تاماشاغە، دەمى قىلماغىل شىتاب،
زىنھار كېزەرگە چىقما يۇزۇڭدىن ئېلىپ نىقاب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۇھرا، زۇھەل، شەمس بىلە مۇشتەرى خىجىل،
يوقتۇر ئەجەپكى كورسە يۈزۈڭ بەلكى ماھى شاب.

لەئلىڭ بويىدىن بوي ئىلىپ رەشك ئەيلىگەي،
ئۇيالغىنىدىن مۇشك خۇتەن، زەپىران گۈلاب.

لەئل لەبىڭنى كورسە بولۇر غۇنچە شەرمىسار،
روپۇڭ گۈلنى كورۇپ، بولدى ئەندەلىب خاراب.

ئول ئاي يۈزۈڭ شولىسىنى كورسە ھەر كىشى،
ھىجرىڭ ئوتىدا ئورتەنىبان بولغۇسى كاۋاب.

بىكەس بىلالىڭ نە ئۇچۇن گىريە قىلمىسۇن،
ۋەسلىڭ غىمىدە ئاقتى جىگەر خۇنى مىسلى ئاب.

× ×

بۇلبۇلى ئەيلەر ناۋاكىم گۈل يۈزۈڭ رەيھان كورۇپ،
ساچە يەلداسى ئارا گۈل غۇنچەنى پىنھان كورۇپ.

پادىشاھى ھۇسن ئىردى ئول زۇلەيخايى جاھان،
كىم ساڭا قىلغاي مۇھەببەت ھوسن ئارا سۇلتان كورۇپ.

ھەم لەتاپەت گۈلشەنىگە لەيلى ئىردى پىشىۋا،
ئارى زىۋەرلىكتە شەك ئەيلەر سىنى تابان كورۇپ.

بولسا شىرىن بىرلە ئۇزرا ئۇلكى دىلسوزى جاھان،
قىلغاي ئىردى تۇرپە خىزمەت چۇن سىنى مىھمان كورۇپ.

ھەم ئىرەم باغىدا ئىردى ئول بەدىئى چۇن قەمەر،
ئۇ يالغۇز كورگەچ سەن ھورنى چۇن ئوزىن غىلمان كورۇپ.

مۇرغ، تاۋۇقتەك ئىرۇرمەن چۇن سىنىڭ ئىشقىڭداكىم،
بول غەرەزدىن تىلىنۇرمەن ئاي يۈزۈڭدە دان كورۇپ.

ھاتەمى تەي ① زەر ساخاۋەت ئەيلىسە، ۋەسلىڭنى سەن،
چۇن بىلال ۋەسلىڭ تىلەيدۇر ھاتەما دەۋران كورۇپ.

× ×

هەق ئۇچۇن بىزنى يىراق قىلما ئۇزۇڭدىن، ئەي ھەبىب،
پەردە تارتىپ بىنەسىب ئەتمە ئۇزۇڭدىن، ئەي ھەبىب.

سۇرمە ئەيلەرگە تىلەپ كەلسە ساڭا ئاشىقلىرىڭ،
نائۇمىد ياندۇرمىغىل باسقان ئىزىڭدىن، ئەي ھەبىب.

باقمىساڭ بىزگە نىگارا، ئۇزگىگە ھەم باقمىغىل،
يوقسە بىزنى قوغلىما ئاھۇ كوزۇڭدىن، ئەي ھەبىب.

گەر سوزۇڭ بولسا ماڭا ئىيت، قىلمىغىل ئەلدىن ئىبا،
بەھرى ئالسۇن بۇ دىلىم شىرىن سوزۇڭدىن، ئەي ھەبىب.

گەرچە بولدى بۇ بىلال ۋەسلىڭ تىلەپ خاشاك سۇپەت،
ئەندى خەۋپ ئەتمەك نەدۇركىم قەقنۇسىڭدىن، ئەي ھەبىب.

× ×

ئەي دىلا خۇش تۇت ئۇزۇڭنى، كەلدىلەر بويى ھەبىب،
ھەم قۇۋانغىل، ئەي كوڭۇل، كورگۇڭ بۇگۇن رويى ھەبىب.

كوپ نەھىب بولدۇڭ نىگارىڭ پۇرقىتىدە باھار،
ئەندى شات ئەيلەر سىنى ئۇل چەشىم ئاھۇيى ھەبىب.

كەلگۇسى بىر بىر بىھىسىپ ئۇل ماھى تەلئەت ناز ئىلە،
ھەلقە ـ ھەلقە چىرماشىپ قەددىگە گىسۇيى ھەبىب.

چۇن ئىشكىدىن كىرسە قەھقە ئاچىلىپ گەر گۇل كەبى،
چىقمىغاي ھەرگىز كوڭۇلدىن بۇ سۇپەت خايى ھەبىب.

چۇن قەدەم رەنجىگە باشىڭنى بىلال قىلغىل نىسار،
گەر كىلىپ كۇلبەڭ ئارا ئولتۇرسا زانويى ھەبىب.

× ×

ناگىھان يۇزۇڭنى كورسەم كويىدۇر دىلىم بىغايەت،
خوۋپ ئىيتىپ ياشۇرماقىڭدىن بۇ يۇرەك بولۇر جەراھەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



كورمسەم يۈزۈڭ، ئەي جان، رەقۇ-ئۈستىخانلار بولۇر خەشەك،
تەرك ئولۇر بۇ ۋەجھىدىن كىم ھەمە زوھدۇ تائەت.

ھەم سىنىڭسىز، ئەي نىگارىم، نە كىرەك ماڭا تىرىكلىك،
ماڭا كەلسە گەر ھۇمايى بۇ ئىرۇر تەقى شەقاۋەت.

ۋەسلىڭ ئولمىدى مۇيەسسەر ئەي لەبى غۇنچە بۇختەر،
تىلەك ئەيلىدىم ۋىسالىڭ بولمىدى دۇئا ئىجابەت.

بارچە بىزگە بولدى ئەدا، ساڭا مەن، ئەي پەرىۋەش،
قىلمايىن ماڭا تەرەھھۇم كورمەيىن دەمى ھەلاۋەت.

ھەددىن ئاشتى ئەندى دەردىم، كورگىل بۇ راي زەردىم،
قۇتۇلالمىدىم بۇ غەمدىن، ماڭا بۇ ئىرۇر ئىرادەت.

دەمبەدەم بولۇپ بەتەرمەن، ئەندى نە ئىلاج ئىتەرمەن،
تەبىب ئىزلەبان كىتەرمەن، تارتىبان نەچە رىيازەت.

مۇنقەتى ئولۇر ھەياتىم، يىتىشىپ تۇرۇر ماماتىم،
دىمى قالمىغاي نەجاتىم، ئەيلىسەڭ مىنى شەھادەت.

ئۇشبۇ ۋەجھىدىن مىنى زار، دەمى ۋەسلىگە گىرىپتار،
بولغىلى چىكەرمەن ئازار، ئەل ئارا چىكىپ مەلامەت.

ماڭا بولدى ئەندى مەلۇم چۈن ئىكەن بۇ تالىيىم شۇم،
ئىشقىدا بولۇپ چوڭ بوم، چىرلەماكنى ئەيلەپ ئادەت.

بۇ نىچۈك ئەلەمدۇر، ئەي يار، كورەردۇر يۈزۈڭنى ئەغيار،
مىنى سورغالى قىلىپ ئار، كورەرسەنمۇ بى بىزائەت.

يوقسە ئەيلەگىل تەرەھھۇم بۇ نەھىپ بىلالىڭە يار،
نە ھەيا يۈزىدە قالدى، نە دىلىدە سەبرۇ تاقەت.

× ×

كى ئەرزىمنى ئىيتاي سىدىقنا ئىشىت،
ئايا غۇنچەۋەش روي بەرناھ، ئىشىت.

بولۇپدۇر مىنى شىفتە قىلماق ئۇچۇن،
قەدى ـ قامەتىڭ تۇرپە زىبا، ئىشت.

قاشىڭ ياسىغا كىرپىگىڭ ئوق ئېتىپ،
ئاتارسەن دەما ـ دەم كى گويا ئىشت.

سەبەب بۇ ئېرۇر يىغلاماقىم مېنىڭ،
چۇشۇپدۇر بۇ باشىمغە سەۋدا، ئىشت.

ساچىڭ ئەجدەرى بىزنى دەم تارتادۇر،
نېدىن قىلمايىن ئەندى غەۋغا، ئىشت.

كى يەلدا تۇنىدە كوتەرسەڭ نىقاب،
يۇزۇڭدىن پەرىۋەش بىناگاھ ئىشت.

مۇبەددىل بولۇر كۇنگە ھەم ئۇشبۇ تۇن،
شۇئائى يۇزۇڭدىن كى بەيزا، ئىشت.

سېنى كورسە ناگاھ بولۇر بەندەۋار،
كى بەھرام ۋە يا بولسا دارا، ئىشت.

كى ھورمەت قىلۇر گۇل نىھالىڭ كورۇپ،
كى باغى ئەرەم ئىچرە ئەسما، ئىشت.

تەقى زەۋق ئېتەرلەر يۇزۇڭنى كورۇپ،
يەنە لەيلى، شىرىن كى ئۇزرا، ئىشت.

ئوتۇپدۇر بەدىئى رەبىئۇل جامال،
بۇ ئەسرىدە سەن ـ سەن زۇلەيخا، ئىشت.

يۇزۇڭ غۇنچە گۇلدۇر، بىلال ئەندەلىب،
كورۇپ غۇنچەنى بولدى شەيدا ئىشت.

× ×

مۇغبەچە دىلخەستەمەن كەلگىل بۇگۇن پەيمانە تۇت،
تولدۇرۇپ پەيمانەگە ھەم بادەئى جانانە تۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىبغۇراي ئۇل بادىنى يار ۋاپاسىز ئىشقىدا،
قالمىسا پەيمانەدە ھەم تولدۇرۇپ سەن يانە تۇت.

دەمبە ـ دەم، سائەت ـ بەسائەت مەينى كەلتۇر نۇش ئېتەي،
سۇبھى ـ شام بەلكى دەۋام ئۇتكۇزمەيىن ئەييامە تۇت.

ئەندى مەدھۇش بولدى دەپ، قىلما خىيال، ئەي ساقىيا،
دەپئى غەم ئەيلەر ماڭا، سەن بادەئى ئىنئامە تۇت.

يارنىڭ دەردۇ ـ پىراقىنى ئۇنۇتقۇم بىر يولى،
ھەم ئۇزۇڭنى ساقىيا ئەيلەپ ماڭا مەيخانە تۇت.

بادەنى ھەر قانچە تۇتساڭ، ھەم بىلال لەب تەشنەدۇر،
شامدىن تا سۇبھىگە ھەم سۇبھىدىن تا شامە تۇت.

× ×

نە بولغاي زەررە رەھىم ئەتسەڭ، بولۇپمەن بىقارار، ئەي دوست،
يۇرۇرمەن دەردۇ ـ ھەجرىڭدا كى يىغلاپ زار ـ زار، ئەي دوست.

تىلەپ دايىم ۋىسالىڭنى قۇيۇندا تەلمۇرۇپ يۇردۇم،
كورەلمەي نائۇمىت بولدۇم، بولۇپ كوزلەر غۇبار، ئەي دوست.

ئەگەر رۇمۇ ـ يەمەن كەتسەم، ئۇزۇلمەس بۇ دىلىم سەندىن،
قىلىپسەن مەن غېرىپنى غەمزە بىرلە بەند تار، ئەي دوست.

جامالىڭ شەمئىدە كويدۇم بولۇپ مانەندى پەرۋانە،
مېنى قىلدى پىراقىڭ خەلقى ئالەم ئىچرە خار، ئەي دوست.

قالىپمەن خىرمىنى ئوت ئىچرە گوياكى سەمەندەردەك،
ئۇل ئوتتىن ئاجرىتىپ ئالماققا قادىڭ بىزنى ئار، ئەي دوست.

كى بۇلبۇل، تۇتى، قۇمرى، سەۋەرلەر ھالىمغە زار بولدى،
تەرەھھۇم قىلمىدىڭ بىردەم، بولۇپمەن خاكسار، ئەي دوست.

ئەلەم دەشتىدە مەجنۇندەك بولۇپتۇر بۇ بىلالىڭ ھەم،
ۋەلى ئىشق زورىدىن رۇستەم كى ئولغاي بىمەدار، ئەي دوست.

× ×

ئاھكىم، كوڭلۇمنى ئالدى بىر لەتاپەتلىك يىگىت،
ئوينىتىپ ئەسىبى سىياھنى ئول ئەسالەتلىك يىگىت.

قامىتى شەمشادىغا ئەيلەي تومەنىڭ جان پىدا،
ھوسىن ئىقلىمدا يوق ئانداق مەلاھەتلىك يىگىت.

بولغۇسى ھەيران قەمەر رويى زىباسىغا ئىنىڭ،
بولىمىش پەيدا يەنە ئانداق سەئادەتلىك يىگىت.

ماڭا نە سۇد ئەلگە ۋەسپىن نەزم قىلماققا ۋەلىك،
ھىچ سەلاتىن ئىچرە يوق ئانداق ئەدالەتلىك يىگىت.

ۋەسپىنى ھەددىن فۇزۇن قىلساڭ بىلال يوقتۇر ئەجەپ،
كائىنات ئىچرە ئىنىڭدەك يوق دىيانەتلىك يىگىت.

× ×

ئەرزىم ئىشىتكىل ئەي بالە تاپەت،
قىلغىل تەرەھھۇم ئەيلەپ شەپائەت.

سەن بىر ھۇمايى، مەن بىر گادايىڭ،
يايغىل باشىمغا چەتر سەئادەت.

نە گىريە قىلماي، نە زار بولماي،
نە غەمگە قالماي، ئەي سەرۋ قامەت.

دەردىم بەسى كوپ، ھەددىن زىيادە،
دائىم كورەرمەن ئەلدىن مەلامەت.

مەجنۇنلىقىمدە بى مىھر گەردۇن،
باشىمغە ئۇردى سەنگى شەقاۋەت.

مەن رازىغە كىم يار ۋاپاسىز،
دىلخەستە قىلدى ئەيلەپ زەراپەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پەقرى بىلالى قىلغىل دۇئايى،
يارغا يېتەرسەن بولساڭ سەلامەت.

× ×

ئەرزىم ئىشىت بۈگۈنكىم، ئەي يار بالەتاپەت،
كورگەن ئەلەمنى بىر بىر قىلغۇم ساڭا شىكايەت.

كارىم پىغان بولدى، زەرداپ يۈرەككە تولدى،
ياشىمغە يەر سۇ بولدى، مۇنداغ ئىكەن ئىرادەت.

لەئلى لەبىڭ ئۈزارى، بەيزا يۈزۈڭ شۇئائى،
ئەيلەپ ماڭا ۋاپايى، قىلغىل ماڭا سەخاۋەت.

يوقسە، مېنى ھەلاك ئەت، خەستە يۈرەكنى چاك ئەت،
بىر يولى دەردىناك ئەت، ئەيلەپ ماڭا جالالەت.

بۇ نەۋئى سوز قىلىبمەن، رەھم ئەيلىسەڭ ماڭا سەن،
قىلغىلكى نوكتەئى پەند، بولغاي دىسەڭ سەلامەت.

ھەردەم بىلال ئول ئايدىن، تارتار ئىمىش ئاھانەت،
ئەلدىن كورۇپ مەلامەت، بولدى ئەجەپ خىجالەت.

× ×

مېنى ناشاد قىلماقغە ئېرۇر ئول دىلرەبا بائىس،
كېچچەلەر زار بولماقغە ئېرۇر رويى زىبا بائىس.

يەنە پەرۋانە بولماغلىق، ئېنىڭ شەمئىدە كويمەكلىك،
ھەمىشە گىريە قىلماغلىقغە ئىشقى مەھلىقا بائىس.

ئول ئاي يوزىنى كورمەككە، ئېنىڭ كويىدا يۈرمەككە،
ئېنىڭ ئېلىكنى تۇتماقغە بۇ كوز ھەم دەست ـ پا بائىس.

پىراقىدا پىغان قىلماق، ۋىسالىنى تىلەپ يۈرمەك،
يېتەرمەن دەپ ئۈمىت قىلماقغە دىلدا مۇددىئا بائىس.

ئاڭا مەن ۋالە بولماغلىق، كى ياشىم ژالە بولماغلىق،
دىلىم ئەفگارە بولماغلىقغە ئىشقى كىمىيا بائىس.

كى يەتمەك جۇملە مەقسەتكە، ئۇلانماق قۇربى دەۋلەتكە،
يېتىشمەك جاھى ئىززەتكە، سەھەر قىلغان دۇئا بائىس.

بىلۇرسەنمۇ بىلالى سەن بولار بۇلغاندۇ بائىس دەپ،
بىلىڭ بۇ بارچىغە دوستلاركى تەغدىرى خۇدا بائىس.

× ×

كى بەندە ھەقنى تاپماقغە ئىباداتى ئىبرۇر بائىس،
ئۇلۇم ئەھلىگە ھەم ئىلمى مۇباھاتى ئىبرۇر بائىس.

دۇ ئالەم ئىچرە ئىززەتلىك، كى بولماق تۇرپە ھىممەتلىك،
ۋەلىلەر بولسا رىفئەتلىك، كەمالاتى ئىبرۇر بائىس.

ئاتى نوشرۋان ئادىل كى دەۋزەخ ئىچرە كويمەسلىك،
ئۇلۇمالەر دېمىشدۇر كىم ئەدالاتى ئىبرۇر بائىس.

يەنە ئول خاتەمى تەينىڭ كى دەۋزەخ ئىچرە كويمەسلىك،
دېمىشلەر ئەھلى تەھقىقلەر سەخاۋاتى ئىبرۇر بائىس.

گۇناھدىن پاك بولماقغە، ئەدەن مۇلكىگە كىرمەككە،
ھەمە ئول ئاسى جافى نىڭ نىداماتى ئىبرۇر بائىس.

بىھىشت يۇزىنى كورمەسكە، كى دەۋزەختىن قۇتۇلماسغە،
ھەمە كاپىر بېدىنىنىڭ شەقاۋاتى ئىبرۇر بائىس.

خۇداغە ئاھى يەتمەككە، ھەمە غەمدىن قۇتۇلماقغە،
جاھاندا بارچە دەرۋىشنىڭ مۇناجاتى ئىبرۇر بائىس.

كى ھەر يەرگە بالا كەلسە، خالايىق ئىچرە غەم ياغسە،
بىلىڭ دوستلار يامانلارنىڭ كەساپاتى ئىبرۇر بائىس.

خۇداغە كوپ يېقىن بولماق، شەياتۇنلارغە زەخم ئۇرماق،
بىلىڭ ئەھلى سۇلۇكنىڭ نەپئى ئىسباتى ئىبرۇر بائىس.

كى بولسا خەلقى ئالەم شات، ئىبنى سەن شۇبھەسىز بىلگىل،
ئىبادەت ئەھلىنىڭ ھەم ۋىرد ئاياتى ئىبرۇر بائىس.

www.uyghurkitap.com

بىلالنىڭ گاھى بىغەم، گاھى ناشات بولماغى دوستلار،
ئۇزىنىڭ پەيلى خوييە رەسىم ئاداتى ئېرۇر بائىس.

× ×

ئۇشبۇ كاج رەفتار پەلەكنىڭ بىلسەلەر دەۋرانى ھىچ،
يەر يۈزىنىڭ خەلقىگە بولسا بىراۋ سۇلتانى ھىچ.

ھۇسن ئارا بولسا بىراۋكىم مۇشتەرىدەك جىلۋەلىك،
بولسا ئاي يۈزلۈك، كوزى ئاھۇ، تىشى دۇردانى ھىچ.

ھەزرەتى نۇھدەك ئۆمۈر كورسە بىراۋ ئۇل ھەم نىدۇر،
تىب ئارا خەلقى جاھاننىڭ بولسەلەر لوقمانى ھىچ.

يا بىراۋنىڭ قۇۋۋىتى بولسا ئەگەر رۇستەمچە ھەم،
ياكى ئۇز ئەسرىدە بولسا بارچەنىڭ ئۇبدانى ھىچ.

ئەي بىلال تەرك ئەيلەگىل ھەم لاپ ئاشىقلىقنى سەن،
گەر بەھەم قىلساڭ ئۇزۇڭگە مەھلىقا ئۇزرانى ھىچ.

× ×

جانىم ئالۇرغە نىگارىم بولۇپدۇرۇر ھوججاج،
نە چارە، گىريەدىن ئۇزگە قىلۇرغە يوقتۇر ئىلاج.

كورۈك بۇ سۇنئەاھى تىغىنى قىلىپ بۇرران،
ھالاك قىلغالى بىزنى ئۇل ئايغە بەردى رەۋاج.

نە چارە غۇنچە دىھانىم قىلسە قەتىل گەر بىزنى،
پەرىۋەش دەردىدە مەن مىسلى بىر زەئىپ دەرراج.

مەنى شىكەستەگە يارىم قىلدى جەھد شىتاپ ئەيلەپ،
بولۇپتۇرۇر بۇ جاھان ماڭا خانەئى سەللاج.

ئۇل ئاينىڭ قايسىكى بىر زۇلمىنى بايان قىلغۇم،
نە زۇلمىدۇركى كورۇپتۇر دار ئۇزە ئۇشۇل ھەللاج.

كى تاپسا گەر مىنى خۇشۋاخت بىر كۇنى ۋە يا بىردەم،
ئالۇرلەر زۇلىم قىلىپ خۇشلىغىمدىن ئولدەم باج.

غورۇرى دەۋلەت ئۇلۇپ، ئونۇتۇر گەھى بىزنى،
كىيىپ لىباسى ھەرىرنى قىرىق سەرگە قويمىش تاج.

كى ئەندى ساچى تارىدىن بەند ئېتىپ بىلالنى،
ھەمىشە قاشىغە ئەندى تارتارۇر بېرىپ ئىلۋاج.

× ×

كوپ ۋاله بولۇپمەنكى ئوشۇل يارنى كورگەچ،
بولدۇمكى ئەسىر لەبلەرى گۇلنارنى كورگەچ.

كويدۇرمەك ئۇچۇن جىلۋە قىلىپ ناز ئىله ھەردەم،
ياندۇردى چىراق مەن كەبى پەرۋانەنى كورگەچ.

كويدۇمكى ئېنىك ئىشقىدا قەقنۇس كەبى، ئەي دوست،
رەھم ئەيلىمىدى مەن كەبى ئاۋارەنى كورگەچ.

بېخۇد بولۇبان ياتتىم ئېنىك كويىدا مەنكىم،
مۇساغا مىسىل پەرتەۋى ئەنۋارنى كورگەچ.

بۇلبۇل بولۇبان ناله قىلۇر مەنكى ئول ئايغە،
ئانداقكى ئوشۇل كوزلەرى خۇنخارنى كورگەچ.

مانەندى سەمەندەر بولۇبان ئوت ئارا قاندىم،
ندچۇنكى ئۇشۇل چىشلىرى دۇردانەنى كورگەچ.

ھىجرىدە ئېنىك كويدۇم ـ ئوچتۇم، خەبەرى يوق،
ياد ئەيلىمەدى مەن كەبى بىچارەنى كورگەچ.

بۇ خەستە بىلال يىغلىدى تىنماي كېچە ـ كۇندۇز،
دۇنياغە كېلىپ دىلبەرى ئەييارنى كورگەچ.

× ×

ياتار ئېردىم جاھان خەلقىگە كوپ بى ئېتىۋار ئولغاچ،
يۇرەلمەي ئەل ئارا ھەم تەئنە پەقرى بىشۇمار ئولغاچ.

www.uyghurkitap.com

كېچەلەر تۈرپە بىر ھال ئىردىمۇ كۈندۈز مەلامەتلىك،
غەنىيلىق دەۋلىتىگە چۈن يېتەلمەي تۈرپە زار ئولغاچ.

چىقىپ ئېردىمكى بىر كۈن سەيىر قىلماقنى ھەۋەس ئەيلەپ،
بۇ كوكلۈم زەررە خۇش بولغان ئىدى پەسلى باھار ئولغاچ.

بىناگاھ جىلۋەلەر بىرلە كورۈندى بىر پەرى پەيكەر،
جامالىنى كورۈپ شەيدا بولۇپمەن بىقارار ئولغاچ.

ئىختىيارىمنى ئالىپدۇرلەر ئېنىڭ ئىشقى،
ئۈرۈمچىدىن مەكەس ئارى قۇتۇلماس بەند تار ئولغاچ.

كى ھەركىم كوردى ئول ئاينى، ئىلىندى ئىشقى دامىغا،
كى ئەقلىن ئالدۇرۇپ مەجنۇن بولۇپدۇر خاكسار ئولغاچ.

پەرىۋەشنىڭ جامالىنى كورەلمەي ھىجرىدە يەنى،
دەما - دەم قان يۇتارمەن ئىتلەردىن بەلكى خار ئولغاچ.

بەھەم بولماس ئېمىش ئەمدى بىلالغا شۇبھەسىز دوستلار،
كى دىلبەرنىڭ ۋىسالىغە خالايىق ئىنتىزار ئولغاچ.

× ×

كى ئەلنى ھەشر كۈنى كويدۈرۈر ئېسە دەۋزەخ،
كى بىزنى ئورتەدى مۇندا، كورۈڭلەر ئىشق ئوتى نەرخ.

ئول ئايدىن جەۋرى - جاپالەر يېتىپ تۇرۇر ئانداغ،
مېنى شىكەستەگە دايىم مىسالى مورۇ مەلەخ.

كى مۇنچە بولماس ئېدىم ئول پەرى يۈزىن كورگەچ،
ئەجايىپ قىلدى نەھىپ ھەم ئۈزىدە ئىككى زەنەخ.

ئوتى ھەرارەتىدە ئەندى قۇردى پەيۋەند،
يىقىلدىم، چۈنكى قاتىپمەن مىسالى زاھىد نىيخ.

مەجازى ۋادىسىدە بۇ بىلال يىقىلمىشتۇر،
قۇلىدىن ئۇشلا ئېنىڭ، ياتماسۇن دىسەڭ، ئەي شەيخ.

× ×

ناگاھ كورۇندى ئۇل كۇن پەرىزاد،
كوڭلۇمنى ئالدى ئۇل سەرۋى ئازاد.

بىر غەمزە بىرلە ۋالە قىلىپتۇر،
بىزنى ئۇزىگە ئۇل قەددى شەمشاد.

تىيرى خەدەڭگى تەگدى يۇرەككە،
پەرران ئوتۇبدۇر مانەندەئى باد.

ئۇشبۇ ئوتىغە بەرداش قىلۇرمۇ؟
مەككىدە خالىد، تەبرىزدە زەر باد.

تاقەت تۇتالماس بۇ تىير ئىشىقا،
رۇستەم، سىياۋۇش، سام بىرلە قۇززاد.

مەن زار ئولماي نەيلەي، يارانلار،
قىلدى ئەسىرى ئۇل كوزى جاللاد.

بىر شىر مەرتنى بار دەپ ئىشىتتىم،
تەبرىز ئىچىندە ئىسمى خۇدا داد.

خەلايىق ئىبرمىش ھەم پانى ئولمىش،
گەر بولسا ئىبردى قىلغاي ئىبدىم داد.

ھالا پەرىۋەش بىكەس بىلالنى
ئىشقىدا قىلدى مانەندى پەرھاد.

× ×

يارىنىڭ لەئلى زۇلالى شەھدى ـ شەككەردىن لەزىز،
ئاي يۇزىنىڭ شوئلەسى خۇرشىدى ـ خاۋەردىن لەزىز.

ساچلەرىنىڭ تارىدىن ۋەقتى سەھەردە بوي كېلەر،
ئۇل بويى ھەم بويىئى كافۇر، ئەنبەردىن لەزىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۇلسۇرخدەك ئاچىلىپ كۇلسە نىگارىم قەھ ـ قەھە،
دۇر چىشنىڭ نۇرىنى كوردۇمكى گەۋھەردىن لەزىز.

قامەتىنىڭ تۈزلىگى شەمشات دەرەختىدىن دۇرۇست،
بەلكى بىلدىم قامەتىن سەرۋۇ ـ سەنوۋبەردىن لەزىز.

ئەي بىلال، ئانداغ پەرىۋەشكە جانىڭ قىلغىل نىسار،
يارنىڭ ئىشقىدە ئۆلمەك بارچە بەختەردىن لەزىز.

× ×

ئەجايىپ جىلۋە بىرلە چىقتى بىر كۈن ئۇل پەرى پەيكەر،
تىپەيلى مىھمان ئۇلماغلىق ئۇچۈن سەھرا سارى دىلبەر.

كىيىپتۇر رەڭگى شەترەنج تون، باشىغە يورگۇبان رومال،
كوزىگە سۇرمە تارتىپتۇر، كىيىپ نەئلەين قەدى ئەر ـ ئەر.

لەتاپەت بابىدا يەكتا بولۇپ غۇنچە دىھان ئۇل كۈن،
مىنىپتۇر بىر سىياھ رەڭ ئات ئىرۇر مانەندەئى ئىشقەر.

كى خورشىد خەۋەرىگە ئورگۇتۇپ ئۇل جىلۋەگەرلىكنى،
بولۇپ تاۋۇس مەستەك ئاتلانىپتۇر غۇنچەئى زىۋەر.

تەكەللۇم قىلغانىدىن رەشك ئەيلەر قۇمرى ھەم تۇتى،
لەبىنى كورسەلەر مەرجان شىكەست يەپ بولغۇسى كەمتەر.

تەقى ئىشقى پىچاندەك ساچلەرى قەددىگە چىرماشمىش،
ئۇزىنىڭ شۇئلەسىگە ۋالەدۇر ياقۇت بىلە گەۋھەر.

نەدەي ئەۋساف يارىمنى، ئىرۇرلەر ھۆسن ئارا شەھباز،
مەلاھەت كىشۋەرىنىڭ شەھلەرىغە ئۇل پەرى سەرۋەر.

قاپاغى مىسلى بادام، قاشى يادۇر، كوزلەرى ئاھۇ،
ئېنىڭ كىرپىكلىرى بۇ خەستە جانىمغە ئىرۇر خەنجەر.

سەنوۋبەر مۇنفەئىل بولدى نىگارىم قامەتىنىڭ كورگەچ،
ئۇزارى شۇئلەسىدىن رەڭ ئالىپتۇر لالەئى ئەھمەر.

يۈزىدىن بۇرقەئىن ئالسا يارۇتۇر مىسلى كۈن شەبنى،
قاماشىپ كوزلەرى ئولدەم ئۇچالماس مۇرغەكى شەبكەر.

ئايا دوستلار، بىلىڭلەركىم ئول ئاي ھورى جانانىمدۇر،
لەبى لەئلى زۇلالى مەن غېرىپغە ئابىيى كەۋسەر.

بىلال بىچارىلىكتىن نەزم قىلدى يار مەدھىنى،
ئىشتىسە ئاشىقى سادىق دەمى دەردى بولۇر بەختەر.

× ×

غەم يېمەڭىز تالىبانىم شەب ئىچرەكى ئول يار ئۆتەر،
قىلماق ئۇچۇن كوڭلۇڭنى شات جىلۋە بىلە نىگار ئۆتەر.

ئاشىق ئېلى ئانى كورۇپ، بىلمەي ئۆزىنى مەست بولۇپ،
شات ئولۇبان كى رەقس ئۇرۇپ، ئاشىغى بىقارار ئۆتەر.

بارچە ئېنىڭكى پەرى روي، چۈنكى بەشەر بىرلە پەرى،
بەلكى ئول ئېردى بەختەرى دىلبەرى شەھسۇۋار ئۆتەر.

بەلكى بۇ پەسلى باغ ئۆتەر، قۇمرىيۇ-تۇتى، زاغ ئۆتەر،
سەۋە يەنە بەدماغ ئۆتەر، بەلكى بۇ نەۋ باھار ئۆتەر.

گۈللەر بىلە خار قىلمىغاي ھەم بولبۇلى زار قىلمىغاي،
ئول يۈزىنى نار قىلمىغاي، بارچەسى بىر قاتار ئۆتەر.

رۇستەمۇ، زال، ئىسكەندەرى① بولسا بىراۋ قەلەندەرى،
رويى زىبايى ئەنبەرى، بارچەسى بىمەدار ئۆتەر.

شادۇ-مالالى قالمىغاي، رويى ھىلالى قالمىغاي،
خەستە بىلالى قالمىغاي، بەلكى بۇ گۈلزار ئۆتەر.

× ×

شاد ئولغىل ئەي ئىلى، كۈلبەمگە جانانىم كېلۇر،
مىزبان ئولغىل ئانىڭ ئالدىدا، مېھمانىم كېلۇر.

كەلسە ناگاھ كۈلبەم ئىچرە، ئەيلىگىل جاننى نىسار،
شاد ئەتمەككە مېنى ئول شاد سۇلتانىم كېلۇر.

① ئالېكساندىر ماكېدونىسكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەمەرى قۇللۇقنى بەلگە باغلايىن باشلاپ بۈگۈن،
رويى گۈلدەك ئاچىلىپ، ئۇل غۇنچە رەيھانىم كېلۇر.

كاپىر ئەھلى تاب كېلەلمەسلەر ئېنىڭ بىر تىغىغا،
قاتىلۇ ـ جاللاد ئاتالغان نۇر ـ ئىمانىم كېلۇر.

ھەم بولۇپ ھەق ئەمرى بىرلە يەر يۈزىگە پادىشاھ،
ھەم سۇلايماندەك بولۇپ ئۇل شاھ كەيۋانىم كېلۇر.

ئاتىغان ئىسمىلىرىنى ھەم ئىمام ئەل مەھدى دەپ،
بارچە مۇئمىنلەر ئاتاسى ئۇل سۇلەيمانىم① كېلۇر.

تالىب ئېرسەڭ، ئەي بىلال، دائىم دۇئا قىل رووھىغا،
گەر ئىجابەت قىلسا تەڭرىم غەۋسى كالانىم كېلۇر.

× ×

بەند تار ئەتكەن مېنى ئۇل يارنىڭ گېيسويىدۇر،
يىغلاتىپ كوپ بىمەدار ئەتكەن ئېنىڭ بىھايىدۇر.

ھەم ئەلەمنىڭ ۋادىسىدا مىسلى مەجنۇن قىلماقى،
ئۇل زەنەخدانى بىلە ھەم مۇشتەرىدەك روىيدۇر.

دال سۇپەت ئىگىلمەگى بۇ سەرۋ يەكلىغ قامەتىم،
يارنىڭ ھېجرى بىلە ئىشقى ـ مۇھەببەت زورىدۇر.

زاھىدا، تەئن ئەتمەگىل ئىشق ئىچرە مەجنۇن بولدى دەپ،
چۈن سەۋەپ بولغان ماڭا ئۇل دىلبەرى جادۇيىدۇر.

زار بولسا بۇ جاھان خەلقى مۇنەججىم ئەھلىسىز،
توھمەت ئەتمە سەن زۇھەلگە ئۇل پەرىنىڭ روىيدۇر.

سۇبھىدىن سوڭ چىقسا ئەختەر خەلق ئۇنى چولپان ئاتار،
بۇ بىلال ئېيتۇر پەرىۋەشنىڭ يۈزىنىڭ نۇرىدۇر.

---

① تەۋراتتىكى (بىبلىيە) سولومون پادىشا. ئىسلام دىنىدا پەيغەمبەر ھىساپلىنىدۇ.

× ×

كورۇپ رويۇڭ شۇئائىنى پەرىلەر جان پىدا ئەيلەر،
سۇخەندان قامەتىڭنىڭ نەقشىسىغە ئىپتىدا ئەيلەر.

سىزالماي قامەتىڭنى نەقشىسىنى ئول سۇخەندان هەم،
قەدىڭ نەقشىنى تۇزگەنگە كىلىپ كوپ ئىلتىجا ئەيلەر.

لەتاپەت گۇلشەنىنىڭ گۇللەرىنىڭ بىهتەرى دۇرسەن،
يۇزۇڭ يۇلتۇزنى بەيزالىق، ساچىڭ شەبنى قارا ئەيلەر.

ئەگەر يەلدا تۇنىدە ئاي يۇزۇڭدىن پەردەنى ئالساڭ،
بۇ يەلداغا بىرىپ بەرهەم ئۇشۇل شەبنى زىبا ئەيلەر.

ئىشىككە جىلۋە ئەيلەپ مەست تاۋۇستەك بولۇپ چىقساڭ،
مەلاهەت خەيلى كورگەچ، خىزمەتىڭنى بىپەئبا ئەيلەر.

بىلالىغا لۇتف ئەيلەپ ئاستانىڭدىن ئورۇن بەردىڭ،
بۇ ۋەجهىدىنكى قۇللۇق رەسمىنى ئولهەم بىجا ئەيلەر.

× ×

مۇرغ دىلىم غۇنچە ئۇچۇن بىغاراردۇر،
ئانداغكى بۇلبۇل ۋالە گۇلزاردۇر.

مەجنۇن مەنۇ، لەيلى ئۇچۇن بىقارارمەن،
مىسلى زۇلەيخا يۇسۇپ ئۇچۇن بىقارادۇر.

زۇننۇن سۇپەت يارىم ئۇچۇن كوپ يىغلىدىم،
ياشىم كورۇپ خەلقى جاهان نالەزاردۇر.

بەرگىم قانى يەر يۇزىنى لالەرەڭ قىلۇر،
كورسە كىشى دىگەي ئەجەپ لالەزاردۇر.

دەريادە قان كورسە بەلىق زەخم دىيۇر،
قان يىغلاغاننى بىلمىدى نە روزىغاردۇر.

www.uyghurkitap.com



بېكەس بىلالىغا زەررە ۋاپا قىلماغانىغە،
قان يىغلاماقدىن باشقا پېقىرغە نە چارىدۇر.

× ×

ئەي نىگارا، مەن غېرىپقە نە قىلۇرسەن ئېتىراز،
تىلغىنىڭ ئىشىق خەنجەرى باغرىمنى سەن بىلدىڭمۇ ئاز؟

ئاي يۇزۇڭ كورگەچ كوڭۇل ئانداغكى ئەپغان ئەيلەگەي،
گۇيە دەرياسىدا لاچىن كورسە ئوردەك بىرلە غاز.

ئاي يۇزۇڭنىڭ شەمئىغە پەرۋانە يەڭلىغ زارمەن،
بەلكى ياندۇرغانمۇدۇر سەن تۇندە بىر شەمئى تىراز.

كورمىگەن هالدا سېنى بۇ خەستە كوڭلۇم شاد ئىدى،
هەم پاراغەتتە يۇرەر ئېردىم هەممىشە: قىش ۋە ياز.

ئەندى بىلگىل، ئەي نىگارا، تۇرپە بەد هال ئولمىشەم،
هەم سالىپ باشىمغە ئىشىق سەۋداسىنى ئول بىنىياز.

ساز ئىشىتمەكنى پېقىرغە ئانچە قىلساڭ ئىختىيار،
بۇ بىلالنى چىرلاغىل قىلغاي ئەجەپ ئاهەڭى ساز.

× ×

يارەب مېنى ئەيلە ئول ئايغا قارارسىز،
بۇلبۇل مەنئۇ قويما دەمى گۇلزارىسىز.

مۇرغ دىلىم بەند ئېيتىبان يار دامىغە،
بەرگىن تېخى ئىشىق ـ مۇهەببەت شۇمارىسىز.

يارنىڭ قۇلىغە بەلكى ئىنان دىلىم بېرىپ،
ئەيلە ئەسىرى بەلكى قىلىپ مەدارىسىز.

تاپماي ئىلاج هېجرىدە كوپ ئورتەنىپ ياتاي،
ئول غۇنچەۋەش ئىشقىدا قىل تۇرپە چارەسىز.

يارنى سوراغلاپ دەشت ـ بەدەشت، كوه ـ بەكوه يۇرەي،
مەجنۇن سۇپەت دىلبەر ئۇچۇن ئەيلە ئارىسىز.

قىلغىل ئىجابەت خەستە بىلالنىڭ دۇئاسىنى،
قويما ۋەلىك ئىككى جاھان ئىچرە يارسىز.

× ×

ھەركىشىنىڭ كوڭلىدە ئىشقىنىڭ ئوتى پەيدا ئەمەس،
بولمىسا بۇلبۇل سۆپەتلىك يار ئۈچۈن شەيدا ئەمەس.

يار ئۈچۈن ئورتەنمىسە، يا كوپ جاپالەر چەكمىسە،
قىلمىسا جاننى پىدا، ئول ئاشىقى دىلخاھ ئەمەس.

يۇرمىسە يارنى سوراغلاپ سۇبھۇ-شام بەلكى داۋام،
ئانداق ئەر ئابدۇلقەرىندۇر، تەرك ئىززۇ جا ئەمەس.

دىللەرى يەلدا تۇندۇر نە كەۋاكىب بار ئاڭا،
بىر تۇتۇننىڭ ئۈچقۇندۇر، كەۋكەبى بەيزا ئەمەس.

ھەر سەدەپكە تامىسا رەخمەت سۇيى بىشەك بىلىڭ،
بولغۇسى ھەر مەخرە پەيدا گەۋھەرى يەكتا ئەمەس.

ھەر پەرى ئولماس بەدىئى، ھەر گۇل ئولماس نەستەرىن،
ھەر بەشەر بىلسەڭ مۇھەممەددەك دىلى ئاگاھ ئەمەس.

ھەر دەرەخ شەمشات بولالماس، ھەركىشى مەجنۇن سۇپەت،
ھەرچە مەشۇق ئولكى مەشۇقتەك مەلەك سىيما ئەمەس.

ئاشىق ئىرسەڭ ئۇشبۇ سوزنى ئاڭلىغىل جانىڭ بىلە،
ئەي مۇھىب، ئەھلى خىرەد سەن، بۇ سوزۇم بىجا ئەمەس.

تەئنە قىلما، ئەي غىنا ئەھلى، مىنى پەقر ئەھلى دەپ،
تالىبى ياردۇر بىلالى، تالىبى دۇنيا ئەمەس.

× ×

پەراغەتىمگە غەمىڭ، ئەي پەرى، بولۇپ يولداش،
قىلىپتۇر بارچە ئەدۇغە بۇ نىھان سىرىمنى پاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭدىن خەلقى جاھان ئاڭلىدى سۈپاتىڭنى،
يىغلىدى جۇغلىشىپ ئەندى ۋىسالىڭ قىلدى تالاش.

ۋىسالىڭ ئىزلەبان تاپماي، بارچەسى بولۇبدۇر زار،
بۇ زارىلەر ئارىسىدا زارىمە كوتەردى باش.

قەلەندەر ئولدى ھەممە مالىنى پىدا ئەيلەپ،
قىلۇر يولۇڭ تۇپرىغىن كىرپىگى بىلە قاراش.

بۇ نەۋئى خىزمەت ئېتەر بارچەسى ساڭا، ئەي جان،
كى زەررە رەھم قىلا بىلمىدىڭ، ئايا دىلى تاش.

قاراڭغۇ تۈندە يۈزۈڭ كورگەچ ئوق ساغىقە بۇلار،
كى بەزىلەر بۇ قەمەردۇر، بەزى دەر ئىمىش بۇ قۇياش

يۈزۈڭ شۇئائىنى كورگەچ كوزىنى يۇمدى بىلال،
كى ئارى كورسە قۇياشنى ئۇچالماغاي خۇپپاش.

× ×

بۇ نەزاكەت ئەھلىغە ئول غۇنچەۋەش سۇلتان ئىمىش،
ھەم مەلاھەت كىشۋەرىغە شەھلەر ئىچرە خان ئىمىش

ھەم لەتاپەت گۈلشەنىدە بارچە گۈلنىڭ بەختەرى،
ھەم سەئادەت ئەختەرى ئىچرە مەھى تابان ئىمىش.

ساچىنىڭ تارى ئېتەر ئېرمىش كوڭۈلنى بەند تار،
تۈكتەدانلىغ بابىدا گويا بالايى جان ئىمىش.

غەمزەلىك ھەم شىۋەلىك دەيدۇر ۋە لېكىن پەيلىنى،
ئاڭلىسام ئول غۇنچەۋەشنى ئاپەتى دەۋران ئىمىش.

ئەي، ئول ئاي يالغۇز ماڭا زۇلم ئەتتى دەپ ئىڭرانماغىل،
ۋاي ئول ئاينىڭ زۇلمى بۇ ئالەم ئارا يەكسان ئىمىش.

زۇلىم يەتكەن ئادەملەر زار ئىكەندۇر مەن مىسال،
بەلكى لوقمان ئۇشبۇ دەردتىن ئاجىزۇ-ھەيران ئىمىش.

ئەي بىلال، خوپ ئاڭلادىڭ ئول ماھلىقانىڭ ۋەسپىنى،
ئۇزى جاللاد، كىرپىگى نەشتەر، يۈزى خەندان ئىمىش.

× ×

سۇبھىدىن سوك بىركۇنى مەسجىد سارى قىلدىم تۇرۇش،
ھەم يولۇقتى ئالدىمە بىر مەھۋىشىكىم خۇلقى خۇش.

بادەئى ئىشقىدىن ئىچتىم، ئانچە سەرخۇش ئەيلەدى،
بىخۇد ئولدۇم ئول زاماندا، بۇ باشىمدىن كەتتى ھۇش.

مۇرغلە ئەيلەپ كۇلۇپ ئوتتى يانىمدىن ئول پەرى،
ھەم مۇھەببەتنىڭ مەيدىن ئول زامان قىلدۇردى نۇش.

ھەم كوزۇمدىن بولدى غايىپ، كورمىدىم ئاندىن بىرى،
يادىدا دىۋانەلىق ئەندى قىلۇر ھەردەم خۇرۇش.

كۇندۇزى ئايدەك يۇزى چىقماس خىيالىمدىن دەمى،
كىچەسى چىقماس چۇشۇمدىن دىلبەرى زەيتۇنە قۇش.

ئەندى تاپسام خاك پايىن سۇرمە ئەيلەي كوزۇمە،
بول ئۇمۇتدۇركى مۇھەببەت بەھرىدىن ئالسام ئۇلۇش.

گەر تاپاي دىسەڭ بىلال ئول ماھرويىنىڭ ۋەسلىنى،
باتەنىڭدە يىغلا ھەقغە، زاھىرىڭدە بول خومۇش.

× ×

ئاھكىم، زوھد ئەھلى بىزنى قىلغۇدەك ياردىن خالاس،
تەڭرىگە قىلسۇن ئىبادەت دەپكى، دىلداردىن خالاس.

ئىھتىساپ ئەھلى ھەمە جۇغلاشتى مەن بىچارىغە،
شۇبھەسىز قىلماق بولۇپ ئول كوزى خۇنخاردىن خالاس.

ئوز يولۇم ئوبدان ئىدى مەن تەلبەگە زوھد ئەھلىدىن،
ھىچ ھالدا بولماس ئىردىم ئەجىز ئىنكاردىن خالاس.

ئوتىدا مىسلى سەمەندەر كويمەك ئىردى كەسبىتىم،
بولمىغاي ئىردى دەمى ئول زەۋقى دىداردىن خالاس.

زۇلىم بىرلە مۇھتەسىب قىلدى پەرىۋەشتىن جۇدا،
چۇنكى بۇلبۇل گۇل كورۇپ بولغايمۇ گۇلزاردىن خالاس.

شەرئىدە زاھىد سوزى ھەقتۇر، ھەقىقەتتە — مىنىڭ،
ئىشىق ئىلى خوشلۇقتىن ئىرسە، زوھد ئىلى ناردىن خالاس.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئىختىيار سەندە بىلال گەر خۇشلەر ئېرسەڭ ئىشقىنى،
زۇھدىن بولغىل خالاس، يوقسە دىلئازاردىن خالاس.

× ×

بولمادىم مەن ھىچ ھالدا دەردى ـ كۈلپەتتىن خالاس،
يارنى ئىزلەپ ھەر زامان تارتقان بۇ مىھنەتتىن خالاس.

يارنى ئىزلەپ ھەر زامان خۇنابە يۇتتۇم سۇبھى ـ شام،
يار ۋىسالىغە بەھەم بولماي بۇ ھەسرەتتىن خالاس.

يىغلىماي نەيلەي بۇگۇن ھاجەت مەقبۇل بولمادى،
بولمادىم ھەرگىز دەمى ئاھـۇ ـ نادامەتتىن خالاس.

بىۋاپا يارنى دىبدىم، دائىم بەلاغە ئۇچرادىم،
بولمىغايمەن، دوستلار، مۇنداق مۇشەققەتتىن خالاس.

بۇ كوكۇل ئىشق ئوتىدىن ھەم بۇ زەبان يار ۋەسفىدىن،
ھەم باشىم بولماس دەمى سەگگى مەلامەتتىن خالاس.

ئاتەشى ھىجران باغى بىرلە بۇ تالنى ئورتىدى،
شول جەھەتتىن بۇ يۈرەك بولماس ھارارەتتىن خالاس.

بۇ نىھان سىرنى مۇھەببەتسىز كىشىگە قىلما پاش،
يوقسە، بولماسسەن بىلال، تەئنە ـ ئاھانەتتىن خالاس.

× ×

ھەم كىرەرگە باغ ئارا، كورمەككە بوستاندۇر غەرەز،
ھەم نىگارى بىرلە ئەيش ئەتمەككە ئايانىدۇر غەرەز.

سەير ئىتىپ گۇللۇككە بارماق، گۇلنى ئۈزمەك رەسمىدۇر،
ھەم نىگارىغا ئىبەرمەكلىككە رەيھاندۇر غەرەز.

نەۋ باھارلىقتا يەنە گۇلزار سارى قويماق قەدەم،
سەير ئەتمەكلىكتە بىلمەك سەنئى سۇبھاندۇر غەرەز.

غەرەزى زاھىد بۇدۇر: بولسا جەھەننەمدىن خالاس،
ئاشىق ئەھلى زار يۈرمەك تەرك خەندانىدۇر غەرەز.

ئۇشبۇ كوھستان ئارا بېكەس بىلالى ھەر كېچە،
خەتمە قۇرئان ئەيلەمەكلىك ۋەسلى جاناندۇر غەرەز.

× ×

دەرىغا، كەلمەدى مەن خەستەگە ئول دىلرەبادىن خەت،
تۇرۇپ ئېردىم تۇتۇپ كوز كەلمەدى رويى خىنادىن خەت.

ۋەيا بىر دەرتكە قالدى، يا بىراۋنىڭ پەندىنى ئالدى،
كى بىر باھانە بولدى، كەلمەدى ئول مەھلىقادىن خەت.

كى بەلكى نامەسى، پەيغامەسى، ھەڭگامەسى ھەم يوق،
نېچۈكتىن كەمدى ئول غۇنچەۋەش، قاشى قارادىن خەت.

كى مەندىن كوڭلى قالدى، يا مېنىڭدىن ئوزگەنى تاپتىە
كى يوقسە كەلگەي ئېردى دىلبەرى ساچى قارادىن خەت.

كى ئىنساۋىن تىلەپ ھەقتىن بىلال ئەندى تەھەممۇل قىلە
كېلۇرلەر سەبىر قىلساڭ بىر كۈنى ئول بې ئىبادىن خەت.

× ×

ئايرىلۇر بولساڭ مېنىڭدىن ئەي دىلاۋەر ئەلۋىدا،
مەنمۇ ھەم ئەندى كېتەرمەن سۈيى بەربەر، ئەلۋىدا.

ھەم بولۇپ سەيپىل مۇلك، تىنماي يۈرەي تاغلار كېزىپە
چۈن ۋىسالىڭ ئىزلەبان، ئەي دۇررى-گەۋھەر، ئەلۋىدا.

بەلكى مەجنۇندەك بولۇپ ئىشق ۋادىسىدا سەر-بەسەر،
ھەم بەھايىمغا بولۇپ ئىشقىڭدا سەرۋەر، ئەلۋىدا.

ھەم بەھايىملەر مېنىڭ ھالىمغا زار ئولغاي داغى،
رەھم ئېتىپ ھالىمغا يىغلار بەلكى ئەجدەر، ئەلۋىدا.

مۇشكۇل ئىشتۇر، ئەي پەرى، سەندىن دەمى ئايرىلماغىم،
ئۇرغانىڭ خوپراق ئىدى باغرىمغا خەنجەر، ئەلۋىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەندى مۇندىن قەتئى رەھ قىلغۇم، پەرۋەش بول بىھىل،
ياكى مەن ھەجگە بارۇرمەن، ياكى خەيبەر، ئەلۋىدا.

بۇلبۇلۇڭدۇر بۇ بىلال، رەھم ئەيلە، ئەي گۇل، يوقسەكىم،
سەرسەرى بادى خەزان ئەي غۇنچە ئەھمەر، ئەلۋىدا.

× ×

ئەلۋىدا، ئەي ماھى پەيكەر، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي بويى ئەنبەر، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي نۇرى گەۋھەر، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي غۇنچە زىۋەر، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئۇستاد ـ مۇئەللىم، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي خەلقى ئالەم، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە ئاشىق، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە سادىق، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە ئابىد، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە زاھىد، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە سۇلتان، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە مەردان، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە دەۋران، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە دوستان، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە مەسئۇد، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە مەۋجۇد، ئەلۋىدا.

ئەلۋىدا، ئەي جۈملە مەسۇم، ئەلۋىدا،
ئەلۋىدا، ئەي جۈملە مەرھۇم، ئەلۋىدا.

بەلكى ھەم پەرزەندۇ ـ زەن بولغىل بىھىل،
چۈن مېنىڭدىن جۈملەئى قوۋم ئەلۋىدا.

ئىشق ئارا بولدى بىلال دىۋانەدەك،
ئەلۋىدا، ئەي جۇملە ئالەم، ئەلۋىدا.

× ×

ئەي دىلرەبا، شەرھىڭ ئۇچۇن مەن ئەيلەدىم شورۇئ،
ھۇسىن ئەھلى ئىشتسە، بولۇرلەر رەڭگى ئۆزگە نۇئ.

چۈنكى سەھەردە چىقساڭ دەمى ئىشىككە، ئەي دىلبەر،
خەلقى جاھان قىلدى دىگەيلەر "بۇ شەب قۇياش تولۇئ".

ئەيلە ھەم مەسرۇئمۇدۇر يۇسۇپ نە يۇردۇڭسەن،
مىنىڭ سوزۇم ساڭا بولدى ھەر زامان نامەسمۇئ.

كى ئاتەش دىسە ئاشىق ھالىدىن ئۇلۇڭ ئاگاھ،
جامالىڭ كورساتىپ ھەم قۇتۇلدۇرۇڭ ئەزجۇئ.

كوكۈل ساچىلدى ھەر تەرەپكە بىلالنىڭ،
كى لۇتىپ ئېتىپ دىلىنى ئەندى سىز قىلىڭ مەجبۇئ.

× ×

نىگارا، سورمادىڭ ھالىم دەمى، ھوججاچ زامان يەڭلىغ،
كويۇپ پۇرقەت ئوتۇڭدا بولدى چىھرىم زەئپران يەڭلىغ.

نىگە تۇتتۇڭ ئەداۋەت ئىشق ئىلىگە، ئەي دىل ئازارىم؟
ھەلاك ئەتتىڭ نىگە ئىشق ئەھلىنى ساھىپقىران يەڭلىغ؟

ئەزابىڭدىن ئىتىپ خەۋپ، ساھىبى تەبدەك كى تىترەرمەن،
بۇ ۋەجھىدىن بولۇپتۇركىم، چىرايىم ھەم سامان يەڭلىغ.

يارىپتۇر كوكرەگىمنى خەنجەرى ئىشقىڭ، ئايا مەھۋەش،
بۇ ۋەجھىدىن تامارلەر كوز ياشىم گوياكى قان يەڭلىغ.

نەزەر ھەم سالمادىڭ بۇ ھالىمە، ئەي شاھى خۇبانىم،
بولۇپ دەۋلەتتە مەغرۇر ئۇنۇتۇپ شاھى جاھان يەڭلىغ.

www.uyghurkitap.com

ۋىسالىڭنى تىلەپ، ھەر يەرگە بارساڭ ئەگەشىپ باردى.
تۇرار ساقلاپ بىلالى پايىگاھتا باغىبان يەڭلىغ.

× ×

ئىشىق ئوتىنى ئاتىپ ئېردىڭ تاشلەبان بالايى ناف،
چۇن كېلىپ تەگدى يۇرەككە، قىلدى باغرىمنى شىكاف.

ئەجدەھا تاقەت تۇتالماس بۇ خەدەڭگە سېنىڭ،
ھەم مەلەك بەرداش قىلۇرمۇ، سەبرى بولسا قاف ـ قاف.

ئەھلى دەردلەر سىردىنى بىلمەس ئېمىش بېدەرد كىشى،
بېۋەپادۇرسەن ۋەلې، ئەندى ۋەپادىن ئۇرما لاف.

دەردى ھېجرىڭنىڭ غەمى يۇزلەنگەنىدىن، ئەي سەنەم،
بۇ ئىدى يېقىلغانى خەستە بېشىمغا كوھى قاف.

ئىشقىڭ ئىچرە بۇ بىلال پەرۋانە يەڭلىغ ئورتەنۇر،
بۇ سوزۇم راستۇر، نىگارا، زەررە يوقتۇر ئىختىلاف.

× ×

ماڭا ئادەت بولۇپدۇر يارنىڭ كويىدا زار بولماق،
پىراقىدا كويۇپ ھەم كېچە ـ كۇندۇز بىقارار بولماق.

كېچەلەر زارى يىغلاپ، ئۇيقۇنى كوزگە ھارام ئەتمەك،
يۇرۇپ كۇندۇز جۇنۇنلەردەك يەنە بى ئىختىيار بولماق.

كى ئىشىق ئوتىدا ھەم رەسمى ئىكەن يۇرەكنى كويدۇرمەك،
يۇرەككە ۋاجىب ئولدى ئورتەنىپ ھەم خاكسار بولماق.

زەبانىڭ پىئىلدۇرلەر دىلرەبانىڭ ۋەسپىنى ئېيتماق،
كوزۇمنىڭ پىئىلدۇر يارنىڭ كويىدا ئىنتىزار بولماق.

كوڭۇلنىڭ كارى يادلانماق، يۇرەكنىڭ پىئىلى ئورتەنمەك،
بۇ ئىشلاردىن بىلىڭلار، بۇ زەئىپ تەن بىمادار بولماق.

× ×

ھەم سىغنغاندىن بىلىك ئول ئايجامالىك، ئەي رەپىق،
چىقمىغاي ھەرگىز خىيالدىن گۈل نىھالىك، ئەي رەپىق.

ئىشق زارى بۇ ئىلىپ قەددىمى دال ئەتتى نىتەي،
رەھمى قىلماسسەن، نىدۇر خىيالىك، ئەي رەپىق.

ئۆلتۈرۈرسەن، كويدۇرۇرسەن مەن بۇگۈن ئاڭلاپ ياناي،
قىل ئايان ئىشقىڭنى، كەلدىم، قيلۇ ـ قالىك، ئەي رەپىق.

مەن گۇناھكارىڭكى، ئالدىڭدا تۇرارمەن يىغلايۇ،
لۇتپى قىل لەب تەشنەمەن ئابى زۇلالىك، ئەي رەپىق.

سەرۋى، شەمشاد ھەم سەنەۋبەر بولغۇسى قەۋس ـ قۇزەھ،
شەرمسارلىقتىن كورۇپ قەددى كەمالىك، ئەي رەپىق.

مۇرغى دىلدىن سىغنىپ ھەم بەند تار ئولدى نىتەي،
چۇن كورۇپ ئول ئاي يۇزۇڭدە ئىككى خالىك، ئەي رەپىق.

ئوت كورۇنگەيلەر بىلالنىك كوزىگە ئول ئاي يۇزۇك،
بىلمەدىم قۇياشمىدۇر نىسبەتتە ئالىك، ئەي رەپىق.

× ×

ئەي نىگارا، تەئنە قىلغۇنچە ماڭا سىز، ئۆلتۈرۈك،
يادىڭىزدا سەيھە تارتقان ئاھى ـ ئەپغانىم كورۇك.

ئورۇمەسمەن يۇز سىينىك دىن قانچە زار ئولسام داغى،
قوغلىغۇنچە ئاستانەڭدىن، تەرەھھۇم كورگۇزۇك.

ھەم تەرەھھۇم ئەيلەبان بۇ خەستە ئەھۋالىمغە سەن،
جىلۋە ئەيلەپ مەن غىرىپنىك يانىدا بىردەم تۇرۇك.

ئىشقىڭىزدا گەر ھالاك بولسام، نىگارا، سىز كىلىپ،
ھەم تىكىپ قەبرىمغە چادىر، سىز كىلىپ مەجلىس قۇرۇك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوقسە ھەرنە غەم باشىمغە كەلسە ناگاھ، ئەي پەرى،
مەرھەمەت ئەيلەپ بىلالىڭ ھالىدىن ئاگاھ بولۇڭ.

× ×

نەچچە كۈن كوڭۇلگە، ئەي جان، چۈشۇبان سىنىڭ خىيالىڭ،
بۇ يۈرەكنى پارە قىلدى قەددى سەۋرىدەك نىھالىڭ.

كى قىلىپ خىيال، دانە ئاتىلۇر زامان — زامانە،
كوڭلۇم قۇشكى يانە كورۇبان يۈزۈڭدە خالىڭ.

سەۋرى قامەتىم بولۇپ نۇن، جىگەر دىلىم بولۇپ خۇن،
يېشىم بولدى مىسلى جەيخۇن①، تاپالمايىن ۋىسالىڭ.

دىلىمگە بىرۇر سەپايى، دەردىمگە بىرۇر دەۋايى،
ماڭا دەۋلەت ھۇمايى، گۇل نەستەرىدىن كەمالىڭ.

قالمادى كوڭۇل قارارى، پايى دەستىن مادارى،
تىلىگىم جاھاندا بارى قۇمرى سۇپەت جامالىڭ.

سەبرى قىل بۇگۇن بىلال، ۋاھ، ئاقىبەت كىلۇرلەر ئول ماھ،
ئۇرماغىن سەھەردە كوپ ئاھ، ئانى تۇتماسۇن ۋۇبالىڭ.

ئەجابا بۇ تىغى ھىجران ئىتىبان دىلىمنى كوپ چاك،
يەتكۇزۇپ ئەلەم دەمادەم مىنى قىلدى تورپە بىباك.

بۇ دىلىمنى بەنت ئېتىپ ھەم كوزلەرىمنى قىلدى پۇرنەم،
كورۇنۇپ ئول ئاي دەمادەم دىلىم ئالدى چۇستى چالاك.

قالمىدى بۇگۇن قارارىم، نە كوڭۇلدە ئىختىيارىم،
نە كوڭۇلدە بار مادارىم، نە ئۇزۇمدە پەمۇ - ئىدراك.

ئالدى سەبرىم ئول پەرىزاد، دىلىم ئالدى قەددى شەمشاد،
مىنى كورۇپ بولدى ناشاد بەتەمام خەيلى ئەپلاك.

① جەيخۇن — ئامۇ دەرياسى.

قېنى ھەزرەت نەۋايى قىلسا ئىدىلەر دەۋايى،
ئىشىق ئوتى قىلىپ ئەدايى كويدۇرۇر مېنى بۇگۇن پاك.

قېنى ھەزرەت جۇنەيدى يەنە شەيخ سۇھرەۋەردى،
ماڭا رەھىم قىلغاي ئېردى، بۇ كوزۇمنى كورسە نەمناك.

ساڭا شەيخ سەئدى جالالى مەدەت ئەيلىدى بىلالى،
بەھەم ئولدى يار جامالى، بولمىغىن بۇ دەمدە غەمناك.

× ×

ئاھ مۇيەسسەر بولمىدى كوڭلۇمدە ئارمانىم مېنىڭ،
بۇ جەتتىن تامدى يەرگە ئەشكى خۇنبارىم مېنىڭ.

سەر نەۋشت روزى ئەزەلدە ئۇشبۇ ئېرمىش قىسمەتىم،
ئورۇلۇر پەسلى خازانغا پەسلى گۇلزارىم مېنىڭ.

دوستلار يەتتى دىلىمگە ھەر زامان يۇزمىڭ شىكەست،
قالمادى شەرىم يۇزۇمدە، تەندە ئىمكانىم مېنىڭ.

ئاتەشى ئىشق ئىچرە قالدىم مەن سەمەندەردەك بولۇپ،
زەررە قالماي پاك قۇرۇپتۇركى يەكى قانىم مېنىڭ.

قايسى كۇن كوردۇم ئول ئاينى مەن بولۇپ دىۋانىدەك،
گۇمبەزى دەۋۋارغا يەتتى ئاھى ـ ئەپغانىم مېنىڭ.

ئول پەرىۋەشكە نىسلا ئەيلەي تەنۇ جانىمنى ھەم،
جان نە ئېرمىش بەلكى بولسۇن نۇرى ئىمانىم مېنىڭ.

ئارزۇ ھورى جىنان ئېرمىش جەمى بەندەلەر،
ئول پەرىۋەش نازەنىندۇر ھورى ـ غىلمانىم مېنىڭ.

كۇلبەم ئىچرە بولسا ئول كىم دىلبەرى نازۇك بەدەن،
بولغۇسى باغى ئېرەم بۇ خانە ۋەيرانىم مېنىڭ.

يىغلاپ ئەيتۇر بۇ بىلال: بولدۇم گىرىپتارى ئەلەم،
غۇنچەۋەش يادى ئېرۇر بۇ دەرتكە دەرمانىم مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

تەخت ئۈزە چىقىپ، ئەي جان، بىرگە ھوكىم سۇلتان قىل،
تىيرە تۈن ئاراسىدا گۇل يۈزۈڭنى تابان قىل.

ھەم بىرىپ گۇلىستانغا سەيرى گۇل ئېتەر بولساڭ،
بىر سەپەر جامالىڭنى باغ ئارا نامايان قىل.

گۇل يۈزۈك كورۇپ ئۆلدەم تۇرپە سايرامىش بۇلبۇل،
كورسەلەر ساچىڭ سۇنبۇل داغ ئېتىپ پەرىشان قىل.

مۇشتەرى نىھالىڭنى نەستەردىن مىسال ئەيلەپ،
سەۋرى بىرلە شەمشادنى ئاندا تۇرپە ھەيران قىل.

دەم ـ بەدەم ئىچىپ بادە ئوينابان شەبىستاندا،
ئاي يۈزۈڭنى ئول جايدا شەمسىدەك دەرەفشان قىل.

ئاشىقىڭ كورۇر بولساڭ، ھالىنى سورار بولساڭ،
ئىلتىپات قىلۇر بولساڭ، بارچەلەرگە يەكسان قىل.

ھەم قىلىپ بۇگۇن بىغەم ئەيلىگىل دىلىم خۇررەم،
ئىلتىپات ئېتىپ ھەردەم بۇ بىلالنى خەندان قىل.

× ×

دىلرەبا، مەن زارىنىڭ كوڭلىنى سەن شاد ئەيلىگىل،
يۈز تۈمەنىڭ قايغۇدىن بىر يولى ئازاد ئەيلىگىل.

كوپ رەقىپ تەئنە ئېتىپ، خۇنابە يۇتقۇز ماڭا،
ئادىل ئېرسەڭ ئول ئەدۇنى قەتلى جاللاد ئەيلىگىل.

قەتلى ئولسا ئول ئەدۇرلەر سەيرى گۇلشەن ئەيلەلى،
ھەم بىرىپ لەئلى گۇلابىڭدىن كى ئىمداد ئەيلىگىل.

ئىككىمىزنى باغدا كورسە، شۇم رەقىپلەر رەشك ئېتەر،
ئىلتىپات ئەيلەپ ماڭا دۇشمەننى ناشاد ئەيلىگىل.

باده بەرگىل، سىبغۇرۇر قويماي بىلالى قەترەئى،
هەم بۇزۇلغان كوڭلىنى مەي بىرلە ئاباد ئەيلەگىل.

× ×

نە خۇش بولغاي ئىدى ئول ماھلىقانىڭ ئاي يۇزىن كورسەم،
بەھەم بولسا ئول ئاينىڭ خاكىپايىن كوزۇمە سۇرسەم.

ئەگەر كورسە مىنى خىزمەتكە لايىق، ئول پەرى پەيكەر،
كىچە ـ كۇندۇز داغى خىزمەت قىلىپ ئالدىدا مەن تۇرسام.

كى مەجلىس قۇرسا دىلبەر، باده تۇتسام مەن بولۇپ ساقى،
ئەگەر يوقسە ئول ئاي ئالدىدا چەڭ بىرلە ساتار چالسام.

ئىنىقكى پۇرقەتىدە كويگەنىمنى بىلدۇرۇپ، دوستلار،
كى نەزمى ئەيلەبان دەردىمنى ئالدىدا ناۋا قىلسام.

تۇتۇپ باده تەرەھھۇم ئەيلەبان هەم سورسە هالىمنى،
كى مىسلى لائەقىل ئولغاندا ئاڭا هال ـ دىلىم ئىيتسام.

كى رەھىم قىلسەلەر تاشتەك دىلى مۇمدەك بولۇپ ئولدەم،
تەھىيەت رەسمىنى كىم ئول پەرىۋەش يارغا بىلدۇرسەم.

كى باۋەر قىلمىسا ئۇشبۇ سوزۇمگە بىۋاپا دىلبەر،
يىيرىپ بۇ كوكرىگىم خەنجەر بىلەن باغرىمنى كورسەتسەم.

كى باغرى زەخمىنى كورگەچ بىلالغا رەھىم ئىيتەر بولسا،
مەيى ۋەسلىدىن ئىچسەم هەم جامالى شەمئىدە كويسەم.

× ×

قاچانغىچە هىجرەڭ ئوتىدا ئورتەنەي يارىم،
يىيتەرمىدى ساڭا هەرگىز دەۋلەتى نىگۇنسارىم.

كى يىغلىشۇر هالىمە ئىشتىپ رەقىپلەر هەم،
كى رەھىم قىلمادىڭ ئەي ماھىروي جاپاكارىم.

www.uyghurkitap.com

غۇرۇرى دەۋلەت ئۇلۇپسەن قىلمادىڭ ماڭا پەرۋا،
كى يەتمەدى ساڭا ھىچ ئاھۇ نالە ھەم زارىم.

نە جايدا بولساڭ ئايا يار شۇ جاي ماڭا جەننەت،
كى يوقسە ھىجرىڭ ئارا خار ئېرۇر بۇ گۈلزارىم.

مىسالى قەيسنى ھالاك قىلدى لەيلىنىڭ ئىشقى،
بۇ نەۋئى جانىم ئالۇر ئۇل لەيلىۋەش دىلئازارىم.

بىلالى مۆزتەر ئۇلۇپ دەردىڭىزنى نەزىم ئەيلەر،
بۇ مۆزتەر ھالىمە نەسۇد ئېتەر بۇ ئەشئارىم.

× ×

ئەي پەرى، سەنسىز مېنىڭ بۇ شاتلىغىم ئېرمىش سىتەم،
بۇ جەھەتتىن كوز يېشىم يەر ئۈزرە تاممىش دەم ـ بەدەم.

ھەم سېنىڭ ۋەسلىڭ تىلەپ كويۇڭدا يۈردۇم، ئەي پەرى،
ھەم بەھەم بولماي ۋىسالىڭ بەلكى چەكتىم كوپ ئەلەم.

يار سوراپ ئالەمنى كەزدىم، تاپمىدىم بىر مەھلىقا،
كورمەدىم بۇ دەھىر ئارا سەندەك لەتاپەتلىك سەنەم.

ئاي يۈزۈڭگە ۋالە بولغاندىن بىرى شات بولمادىم،
بەلكى بۇ سەۋدايى ئىشق شاتلىقنى غەمگە قىلدى زەم.

كوھى ئىشق باشىمغە چۈشتى ئۇلزامان بولدى قويى،
شۇ سەۋەپتىن بۇ ئېلىپتەك قامىتىم ھەم بولدى خەم.

گىريە قىلماي نەيلەيىن، ۋەسلىڭ كويىدا زارمەن،
بۇ غېرىب باشىمغا، جانان كۈھى ـ كۈھ يۈزلەندى غەم.

سەلتەنەت بابىدا جەمشىد① ھەم ساڭا شاگىرت ئېرۇر،
غەم مەيىن ئىچمەككە ۋەسلىڭ يارى ئۇلمىش جامۇ ـ جەم.

ھەم سەھەرلىكتە گىياھنى ھول كورۇپ شەبنەم دىمە،
پۇرقىتىڭدا يىغلىغان ئەشكىم سۈيىدىن بولدى نەم.

① قەدىمقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى شاھلىرىدىن بىرى.

ئاي جامالىڭ شەۋقىدە بولدۇم قەرارسىز، ئەي رەپىق،
قورقادۇرمەن يادىڭىزدا ئاقىبەت ئۇلغۇم ئەدەم.

قىچقۇرۇرسەن سىيمۇ-زەرلىكلەرنى كورسەڭ قاشىگە،
زەررە ياد ئەتمەي بىلالنى، بەلكى بىلدىڭ، بىدەرەم.

× ×

قاچانكىم ئاي يۈزۈڭنى كوردۇم، ئەرسە مۇپتىلا بولدۇم،
پىراقىڭ ھەسرەتىدە ئورتەنىپ-يانىپ ئادا بولدۇم.

ۋىسالىڭ يادى بىرلە يۈردۇم ئانداغكى جۇنۇنلەردەك،
بەھەم ئولغايمۇ دەپ، ۋەسلىڭ مەينى، بىنەۋا بولدۇم.

لەبىڭ لەئلى زىلالىنى تىلەپ شەب-رۇزەئى جانان،
چىكىبان شەيئى لىللاھ دەپ ئىشىكلەردە گەدا بولدۇم.

تىلەپ ئابى ھەياتىڭ خىزرىدەك زۇلمەت سىرى باردىم،
مۇيەسسەر بولماغاندىن تۇرپە غەمگە ئاشنا بولدۇم.

سېنىڭ بۇ دەردى ھىجرىڭ مىسلى مەجنۇن ئەتتىلەر نەيلەي،
سېنى ئىزلەپ جاھاندا خەلقى ئالەمدىن جۇدا بولدۇم.

كى ئەندى لۇتپ ئېتىپ، قىلغىن تەرەھھۇم بۇ بىلالىڭغە،
داغى ئىمداد ئېتىپ جانان، گىرىپتارى بالا بولدۇم.

× ×

ئول ئاينىڭ ھىجرىدە دوستلار، ئاجايىپ بىقارار بولدۇم،
مىسالى ئەندەلىب يەڭلىغ ئەسرى گۇلئىززار بولدۇم.

ئانىڭكى ئىشقى ئوتىدا قالىپتۇرمەن سەمەندەردەك،
يېرىم ئولگەن شىھىددەك يىغلابان كوپ بىمادار بولدۇم.

ئەگەر ھەرقانچە يالبارسام، تەرەھھۇم قىلمىغاي ئول گۇل،
سوزۇمنى ئالمىدى نەيلەي رەپىقىم تۇرپە زار بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېلىپ ئىشكىگە دائىم گادادەك تەلمۈرۈپ تۇردۇم،
گادالىق بەد ئىدى، دوستلار، گادادىن بەلكى خار بولدۇم.

كى ئەيب ئەتمە، ئايا زاھىد، كورۇبان ئاھۇ ـ ئەپغانىم،
نە چارە ئەيلىسۇن ببكەس، بىلالى خاكسار بولدۇم.

× ×

مۇددەتىدۇر، ئەي پەرىۋەش، كويىڭىزدا زارەمەن،
ئىشقى خەيلى ئىچرە مەجنۇندەك دىلى ئەپكارىمەن.

چۇن جامالى ماھى تابانىڭنى ئىزلەپ، ئەي پەرى،
ئۇشبۇ كوھىستاندا پەرھادتەك بەسى ئاۋارەمەن.

مىسلى يەئقۇپ ئورتەنىپ ۋەسلىڭ پىراقىدا داغى،
ئىشىق بەندىدە يۇسۇپتەك ھەر زامان بىچارەمەن.

ئاھ ۋامىقنى ئىشتكەچ، يىغلىدى خەلقى جاھان،
سەد ھەزار ئاھ ئۇرمىشەم، ھەر كۇندە ۋامىقۋارەمەن.

كورىنۇر ئۇشبۇ جاھان سەنسىز ماڭا بەيتىل خەزان،
ھەردەمى سەنسىز ئۇتۇپدۇر ئول دەمى بىمارەمەن.

ئول زامان كوردۇم يۈزۈڭنى ئەيلىدى ئىشقىڭ ئەسىر،
بۇ جەھەتتىن سەرۋىدەك بىخۇد گەھى ھۇشيارەمەن.

بۇ بىلالدىن سىزگە مەئرۇز ئولكى ئەي خۇرشىد رويى،
كوپ بارۇرمەن گۇل يۈزۈڭنى ساغىنىپ گۇلزارەمەن.

× ×

دەرىغە ئايرىلىپمەن ئول مەھى نامىھرىبانىمدىن،
ئەگەر ئايرىلسام ئىردى كاشكى تەن ئىچرە جانىمدىن.

كى سەندىن ئايرىلىپمەن تىنمايىن ھەر لەھزە يىغلارمەن،
بىلىڭ گەردۇن قۇلاغ كەر بولۇپتۇر بۇ پىغانىمدىن.

باشىمدىن تا ئاياغىمغە تۇتاشتى ئاتەشى ئىشقىڭ،
چىقار ھەر سارى جانانىم، تۇتۇنلەر ئۇستىخانىمدىن.

ئۈمىدىم كوپ ئىدى سەن ياردىن بىر نامە كەلگەي دەپ،
ماڭا ھېچ كەلمىدى نامە ئۇشۇل سەرۋى راۋانىمدىن.

ھەمىشە توھپە قىلدىم ئەشكى سايلانىم پەرىۋەشكە،
ماڭا ھېچ توھپە كەلمەيدۇر ئۇشۇل شاھى جاھانىمدىن.

تەھەممۇل قىل بىلالى زۇلمى قىلسا ھەشرىگە تەگرۇ،
تىلە دادىڭنى ھەشرىدە ياراتقان بىر خۇدايىمدىن.

× ×

ئەي مەلاھەت كىشۋەرىنىڭ خەيلىغە سۇلتانمۇ سەن،
بىر باقىپ كوڭلۇمنى ئالدىڭ ئاپەتى دەۋرانمۇ سەن؟

كوڭلۇم ئالدىڭ ئەرسە ھەرگىز باقمادىڭ ئەي ماھلىقا،
دۇرمۇ يا لەئلىمۇ سەن ياخۇد لەبى مارجانمۇ سەن؟

ئولتۇرۇرسەن، كويدۇرۇرسەن، پۇرقەتىڭدە ئەي پەرى،
يىغلىتىپ ھەم كۇلدۇرۇرسەن بىر بالايى جانمۇ سەن؟

ئاتەشى ئىشقىڭنى ياقتىڭ بۇ ۋۇجۇدۇمغا بۇ كۇن،
دوستمۇ سەن، دۇشمەنمۇ سەن، مەن بىلمىدىم جانانمۇ سەن؟

گۇل يۇزۇڭغە ئەندەلىب يەڭلىغ قىلىپ زار ئەيلىدىڭ،
گۇلمۇ سەن، رەيھانمۇ سەن، يا ھورمۇ سەن، غۇلمانمۇ سەن؟

گۇل سۇپەت گۇللۇكتە تۇرساڭ، نەستەرىن بولغاي خىجىل،
كورمىدىم ھەرگىز مەلاللىقدە، لەبى خەندانمۇ سەن؟

جىلۋە ئەيلەپ چىقساڭ ئويدىن رەشك ئەيلەر مۇشتەرى،
ھۇسنى ئىخلىمغە گويا بىر مەھى تابانمۇ سەن؟

كورمىدىم بۇ پانىدا سەندەك مەلاھەتلىك كىشى،
يا پەرىسەن، يا مەلەك سەن، بىلمىدىم ئىنسانمۇ سەن؟

گۇلى سۇرخ يەڭلىغ يۇزۇڭگە بۇ بىلال بىچارەنى،
ئەيلىدىڭ مانەندى بۇلبۇل غۇنچە ئى رەيھانمۇ سەن؟

www.uyghurkitap.com

× ×

خالايىقلەر، دەپ ئىردىڭلار، ئول ئايىنى بىر بالادۇر بۇ،
كى ھەركىم ئىشقىغە بەند ئولسا جانىغە جازادۇر بۇ.

دەپ ئىردىڭلار نەسىھەتنى ماڭا، ئەي ئەھلى كوھىستان،
مەنىھەم سىزلەرگە دەپ ئىردىمكى شوخى بى ھەيادۇر بۇ.

قىلىپ جىلۋە، ئۆزىگە ئاخىرى قىلدى مىنى شەيدا،
كى تەئنە ئەيلىمەك ئەندى، بۇ دەردىمگە داۋادۇر بۇ.

نەسىھەت ئاڭلاپ ئىردىم، كورمىگەن چاغدا نىگارىمنى،
كورۇپ يارىمنى دىدىمكى: ماڭا لۇتپى خۇدادۇر بۇ.

كى دوستلار پەندىنى ئالماي بىلال ئول ئايغا ۋالەدۇر،
كى ئولماس سىمۇ زەرسىز ھىچ بەھەم شەھرى ئىلەدۇر بۇ.

× ×

زۇلۇم قىلىپ ماڭا، سەنەم، ئەساى خىيالىڭىز نىمە؟
قەتلى قىلىش بولسا، قىلىڭ ئەندى سۇئالىڭىز نىمە؟

قىلدىڭ ئەجەپ ماڭا سىتەم، بەس ئەندى بىرگە بۇ ئەلەم،
جانىم ئالۇر بولساڭ سەنەم، زىشتى پەئالىڭىز نىمە؟

ئەي پەرى چۇست خىز بول، جانىم ئالۇرغە تىز بول،
يوقسە ماڭا ئەي ئوغۇل، قەھرۇ ئىتابىڭىز نىمە؟

رەھىم ئەيلىسەڭ بۇ جانىمە، توكمەس ئىسەڭ بۇ قانىمە،
سورماق ئىسەڭ بۇ ھالىمە تىيرە ھاۋالىڭىز نىمە؟

خۇش كورسىڭىز بىلالىنى، سورىسىڭىز ئەندى ھالىنى،
بىلگەن ئىسەڭىز خىيالىنى، تەركى ۋىسالىڭىز نىمە؟

× ×

كورمەدىم تويغۇنچە مەن ئايدەك جامالىڭ بىرگىنە،
بىقارار ئولدۇم بەھەم بولماي ۋىسالىڭ بىرگىنە.

ئۇشبۇ ھىجران دەشتىدە لەب تەشنا يۇردۇم، ئەي سەنەم،
بولمادى ھەرگىز بەھەم ئابى زىلالىڭ بىرگىنە.

مەھۋى ئولدۇم دەھر ئارا ھەيرەت مەقامىدا قىلىپ،
نە ئۇچۇنكىم بىلمەدىم ئەسلى خىيالىڭ بىرگىنە.

زار بۇلبۇلدەك داغى بىچارە بولدۇم نەيلەيىن،
كورمەيىن نەچچە زامان، ئەي گۇل نىھالىڭ بىرگىنە.

سەئۇە يەڭلىغ سايرىدىم، قۇمرى سۇپەتلىك قىچقارىپ،
يىغلىدىم ھىچ كورمەيىن قەددى كامالىڭ بىرگىنە.

يۇردىلەر شەھرى ئىلىدا بۇ بىلال دىۋانەۋار،
چۇن ئىشىتمەي نەچچە ۋاقىت شىرىن كەلامىڭ بىرگىنە.

× ×

كى بىزدىن مەئزۇر ئولسۇن ئول مەھى نامىھرىبانىمغە،
تەرەھھۇم قىلمىغان ئوتلار يېقىپ بۇ خەستە جانىمغە.

نىچۇك دوستلۇق ئىررۇركىم قەستىڭ ئىرمىش جانىمى ئالماق،
نىچۇك ئىرمەس ئەجەپ مۇھتاجدۇرسەن قەترە قانىمغە.

داغى ئاشۇفتە كوڭلۇم ئاي يۇزۇڭنىڭ ئىردى مۇشتاقى،
ئەجەپدۇر ۋالەدۇرسەن بۇ مېنىڭ روھى رەۋانىمغە.

سارىغ چېھرەم كورۇپ رەھمى كىلۇر دەپ يىغلاپ ئىردىممەن،
كى تەئسىر قىلمادى بۇ كوز ياشىم سەن بەد گۇمانىمغە.

مېنىڭ نالەمنى ئاڭلاپ سەڭگى سەخت بولدى سىماپ يەڭلىغ،
ئايا ھوججاجى دەۋران رەھىم قىلماي سەن پىغانىمغە.

كى قۇتتا ئىتتەرىقتەك بەرھەم ئۇردۇڭ بۇ كوڭۇل مۇلكىن،
كى يەتكۇزمەي داغى مۇرغى دىلىم دارىلئامانىمغە.

بۇ نامەم يەتكەچ ئۇق رەھىم ئەيلە ھالىمغە ئايا دىلدار،
تىلىگىدىن نامە بەر ھەر نەۋئ سوزۇڭ بولسا بىلالىڭغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

ئاھ كىم بولدۇم مەن ئۇل رويى زىباغە مۇپتەلا،
ئەندەلىب بولغان سۇپەتلىك بىۋەپاغە مۇپتەلا.

بىلمەس ئىدىم ھەر زامان ئىشىق ئىچرە گويا تەلبەدەك،
يۈرگەي ئېردىم بولمايىن مۇنداغ بالاغە مۇپتەلا.

پەقرى دەشتىدە يۈرۈر ئېردىم ھەممشە ئايلانىپ،
نە پاراغەتتە ئىدىم، نە بىر جاپاغە مۇپتەلا.

ناگىھان ئۇل ئاينى كوردۇم ھوسنى ئىلىغە شاھ ئىكەن،
مۇرغى دىل بولدى ئۇشۇل ماھىلىقاغە مۇپتەلا.

تيرە ئىشىقىڭ تەگدى ناگاھ بۇ يۈرەككە توربە تىز،
دەر مەھەل بولدۇم پەرىۋەش - دىلرەباغە مۇپتەلا.

نەيلەيىن مەن يىغلاماي ئىشقىدا كويدى بۇ يۈرەك،
كىم بولۇپتۇر مەن سۇپەت قاشى قاراغە مۇپتەلا.

بۇ بىلالدىن ئۇزگە ئۇل ئاي ئىشقىدا ئىگرانمىسۇن،
بەلكى زى جان بولماسۇن زۇلپى سىياغە مۇپتەلا.

× ×

مەن ئىلى شەھرىدە كوردۇم كى ئاجايىپ بىر پەرى،
نە پەرىدۇر مەھۋەشكىم ھور سۇپەتلىك دىلبەرى.

دۇختەرىدۇر جىلۋەلىك نازۇ كەرەشمە بىرلە كىم،
قويدىلەر ناگاھ قەدەم ئۇل كۇچادىن بازار سەرى.

كەيىندىن سۇرئەت بىلەن باردىم كورەي دەپ يۈزىنى،
ناگىھان ئاچتى يۈزىنى ئۇل سائادەت ئەختەرى.

ئۇل زامان كوردۇم يۈزىنى، بۇ باشىمدىن كەتتى ھۇش،
قالدى ھەسرەتتە قەممەر، ھەيران خۇرشىد خاۋەرى.

نە بالاغە ئۇچرادىم، كەتتىم ئۇزۇمدىن ئول كۈنى،
يىغلادى ھالىمغە كوھىستان ئارا ياشۇ قىرى.

ئاتەشى ئىشقى تۇتاشتى، ئورتەدى باغرىمنى كوپ،
بۇ جەھەتتىن تۇتىئى دىل شات ئەمەس ئاندىن بىرى.

مەن نە دەپ ۋەسپىنى ئېيتاي ھور جىنان يەڭلىغ ئېرۇر،
ھۇسنى ئىقلىمىدا گويا بارچە قىزلار سەرۋەرى.

جۇملە دۇختەر ئەختەر ئولسا، ئول پەرىۋەش شەمسىدۇر،
بارچە بەلكى لەئلى بولسا، ئول سەدەپنىڭ گەۋھەرى.

بەلكى مىھراپ قاشىنىڭ، تال بۇيىنىڭ، گۇل روينىڭ،
بولماغاي مانەندىسى شەھبال پەرىنىڭ دۇختەرى.

ھەر كىشى ۋەسپىن ئىشىتتى ئىشقىدا بولدى ئەسىر،
ھەم بىلالى تەلبەدۇر ئۇشبۇ ئەسىرلەرنىڭ بىرى.

× ×

ھەر كۈنى يۈز ئۇلتۇرۇرلەر يار جادۇيى مېنى،
قاتىلۇ دۇشمەن بولۇپ ھەم چەشمى ئاھۇيى مېنى.

ۋامىغۇ پەرھاد ـ مەجنۇندەك قىلىپ دىۋانەۋەش،
ئەيلىدى خەلق ئىچرە رەسۋا، ئول پەرى رويى مېنى.

قىلمىغىل ھەرگىز ئاھانەت بىئەمەل دەپ، زاھىدا،
ئىشقىغە قىلدى ئەسىر ئول چەشمى ئاھۇيى مېنى.

كېچە ـ كۈندۈز نەۋھە قىلماق ئادەتىم ئولمىش، ۋەلىك،
گاھى خۇشۋاقت ئەيلەگەيلەر ئەنبەرى بويى مېنى.

مۇمكىن ئېرمەستۇر بىلالغە ئىشقىنى تەرك ئەتمەگى،
نە ئۇچۇنكى بەند ئېتىپتۇر تارى گيسۇيى مېنى.

× ×

ئەي مۇقەددەس روھ يارىم، مەن ساڭا گۇپتار ئېتەي،
بۇ نىھان سىررىمنى ئالەم خەلقىغە ئىزھار ئېتەي.

www.uyghurkitap.com

ئەي نىگارا، سەن ئۈدىلىك بۇ خەستە كوڭلۇم شاتلىغى،
ئەندى بۇ غۇربەت ئىچىندە كىم سېنى دىلدار ئېتەي.

بەلكى كورمەس بولدۇم، ئەي جانان، جامالىڭ دائىما،
تا تىرىكمەن ھەشرىگە تەگرۇ ئۆزۈمنى زار ئېتەي.

قايسى تىل بىرلە سېنىڭ ۋەسپىڭنى مەن ئەيلەي بايان،
قايسى يۈز بىرلە سېنىڭسىز سەيرەئى گۈلزار ئېتەي.

قايسى كوز بىرلە سېنىڭدىن ئۆزگەنى مەن كوزلەيىن،
قايسى پايىم بىرلە سەنسىز كوچىدا رەپتار ئېتەي.

ئېتادۈركى بۇ بىلال ئەي ماھىروي قايسى بىرىن،
بۇ پەلەكنىڭ زۇلمىسىدىن مەن ساڭا ئەشئار ئېتەي.

× ×

دەرىغ، تۇرپە جاپا يەتتى بىزگە ئىززۇ جاناب،
بۇ ۋەجھىدىنكى دەما ـ دەم بۇ يۈرەك بولۇر بىتاب.

كوزۇمدىن ئۆچتى ئول ئاي، جېنىمدۇر ۋەيا مۇرغى،
كەبۇتەرى مەن ئۆنىڭ سەيدى ئول ئېرۇركى ئىغاب.

بىناگاھ كوردى مېنى سالدى ئىشقى چەڭگىنى،
تېنىمغە زەخمى ئۇرۇپ، بۇ دىلىمنى قىلدى خەراب.

ئول ئايغا پەررۇخ ھومايىدەك تىلەپكى ئىڭرارمەن،
كوزۇمدىن خۇنى جىگەر ئاققۇزۇپ مىسالى ئاب.

كوزۇم ياشىنى كورۇپ، قەتلىمە قىلۇر جەھدى،
قانىم توكەرنى پەرىۋەش ئەجەپكى بىلدى ساۋاب.

بىلالى غەم يىمەگىلكى، شەھىدى ئىشق ئولغۇڭ،
بۇ نەۋئ بولمىغىڭ ئېرمىش ئىرادەئى ۋەھھاب.

× ×

ئىشتكىل مەندىن ئەندى خاسۇ ـ ئامى،
يېتىشتىلەر كىتابىمنىڭ تامامى.

بۇ سوزنى سوزلىمەكتە بول غەرەزدۇر،
ۋەلىلەر ئىسمىنىڭ بولغاي بايانى.

خالايىقلار مېنى شائىر دىگەيلەر،
نىچۇك بىلگەي كوڭلىدە مۇددىئانى.

يۇرەكنى يار ۋىسالى ئورتەگەيلەر،
نىدىن قىلماي سۇپەتكىم دىلرەبانى.

ئەگەر تارىخى ھىجرەتتىن سورارسەن،
دۇسەد، شەست، ھەشت تۇر ئەلىپ سانى.

ئەگەر پەسلىن سورار بولساڭ ھەمەلدۇر،
ئەگەر ئايدىن ئېسە بىلگىل دۇئانى.

ئەگەر سورساڭ بىلالنىڭ ياشىدىن كىم،
يىگىرمە يەتتەدۇرلەر سىننى سالى.

× ×

رەپىقا يىغلىماي نەيلەي قىرىنداشىمدىن ئايرىلدىم،
گۇمان ئەتمە تىرىك دەپ، تەن قالىپ باشىمدىن ئايرىلدىم.

نىچۇك ئەتكۇم، قايان كەتكۇم، نىچۇك مەقسەت سىرى يەتكۇم،
كۇيۇمچان مىھرىبانىم بىرلە يولداشىمدىن ئايرىلدىم.

نېدىن مەن ئۇرمايىن كىم ئوتلۇغ ئاھلار، بىنەۋادۇرمەن،
كىمە يىغلاپ، كىمە ئېيتايكى مۇڭداشىمدىن ئايرىلدىم.

قاناتسىز قۇش كەبى بولدۇم نىچۇك پەرۋاز ئېتەلگەيمەن،
ئانىسىم، مۇنىسىم قەرداش - سىرداشىمدىن ئايرىلدىم.

كى بىدەرت، بىتەمىز، بىپەھمى ئادەم ماڭا كۇلگەيلەر،
گەرسىنە تەشنە لەبدۇرمەن، ئىچەر ئاشىدىن ئايرىلدىم.

ھۇسەيىنبەگنىڭ پىغانىنى بىلالى نەزمىگە ئالدى،
قىبرىدىم قەسد ئەشئار بىرلە چۇن ياشىمدىن ئايرىلدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

× ×

يامان كورمەك مېنى دوستلار، ئىگەمنىڭ بىر قۇلىدۇرمەن،
كىشى قەدرىمنى بىلمەيدۇ، ۋەتەننىڭ گەۋھەرىدۇرمەن.

كىشى بىلمەس لەتىپ سوز دۇررىنى خەلەپ ئۇزە چاچتىم،
كى سوز بابىغە كەلگەندە سۇخەنۋەرلەر دۇرىدۇرمەن.

ئۇزۇم ۋەسپىنى ئېيتسام، دىلبەر ئېيتۇر: "ئانچە ئېرمەسسەن"،
كېتۇرگەن سوزگە سىزنى دىلبەر ئۇزرە بىر پەردىدۇرمەن.

كى تەرىپ ئەيلەدىڭ كوپ باغ ئارا غۇنچە كورۇپ ئانى،
تامامى نەۋشۇگۇپە غۇنچىلەرنىڭ مۇشتەرى دۇرمەن.

نەھەد بىزگە ئۇل ئايىيۈزلۈك سوزنى تىلغە كەلتۇرمەك،
قۇلىنىڭ قۇللىرى ئالدىدا مەن بىر چاكىرىدۇرمەن.

قىيا باقسا تەرەھھۇم ئەيلەبان بىز خەستەگە ئۇل ئاي،
دىگەيمەن شات ئۇلغاندىن خەلايىق بۇختەرىدۇرمەن.

ئىلى بازاردا يىغلاپ، بۇ نازىم يالۋۇرۇپ يارغا،
كى ئېيتۇر بىر قىيا باقساڭ، نە بولغاي بىر قېرىدۇرمەن.

× ×

قاشىنىڭ قارىسى ئۇزگە، كىشى سوز بەردىمۇ سىزگە،
كىشى سوز بەرسە بەرگەندۇ، ياماللىق قىلمىدىم سىزگە.

قىز تەرىپىنى دىسەم: يۈزلىرى تولۇن ئايدەك،
ساچى غولىغا پاتماس، كاكۇلى يېتەر تىزگە.

يۈزلىرى قىزىل ياقۇت، قىزغا قىزىل ئالما تۇت،
جانىم ئارا سالدى ئوت، دەردىمنى دىيىن سىزگە.

يىراقتا بۇلادۇر ھەمزە، بىزگە قىلادۇر غەمزە،
ئەغيارغا قىلىپ ئەلتاپ، قەھرى قىلادۇر بىزگە.

يارنى كورۇپ نازىم، قوشلاپ قىلادۇر تازىم،
بولدى بۇ كوڭۇللەر بەند ئاچچىغى يامان قىزگە.

× ×

قاش ئاتارىم كىلەدۇر، كىرپىك ئاتارىم كېلەردۇر،
بىلگە ئالما تۇگۇپ، يالغانچى يارىم كېلەردۇر.

زەيتۇنە تونىنى كىيىپ، خەستە كوڭۇلگە ئوت سېلىپ،
نەۋ ئېچىلغان غۇنچىدەك يۇزى ئانارىم كېلەدۇر.

ئەتىيازنىڭ شامىلى تەگسە بولۇر ئاق تەن قارا،
غەم قىشنى هايدىماققا نەۋ باهارىم كېلەدۇر.

بىر كورۇپ هەسرەت ئوتىدا ئورتەنۇرمەن بارها،
كويدۇرۇپ، ئولتۇرگىلى كوزى خۇمارىم كېلەدۇر.

نازىمي غەم باغىدا بۇلبۇل سۇپەت ئەپغان ئېتەر،
غەمنى بەربات ئەتكىلى چۇن گۇلئۇزارىم كېلەدۇر.

× ×

قاشىڭنى كوپ قارا دەرلەر، يۇزۇڭنىڭ ۋازىهى دەرلەر،
مەگەر ئىشقىڭدا جان بەرسەم، شەهىدى كەرباك دەرلەر.

بارارغە يوللۇروك بواسۇن، قىزىلگۇل هەمرىيىڭ بولسۇن،
سېنىڭدەك مىهرىۋان يارغا مېنىڭدەك قۇللۇرۇڭ بولسۇن.

ئېلىنىڭ باغىدا غۇنچە سۇپەتلىكسەن گۇلى رەنا،
گۇلى رەنانى ياد ئەتمەككە مەندەك بۇلبۇلۇڭ بولسۇن.

سېنىڭ چاچۇشلىرىڭ ئالتۇن، ساماۋەر قۇرسىڭىز زەردىن،
كى خاقان ئاراسىدا سەيرى گاهىڭ هەم يولۇڭ بولسۇن.

ئەگەر سەن خاهىش ئەتسەڭ ئەسپى تازىنى يۇگۇرتمەككە
بۇ نازىمنىڭ تېنى ئاتىڭغا سالماققا يولۇڭ بولسۇن.

× ×

يار ئىشىگىدە تۇرسا، قىزىلگۇل ئېچىلغاندەك،
كېتەي دەپ كېتەلمەيمەن باش ئەگىتىپ ئالغاندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆمىدىم ئۈزۈلمەيدۇ، ياردىن ئايرىلالمايمەن،
ياندىن كېتەلمەيمەن ئىشىق غولىنى سالغاندەك.

يىغالماي خىيالىمنى بىر يەردە قالالماسمەن،
خىيال كېتىدۇ ھەريان دانىلەر چېچىلغاندەك.

يار ئىشىگىدىن كەتمەي ئاھ ئۇرۇپ قاراپ تۇردۇم،
يار تۇرار ئۆي ئالدىدا قىزىلگۈل ئېچىلغاندەك.

نازىم كېتىبان ئۆزدىن، قان ياش ئاقىدۇ كوزدىن،
قالدى قانچە كۈن سوزدىن غەم ئىچىدە قالغاندەك.

× ×

باغ ئىچىدە بوستانلار، ياشىرىپتۇ چوكانلار،
يارنىڭ دەردىدە يىغلاپ ئاقتى كوزۈمدىن قانلار.

يارىم يانىمە كەلسە، بوينۇمدىن قۇچۇپ سويسە،
قۇچاغىمدا ئولتۇرسا تازە بولىدۇ جانلار.

يار ئويگە كېلۇر بولسا، يانىمىزدا ئولتۇرسا،
جانىمنى خەرىد ئەيلەپ قىلسام ئانى مېھمانلار.

يارىم باقىا بارالى، گۈل غۇنچەسىن ئالالى،
مودەنگۇل ئېچىلىپتۇ قىسىڭ باشقا رەيھانلار.

نازىم بارىدۇ باقىا، ئۇ ئۇلاپ كۆيۈك تاقىا،
غۇلجىدا سوزۇم ئاڭلاپ خوشال بولىدۇ خانلار.

× ×

لاچىن بولۇپ ئەگىيمەن ھويلاڭدا، تىرەكىڭدە،
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن كوكسۇڭدە، يۈرەكىڭدە.

ئۆزەم قارچىغاي بولسام، تورۇڭغا ئىلىندۇرساڭ،
مېنى قۇلۇڭا ئالساڭ، تەلپۈنسەم بىلەكىڭدە.

ياز كۈنى توموزلاردا، **ياز** ئاخىرى كۈزلەردە،
قىش كۈنى مەسچىتلەردە يۈردۇمەن تىلەكىڭدە.

بېغىڭدا گۈلۈك بولسام، بېشىڭدا گۈلۈك بولسام،
باقتا سۇغا كىرگەندە سۇ بولسام چىلەكىڭدە.

غۇلجىغا بېرىپ كۈزدە، ياتتىم مەن تالا ـ تۈزدە،
هوقۇش بولۇبان نازىم قىچقىرۇر تىرەكىڭدە.

× ×

مەن ئەندى نېچۈك ئەيلەي غەمگە قالغان باشىمنى،
كورگىلى ئۇزاق بولدى سېغىندىم ئاداشىمنى.

سېغىنغان بىلەن يارنى، مىنگىلى تېپىلماس ئات،
ئات بولسا كورەر ئىدىم بېرىپ قارا قاشىمنى.

مەن ئالاي دىسەم بىر ئات، ئاتنىڭ بىر خۇيدۇر يات،
ئەندى مەن بىلەلمەسمەن يارىمغا باراشىمنى.

يار ئارقىسىدىن باردىم قورغاسىنىڭ مازارىغا،
يارىمدىن بىلەلمەيمەن بىر خەۋەر ئالاشىمنى.

قۇمرىدەك قىلىپ گۇ ـ گۇ، شەيخلەردەك ئېتىپ هۇ ـ هۇ،
يىغلاپ يۇگۈرۈپ هەر سۇ توكۇپ كوزدە ياشىمنى.

بىۋاپا بۇ دۇن ئەپلاك، يۇرەكنى قىلىپدۇر چاك،
قىلىپتۇر زەهەر ئاغۇش هەركۈن ئىچەر ئاشىمنى.

دۇشمەنلەر جاپا قىلدى، دىلبەردىن جۇدا قىلدى،
نازىم تولا ئاه قىلدى كورەلمەي ئاداشىنى.

× ×

سۇغا سالسام سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بىلەن ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۇلنى.

يارىم بىرگە باقماي يۇرۇپ دىلگە غەم سالدى.
شەپقەت بىلەن سورغان بارمۇ كوڭلى مەلۇلنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەختىم قارا بولغان ئۇچۇن يار بىزگە باقماس،
يىغلاتقىنى ياخشى ئەمەس بىزدەك ئوغۇلنى.

يارىم بىزگە باقماس بولدى، بايلار نامراتقا،
ئەرەنلەر ھەم يوقلىماسلەر ئىرى يوق تۇلنى.

ئايا يارىم قەھ-قەھ كۇلۇپ ئىچىك كوڭلۇمنى،
يامان بولماس يوقلىسىڭىز نازىمى قۇلنى.

× ×

بۇ ئالەمگە كېلىپ تاپقان مېنىڭكى مېھرىبانىمسەن،
كوزۇمنىڭ رۇشىنى، كوڭلۇم خۇشى، ئارامى جانىمسەن.

سېنىڭدەك نازىنىنلەر كەلمەگەنلەر دەھرىگە ھەرگىز،
ھەمە قىزلاردىن ئارتۇق بېخىرت، شىرىن زەبانىمسەن.

ئىشتىن قوغلىما، چۇنكى، غۇلامىڭنىڭ غۇلامى مەن،
مېنىڭدەكلەرگە شەپقەت ئەتكىلى شاھى زامانىمسەن.

لەبى لەئلى زىلالىڭ بىزگە دۇركىم ئابىيى ھەيۋان،
ئۇلۇك تەنلەرنى زىندە ئەتكىلى روھى راۋانىمسەن.

بۇ نازىم ئىيتىدۇر يۇز ئىلتىجا ئەيلەپ نىگارىغا،
ماڭا پەندى-نەسىھەت ئەتكىلى بىر نۇكتە دانىمسەن.

× ×

مەن ئولسەم ئىيتىم ئوچەر، بىشىمدىن شامال ئوتەر،
ئۇرۇق-تۇققان، دوستلىرىم يېنىمدىن يىغلاپ ئوتەر.

ئاتام ھەم ئولۇپ كەتكەن، ئانام ھەم ئولۇپ كەتكەن،
قېرىنداش بولغان بىلەن كوڭلى بولۇنۇپ كەتكەن.

ياتلارنىڭ دەردى چاغلىق قېرىنداشنىڭ دەردىدىن،
قېرىنداشنىڭ دەرتلىرى ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن.

ئاتامنۇ هايات بولسا، ئانامنۇ هايات بولسا،
دەردىمنى ئاڭا ئېيتسام هالىمغا بۇ دەم يەتكەن.

مەۋسۇمى باهار كەتتى، نوبىتى خازان يەتتى،
ۋاقىت بىزگە يېقىن يەتتى نازىم بۇنى دەپ كەتكەن.

× ×

جۇگانىمنۇ تىگەي دەيدۇ، چوكانىمنۇ تىگەي دەيدۇ،
چوكاننى ئالاي دىسەم ۋاقتىمغا باقاي دەيدۇ.

ۋاقتىمغا قاراپ هاردىم، هەر كۇندە ئاڭا باردىم،
هالىمغا قاراڭ دىسەم، ئانامدىن سوراي دەيدۇ.

شەهرى غۇلجا ئىچىدە سىز، تاپماسسىز بۇ قىسمى قىز،
مەن قىلسام ئىشارەتنى خالىغا باراي دەيدۇ.

بېشىغا قىسىپ غۇنچە، تۇرماس دەمى سۇيگۇنچە،
كويسەم ئاڭا ئۇلگۇنچە، كوڭلۇڭنى ئالاي دەيدۇ.

بۇلبۇلدەك قىلىپ ئەپغان، دايىم بولىمەن گىريان،
ئالماققا تېنىمدىن جان ئىشىق تىغى سالاي دەيدۇ.

پۇل تاپسا دىگەن نازىم، مەككىگە قىلاي تازىم،
يار ياخشى قېلىڭ دىسەم، مەن بىرگە باراي دەيدۇ.

× ×

ئوگزەڭدىكى قۇمۇشنى مەن دەسسەپ ئوتەرمەنمۇ،
كوڭلۇمدىكى يار بىلەن بىر كېچە ياتارمەنمۇ؟

يالۋۇرۇپ ساڭا هەركۇن، ياد ئېتىپ سېنى هەر تۇن،
باغرىمنى قىلىبان خۇن ۋەسلىڭگە يېتەرمەنمۇ؟

بارسام ئىشىكىڭگە يىغلاپ، ئاچچىغىڭ كېلىپ قوغلاپ،
بۇ قىسمى كورۇپ خورلۇق دۇنيادىن ئوتەرمەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يارىم ماڭا باقمايدۇر، سىنەسىنى ياقمايدۇر،
مۇنداق بىۋاپا يارغا بىھۇدە كۆيەرمەنمۇ؟

باقماي ماڭا دەرت قىلدىڭ، چىرايىمنى زەرد قىلدىڭ،
دەردىڭگە داۋا تاپماي ئاخىرى ئۆلەرمەنمۇ؟

بىزلەرنى خاپا قىلدىڭ، جانىمغا جاپا قىلدىڭ،
سەندەك بىۋاپا يارغا ئاۋارە بولارمەنمۇ؟

× ×

قارالاسام كورۇنمەيدۇر ئابرالنىڭ تاغى،
ئوتتا كويۇپ ئادا بولدى يۈرەكنىڭ ياغى.

يار دەردىدە سارغايدىمەن زەپىران سۈپەت،
كۈز ۋاختىدا سارغايغاندەك تىرەك ياپراغى.

غۇنچە يۈزلۈك نىگارىمنى كورەر كۈن بارمۇ،
تەسۋى ـ تەھلىل بولدى ماڭا يارنىڭ سوراغى.

يارىمىزنىڭ قىلغان سوزى داغ بولدى بىزگە،
يۈرىگىمنى مەجرۇھ قىلدى شول سوزنىڭ داغى.

ئارا ئوستەڭ توغراقلىقتۇر يارىمنىڭ جايى،
قاراپ يارغا بەسىر بولدى كوزنىڭ قاراغى.

ئۇلاغىمنىڭ يوقلىغىدىن كورمىدىم يارنى،
كورەر ئىدىم زالى زەرنىڭ بولسا ئۇلاغى.

× ×

دەردىڭنى ماڭا ئېيتساڭ، سېنىڭ ھالىڭغا مەن يەتسەم،
ئوزۇمنىڭ ئىلكىدە بولساڭ، چوللەرگە ئېلىپ كەتسەم.

چوللەر ئىچىدە يۈرسەڭ ئىككىمىز بولۇپ مۇنىس،
سىينەمنى يېرىپ تىغدا يۈرەكىمنى كورسەتسەم.

بىرگە مەرھەمەت ئەيلەپ دەردىمنى ئىشتكەندە،
ئون توققۇز قىلىپ تازىم مەن يارىمنى خوش ئەتسەم.

يارىم يۇرتىغا كەتسە ئاتاسىنى كورگىلى،
بوز ئېتىمنى ئىگەرلەپ يارنىڭ كەيىندىن يەتسەم.

× ×

نادان بىلەن دوست بولما ۋىژدانى يوقتۇر،
يولى كەلسە دوست ساتۇر، ئىمانى يوقتۇر،
نادانلارنىڭ دايىما پىكرى بۇزۇقتۇر،
قىلار ئىشى ھەمىشە كاززاپچىلىقتۇر.

نادانلارنى قويۇپ بەرسەڭ مەيلىگە،
ئەقلىن سېتىپ كېرەر جەھلى كەينىگە،
دوست بولساڭ كۇلكە قىلۇر جاھان ئەھلىگە،
نادان قىلار ئىشنى ئويلىشى يوقتۇر.

نادانلاردىن قاچ نازىم، بولمىغىن سادىق،
ئۇلار بىلەن دوست بولساڭ، بولۇرسەن پاسىق،
نادان ئۇچۇن ئاچما دەرۋاز، ئۇ تۇرسۇن ياپىق،
نادانلاردا ئىشقى ـ مۇھەببەت يوقتۇر.

× ×

دەمادەم تىرى ئىشقىڭ تەگدى دىلغا ئەيلەبان كوپ زار،
يۇرۇرمەن بۇ جەھەتتىن ناللەر ئەيلەپ كى مەجنۇنۋار،
ئاقىزىپ خۇنى دىلنى ئىككى كوزىدىن ئەي رەپىق ھەر بار،
غەمىڭدىن تا قاچانغا يىغلاي ئەي شوغى پەرى رۇخسار،
نىقابىڭنى يۇزۇڭدىن ئاچقىلۇ كورسەت ماڭا دىدار.

ۋىسالىڭ شەۋقىدە ئىزلەپ يۇرۇپ ھەم ئاچتىمۇ ھاردىم،
مۇھەببەت تېغى بىرلە بۇ يۇرەكنى مىڭ تىلىم ياردىم،
مەيى لەئلىڭ غەمىدە گاھ قىزارىم، گاھى سارغايدىم،
جامالىڭ پۇرقەتىدە مەن چىمەنگە سۇبھىدەم باردىم،
ئۇزارىڭ شۇئلىسى يوق، كوزۇمە گۇللەر كورۇندى خار.

ئەجايىپ بىمەدار ئەتتىڭكى ھىجرىڭ زەربەتى بىرلە،
نەھىپ بولدۇم داغى شىرىن كەلامىڭ ھەسرەتى بىرلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سارىغ چىھرەم قىزاردى بۇ يۈرەكنىڭ خىرقەتى بىرلە،
قاچانغە كويدۇرۇرسەن بىزنى سەۋدايى ئۇتۇڭ بىرلە،
بۇ ئۇتلۇغ كوڭلۇمە بىر لەھزە رەھىم ئەتكىن، ئايا دىلدار.

غەمىڭنىڭ سەلكىنىدۇر ئەي رەپىق ساۋۇۋرغۇچى گەرىم،
ۋىسالىڭ خەۋپىدىن بولغان ئىرۇر بۇ چىھرەئى زەردىم،
سىنىڭ يادىڭ دىلىم ئارامىدۇر، زىكرىڭ ئىرۇر قەندىم،
كوڭۇل يورۇتقۇچى شەمئىم، جان كويدۇرگۇچى بەرقىم،
كى ھىجرىڭ دوزىخىندە بىزنى كوپ كويدۇرمەگىل ئەي يار.

ۋىسالىڭ ئىشقى، ئەي دوست، بىزنى ئانداغ بىقارار ئەتتى،
كى بەلكى شەبلىدەك ئىشقىڭ كويىدا تۇرپەزار ئەتتى،
رەگى چەشمىمنى ئۈزنى، كوز قارراقىمنى خۇبار ئەتتى،
دىدىم: پىنھان تۇتاي دەردىڭنى، لېكىن ئاشكار ئەتتى،
سارىخ چىھرەم ئۈزە قانلىغ يېشىم جەزبە جۇنۇن ئىزھارە

بۇ ئاشىق ئىشق ئىلىنى كورسەكىم، دىلدارىنى سورىدى،
ئوشۇلدەم شەيخ ئىشقى يارنىڭ يولىنى بىلدۇردى،
بىلالىڭ كىردى شۇ يولغا جامالىڭ ئاندا بەلگۇردى،
كى تا ھوسنۇڭنى كوردى، ئىشق ئىچرە پويەلەر ئۇردى،
دىۋانە شاھ غىياسىدىن يۇرۇپتۇر كوچا ھەم بازار.

× ×

مەن بىلمەس ئىدىم ئىشققە گىرىپتار بولۇرۇمنى،
ئىشق تىرى تىگىپ خەستەيۇ بىمار بولۇرۇمنى،
ھىجرىدا داغى يىغلايۇ كوپ زار بولۇرۇمنى،
مەجنۇن بولۇبان ئىشقىدا ئاۋار بولۇرۇمنى،
بۇلبۇل بولۇبان ۋالەئى گۇلزار بولۇرۇمنى.

چۇن رۇزى ئەزەلدە قىلىپ ئىركەن مىنى غەملىك،
روھىمنى مىنىڭ ۋالەئى زار، دەردى ـ ئەلەملىك،
بۇ دەيرى پەنا ئىچىدە ئاۋارە ستەملىك،
مەن خەستەتى بىچارەنى ئول شاھى كەرەملىك،
چۇن بىلمەس ئىدىم بەندەئى خار ـ زار بولۇرۇمنى.

ئىشق كويىغا سالغان مىنى ئىردى يۈزى بەرنا،
كورسە يۈزىنى ۋالە بولۇر ئىردى زۇلەيخا،

هەيران بولۇر ئىردىكى بەدىئى بىله ئۇزرا،
بەرھەم يىگەي ئىردى كورۇبان ھەشمەتى دارا،
كىم بىلدى ئوتى ئىشقا گىرىپتار بولۇرۇمنى.

يار بارەسدە قىلدى خەلق تۇرپە رىۋايەت،
بەلكى ئىشىتىپ خەستە يۇرەك بولدى جەراھەت،
ئەيلەپ بۇ ئىلى خەلقى ماڭا ئانچە مەلامەت،
قىلدىكى نەسىھەتنى ماڭا بارچە بىغايەت،
بىلمەس ئىدى ئىشق دانىغە ئامبار بولۇرۇمنى.

ئاشىق ئىلىغە پەندۇ سۇخەن تەسىر ئىتەرمۇ،
يارنىڭ غەمى ئاشىق بىشىدىن ئەسلە كىتەرمۇ،
تىل سوزلىگىلى يار سوزىدىن باشقىنى دەرمۇ،
ئىشق ئوتى ئەگەر بولمىسا ھەر دىلدا كويەرمۇ،
يوقسە نە ئىتەر مەنىئىكى بىئار بولۇرۇمنى.

قايىرىپ سۇندۇرۇر بولسا ئول ئاي بۇ پەرۇ بالىنى،
رەت قىلما ئىلى خەلقى سەن ئىيتىپ قىلۇقالىنى،
مەنىئ ئەتمە داغى ئولتۇرۇر ئىرسە بۇ بىلالىنى،
دۇشمەن كورۇپ ھەم سوكمە داغى روي ھىلالىنى،
رەت قىلما داغى شىپتەئى دىلدار بولۇرۇمنى.

× ×

جۇدا قىلدى پەلەك سەندىن، قاياندۇرسەن قىرىنداشىم،
سىنىڭدىن ئايرىلىپ بولدى زەھەر-زوققۇم ئىچەر ئاشىم،
پەراغەت كەتتى، غەم يەتتى، ستەملەر بولدى يولداشىم،
قىرىنداش مىھرىبان كەتتى مىنى تاشلاپ كوكۇلداشىم،
بۇ ۋەجھىدىن توكۇلدى قانغە ئاغۇشتە بولۇپ ياشىم.

يۇرەك پارە، بىغىر يارە، بولۇپمەن تۇرپە بىچارە،
يۇرەك كويگەن قىرىنداش يادىدا ھەر بارە-ھەر بارە،
كوچالار يۇرۇپ يىغلاپ، بولۇپ ئاۋارە-ئاۋارە،
بۇ غەمدىن بولدى ئەي دوستلار يۇرەك مىڭ پارە-مىڭ پارە،
نە قىلغانىمنى بىلمەسمەن بۇ غەمدە ئايلىنىپ باشىم.

تەھەييۇل رەخشىسى ھەر بارەكىم سەن سارىغە تارتار،
بۇ ۋەجھىدىن پىراقىڭ ئاتەشىنىڭ سوزىشى ئارتار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۇلىستانىم خازان بولدى، بولۇپمەن ئەندەلىبدەك زار،
نېچۇك تاقەت قىلۇرمەن پۇرقەتىڭ ئورتەر مېنى ھەر بار،
ئەلەمدىن ئورتەنىپ زەرداپقا ئورۇلدى ئىچى-تاشىم.

باشىمغە يۈز تومەن غەم سالدى، كورگىل نىگۇن گەردۇن،
قېرىنداشتىن جۇدا قىلدى، قىلىپ باغرىمنى خۇن گەردۇن،
بېشىمدا دەۋرى كاج ئەيلەپ مۇدام بۇ بى ستۇن گەردۇن،
يۇقاتىپ مەغزى سىرنى، ئاقىبەت قىلدى جۇنۇن گەردۇن،
بولۇپمەن يۈز ياشار پىردەك، تورت توققۇز ئىدى ياشىم.

قېرىنداشىم غەمى قىلدى ئېلىپتەك قامەتىمنى دال،
ئەقىل ساچىلدى، غەم باستى، بولۇپمەن بىر يولى بەدھال،
سۇرۇر كەتتى، قانات سۇندى، يولۇندى مۇرغى يەكلىغ بال،
قېرىنداش يادىدا خۇنابەلەر يۇتتى بىلالى زال،
ئۆزى كەتتى مېنى تاشلاپ جالالىدىن① قارا قاشىم.

× ×

روھىمنى ئەزەلدە ئول ئىلاھىم،
كويدۇردى سېنىڭ ئۈچۈن نىگارىم،
ۋالەدۇر ساڭا بۇ خەستە جانىم،
ھەم قالمادى دىلدا ھىچ قارارىم،
ئىشقىڭدا سېنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

قايسى كۈن ئىدى يۈزۈڭنى كوردۇم،
ئەقلىم قۇشىنى قويۇپ ئۇچۇردۇم،
پايىڭ ئىزىنى كوزۇمگە سۇردۇم،
لاھەۋلە ئوقۇپ يۈزۈمگە ئۇردۇم،
ئىشقىڭدا سېنىڭ ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

ئىشقىڭدا بولۇپ مىسالى مەجنۇن،
كوز ياشلىرىم ئولدى ھەم چۇ جەيھۇن،
ئېلىپقا مىسالى قەددىم بولۇپ نۇن،

① جالالىدىن — بىلالىنىڭ ئاكىسى.

ھەم ئۇخلاماي كوزۇم بولۇپ خۇن،
ئىشقىڭدا سىنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

ئول ئاي يۈزىنىڭ غۇرۇرىدىنىكىم،
كوزلەر قاماشۇر نۇرىدىنىكىم،
يارنىڭ غەمى بىرلە جەۋرىدىنىكىم،
ھەيھات، بۇ ئىشىق زارىدىنىكىم،
ئىشقىڭدا سىنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

ئىشقىڭدا يۈرەك قىلۇر ھەرارەت،
بۇ بەسرى خەلق قىلۇر مەلامەت،
تا ئولگۇچە بولمىدىم سەلامەت،
ھەم قالمادى مەندە سەبرۇ تاقەت،
ئىشقىڭدا سىنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

ئېردىڭ بۇ دىلىمنىڭ گولئۇزارى،
يادىڭ ئىدى بۇ جانىم مادارى،
كويۇڭدا يۈرۈپ يوق بولدى بارى،
ھەم قالمادى بۇ يۈزۈمنىڭ ئارى،
ئىشقىڭدا سىنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

يۈزۈڭنى قىلىپ مىسال قۇياشقا،
ئاشىق ئىلى چۇشتىلەر تالاشقا،
ۋاله بولۇبان قوشۇما قاشقا،
ياشىم يەتكەن ئىدى بىشەست شەشكە،
ئىشقىڭدا سىنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۇسەين توكۇلدى قانىم.

بولسۇنكى زىيادە يار جامالى،
ھەم قامەتى بىرلە گۇل نىھالى،
ھەم بولمىسۇن ئومرىنىڭ زاۋالى،
بۇ قىسمى تەلەپ قىلىپ بىلالى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىشقىڭدا سېنىڭ، ئايا نىگارىم،
مانەندى ھۆسەين توكۇلدى قانىم.

× ×

ئەسلى مەقسەتكە يېتەلمەي ئەندى مەن بولدۇم جۇنۇن،
ۋادىئى پۇرقەتتە ئايلاندىمكى مانەندى قويۇن،
ھەم يۈرەككە ئوت تۇتاشتى چىقتى رەڭلەردىن تۇتۇن،
پاك كويىدى بۇ بەدەن ئۆپكەڭگە تولدى ئەمدى خۇن،
كوھى ئىشق يۈزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

ئەۋۋەلا ھالدا بۇ ئىشق دەردىنى كوزگە ئىلمەدىم،
ئىشقى بار ئادەمنى كورسەم كوزلەرىمگە سۈرمەدىم،
قىسسەئى ئىشقنى ئىشىتكەن بىرلە پەرۋا قىلمەدىم،
تىرى ئىشق تەگدى يۈرەككە سەبر ئېتەرنى بىلمەدىم،
كوھى ئىشق يۈزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

ئىشق ئوتى تەككەن ھامان قىلدى يۈرەكنى يارەلىغ،
ھەم بېغىرنى پارەلىغ قىلدى مېنى ئاۋارەلىغ،
يار ئۆزى دىلدارلىغ، قىلدى تېنىم بىمارلىغ،
كۈندۈزى كوپ زارلىغ، دايىم كېچە بىدارلىغ،
كوھى ئىشق يۈزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

ئارزۇ قىلدىم سېنى، لېكىن بەدەخشان بارمىدىم،
كوپ ئومىت قىلغان جەھەتتىن مۈلكى گىلان بارمىدىم،
ھەم ئىمام باقىر①نى ئىزدەپ كوھى ئۇممان بارمىدىم،
سەن بەدەخشاندا ئۇچۇن شەھرى نەمەنگان بارمىدىم،
كوھى ئىشق يۈزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

سەن ئېرۇرسەن بۇ زامان لەئلى بەدەخشانىم مېنىڭ،
توغرى يول كورسەتكەلى ھەم شاھى گىلانىم مېنىڭ،

① ئەخمەت يەسەۋىينىڭ (XII ئەسىر) شاگىرتى — سۇلايمان باقىرغانىي.

هەم مەدەت قىلماق ئۇچۇن دۇررى ئىمانىم مېنىڭ،
جان ئىچىدە ساقلىغان هەم تۇرپە مېهمانىم مېنىڭ،
كوهى ئىشىق يۇزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

بۇ بىلال بىچارە ئىشقىنىڭ ئىلگىدە بولدى ئەسىر،
قىلمىغاي هەرگىز تەرەههۇم مەهلىقالىق تاش بېغىر،
ئىككى دۇنيا خەلقىغە تەكرىم سېنى قىلدى ئەمىر،
ئەلمەدەت يا مىرغىياسىددىن ۋەلى سەن دەستىگىر،
كوهى ئىشىق يۇزلەندى بىزگە باشىم ئولدى سەرنىگۇن،
قىل مەدەت مەن زارىغە يا شاھ غىياسىددىن بۇگۇن.

× ×

ئىشتىگىل ئەي مۇهىببىم ئۇشبۇ ئەشئارى شۇئارىمنى،
ئەگەر سەن ئاشىق ئېرسەڭ ئەيلەيىن مەن قىلۇ-قالىمنى،
نەمەنگان شەهرىدىن كەلتۇردى تەكرىم شەهسۇۋارىمنى،
نىسار ئەيلەي ئانىڭ مەسلۇكىغە تەن ئىچرە جانىمنى،
سۇبەرگەن بولغاي ئول بۇ خۇشكى ئولغان سەبز زارىمنى.

ئول ئەر كەلمەس بۇرۇن بارچە خەلايىق بىناۋا ئېردى،
ئىلى خەلقى تەرىقەت ئەهلىدىن بەلكى جۇدا ئېردى،
تەرىقەت كارىنى بىلمەسلىكىدىن روهسىيا ئېردى،
كى بىلمەي توغرى يولنى نەپسى بەدكە مۇپتىلا ئېردى،
ئاتا قىلدى ئىلى خەلقىغە هەق قۇتبى زامانىمنى.

ئوشۇل قۇتبى زامانىم كېلىبان راست يولنى بىلدۇردى،
مەسهادەك بولۇپ كوپ مۇردەدىل ئەللەرنى تىرگۇزدى،
كى هەر گەردەنكىشانى ئۇردى-سوكتى يولغا كىرگۇزدى،
خۇپىي هەم نەپى ئىسپاتنى زەبانغا جارى قىلدۇردى،
كى شۇكرى، هەق ئىبەرمىش بىزگە ئول شاهى جاهانىمنى.

سۇلۇكى نەقشبەندىغە ئۇشۇل ئەر بەردى زىۋەرلىك،
بولۇپ قۇتبى جاهانىم بۇ ئىلى خەلقىغە رەهبەرلىك،
قىلىپ تارىك كوڭۇللەرنى ئول ئەر تۇرپە مۇنەۋۋەرلىك،
كوڭۇلنىڭ خانەسىنى قىلغان ئېردى بەلكى گەۋهەرلىك،
ئىبەردى بىزگە هەق ئول ساهىبى دارىلقارارىمنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەرىقەت ئىچرە ئول ئەر بارچە مۇرشىد بىھتەرى ئېردى،
جاھاننىڭ شەيخلىرى ئىچرە سائادەت ئەختەرى ئېردى،
مۇرىدى ھەزرەتى شاھ ئەۋلىيانىڭ سەرۋەرى ئېردى،
بۇ كوھىستان ئىچىدە بىزگە خورشىد خاۋەرى ئېردى،
نىسار ئەيلەي پىرىمنىڭ ئىشقىدا ھەم يوقۇ بارىمنى.

كورە بىلمەي ئىكەنمەن تىفلى چۇن رويى ھىلالىنى،
جامالىنى داغى گۇل يۇزى بىرلە نەۋ نىھالىنى،
تۇشۇمدە بىر سەپەر كورگەن ئىدىم قەددى كامالىنى،
ۋەلى ياخشى بىلۇرمەن يەنى ئەسھاپ بىرلە ئالىنى،
بۇ ۋەجھىدىن دەما-دەم سوزلىدىم دۇررى پىشانىمنى.

پىرىم ئەۋساپىدىن مىڭدىن بىرىنى مەن بايان قىلدىم،
قىلۇرغە ۋەسپى ئەۋساپىن تىلىمنى مىڭ تىلىم قىلدىم،
پىرىمنى بىلمەس ئېردىم ۋاقىئەدە كوردىمۇ بىلدىم،
كى ئەيتۇر بۇ بىلالى ھەرنە قىلدىم بى ئىبا قىلدىم،
داغى ئالغان بىلىڭ ئول ئەر ئىنانى ئىختىيارىمنى.

نەشرگە تەييارلاشتا پايدىلىنىلغان مەنبەلەر.

① «بىلال نازىم» (تاللانغان ئەسەرلەر) ساۋۇت موللايىدوۋ.
قازاقستان دولەت گۇزەل ئەدەبىيات نەشرىياتى ئالمۇتا 1961-يىل نەشرى.

② «غەزەلىيات» نىمشىھىت ئارمىيە ئىلى سايرامى
«ئىتتىپاق» ژورنىلى 1949-يىل 6-7-سان.

③ «غەزەلىيات» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژورنىلى 1962-يىل 6-7-سان.




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

شائىر خەستە (ئابدۇللاخۇن شىرىپ ئاخۇن ئوغلى) 1854 - يىلى يەكەندە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى شىرىپ ئاخۇنۇم يەكەندىكى رەستە مەدرىسىدە مۇددەرىسلىك قىلاتتى. ئۇ ئۆز ئوغلىنى كىچىكىدىن باشلاپلا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن ئوقۇتتى. شۇڭا ئابدۇللاخۇن ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەندە دىن ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرى بويىچە شۆھرەت قازىنىپ، خەلق ئىچىدە ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

شائىر ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە، يەكەندە چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغان موللا نىياز ناملىق ئىشاننىڭ تەكلىۋى بىلەن تىراۋاغ (ئەسلى ئىسمى تىرەكباغ) خانىقاسىنىڭ مەخسۇس مەدرىسىگە مۇددەرىسلىككە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئابدۇللاخۇن مەدرىستە 2 - 3 يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، موللانىياز ئىشان ئۇنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چوڭ قىزى بىبى خېنىمنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيوغول قىلىۋالىدۇ. ئابدۇللاخۇن تىراۋاغ خانىقا مەدرىسىدە ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ئۆز دادىسى دەرس بېرىدىغان رەستە مەدرىسىدىمۇ دەرس ئوتىدۇ. ئابدۇللاخۇن بىبى خېنىم بىلەن ئوتتۇز يىل ھايات كەچۈرۈپ بەش پەرزەنت كورىدۇ. شائىر 1907 - يىلى ئەللىك ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇ تىراۋاغ خانىقاسىنىڭ مەخسۇس مازارلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

شائىرنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى قانداق باشلىنىپ قانداق راۋاجلانغان، بۇ ھەقتىكى كونكرېت ماتېرىياللارنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىدى، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئىلھامى تېز ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك شائىر بولغان ئىكەن. ئۇ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ياكى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپمۇ شېئىر يېزىۋېرىدىكەن. ئۇ تىراۋاغ خانىقاسىدا ھاپىزلىقمۇ قىلغان بولۇپ، كوپىنچە ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى چۈشىنىشلىك، تىلى راۋان ۋە ئاممىباپ. شائىر ئومرىنىڭ كوپ قىسمىنى خانىقادا ئوتكۈزگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە مەزمۇنەن دىنى پۇراقمۇ خېلى كۈچلۈك. ئەمما بۇ شۇ دەۋر شارائىتىدىن قارىغاندا نورمال ئەھۋال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدە يۈز بەرگەن بەزى ئىجتىمائى ۋەقەلەرمۇ شائىرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالمىغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ۋە جەۋرى-زۇلۇم ھادىسىلىرىگە بولغان نارازىلىقىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ «كۇللىياتى خەستە» ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، 444 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئەمما ئۇ توپلام تېخى تېپىلمىدى. مەن يېقىندا قارىقاش ناھىيىسىدىن ئۇنىڭ ئىككى مۇسەددەس، ئون مۇخەممەس، ئون مۇرەببە، ئەللىك غەزەلدىن ئىبارەت يەتمىش ئىككى پارچە ئەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2 مىڭ 7 يۈز توقسان ئۈچ مىسرالىق بىر قولىيازما دىۋانىنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ قېتىم شۇ دىۋاندىكى شېئىرلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە بۇ تاللانمىلارنى نەشرگە تەييارلىدىم. ئالاقىدار خادىملار ۋە كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن.

خوشلىماس كۆڭلۈم مېنىڭ ئىشق ئوتىدىن زار ئولمىسا،
ھەر زامان دىلدا خىيالى گۈلئۇزار يار ئولمىسا.

گۈلئۇزارىنى تاماشا قىلغىلى سىنەمدە مىڭ،
رەخت ئەيلەپ دىلدا ئانچە خارۇ پەيكار ئولمىسا.

ۋەسلىغە گەر يەتمىسەم يارى بىلە ئۇلپەتتە كوپ،
ماسىۋادىن كۆڭلۈم ئىچرە ئەسلا ئازار ئولمىسا.

باغۇ جەننەت ئىچرە كىرسەم ئەسلى كۆڭلۈم خوش ئەمەس،
ئەرزۇ ھالىم ئەيغىلى ئالدىمدا دىلدار ئولمىسا.

باقىا كىردىم گۈلنى كوردۇم ھەممىسى ماتەم زىدە،
كوزىنى ئاچماق ھامان ئەپسەردە ئەيكار ئولمىسا.

رەھىم قىلماس دىلبەرى رەئنا گەدا يا شاھقە،
ئاچىلىبان توزغىلى دۇنيا ۋاپاكار ئولمىسا.

ئۈنسى ئۇلپەت ئەيلابان يا يەنە بىردەم يوق بولۇپ،
شۇغىل ئەيلەپ ئومۇر ئوتكەرسەمكى ئەغيار ئولمىسا.

يارنىڭ يادىدىن ئۆزگە قەندۇ شەكەر تاتماغۇم،
تامغاقىم ھول بولسا يادى بىرلە ئىزھار ئولمىسا.

خەستەنىڭ كۆڭلىدە دىلبەر يادى بولسا تولا خوش،
كەتكۈسى ھەسرەت بىلەن دىلدا سەبەكبار ئولمىسا.

× ×

**ھۇرقەتی بىچارە یاری ئىشقدا ئىنشا قىلۇر،**
**نىچە ئەبیات بىرلە كوكلی سىررنی ئىپشا قىلۇر.**

ئىشق بىر دەردی بالاكىم ئاسرىماق مۇمكىن ئەمەس،
ئەشكی سۇرخی رویی زەردی بىلدۇرۇپ غوغا قىلۇر.

ئىشق بىر زور ئەژدىھاكىم ھەملە قىلسا شاھقە،
ژىندە پوش گۇلخەن نىشىن ئەیلەپ ئۇنی رەسۋا قىلۇر.

یەخ سۇپەت زاھىدقا یەتسە ئىشق ئوتىدىن ئەندەكی،
تەختىنی بەرباد ئىتىپ كوز یاشىنی دەریا قىلۇر.

ئىشق بىر ئاپتاپ مۇسەللىك شۇئلە ئۇرمىش ھەممىگە،
كوممەك ئانی مۇمكىن ئەرمەس سەئىنی بىجا قىلۇر.

بەرق ئۇرسا ئىشق ئوتی نازۇك نىھالۇ تازەگە،
پىچ تاب ئەیلەپ ئۇنی شەمشاد قەدىن دۇتا قىلۇر.

كۇھی باتەمكىنگە ئەندەك تەگسە ئىشقىنىڭ شامىلی،
خەس كەبی رەقس ئەتتۇرۇپ مەجنۇن سۇپەت سەیلا قىلۇر.

ھەرگىران جانغا ئەگەر ئىشق ئوتىدىن بىر زەردەئی،
تەگسە بارىن كویدۇرۇپ پەرۋاز ئىتىپ ھا ھا قىلۇر.

سادلەۋھ دىۋانەلار ئىشقدە كویسە یوق ئەجەپ،
ئىشق ئوتی ئەبلەھكە چۇشسە پۇختە ئىتىپ دانا قىلۇر.

ئەي ھەكىم ئىشق ئەھلىنىڭ نەیقىن تۇتۇپ ھوكىم ئەیلىمە،
مەۋج ئۇرۇپ نەپەسی ئانىڭ ھەردەم سىینی ئەئیا قىلۇر.

ئىشق ئىلغا سەرزەنىش ئەیلەر بەسی بىدەر تىلەر،
قەندۇ شەكەر تاپ دىسە تاپماي ئۇنی لالا قىلۇر.

جان بىلە تەئبىر قىلۇر ھوكۇمالار ئىشقدىن،
ئىشقسىز ئادەم تىرىك ئەرمەس ئولۇك ئىمزا قىلۇر.

www.uyghurkitap.com

پۇرقەتنىڭ ھىرقەتى بۇ خەستەنى گويا ئۆتىپ،
مۇپتالالەر ھالىغا كوپ ئاھۇ ۋاۋەيلا قىلۇر.

× ×

بۇ زامان ئەھبابلىرى سوھبەت قىلۇرغا ئەرزىمەس،
قەدىردان ئەرمەس ھەمە ئۆلپەت ئالۇرغا ئەرزىمەس.

ئالدىدا بىر رەڭ بولۇپ كەتسە ئۇ يەردىن ئۆزگىچە،
ھەققە سوھبەت ساقلىماس غەيبەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

ئەھلى ھەقنىڭ ئالدىغا بارساڭ تۇسۇڭنى ساقلىغىل،
قىلسا ھەركىم ئىتىراز لەئنەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

ئۇلىما خەيلى ھەمە زالىمغا ئەيلەر ئىلتىجا،
مەنسەبى دۇنيا ئۇچۇن ئىززەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

بولسا ئىشانلار ھەمە شەرئ تەرىقەتتە مۇستەقىم،
نەقدى جان بەرسەڭ ئاڭا رەھمەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

ھەر مۇرت قاچسا پىرىدىن باشقا كەلگەي يۈز بالا،
يۈزىگە سالىپ ئۇنىڭ كۈلپەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

سوپى ئىبنىلۋەقت بولغىل ياڭا بولۋەقت دۇنياكىم،
بىر زامان غاپىل بولۇپ مىھنەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

ئۇشبۇ دۇنيادا زىرائەت ئەيلىگىل ئۇقبا ئۇچۇن،
بولمىسا خالىس ئەمەل ھورمەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

خەيرى ئىھسان ئەيلىسەڭ يار قىلما ھەرگىز، سەن ئۇنۇت،
قىلمىغىل نابۇت ئۇنى، مىننەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

ئالدىڭە كەلتۇرسە ھەركىم زەررە يەكلىغ توھپەنى،
مىلنى بەرسەڭ ئاڭا، قۇربەت بولۇرغا ئەرزىمەس.

خەستەئى مىسكىن سېنىڭ قىلغان كالامىڭ ھەممە پەۋچ،
ئەھلى مەنا ئالدىدا جۇرئەت قىلۇرغا ئەرزىمەس.

## مۇخەممەس

كەجرەۋ پەلەكتىن پەرياد قىلماغ،
شاھۇ گاداغا بۇنياد يۇرماغ.
تەخت ئۇزرە ياتسۇن بستەردە يۇمشاغ،
بۇ سوزنى ئەيدى ئاشق ئۇلەر چاغ،
ھەسرەتتە كەتتى باغردا يۇز داغ.

كەلدۇق بۇ يەرگە ئول لاماكاندىن،
بۇيى ۋاپا يوق كەۋنۇ ماكاندىن،
ئالغاي ئامانەت ياخشى ـ ياماندىن،
نى نازنىنلار ئوتتى جاھاندىن،
نى گۇل بەدەنلەر بولغۇسى تۇپراق.

مالۇ زىمىن دەپ ئەسلا سۇيەنمە،
پەرزەندۇ زەن دەپ ئاگا قۇۋانما،
قىلغىل ئىبادەت ھەرگىز ئۇيانما،
ئەي سەرۋى ئازات مۇنچە قۇۋانما،
سەندەك نەچچىنى يۇشۇردى تۇپراق.

ئىبرەت كوزۇڭ ئاچ كەتكەننى كورگىل،
يارۇ بۇرادەر ئوتكەننى كورگىل،
دوستىنى دوستى كومگەننى كورگىل،
بىچارە بۇلبۇل باغلارنى كورگىل،
باغلارنى كورسەڭ ئەمدى تۇلا زاغ.

ۋەيرانە قىلدى "مەنمەن" دىگەننى،
"ئىقلىمنى ئالغان شاھمەن" دىگەننى،
ئابات قىلىپتۇر زاغلار چىمەننى،
باغلارنى كورسەڭ ـ زاغۇ زۇغۇننى،
ئولدەم ئەيتۇرسەن: "ھەيپۇ ئىسىز باغ".

ئازدىم يارانلار ماڭغان يولۇمدىن،
ئەقلۇ ھۇشۇمنى بەردىم قولۇمدىن،
ھىچكىم قۇتۇلماس ئاخىر ئولۇمدىن،
ھۇشۇم ئۇچۇپتۇر ئۇشبۇ ئولۇمدىن،
تىلبە بولۇپمەن دىمە مىنى ساغ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلسە ئەجەلنىڭ ساقىسى ئاندىن،
مۇمكىن ئەمەستۇر قاچماق سەن ئاندىن،
ئارامنى ئالغاي ئۇلدە بۇ جاندىن،
گەر كۆچ كوتەرسەڭ ئۇشبۇ جاھاندىن،
قالغاي بۇزۇلۇپ بۇ باغ ئىلە داغ.

ھەقنى دىگەنلەر كۆلپەتكە پاتتى،
خاكى مۇزەللەت، غۇربەتكە پاتتى،
يوقلۇق ئىچىدە قۇربەتكە يەتتى،
زاغۇ زۇغەنلەر راھەتكە پاتتى،
بۇلبۇل قەپەزدە، ئىشرەت قىلۇر زاغ.

خازان بولۇپ گۇل تىكەنلەر ئۇندى،
رەيھان تۇزۇبان مەغىلان ئۇندى،
ياخشى كىتىبان يامانلار ئۇندى،
گۇلشەندە ئەندى ئازغانلار ئۇندى،
باغلارنى كورسەڭ جاڭگالۇ يانتاغ.

شەپقەت كىتىپتۇر ھەممە ياراندىن،
ئۇلپەت كىتىپتۇر پىرۇ جۇۋاندىن،
يۇز دادۇ پەريات ئۇشبۇ زاماندىن،
بۇيى ۋاپا يوق ياخشى ـ ياماندىن،
سوھبەت تىپىلماي داغ ئۇستىگە داغ.

ئى يارى ياران دۇنيا كىزەر گاھ،
كەتكەي ھەممە جان ئەيلەپ پىغان ـ ئاھ،
بۇ باغ ئىلە راغ مەنسەپ بىلە جاھ،
ئارا تۇرالماس ئەجەلگە ناگاھ،
سارغايدى چىھرىم خازاندا ياپراغ.

بىچارە خەستە پۇرقەتتە كەتتى،
ھەمدەم تاپالماي ھىرقەتتە كەتتى،
ئۇلپەت تاپالماي غۇربەتتە كەتتى،
خالىس جاھاندىن ھەسرەتتە كەتتى،
ئارمان قالىپدۇر كوكسىدە يۇز داغ.

قىلدى تەتەببۇئ، خالىسقا خەستە،
هالى پەرىشان كوڭلى شىكەستە،
نەپسى هاۋانىڭ قەيدىغە بەستە،
ئۆتكۈردى ئۆمرىن هايى هەۋەستە،
كوڭلى مۇكەددەر ۋاقتى ئەمەس چاغ.

× ×

بوادى يۇرەك باغرىم كاۋاپ، ئول ماه گۇل رۇخسار يوق،
هەر كۇن بەتەر هالىم خاراپ ئول شاهى شاهسالار يوق.

غەم - غۇسسىدە قاتتى بىشىم، ئاقتى كوزۇمدىن قان يىشىم،
گەردۇنغا يەتتى نالىشىم، ئول خوجەئى ئەهرار يوق.

ئۇچقان زامان شۇكقار قۇشۇم، كەتتى تامام ئەقلى هۇشۇم،
كەتتى كوڭۇلدىن هەم خۇشۇم، ئول شەهسۇۋار شۇكقار يوق.

پەس كەلدى بۇ دۇن هىممىتىم، كەتتى قولۇمدىن هورمىتىم،
ۋەيرانە بولدى ئۇلپىتىم، ئول مۇنسى غەمخار يوق.

غەم باستى قەددىم بولدى نۇن، تولدى ئىچىم زەردان خۇن،
ئۇلپەت كىتىپ بوادۇم جۇنۇن، ئول پىرى بۇزرۇكۋار يوق.

باتىن ئىشى بولدى خاراپ، كوڭلۇمدەدۇر كوپ پىچۇ تاب،
"بولغايمۇ" دەپ "بىر پەتهى باب" ئول رەهبىرى دىلدار يوق.

ياراندا شەپقەت قالمىدى، هىچكىمدە ئۇلپەت قالمىدى،
بىر بىرىگە هورمەت قالمىدى، ئول مەهرەمى ئەسرار يوق.

بىدەرت ناداندىن قىچىپ، باشىمغا تۇپراقلار چىچىپ،
يىغلاي نادامەت ئاه چىكىپ مەندىن بولەك بىمار يوق.

هەمدەرتلىرىم! قانداق قىلاي؟ كوكسۇم ئىچىپ باغرىم تىلاي،
بۇ دەرتكە نە دەرمان قىلاي ئۇ شەيخى خۇش كىردار يوق.

كوڭلۇم تىلەر سەيرى چىمەن، هەم لالەزارۇ ياسىمەن،
تا كورگەي ئول سىمىن زەقەن، باغ ئىچرە ئول دىلدار يوق.

www.uyghurkitap.com

باغ ئىچرە قىلسام ئاھۇ ۋاھ، بۇلبۇل دېگەي: «بۇ نە بالا»،
ھەسرەتتە قىلماس ھېچ ناۋا، بىچارىگە گۇپتار يوق.

گۇل گىرىبانى چاك ئېتىپ، ئۆزنى مۇسىبەتناك ئېتىپ،
يىغلاپ كوزىن نەمناك ئېتىپ بوينىن قىسىپ رەپتار يوق.

باغ ئىچرە قۇمرى: «ھۇ» دېيۇ، «يارىڭ سىنىڭ گۇ ـ گۇ» دېيۇ،
«ھېچ بارمۇ ئۆندىن بۇ» دېيۇ، مۇنداق غېرىپ بىچارە يوق.

پەرۋانە كوردى شەمئى يۈزىن، چەرخ ئەيلابان ئۆردى ئۆزىن،
«ھاي ـ ھاي دېسەم ئالماس سوزۇم، ئىشقىدىن قىزىق بازار يوق.

كەلدى شۇ دەم غەيىپتىن نەدا: «بىھۇدە قىلما ئاھۇ ۋا،
پەرۋانىدەك سەن قىل جان پىدا، بەرگىلۇ ھېچ زار يوق».

خەستە يولۇڭغا تىكتى كوز، كورسەتمە ئول ماھ يۈز،
بولغاي باھارى ئەمدى كۆز يىغلار ئۆنىڭ مىقدارى يوق.

## مۇرەببە

ئەدەپنىڭ خىلئەتىن كيگىل ئەدەبدىن ياخشى زىننەت يوق،
كىشىكىم بىئەدەب بولسا ئۆنىڭدا ئەسلا خىسلەت يوق،
ئۇلۇغلار ئالدىغا بارساڭ ئەدەبدىن ئۆزگە خىلئەت يوق،
ئەدەبنى ئۆزگە پىشە قىلمىغانغا ئەسلا رىپئەت يوق.

خۇدا جۇيلۇق قىلاي دېسەڭ ئەدەپنى ئۆزگە پىشە ئەيلە،
بىلىپ ئەبزەل ئۆزۈڭدىن خارۇ خەسنى سەن رەۋىش ئەيلە،
ئۆزۈڭنى پەس تۇتۇپ نەپسىڭغە ھەردەم سەرزەنىش ئەيلە،
تەكەببۇر ئەيلىگەنگە ھەق قاتىدا ئەسلا قۇربەت يوق.

«پالان ئوغلى پالانىمەن» دەپ ئۆزۈڭگە پەخرى ناز ئەتمە،
بەھايىمدەك كۆلۈپ ئويناپ دۇتار، تەمبۇرنى ساز ئەتمە،
«پالان ئوغلى» دىبان مەھشەردە ئۆزنى شەرمساز ئەتمە،
ئەمەل لازىم، سەيىدلىك خوجىلىقتا ئەسلا ھورمەت يوق.

ئۇلۇغلۇق خالىساڭ ئەيلە تەۋەززۇ پەس تۇتۇپ ئۆزنى،
ئۇلۇغلارغا قىلىپ ھورمەت كىچىككە پەس قىلىپ سوزنى،

دۇرۇشتلۇق قىلمىغىل ھىچكىمگە ھەرگىز چوڭ تۇتۇپ ئۆزنى،
بۇ ئالەم ھەم ئۇ ئالەمدە دۇرۇشت كويلارغا ئىززەت يوق.

ئەگەر سالىك ئىرۇرسەن ھىچ تەرەپكە بىخەبەر باقما،
خۇدا مەخلۇقىنى كورمەك ھەقىر دىنغا خەتەر، باقما،
ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتۇپ جانىڭغا دوزاختىن شەرەر ياقما،
كى مەزھەر بولمىغان ھەققە جاھاندا ئەسلا خىلۋەت يوق.

نوبۇۋەتكە ئەگەر تەسدىق قىلساڭ ئىززەت - ئىكرام ئەت،
قىلىپ ھورمەت ماشايىخقا ئۆزەڭگە خىزمەت ئىلزام ئەت،
دۇئا ئەيلەپ نەزەر قىلسا ئۆزەڭگە رىيئەت ئەئلام ئەت،
نەزەر تاپماي بىرودىن ھىچ كىشىگە ئەسلا ئۇلپەت يوق.

تاپاي ئۇلپەت دىسەڭ ھەققە، پىرى كامىلنى ئاختارغىل،
بېرىپ جان نەقدىنى بىر ئالىمى ئامىلنى ئاختارغىل،
دىلى ئائىنەدەك بىر مۇرشىدى پازىلنى ئاختارغىل،
ئۇلارنىڭ سوھبىتىن تاپماي كىشىگە ئەسلا لەززەت يوق.

سورار ھەق ھەشرىدە ئەئمالىدىن، ھەرگىز نەسەپ سورماس،
”نە ئىش قىلدىڭ“ دىبان سورغاي ئەمەلدىن، ھىچ لەقەب سورماس،
سورار ھەر بەندىنىڭ ئەئمالىدىن، ئەجداد دەپ سورماس،
قۇرۇق سەيىد بولۇپ قىلماي ئەمەل، يۇرمەككە رۇخسەت يوق.

تىرەكباغ خانىقاھىدا يىتىپ قالغان غىرىپ خەستە،
كوتەرىپ خانىقاھى نام، ھاۋايى نەپسىگە بەستە،
سىنىڭكى شۇملۇغۇڭدىن ئوت تۇتاشىپ كويدى بۇ رەستە،
كوتەرىپ سوپى ئات، ھەرگىز سىنىڭدە ئىستىقامەت يوق.

**مۇخەممەس**

قىلدى كوڭلۇمنى يارا تىغى پىراق،
تەشتى سىنەم، ئەزدى باغرىم ئىشتىياق،
كۇل قىلىپ سارغايدى جىسمىم ئىھتىراق،
ئاقتى سەيلابى سىرىشكىم چۇن بۇلاق،
يۇز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ئەي يارانلار ھەيرەت ئۇزرە ھەسرىتىم،
كۇندىن - كۇنگە ئەپزۇن ئولدى ھەيرىتىم،

www.uyghurkitap.com

قەدىردانلار كەتتى مەن بولدۇم يىتىم،
بولمىدى نادان بىلەن ھىچ ئۇلپىتىم،
يۇز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ياخشى ئۇلپەتلىك بۇرادەرلەر قېنى؟
ھەمنەپەس يارۇ بۇرادەرلەر قېنى؟
زوھىدى تەقۋايۇ ساپاكارلار قېنى؟
ھەمپىرە مۇڭداشچى يارانلار قېنى؟
يۇز نادامەت بىرلە ھەسردت ئىشتىياق.

بۇ چىمەن ئىچىدە بۇلبۇل خوشناۋا،
قىلۇر ئەردى كۇندە يۇز تۇرلۇك ناۋا،
چاھى زىندان ئىچرە بولدى مۇپتالا،
بۇلبۇل ئورنىدا قىلۇر زاغلار سادا،
يۇز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

سەير ئېتەر باغ ئىچرە ئەمدى زاغلەر،
گۇل توزۇپ يانتاقىا تولدى باغلەر،
باغرىمە قويدى بۇ ئىش كوپ داغلەر،
قان يۇتۇپ ھەسرەتكە تولدى باغلەر،
سەن مېنىڭ بۇ چەشمى گىريانىمغا باق.

تۇتى خۇش گۇپتارلىغىدىن بولدى بەند،
قەپەسى ئامەن ئاگا بولدى سەجەن،
يۇز بالاغا مۇپتالا سىمىن زەقەن،
ئەيشى ئىشرەتلەر قىلۇر زاغۇ-زۇغەن،
يۇز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ياخشى پىردىن ئايرىلىپ بولدۇم غېرىپ،
يۇز نادامەت بىرلە قالدىم سارغىيىپ،
قەدىر بىلمەسلەر قاتىدە كوپ مەئىپ،
قەدىردانلار ئالدىدا ئەردىم نەجىپ،
يۇز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ئەيتقىلى زارىمنى ھەمدەم ماگا يوق،
قەدىر بىلمەسلەرگە ھىچ غەم ئاگا يوق،
خەۋپى ھەقتىن چەشمى پۇرنەم ئاگا يوق،

كوپ غەنىمەت ياخشى سوھبەت يەنە يوق،
يۈز نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ياخشىلاردىن ئايرىلىپ ھالىم خاراپ،
ياخشى سوھبەت تاپمايىن باغرىم كاۋاپ،
بەس يېقىن يەتتى ئەجەل ئۆزگە تاناپ،
بىئەمەلمەن، نالە ئەيلەي چۈن رۇباپ،
مىلڭ نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

مۈمكىن ئەرمەس دۇنيادا ئۆلمەي تۇرۇش،
بولمىغىل ياخشى يامانغا رو تۇرۇش،
ئەيلىگىل ھەركىمنى كورسەڭ خۇلقى خوش،
مۇرچەنى ئاغرىتمىغىل قىلغىل يۇرۇش،
مىلڭ نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

سەن يورۇتساڭ كۆن سۇپەت يەر ئاسمان،
ئاي كەبى، ئالەمگە بولساڭ پاسبان،
ھەر يامان ياخشىغا بولساڭ بىزۇبان،
بولمىغۇڭ ياخشى، جاھانغا سەن يامان،
مىلڭ نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

ئەي يارانلار ئۆلمەيىن ھىچ چارە يوق،
يولدىن ئازغان مەن كەبى بىچارە يوق،
خاھى شاھى ساھىبى سەججادە يوق،
خانىقاھى، سەن كەبى بىچارە يوق،
مىلڭ نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

خەستە سەن غەپلەتتە ياتما توبە قىل،
بۇ ئەجەل يەتمەسە ئۆيغان توبە قىل،
كىمكى ھەقجوي بولسا گىردىن سۇرمە قىل،
نەپسى قىلماس ساغا بۇ قال ئىلە قىل،
مىلڭ نادامەت بىرلە ھەسرەت ئىشتىياق.

× ×

ياردىن كەلگەن ئەلەم مىھرۇ ۋاپاسى بولدى تەڭ،
پەزلى ئىنئامى ئۇنىڭ جەۋرۇ جاپاسى بىرلە تەڭ.

www.uyghurkitap.com



ياخشىدىن ھەر نەرسە كەلسە ياخشىدۇر مەرغۇبتۇر،
ئاشىقى شۇرىدەغە لۇتپى بالاسى بىرلە تەڭ.

ئابدىقادىر مۇپتى ئاخۇن كەتتى پانى دۇنيادىن،
ئەمدى بولدى پەزىل ئىلى مەكتەپ بالاسى بىرلە تەڭ.

ئىمتىياز تاپماس خالايىق ئىچرە جاھىل موللىدىن،
ئەھلى مەنسەپلەر ئىچىدە ئەمدى جاھىل موللا تەڭ.

زۇلۇم ئىلى تاپتى رىۋاج ئالىم كىشى بولدى غېرىپ،
مۇتتەھقى ئالىم بىلە ئەمدى قاراقچى بولدى تەڭ.

تولدى ھەسرەت ئىچىمە، بىلمەي قىلىپمەن قەدرىنى،
خىلى بولدى كوزلىرىم كىچەيۇ - كۈندۈز بولدى تەڭ.

ئەمدى كوردۇم ئەنجۇمەن ئىچرە نازاكەت قالمىدى،
بۇ جاھاننىڭ قىش كۈنى بىرلە باھارى بولدى تەڭ.

ئارىمىزغا تەپرىقە تاشلاپ ئاداۋەت سالدى كوپ،
دوست تاپتى دۈشمەن ئەمدى، دوست - دۈشمەن بولدى تەڭ.

ئۇلىمالەر دىللىرى بۇ دەھرىدىن ئازۇردەدۇر،
دۈشمەن ئىلگىدە ھەقرۇ پەقرىدىن ھەم بولدى تەڭ.

جەھىللەر ئالدىدا ئالىم كىشىلەر بولدى ھەقىر،
خۇن توكۇپ گەر تاپسا پۇل بولدى مالائىك بىرلە تەڭ.

تەكلىپ ئەيلەپ ئۇلىمانى بەزمىدە ئولتۇرغۇزۇپ،
ئالدىدا تارتسا چىلىمنى تىللىغانى بىرلە تەڭ.

ئۇلىمانى تىللىسا ھەر كىم بولۇر دوزاخ ئىتى،
خەير ئىھسان قىلغىنىمۇ قىلمىغانى بىرلە تەڭ.

ئۇلىمالار ئالدىدا تارتسا چىلىم قىلسا سۇكۇت،
تارتقۇچى بىرلە سۇكۇت قىلغان گۇناھى بولدى تەڭ.

جاھىلا ئىنساپ قىلغىل شەرم قىلغىل كوپ ئۇيات،
ئۇشبۇ پىئلىڭ غاگزا تارتقان ھىندۇ تەرسا بىرلە تەڭ.

ئۇشبۇ بىدئەت قىلغۇچىنى ئۇلىما تەرك ئەتمىسە،
ئاغزىغا ئوتلۇق كىشەن سالۇر قىيامەت، ھالى تەڭ.

ئۇلىمالار قەۋلىدىن قىلدىم رىۋايەت ئاڭلىغىل،
تەرك قىلساڭ سەن چىلىمنى ئەتقىيالەر بىرلە تەڭ.

مەن نەسىھەت قىلغۇدەك ئادەم ئەمەس، ئەمما ئىشت،
يانغۇچى بىر پىئلى بەدتىن ئەۋلىيالار بىرلە تەڭ.

ئۇلىمايۇ سالىھاغا كوپ زىياپەت ئەيلىگىل،
ئىززىتىن قىلساڭ ئۇلارنىڭ، ھەجگە بارغان بىرلە تەڭ.

ئۇلىمالار رەۋنەقى كەتتى پىرىمدىن ئايرىلىپ،
چوڭ ـ كىچىك بىرلە بارابەر بولدى ئالەم بىزگە تەڭ،

خەستە سەن بەس قىل سوزۇڭ غەيبەت ـ شىكايەت بولمىسۇن،
خانىقانىڭ كونجىغە كىرگىل جاھان كوپ بولدى تەڭ.

## مۇسەددەس

كوز ئۇچى بىرلە باقسا نىگارىم،
ئەيلەپ تەرەھھۇم ئول شەھسۇۋارىم،
ئىتلار سانىغا كىرگۈزسە يارىم،
ئالەمگە سىغماس جىسمۇ نە زارىم،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل"دىگەيمۇ ئول گۈلئۇزارىم.

سوھبەت تەلەپ مەن ھەمدەم تاپالماي،
مۇڭداشقىلى ھەم مەھرەم تاپالماي،
ئالەمنى كەزدىم بىغەم تاپالماي،
دەردىمگە دەرمان مەرھەم تاپالماي،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۇزارىم.

ئىتلار سانىغا كىرگۈزسە دىلدار،
ياتسام ئىشىكتە زارۇ دىلەپكار،
مەيخانىسىگە يول بەرسە بىر بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزلۈكنى قاشلاپ بولسام سەبەكبار،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۈزارىم.

بىر قەترە بىرلە قىلسا سەرەپراز،
كەتسە كوڭۈلدىن ئەنجامى ئاغاز،
بولسام ئۇشەلدەم ئىتلەرگە ھەمراز،
قىلسام ئۇزۇمگە كوپ پەخرۇ ھەم ناز،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۈزارىم.

بۇ دەھرى دۇندىن ۋاختىم ئەمەس خوش،
يۈز دەردۇ غەمگە بولدۇم ھەم ئاغوش،
مەدھۇشلەردەك بولسام كەلەپۇش،
ھالىمغا قالدىم ئۇزۇلدى سەرپۇش،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۈزارىم

بۇلبۇل قەپەزدە كۇلپەتكە ھەمراز،
كوپ تالپىنىبان قىلماقتا پەرۋاز،
مەخسەتكە يەتمەي ھەم قىشۇ ھەم ياز،
زاغۇ زۇغەنلەر باغدا قىلۇر ناز،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۈزارىم.

نەرگەس خىجىلدۇر بەرەھتەلىكتىن،
باشى تۈبەندۇر شەرمەندەلىكتىن،
پىيازنى كورگىل پۇرخەندەلىكتىن،
قات ـ قات ھەرىرۇ پۇشەندەلىكتىن،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۈلئۈزارىم.

بۇلبۇل قەپەزدە گۈلشەندە زاغلەر،
بولدى بارابەر باغ بىرلە تاغلەر،
گۈللەر توزۇبان چول بولدى باغلەر،
ئەپسۇس نادامەت سىنەمدە داغلەر،

ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۇلئۇزارىم.

دانا كىتىبان ئالەم بۇزۇلدى،
يانتاق ئۇنۇبان گۇللەر توزۇلدى،
نادانى كورگىل هالى بۇ بولدى،
خۇنابە يۇتۇپ باغرى سۇ بولدى،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۇلئۇزارىم.

هەر نەرسە بولسا تەقدىرچە بولمىش،
تەڭرىم ئەزەلدە شۇنداقچە يازمىش،
ئەهلى رىزالەر خۇرسەندە بولمىش،
هەقتىن دىبان كوپ پۇرخەندە بولمىش،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۇلئۇزارىم.

بىر قەترە مەيدىن ساقى ماڭا سۇن،
هالىم مىنىڭكى بولسۇن دىگەرگۇن،
ئەيلەي پاراموش هەر نەرسە بولسۇن،
بىچارە خەستە هەققى بويۇن سۇن،
ئى يارى ياران ئاشتى خۇمارىم،
"كەل قۇل" دىگەيمۇ ئول گۇلئۇزارىم.

× ×

باهار بولدى گۇل ئاچىلدى مىنىڭ ئاچىلمىغان كوڭلۇم،
كىچەدىن تا سەهەر پەريادۇ ئەپغان ئەيلىگەن كوڭلۇم.

كى يىردىن جۇدا بولغان، دىياردىن يىراق چۇشكەن،
بۇ كاككۇك مىسلى ئاه ئۇرغان داۋام قان يىغلىغان كوڭلۇم.

نىكۇلەر سوهبىتىن ئىزلەپ كىچەلەر ئاه ئۇرۇپ يىغلاپ،
هەمىشە يىرىدىن سوزلەپ ئەجەپ بىخانىمان كوڭلۇم.

قەيەرگە بارسا غەم هەمراز، كىشىگە ئەيتمايىن هىچ راز،
كى خوشلۇق ۋاختى ئازدىن ئاز ئىچىلىپ كۇلمىگەن كوڭلۇم.

www.uyghurkitap.com



ئانارده‌ك كۆلكۆ ئاغزىدا، تۇمه‌ن خۇندانه باغرىدا،
خالايىقلار ئاراسىدا ئه‌جه‌پ خوش خانىمان كوڭلۇم.

نه يه‌رده بولسا كوپ كۆلپه‌ت، يه‌نه ئازار هه‌م پۇرقه‌ت،
نادامه‌ت بىرله يۈز هه‌سره‌ت بارىغا ئۇچرىغان كوڭلۇم.

كورۇپ ره‌هىم ئه‌يلىمه‌س دىلبه‌ر، مىنىڭ نازۇك چىرايىمنى،
بۇ ئىشقىنىڭ ئوتىغا تاشلاپ، ئاجايىپ، قايىنىغان كوڭلۇم.

مالامه‌ت قىلغۇچى زاهىدقا به‌رگه‌يسه‌ن بالايى ئىشىق،
"مىنىڭ تارتقان جاپايىمنى بۇ هه‌م تارتسۇن" دىگه‌ن كوڭلۇم.

شىكه‌رله‌ر خه‌نده‌يۇ شىرىن ته‌به‌سسۇم غه‌مزىلىك كوزله‌ر،
ئۇرۇپ په‌رۋانه يه‌ڭلىغ ئىشىق ئوتىغا داغلىغان كوڭلۇم.

سه‌هى قه‌د سه‌رۋى قامه‌ت دىلده‌بايى غه‌مزه‌نى ياره‌پ،
"ئۆزۈك هه‌ل ئه‌يلىگىل بىر مۇدده‌ئاسىنى" دىگه‌ن كوڭلۇم.

ئه‌گه‌ر كه‌لسه ئۇلاردىن مىڭ جاپايۇ جه‌برىله‌ر خه‌سته،
"ته‌هه‌ممۇل ئه‌يلىگىل" ده‌پ ماڭا ده‌رمان ئه‌يلىگه‌ن كوڭلۇم.

× ×

بۇ كوڭۇلنىڭ يارىنى قويسام كوته‌رمه‌س بۇ زىمىن،
ئه‌يتا ئالمام زه‌رره‌ئى باردۇر ئه‌دۇ ئه‌نده‌ر كه‌مىن.

قه‌دىردان يارى مۇناسىپ تاپمايىن هالىم خاراپ،
بىلمىگه‌ي نادان، كوڭۇلنىڭ زه‌نجىشىن ده‌ردى غىمىن.

ره‌ڭگى رويىم سارغىيىپ ئاقتى كوزۇمدىن ئه‌شكى ده‌م،
ئاه ئۇرۇپ قىلسام پىغان تىتره‌ر په‌له‌ك ئه‌رشى بىرىن.

مه‌ۋج ئۇرۇپ ده‌ردۇ ئه‌له‌م، ئاقسا كوزۇمدىن قان سىرشك
ئىنسى جىن ره‌هىم ئه‌يله‌بان هالىمغا قىلغاي ئاپىرىن.

كاپىرى ته‌رسا كورۇپ هالىمنى كوز ياشىن توكه‌ر،
ده‌ردسىز نادانىنى كوردۇم چىقمىدى كوزنىڭ نىمىن.

ئەهلى دانا قەدرىنى دانا بىلوْر، نادان قاچان،
چوْنكى بىلمەس خىزىرنىڭ قەدرىنى هەر دىۋە لەئىن.

هەر كىشى ئوز هىممىتىچە يار ئىزلەر دەهر ئارا،
زەرنى زەرگەر ئىختىيار ئەتكەي نىجاسەتنى چىبىن.

ئول جەهەننەم سوهبىتىنى ناداندىن قىلمىش كوپ هەزەر،
ئى خوْدايا قىلمىغىل هەركىمنى نادانغا قەرىن.

دانىش ئەهلى ساقلىغىل ئوزنى بوْ نادان ئەهلىدىن،
چوْنكى ئالدىدا بارابەر تاش بىلەن دوْررى سەمىن.

ئولمايوْ سالىهانى كورسە گەردەنكەش بولوْپ،
پىسىق ئىلىن ئەيلەپ تەۋەززوْ سوْرتكوْسى يەرگە نىمىن.

ساقلىغىل خەستە تىلىگنى مەجلىس ئىچرە زىنهار،
چوْنكى نادان سوهبىتىدە بولمىدىڭ هەرگىز ئەمىن.

× ×

كوروْندى بىركىچە ئات ئوينوْتوْپ ئول جانى جانانە،
ئاچىپ يوْزدىن نىقابىن ئەيلىدى هەستىلەرگە جەۋلانە.

تويوْپ جاندىن، ئاياغىغا يىقىلدىم زار-زار يىغلاپ،
دىدى: "باشىڭ كوتەرگىل توْر بوْ مەيدان ئىچرە مەردانە".

تەلەتتوْپ ئەيلەبان: "هالىڭ نىچوْك؟" دەپ سوردى ئول دىلبەر،
دىدىم: "سوهبەت خوْمارىدا قىلوْرمەن ئاهى مەستانە."

خوْمارى سوهبىتىڭ، هەجرىڭ پىراقى قىلدى باغرىم خوْن،
قاچان سەندىن جوْدا بولدوْم، بوْ دەردىڭ بىرلە هەمخانە.

دىدى: "كوردوْم سىنى غەمكىن، پەجموْردەيوْ ئازوْردە"،
دىدىم: "قانداق قىلاي ئاقسا كوزوْمدىن ئەشكى دوْردانە!"

دىدى: "پەريات ئوروْپ كوچابە كوچا يىغلىسام دەرمەن،"
دىدى: "نادانلىغىڭدىن قىلما ئىشقىم ئەلگە ئەپسانە."

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدىم: "دەردۇ پىراقىڭ تىلىبە ئەيلەپ قىلدى بى ئۇلپەت،
بۇ بائىستىن مېنىڭدىن قاچتى ياران خىشۇ بىگانە."

دېدى: "نادانلىغىڭدىن بىلمىدىڭ ئىشقىنىڭ رۇسۇمىنى،
كى ئاشىق ئەھلى جان بەرمىش تۇتۇپ سىردىنى پىنھانە."

دېدىم: "ھەجرۇ پىراقىڭ ئالدى قولدىن ئەقلۇ ھۇشۇمنى،
بۇ مەستلىك بىرلە قانداق ساقلىغۇم ئىشقىڭنى خۇپيانە."

دېدى: "ئەي تىلىبە خەستە، ئەيلىدىڭ دىۋانىلىك بىھەد،
ئەجەپ سەركەش ئىكەنسەن" — دەپ تەبەسسۇم قىلدى خەندانە.

× ×

ئەي نىگارىم چىقسا بۇ جان خوش سېنىڭ شەۋقىڭ بىلە،
تاتماغۇم جان ئاچچىغىن بولسام بۇ دەم زەۋقىڭ بىلە.

ئىشىق ئىلىنىڭ دەپتىرىدە بولمىسا نامىم مېنىڭ،
ئىتلىرىڭ سانىغا قاتقىل رەھىم ئېتىپ لۇتپۇڭ بىلە.

كۆڭلۈم ئەيتۇر: "ئار ئەتكەي ئىت سېنىڭدىن، بىر ئۇزۇڭ،
شەرم قىلمايسەن ئەجەپ بۇ پىئلى ئەتۋارىڭ بىلە".

ھەرنىچە بولسام يامان كويۇڭدا يۇردۇم ئىت كەبى،
بۇ ئىشىكتىن قەھر ئېتىپ سەن قوغلىما قەھرىڭ بىلە.

ئايرىلىپ سەندىن نىگارىم ھەممە ئەھۋالىم بۇزۇق،
يوق ئەجەپ، ئۆلگەنسا ھالىم بىر نەزەرگاھىڭ بىلە.

غەم بىلەن پۇرقەت ئوتى جانۇ دىلىمنى ئورتىدى،
كۆل بولۇپ سورۇلغاي ئەردىم بولمىسام يادىڭ بىلە.

بىلگەنىنچە ئەرتەيۇ ئاخشام سېنى ياد ئەيلەدىم،
بىلمىسەممۇ ياخشى خىسلەت نامۇ ئەۋسايىڭ بىلە.

ياشلىغىمدا بىلمىدىم قەدرىڭنى كۆپ ھەسرەتتە مەن،
ئاقىۋسى ئەشكى نادامەت دەردى ھىجرانىڭ بىلە.

دەردىمە دەرمان تىلەپ سورسام دىلىمدىن، ئەيتقۇسى:
"تولدۇر ئەي تىلبە، جاھاننى ئاھۇ ئەپغانىڭ بىلە".

"داغى ھىجران ئەزدى باغرىم، ھىچ ئاڭا بارمۇ ئىلاج"
دىسەم ئەيتۇر: "رەۋزىگە كىر پەۋت قىلىپ ياشىڭ بىلە".

خەستە دەردىڭنىڭ داۋاسى، ئىستىسەڭ پىر رەۋزىسى،
كىرپىگىڭ جارۇپ سۇپۇرگىل، سۇ سىپىپ ياشىڭ بىلە.

× ×

كەل ئى ساقى پىدا ئەيلەي جىنىمنى، بىر تەرەپ ئەيلە،
بېرىپ بىر قەترە مەي مۇھلىك خۇمارىم بىر تەرەپ ئەيلە.

بېرىپ ۋەھدەت مەيدىن جۇرئەيى، ھالىمنى سەن شاد ئەت،
گەدانى لۇتىپ ئېتىپ شاھى ئەجەم بىرلە ئەرەپ ئەيلە.

خۇمارىم ئاشتى ھەددىن، مەس بولۇپ پەريات پىغان قىلسام،
مېنى مەئزۇر تۇتۇپ دىۋانە دەپ مەجنۇن لەقەب ئەيلە.

پىراق دەردىدە مەن تەشنە بولۇپ ئاشتى خۇمارىم كوپ،
قاچان يەتسە ماڭا نوبەت پىيالە لەب بەلەب ئەيلە.

تولا دىۋانەلار مەدھۇش، خۇمارى مەي قىلىپ بىھۇش،
ئېچىپ خۇمخانە ئاغزىنى قىچىرماقلىقنى دار ئەيلە.

"ئېچىپ مەيخانە ئىشىكىن مەست ئۇلغانلارغا بىر سۇنسۇن"،
دىبان دىۋانەلەر تۇن كېچەلەردە سەن تەلەب ئەيلە.

ئەگەر يار بەرسە بەختىڭ سۇنسا ساقى ساڭا بىر جام مەي،
قوپۇپ تەزىم ئېتىپ خەستە، جىنىڭ بىرلە ئەدەپ ئەيلە.

× ×

ساقى، خۇمارىم ئاشتى، سۇنغىن ماڭا پىيالە،
ھىچ قالمىسۇن كوڭۇلدە كۇدۇرەتى بۇ سالە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەسلى رەبىئەدە گۇلشەن ئەجەپ تاپمىش تاراۋەت،
گۇللەر ئۇنۇپ رەڭبەرەڭ، ئەتراپ باغلەرگە لالە.

ۋاختى باھارکى بولمىش، شاخلارمۇ ھەم كوكەرمىش،
كوڭلۇم مىنىڭ بۇزۇلمىش كورگەچ زامان بۇ ھالە.

باغلاردا قۇمرى خۇشھال، "گۇ - گۇ" دىبان سورار ھال،
سۇنغان ماڭا بىرۇ بال، قىلغۇم پىغانۇ نالە.

مەھجۇر قىلدى ئۇل مەھۋەش، ھىچ كەلمىدى پەيامى،
بادى ساباغا ئەيتاي، ئەرزىم ئەيتىپ قەبالە.

ھىچ بولمىدى پارامۇش، شامۇ سابا كوڭۇلدىن.
ئۇچقاچ كوزدىن پەرىۋەش، قان ياش كوزۇمگە ھالە.

گۇلشەن ئىچىدە ھەرگىز كوڭلۇم مىنىڭ خوش ئەمەس،
كورسەتمىسە جامالىن، ماڭا شىرىن ماقالە.

كورمەككە زادۇ ھەيران ئۇل غۇنچەئى كامالنى،
بۇلبۇل كەبى كىچەلەر قىلغۇم پىغانۇ نالە.

پۇرقەتتە كويدى جانىم، ھىچ قالمىدى قارارىم،
دەردىم پۇتسەم تۈگەنمەس، دەپتەر بولۇر رىسالە.

ئۇل يارى قەدىرداندىن ئالالمايىن ھىچ خەبەر،
بىچارە تىلبە قىلدى ياراتقانغا ھاۋالە.

تىكىپ يولىغا كوزنى، بىچارە خەستە يىغلار،
قولنى ئىچىپ دۇئاغا، مەستانە بولدى ۋالە.

× ×

مومىن ئەرسەڭ سەن غەنىمەت، بىل جۇۋانلىق ۋاختىنى،
سەرپ قىلغىل سەن ئىبادەتكە جۇۋانلىق ۋاختىنى.

كىمكى نادان بولسا قاچغىل، دىلنى ۋەيران ئەيلىگەي،
خىزمىتى داناغا سەرپ ئەت بۇ جۇۋانلىق ۋاختىنى.

سورسا: "نادان كىم؟" دىبان، ئەيتقىل ئاڭا: "بىدەرتلەر"،
دەرتسىز ئادەم خاراپ ئەتكەي جۇۋانلىق ۋاختىنى.

سوھبىتى دانانى بىلگىل دىن ئۇيىن ئابات ئېتەر،
سەئى ئېتىپ دىن يولغا باشلار بۇ جۇۋانلىق ۋاختىنى.

بىز نىھالدۇر كىم جۇۋانلىق، راست بىرلە راست بولۇر،
راستقا بەرمەي ئەگرى قىلما بۇ جۇۋانلىق ۋاختىنى.

سوپى ئىبنىلۋەقت بولغىل، ياڭا بولۋەقت ئى رەپىق،
تاڭلا دەپ بەرمە قولۇڭدىن بۇ جۇۋانلىق ۋاختىنى.

ئۆتكەن ئىشنى ياد قىلما، كەلمىگەنگە مۇنتەزىر،
دىمىگىل "پەريادۇ ۋاي" بىلگىل غەنىمەت ۋاختىنى.



www.uyghurkitap.com




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئايشەم ئەخمەت**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

18 – ئەسىرنىڭ 50 – يىللىرى جوڭغارخانلىقى بىلەن مانجۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. جوڭغار ئۆيراتلىرىنىڭ خانى قۇنتاجى مانجۇلاردىن مۇداپىئە كورۇش ئۈچۈن، قۇمۇلغا قوشۇن يوتكەپ، قۇمۇلنىڭ ئاستانە، سومقاغە، توغوچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىق جايلىرىدا تور (گازارما) لارنى سالدۇرۇپ، ئۇ تورلاردا نۇرغۇن لەشكەر توختاتتى. بۇ لەشكەرلەر قۇمۇل خەلقىنى پات - پات بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، پاراكەندىچىلىكتە سىلىپ تۇردى. قۇنتاجى، لەشكەرلىرىنىڭ قۇمۇلنى بىر يىلدا ئۈچ قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان ئىدى. خەلق قۇنتاجى لەشكەرلىرىدىن قورقۇپ، كوندۈزلىرى تۇرخۇنلىرىدىن ئىس چىقىرالمايتتى. ئۇلار ئاش - تاماقنى كېچىلىرى يوشۇرۇن ئېتىپ يەۋېلىپ، كوندۈزى ئاشلىق - تۇلۇك ۋە قازان - قومۇچىنى يوشۇرۇپ قوياتتى، ھەتتا نۇرغۇن ئادەملەر چول - باياۋانلارغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەرلەردە موكۇنۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ خىل زۇلۇمغا چىدىمىغان قۇمۇل خەلقى ئاخىرى كوتىرىلدى. خەلق سەركەردىسى مۇھەممەت شاھى غازىبەگ قۇمۇل خەلقىگە باشلامچىلىق قىلىپ قۇنتاجى لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ياچىبەگ ئەنە شۇ يىللاردا چىققان خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ بىرسى. ياچىبەگ ئارتام - باغداش ئەتراپ - لىرىدا، تۈرك ۋە ئەلتى تاغلىرىدا يۈرۈپ جوڭغارلار بىلەن سوقۇشقان. جوڭغار لەشكەر - لىرى ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئوسمان بەگ دىگەننى سەككىز مىسقال ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ، بۇ ساتقىننى پايلاقچىلىققا سالغان. ئوسمان بەگ ياچىبەگنى تۇتالماي، ئاخىرى ياچىبەگنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى سامانچى دىگەننى ئىشقا سالغان. سامانچى ياچىبەگنى ھىيلە - مىكىر بىلەن قىلتاققا چۈشۈرۈپ، جوڭغار لەشكەرلىرىگە تۇتۇپ بەرگەن. خەلق قەھرىمانى ياچىبەگ جوڭغار لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئولتۈرۈلگەن. قوزغىلاڭچى خەلق كېيىن خائىن سامانچىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى تۇلۇمچە سويۇپ، پوستىغا سامان تىققان. "ياچىبەگ" داستانى مانا شۇ ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

تومۇر خەلپە — (تومۇر - مۇجاڭ) 1912 - يىلى قۇمۇلدا مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى كوتىرىلگەن دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى. تومۇر خەلپە باشچىلىقىدىكى بۇ قوزغىلاڭ پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. قوزغىلاڭچىلار ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قۇمۇلنىڭ ئون ئىككى تاغ رايونىنى قولغا كىرگۈزۈپ، قۇمۇل ۋاڭى ۋە ئۇرۇمچى جاڭجۇنلىرىنىڭ كوپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ،

ئۇلارنى زور چىقىمغا ئۇچراتقان. ئەمما ئاخىرى ياڭ زىڭشىڭ تومۇر خەلپىنى ئالداپ، ئۇرۇمچىگە ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى 1913 - يىلى 9 - ئايدا بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

«تومۇر خەلپە» داستانىدا مانا شۇ تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

## ياچىبەگ

ئۆتكەن ئىدى ياچىبەگ،
بۇلاڭ - تالاڭ زاماندا.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.

ياچىبەگنىڭ ئۆيلىرى،
تۆرك تىبغى ئەلتىدە.
ھىلە - تاما يوق ئىدى،
ياچىبەگنىڭ ئەپتىدە.

قوشۇنتاجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەققە سورۇقلۇق.
سار سېلىشتى① خالايىق،
ئۆي - ماكانى تۇرۇقلۇق.

يىمەك - ئىچمەك نى ھاجەت،
قاپلاپ كەتتى قورۇقلۇق.
ھالىدىن كەتتى خالايىق،
تېپىلماستىن ئوزۇقلۇق.

شۇندا چىقتى ياچىبەگ،
ئۆڭ قولىغا نەيزە ئەپ.
تاغلار ئارا يول سالدى،
پالۋانلارنى يېتەكلەپ.

ياچىبەگنى كورگەنلەر،
سومباتلىقكەن دەر ئىدى.
گورزى - بازغان قولىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچىبەگ خوپ ئەر ئىدى،
يەتتە قولان يەر ئىدى.
يەتتە قولان يەپ بولۇپ،
يەنە بارمۇ دەر ئىدى.

ياچىبەگنىڭ دادىسى،
ئىدى ئېتى سۇلايمان.
ياچىبەگنىڭ سىڭلىسىنى،
سامانچى دىگەن ئالغان.

سوقلەت② - سورىن سامانچى،
ياچىغا بولدى پايلاقچى.
نەپكە سېتىپ جېنىنى،
بولدى ياۋغا يالاقچى.

ياچى دىگەن بىر كىشى،
ئارقىسىدا مىڭ كىشى.
ياچىغا ئېگىلمىسە،
قۇتۇلمايدۇ ھىچ كىشى.

ياچى دىگەن يانچىيدۇ،
دۈشمەن بولسا سانچىيدۇ.
كىمكى يانسا ياچىغا،
ئىرباڭ بىلەن يانچىيدۇ.

① سارسېلىش — خارلىنىپ قېلىش (تاسقىلىپ يۈرۈش).
② سوقلەت — يوقلاڭ ئىشلارغا سوقۇلۇۋالىدىغان مەمەدان.

www.uyghurkitap.com

ئۇيرات خانىنىڭ خېتىدە،
تۇتسۇن دىدى ياچىنى.
توغام - توغام يول توراپ،
چېرىك قويدى بارچىنى.

سەككىز مىڭقال ئالتۇنغا،
سېتىۋالدى ئۇسمانىنى.
ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى،
ياچىبەگدەك ئوغلانىنى.

تۇتماق بولدى ئۇسمانبەگ،
ياچىبەگنى تىلىك - تىڭلاپ،
تۇتالمىدى ياچىنى،
پايلىسىمۇ غىلجىڭلاپ.

ياچىبەگنىڭ جېنىغا،
سۇيقەست قىلدى ئۇسمانبەگ.
سامانچىنى ئالداشقا،
نىيەت قىلدى ئۇسمانبەگ.

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئۇسمانبەككە قېتىلدى.
ياچىبەگنى پايلىدى،
تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى.

ياچىبەگنى تۇتماققا،
ئەھدە قىلدى سامانچى.
بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى،
بىلەلمىدى ھېچ ياچى.

سۇلايمان بەك سورىدى،
"ياچى دىگەن قايدا؟" دەپ.
جاۋاپ بەردى سامانچى:
"تاغ ئارىسى باغدا"، دەپ.

تاغ ئارىلاپ ياچىبەگ،
چۈشۈپ كەلدى بىر كۈنى.
بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز،
كورمەك بولۇپ يۇرتىنى.

سامانچى ئۇنى ئىزلەيتتى،
ئۇندىن - بۇندىن سوراقلاپ.
تاغمۇ تاغ ئاراسىدا،
يۇرگەن ئىدى يول پايلاپ.

شۇل ئەسنادا ياچىغا،
ئۇچراپ قالدى سامانچى.
تىچ كەلدىڭمۇ دەپ ئۇنى،
قارشى ئالدى سامانچى.

ئىشقا سالدى چېرىكلەر،
سامانچىدەك غالچىنى.
مىڭلاپ چېرىك موكۇنىدى،
تۇتماق بولۇپ ياچىنى.

ئوتكۇر كوزلۇك ياچىبەگ،
ئەتراپىغا نەزەر سالدى.
ياۋنى كورمىگەن بىلەن،
كوڭلىدە تويۇپ قالدى.

ياناي دىدى ئۇزىنى،
ئالماق بولۇپ دالدىغا.
شۇ چاغ كەلدى سامانچى،
ياچىبەگنىڭ ئالدىغا.

"بىزنىڭ ئويلەر تىچ بولدى،
چۈشۈپ ئوتۇڭ ياچىبەگ.
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسىز،
سىنچاي ئىچىڭ ياچىبەگ"

ئۇيان ئوتتى ياچىبەگ،
بۇيان ئوتتى ياچىبەگ.
ئاخىر ئويگە كىرمەكنى،
قارار ئەتتى ياچىبەگ.

تۇيغۇزمىدى بۇ ئىشنى،
سامانچى ئايالىغا.
چۇشۇرمەكچى بولدى ئۇ،
ياچىبەگنى دامىغا.

پۇرسەت كۇتۇپ تالاغا،
چىقىۋالدى سامانچى.
خىيال سۇرۇپ شۇ ئۇيدە،
يالغۇز قالدى بۇ ياچى.

سامانچى چېرىكلەرنى،
ھەر تەرەپتە توختاتتى.
ياچىبەگنىڭ ئىتىنىڭ،
ئۇلاگىنى بوشاتتى.

شۇ ئەسنادا چاقىردى:
"چاپسان چىقىڭ ياچىبەگ!"
چېرىكلەر كېلىپ قاپتۇ،
ئاتقا مىنىڭ ياچىبەگ.

ئۇيدىن چىقىپ ياچىبەگ،
چۇشۇپ قالدى قاپقانغا.
ئۇزەڭگىگە پۇت سېلىپ،
يىقىلىپ چۇشتى بىر يانغا.

چېرىكلەر بېسىپ كېلىپ،
قورشىۋالدى ياچىنى.
سالما تاشلاپ بوينىغا،
تۇتۇۋالدى ياچىنى.

توغرا تاغنىڭ ئالدىدا،
توراپ ئالدى ياچىنى.
ئەلەنجىسگە قويماي،
باغلاپ ئالدى ياچىنى.

ھەيران قالدى ياچىبەگ،
قاراپ شۇ چاغ ئەتراپقا.
قىلتاقنى چۇشەنگەندە،
تولدى كوڭلى پەرياتقا.

چۇقان سالدى چېرىكلەر:
يۇردۇڭ تاغدا ياچىبەگ.
ئەمدى قولغا چۇشتۇڭمۇ،
ئوبدان چاغدا ياچىبەگ.

بۇنى ئاڭلاپ ياچىنىڭ،
كوزلىرىدىن ئوت ياندى.
باغلانسىمۇ قاتمۇ ـ قات،
چېرىكلەرگە تاشلاندى.

بىر تىنىك بېقىپ قارىدى،
سامانچىنىڭ يۇزىگە.
قوللىرىنى جورىدى،
سامانچىنىڭ كوزىگە.

ئېلىپ ماڭدى ياچىنى،
ئۇلتۇرۇشكە چاغلاندى.
ئاللا قولى دىگەن ئوغلى،
ئارقىسىدىن تاشلاندى.

ياچىبەگ—ئەلنىڭ ئوغلى،
ئوت ئىكەن، چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۇلتۇرگەن،
جاللىق ئۇيرات ئىكەن.

× ×

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا بەردى دوستىغا.
سامانچىنى جازالاپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

www.uyghurkitap.com



# تومۇر خەلپە

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ،
باغداشنىڭ تاغى.
دەرت كەلگەندە پايلىمايدۇ،
يۈرەكنىڭ داغى.

لەپ ـ لەپ قىلىپ قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
ئۆتكۈر كوزلەر ئوقيا بولدى،
دۈشمەننى پايلاپ.

ئالتاي ياتتۇق مىنگاڭدا،
سوكسوك بىلەن ئوت قالاپ.
كوزنىڭ خومارى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
مېنىڭ يولدۇشۇم.
يوپۇرمىغى شىلدىرلىسا،
هوشياردۇر بېشىم.

دەهشەت بىلەن ئېلىشقاندا،
دۈشمەن بىلەن مەن.
ئۆلۈپ قالسام يىغلارسىزمۇ،
جان قېرىندىشىم.

هوگا بولۇت ئۈستۈمدە،
دۈشمەن مېنىڭ قەستىمدە.
مەن خۇداغا راست بولسام،
دۈشمەن ئاياق ئاستىمدا.

تاغ سايان قىلدۇق سەپەر،
ئەمدى نىچۇك هاللار كېچەر.
تاغدىمۇ ئادەم تولا،
ئۆيناپ ـ كۈلۈپ كۈنلەر ئوتەر.

قار ـ يامغۇر يېغىۋاتىدۇ،
بولو داۋاندىن سىيرىلىپ.
چېرىكلەر كېلىۋاتىدۇ،
ئەزرائىلدەك كېرىلىپ.

توۋە يېنىدىن چېرىك چىقتى،
ئەلىمنى دىڭگايتىپ.
ئاخۇن ـ موللىلار قاچتى،
سەللىسىنى قىڭغايتىپ.

ئۈچكورە بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
هەممە خەقكە ئاش بولدى.
تومۇر خەلپە دىگەن باتۇر،
ئون ئىككى تاقىغا باش بولدى.

كوتەل بېشى تەنىشىگدە،
تەسكەن ئوتۇن چاپتۇق بىز.
قېرىدىم بىلەن شەر سوقۇپ،
ئوتتۇرىسىدا ياتتۇق بىز.

يەنداشەيمۇ كەلگەندە،
تولا سوقتى داڭداڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جوڭجاڭنى.

تومۇر خەلپە تەۋرىدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەندارىنى يىقىتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

ئاقچوق سېپىي ئوپۇركەن،
چەندارىن دىگەن چوقۇركەن.
تاغچى پالۋانلار چۈشسە،
چەندارىنمۇ قوقۇركەن.

چېرىكلەرنىڭ ئولۇگى،
چىڭ خاكىياۋغا پاتمىدى.
چەندارىنىڭ ئەسكىرى،
يەرلەر تېپىپ ياتمىدى.

ئاقچوق سىيىغا چىقىپ،
چەندارىنغا ئوق ئاتتوق.
چەندارىنمو زور چىقىپ،
ياردالك ياقىلاپ قاچتوق.

تاغدا يايلىغان كاللار،
قارىغاي ئارىلاپ كەتتى.
دوست بولىمىز دىگەنلەر،
ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى.

توۋەندىن چىقىپ كەلدى،
يومولاق - يومولاق قوڭغوزلار.
هوشورنى توتوپ بەرگەن،
مەمەت قولىدەك توڭگوزلار.

كول بويىدا نىملەر بار،
ئودەك بىلەن غازلار بار.
ئودەك ئاتسالك غاز قالسون،
دوشمەن ئولوپ دوست قالسون.

بىز ئولسەك ئولوپ كەتتوق،
ئەل - يورتلار ئامان قالسون.
بىزنى دىگەن يارەنلەر،
ئولمەستىن هايات قالسون.

مىلتىغىمنى مەن ئىسىپ،
تاغلاردا ئوۋ ئوۋلودوم.
ئوچ بالامنىلك دەردىدە،
ئويرات بولوپ دولودوم.

خوي غىرىپ بولدى كىشى،
باغداش دىگەن تاغ ئىچىدە.
قانىتىم بولسا ئوچارمەن،
تون قاراڭغو كىچىدە.

ئوچكوردومو، ئوچكوردوم،
نەنسەن تىغىدا چوش كوردوم.
كىچە يىتىپ ئويىقومدا،
باللىرىمنى چوش كوردوم.

ئەمبەرغول دىگەن يەردە،
بىر تاتلىق بىغىر قىلغان.
يوسوپ ئاخون رەمەتلىك،
توروق ئاتنى يىغىر قىلغان.

كوتەل بىشى تەنشىگدە،
ئالا ئىنەكنى ئولتورگەن.
بايلار گوش تالاشقاندا،
موللىمەتنى كويدورگەن.

ئورىگون دىمەلك بىزنى،
ئوچ يىل تىجىدوق سىزنى.
ئارپا - بوغداينى كوروپ،
تاشلىۋەتمەگلار بىزنى.

قاغىلار قاغوم سايان،
سەگونچىگىم سەرۋەلك سايان.
تاغچىلار تاققا ماڭغاندا،
قالغانلار قاراپ قالغان.

ئاتلار ئوروق، يوللار يىراق،
جانلاردىن ئوتتى،
ئاتنى سىمىز ساقلىغانلار
قوش بولوپ ئوچتى.

داۋان توۋەن چوشوپ كەلدوق،
ئاتلار ئويناتىپ.
قوللىرىمىزدا كومۇش مىلتىق،
شەر قولان ئاتىپ.

سەن بىزنى سوقتوم دەيسەن،
سىپى چولاق قامچالك بىلەن.
خودايىم كەسسون قولوڭنى،
ئوتمىگەن قاچالك بىلەن.

خويما كاتتا جەلك بولدى،
كوشوتى دىگەن دەندە.
جىڭتەي دىگەن ئەر بولوپ،
قورقوپ ئولدى شو دەمدە.

شامەخسۇتتىن خەت چىقتى،
ئۇقالماستىن دوگولەتتۇق.
سۇخەنچى بولغان لالمىنى،
تاغ بېشىدىن تىكلەتتۇق.

ئىگىز تاغنىڭ ئارقىسىدا،
كاتتا - كىچىك شەرلەر بار.
دۇشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
جۇڭجاڭ ئالغان ئەرلەر بار.

چىڭ ۋاڭ غوجام خەت بەردى،
"جۇڭجاڭلارنى بەرسۇن" دەپ.
تومۇر خەلپە خەت بەردى،
"ئۇرۇشار بولسا كەلسۇن!" دەپ.

كوشۇتنىڭ داۋانىدا،
ئات كوكسىدە جوغۇلا.
تومۇرنى تۇتۇپ بەردى،
مەمەت قولىدەك دوغىلار.

مىنى ئولتۇرگىدەك ئەمدى،
ئوقادۇرمەن ئىمانىمنى.
قىيامەت قايىم بولغاندا،
ئالادۇرمەن جاۋۇسىمنى.

ئىگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
مەن مۇندا غېرىپ جايدا،
ئاتا - ئانىلار قايدا؟

جان چىقاردا كەلسەڭدى،
جانان قاشىمغا مىنىڭ.
نى ئالامەت تاغلىرى،
سىرلىدى باشىمغا مىنىڭ.

تومۇر خەلپە كەتتىغۇ،
ئۇرۇمچىگە يەتتىغۇ.
"ئۇنىڭ يانىغا ئۇتتۇم" دەپ،
زەردى بىلەن كەتتىغۇ.

ئۇرۇمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تومۇرنى ئېلىپ چىقسا،
ھەر كۇنلۇگى سوراق بار.

ئۇرۇمچىنىڭ چېرىگى،
ئاتلىرنى يالدايدۇ.
تومۇرنى ھالاك قىلىپ،
نەيزىسىنى قاندايدۇ.

مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن،
يەر سۆيىنى بىلمەسمەن.
يەر سۆيىنى بىلگەندە،
باغلىساڭمۇ تۇرماسمەن.

ئۇرۇمچىدىكى جاڭجۇنلەر،
ئولتۇرۇشكە مايىللار.
پۇل بەرسىمۇ ئۇنۇمايدۇ،
جاڭجۇن دىگەن جاھىللار.

تومۇرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
چىڭ ۋاڭ غوجام قاراقچى،
جۇڭجاڭىنىمۇ تاپتۇردى.

قىيىن ئىگەر چاپتۇردى،
كىمخاپ بىلەن ياپتۇردى.
يۇزى قارا شامەخسۇت،
شۇنچە خەقنى ئاتتۇردى.

ئۇ زاماندا تىچلىق يوق،
شاڭ پاڭلارغا مەش قويىدى.
بىر جىڭ توت سەر ئاش بىرىپ،
پالۋانلارنى ئاچ قويىدى.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۇنىڭ ئىچى زارەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تومۇر خەلپە رەھمەتلىك.



# شاھزادە پەررۇخ

(خەلق داستانى)

داستاننى ساقلىغۇچى: **ئېلى ئومەر**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇرېھىم ئىسمايىل**

رىۋايەت قىلغۇچىلار ئانداغ رىۋايەت قىلىپتۇركى، قەدىمقى زاماندا قەندىھار دىگەن بىر شەھەر بار ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ ئىسمىنى لەندىھۇر دەپ ئاتايتتى. لەندىھۇرنىڭ ناھايىتى زەبەردەست بىر ئوغلى بولۇپ، ئېتى پەررۇخ ئىدى. قىرىق يىگىت شاھزادە پەررۇخقا ھەمرا بولۇپ، ئۇنى مۇھاپىزەت قىلاتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ چار باغىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر مەھەل سەيلى-تاماشا قىلىپ كوڭۇل ئاچقاندىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز شاھى سۇپىغا كېلىپ ئارام ئالدى. شۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭدا ئۇيقۇ غەلىبە قىلىپ، بىر چۈش كوردى. چۈشىدە، توت يۈز كېنىزەكنى ھەمرا قىلىپ، ئاي دىسە ئاي ئەمەس،

كۈن دىسە كۈن ئەمەس، ئاپتابى تەلئەت ۋە مۇشتىرى سائادەت، ھوسنى لاتاپەت بىر نازىنىن قىز شاھ سۇپا ئالدىدىكى گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلزارلىقتا نامايەن بولدى. قىز نەچچە خىل ناز ـ كېرەشمىلەرنى جىلۋىغا كىرگۈزۈپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇغىنىچە شاھزادىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى:

قىز:

بۇ باغنىڭ گۈللىرى بىسياردۇرلەر،
بۇ گۈللەرنى سويۇپ قالغاچقا كەلدىم.
مۇھەببەتكە كوكۇل خۇشتاردۇرلەر،
يۈرەكتە ئىشىق ئوتى يانغاچقا كەلدىم.

پەررۇخ:

كوزى چولپان ئوزى ئايدەك نىگارىم،
يۈزىڭنى بىر كورۇپ ئاغدى خىيالىم.
پىدا بولسۇن ساڭا مېنىڭ جانۇ ـ جانىم،
بايان ئەيلە ئوزۇڭ قايدىن كېلۈرسەن؟

قىز:

مېنىڭ نامىمنى سورساڭ ئەي نىكوزات،
ئېرور گۈلرۇخ، ئوزەممەن ئادىمىزات.
قويۇلغاندۇر ئاتامغا قىلىچخان ئات،
سېنى دەپ بۇ ماكانلارغا كېلىپمەن.

پەررۇخ:

ئەسىر قىلدى مېنى ھوسنى ـ جامالىڭ،
كوكۇلگە ياقتى بەك شىرىن كالامىڭ.
بولاي ئالدىڭدىمەن دائىم غولامىڭ،
بايان ئەيلە ئوزۇڭ قايدىن كېلۈرسەن؟

قىز:

ماكانىم سورسىلەر شەھرى يەمەندۇر،
قۇچاغى كەكرى ھەم باغۇ ـ چىمەندۇر.
يىگىتى ۋە قىزلىرى خۇشخۇي لىۋەندۇر،
سېنى دەپ بۇ ماكانلارغا كېلىپمەن.

پەررۇخ:

كىشىنىڭ بولسا مەرغۇپ دولىتى ـ يارى،
ئوتەر خۇشخۇي كۈلۈپ ئومۇر باھارى.
ۋىسالىڭغا سېنىڭ بولدۇم خۇمارى،
بايان ئەيلە ماڭا، نەدىن كېلۈرسەن؟

ئەلقىسسە، گۈلرۇخ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىگىلىپ تازىم قىلدى. قولىدىكى ئۈچ تال قىزىل گۈلنى جىلۋە-ناز بىلەن تۇتۇپ بېرىپ، بۇلبۇلگويادەك قاقاقلاپ كۈلۈپ قىزلار بىلەن بىرلىكتە گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ كوزدىن غايىپ بولدى.

شاھزادە گۈلنى قولىغا ئېلىپ بىر پۇراپلا چوچۇپ ئويغاندى. قارىسا چۈشى ئىكەن. ۋۇجۇدى ئىشىق ئوتىدا قىزىپ، يۈرىگى پىراق يالقۇنىدا كويۇۋېتىپتۇ. شاھزادە بۇ ئازاپقا تاقەت قىلالماي ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. يىگىتلەر شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال پادىشا لەندىھۇرغا خەۋەر قىلدى. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ، گىريان ۋە نالان بولۇپ ۋەزىر-ئەمىرلىرى بىلەن باققا يېتىپ كەلدى، قارىسا ئوغلى زەبۇن ۋە رەمەق جان بولۇپ يېتىپتۇ، سەرۋىدەك بويى يادەك ئىگىلىپتۇ، قىزىلگۈلدەك چىرايى زەپىرەندەك سارغىيىپتۇ. قەندىھار شاھزادىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، نىمە بولغانلىغىنى سوراپ ھىچكىمدىن بىرەر ئېغىز جاۋاپ ئالالمىدى. ئۇ ئىلاجىسىز شاھزادىنى چاھار جۇپقا (تەختىراۋانغا) ياتقۇزۇپ ئوردىغا يوتكىتىپ كەلدى. ئوردا ئەھلى يىغلىدى. پەررۇخنىڭ ئانىسى — مەلىكە شەھرىيار ئوغلىنىڭ دەردىدە ئورتىنىپ، كوزلىرىدىن ياش توكۇپ يېتىپ كەلدى ۋە پەرزەندىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ "ئەي كوزۇمنىڭ قارىسى مېھرىۋانىم بالام! نىمە بولدىڭىز، كوزىڭىزنى ئېچىپ ماڭا جاۋاپ بېرىڭ!" دەپ نالە-پەريات قىلدى. شاھزادىدىن سادا چىقمىدى.

شاھزادىنىڭ ئاتابېك ئىسىملىك دانىشمەن ۋە بىلىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ ھەر قانداق مۇشكۇل ئىشقا چارە تاپالايتتى. ۋەزىر ئوردىغا بېرىپ شاھزادىنى كوزدىن كەچۈردى: شاھزادە كوزى يۇمۇلغان، چىرايى سارغايغان ۋە ئېغىر نەپەس ئالغىن ھالدا، ئۈنسىز ياتاتتى. ئاتابېك ئۇنىڭ قانداق بولۇپ بۇ ھالغا گىرىپتار بولغانلىغىنى سورىغان ئىدى، يىگىتلەردىن بىرى سوزلەپ مۇنداق دىدى: "بىز سەيلى-تاماشا ئۈچۈن شاھزادە بىلەن باققا بارغان ئىدۇق، شاھزادە شاھ سۇپىدا ئازراق ئارام ئالغان، بىز بىر سائەتتىن كېيىن بېرىپ ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كوردۇق." ئاتابېك بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلدى ۋە پادىشاغا تېۋىپ چاقىرتايلى! — دىدى.

پادىشاھى لەندىھۇرنىڭ سارىيىدا ئۈچيۈز نەپەر تېۋىپ بار ئىدى، پادىشا دەرھال ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىلاج ئەيلەڭ بۇ بىمارنىڭ دەردىگە،
جانىم بالام پاتراق شىپا تاپسۇنلەر.
داۋا قىلىڭ چەككەن ئازاپ رەنجىگە،
جانىم بالام پاتراق شىپا تاپسۇنلەر.

شە-شەلەردىن ئېلىپ كەلگەن تېۋىپلەر،
ئوغلۇم ئۈچۈن ياخشى دورا بېرىڭلار.
ساقايتساڭلار خالىغاننى ئېلىڭلار،
جېنىم بالام پاتراق شىپا تاپسۇنلەر.

شاھزادىدۇر مېنىڭ ئۈمۈر چىراغىم،
دىل خۇشلۇغۇم، كوزۇم نۇرى، قاراغىم.
ئۈسىز ئۆتمەس گاللىن ئەسلا تاماغىم،
جېنىم بالام پاتراق شىپا تاپسۇنلەر.

ۋەدەم شۇلدۇر قىرىق غولام ـ قۇل بېرەي،
خىزمىتىڭلار قىلىپ قۇلدەك تەلمۈرەي.
غەزنەمدىن ئۇن يەتتىنى ئۆتۈنەي،
جانىم بالام پاتراق شىپا تاپسۇنلەر.

تىۋىپلەر پادىشا تەرىپىدىن كوپ ئىززەت ـ ئىكرامغا مۇيەسسەر بولدى، ياخشى كۈتۈلدى. ئۇلار شاھزادىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ تومۇرلىرىنى تۇتۇپ، دورىلارنى ئىچكۈزدى، ھەممە ماھارەتلىرىنى ئىشلەتتى، بىراق، نەتىجىسى بولمىدى. شاھزادە جوياۇپ سوزلەيدىغان، گەپ سورىسا جاۋاپ بەرمەيدىغان، ئىشقىياتقا مۇناسىۋەتلىك سوزلەرنى ئاڭلىسا، كوزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزىدىغان بىر ھالەتنى ئىپادە قىلدى. تىۋىپلەردىن بىرى: "ئەي پادىشاھى ئالەم، ئوغلىڭىز ئىلگىرىكىدىن سەل ـ پەل ياخشىلانغان بولسىمۇ، لېكىن كېسەللىك ھالىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. قۇرئان ئوقۇتۇپ، دېمىدە ئىچكۈزۈپ كورسەك قانداق بولار؟" — دەپ ئېيتتى.

قەندىھار ئوردىغا قارى ـ قۇرئانلارنى چاقىرتتى. قارىلار بىر نەچچە كۈن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، شاھزادىگە دېمىدە ئىچۈردى، شاھزادە خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى.

بىر كۈنى شاھزادىنى ئاتا ـ ئانىسى يولەپ خاس ھوجرىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئۇنىڭغا "ئول كۈنى چارباققا سەيلىگە بېرىپ بۇ ھالەتكە گىرىپتار بولغىنىڭىزدىن بۇيان، بىز ناھايىتى بىئارامچىلىقتا قالدۇق، ئوغلۇم، قەيەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟ نىمىشقا تائام يىمەيسىز، گەپ ـ سوز قىلمايسىز؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىزگە بايان قىلسىڭىز، بىز چارە قىلساق قانداق؟" دەپ ئېيتتى.

شاھزادە پەررۇخ بىر ئاھ چېكىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

چار باققا باردىم بىر كۈنى سەيلىگە،
دوستلار مېنى ئۆزگە يار ئەيلىدى.
قىلدۇق ئۇندا خېلى ئۇزاق تاماشا،
خوش مەنزىرلەر بىزنى خۇشتار ئەيلىدى.

تۇرار ئىدى باغدا گۈللەر ئېچىلىپ،
گۈپۈلدىگەن خۇش پۇراقلار چېچىلىپ،
پىشقان ئىدى مىۋىلەر تەڭ يېتىلىپ،
بىزنى كورۇپ قۇشلار ئەشئار ئەيلىدى.

قىلدۇق ئۇزاق دوستلار بىلەن سەيرىلەر،
گۇلزار ئىچرە كىرىپ ئۇزدۇق لەيلىلەر،
سۇغا چومدۇق، يىدۇق شەرۋەت مىۋىلەر،
شاتلىغىنى ھەركىم بىسيار ئەيلىدى.

كوردۇم بىر چۇش: بولدى باغدا يار پەيدا،
ئاڭا ئىدى نۇرغۇنلىغان قىز ھەمرا،
بولدۇم ئۇنى بىر كورۇپلا چىن شەيدا،
كوكسۇم ئارا ئىشقى قارار ئەيلىدى.

كېلىپ گۇلدەك ئىگىلىپ قىلدى سالامى،
پۇتتى سەۋىر - تاقتىمنىڭ چىدامى،
ئاقتى بالدەك ئاغزىدىن سوز - كالامى،
مەقسىدىنى ماڭا ئاشكار ئەيلىدى.

جانغا سىلىپ يالقۇنلۇق بىر ئوت - ئاتەش،
غايىپ بولدى تۇيۇقسىز ئول يار - مەھۋەش،
شۇندىن بۇيان چەكمىشىمدۇر دەرت - نالەش،
كۇن - تۇنۇمنى ئازاپ دىشۋار ئەيلىدى.

پەررۇخ بۇ نەزمنى ئوقۇپ، بىر ئاھ چەكتى - دە، يەنە ھۇشىدىن كەتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كورۇپ تېخمۇ بىارام بولدى. شاھى قەندىھار: "مېنىڭ بۇ پەرزەنت جىگەر بەندىم بىر يارى مەھبۇپقا چۇشىدە كوڭۇل ئېلىندۇرغان ئوخشايدۇ، ئەي ۋەزىرلەر، ئولىمالار، ھوكمالىرىم! بۇنىڭ ئىلاجى نىمىدۇر؟ بۇنىڭغا چارە قىلىڭلار! دەپ بۇ مۇرەببەنى ئوقۇدى:

بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى كوڭلۇمگە ئازار ئەيلىدى،
كەلتۇرۇپ ئوغلۇمغا دەرت، دەردىمنى بىسيار ئەيلىدى.
قان بولۇپ ئاقتى كوزۇمنىڭ ياشلىرى شۇ ۋەجھىدىن،
ئەي يارانلار، بۇ ئالەم شۇنچە مېنى خار ئەيلىدى.

چاقىرىپ نۇرغۇن تىۋىپ، سورىدىم بالامنىڭ دەردىنى،
ئىشلىتىپ كوردى ئۇلار چارە - ئۇسۇلنىڭ ھەممىنى،
بولمىدى بەۋا، سىرىغلىق باستى ئوغلۇم چېھرىنى،
بۇ ئەلەم بارغانسېرى ھالىمنى ناچار ئەيلىدى.

گەر بۇنى بىلسەم جاھانغا زادىلا كەلمەس ئىدىم،
لەندىھۇر ئاتنى ئوزەمگە ئارى دەپ قويماس ئىدىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياكى بالدۇر ئۆلگەن بولسام بۇ بالا كورمەس ئىدىم،
بۇ رەھىمسىز كاژ پەلەك بەختىمنى تارمار ئەيلىدى.

لەندىھۇر بۇ نەزمنى ئوقۇپ، كوزلىرىدىن باھار بۇلۇتىدەك ياش توكتى. ۋەزىر ئەمەرالەرنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋەزىر ئاتابېك: "ئەي شاھى جاھان، شاھزادىڭىزنىڭ كېسىلىگە تېزراق ئامال قىلمىساق بولمايدۇ. مۇنەججىم - قۇرئەندازلەرگە قۇرئە سالدۇرۇپ باقساق قانداق؟" دىدى. پادىشاغا بۇ سوز مەقبۇل كېلىپ، ۋەزىر ئەمىرالارغا "مۇنەججىم - قۇرئەندازلارنى ئوردىغا هازىر قىلىڭلار!" دەپ ئەمىر قىلدى. كوپ ئوتمەي ئوردىدا بىر - مىڭ يەتتە يۈز نەپەر مۇنەججىم - قۇرئەنداز هازىر بولدى. پادىشا شاھزادىنىڭ دەردىگە داۋا تاپسىلا، ئۇلارنى دۇنيادىن بىهاجەت قىلىدىغانلىقىنى ئوختۇردى. ئۇلارنىڭ هەر بىرىگە تون - سەرۇپايلار كىيدۇرۇلدى، قۇرئەنداز - مۇنەججىملەر ياخشى سائەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ، قۇرئى سېلىپ، پادىشاغا بۇنداق جاۋاپ بەردى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! شاھزادىڭىز يەمەن ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى قىلىچخانىنىڭ قىزى — مەلىكە گۇلرۇخنى چۇشىدە كورۇپ ئاشىقى شەيدا بولۇپ كوڭۇل ئالدۇرۇپتۇ، بۇلبۇل قىزىل گۇلنى كورمىگۇنچە سايرىماس، ئاشىقنىڭ مەشۇقىنى كورمىگۇنچە كوڭلى ئېچىلماس. شاھزادىنىڭ مەقسىدى يەمەنگە بارغاندىلا هاسىل بولۇر، ئۇ، يار ۋىسالىغا ئېرىشمىگۇنچە بۇ رەنجىدىن خالاس بولماس!

ۋەزىر ئاتابېك: "پادىشاھى ئالەم، بىزنىڭچە شاھزادە يەمەن دىيارىغا بېرىپ مەشۇقىنى تېپىپ كوڭلىنى ئېچىپ كەلگىنى تۈزۈك"، دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

كىمكى بولسا دۇچار ئىشىق ئوتىغا،
دىلىدا بار بولۇر بىر مۇددىئاسى.
يېتىپتۇر ئوغلىڭىز بىچارىلىقتا،
يەمەن شەھرىدىدۇر ئۇنىڭ داۋاسى.

پەرىشاندۇر ئۇنىڭ هەرچەندە هالى،
كىشىگە سوزلىمەس مەجنۇن مىسالى،
بولۇپتۇر زەپىران گۇلدەك جامالى،
ئېغىردۇر كۇنۇ - تۈن تارتقان جاپاسى.

بولۇپتۇر ئۇ گۈزەل بىر قىزغا ئاشىق،
كورۇپتۇر قىزمۇ هەم ئانى مۇۋاپىق،
كېلۇرلەر بىر بىرىگە بەكمۇ لايىق،
هەر ئىككى پەرزەنتىنىڭ باردۇر ۋاپاسى.

مەگەر ئادەمدە ئىشىق - ئىزهارى يوقتۇر،
مۇھەببەت ئەهلى بىرلە كارى يوقتۇر،

ئۆنىڭ نەپسى زىمىستاندەك سوغۇقتۇر،
قۆلاقتا ياقمىغاي سويگۆ ـ ناۋاسى.

ئاتابېك قىلدى سۆزنى ئاشىقانە،
يەمەن سارى بولۆش لازىم راۋانە.
شاهزادىدۇر بۆ دەم مىسلى پەرۋانە،
شۆنىڭ بىرلە كورەر كوزنىڭ قاراسى.

ئاتابېك پادىشاغا "شاهى ئالەم، شاهزادىنى يەمەنگە سودىگەر قىياپىتىدە ئەۋەتەيلى. ئۆ، ئۆ يەردە مەهبۆبىنى كورۆپ تەسكىن تاپار ۋە هايات بولسىلا، چوقۇم قايتىپ كېلىدۆ، دىدى". نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئورۆن تۆتۆپ ياتقان شاهزادە بۆ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۆمسىردى، پادىشا پەرزەنتىدە رۆي بەرگەن بۆ ئوزگىرىشنى كورۆپ، ناهايىتى خوشال بولدى ۋە ۋەزىرنىڭ مەسلىهىتىگە كونۆپ، شاهزادىنى يەمەنگە يولغا سېلىشقا هازىرلىق قىلدى. شاهزادىگە ۋەزىر ئاتابېكنى هەمرا قىلدى، قىرىق نەپەر غولام (خىزمەتچى) تەيىنلىدى ۋە تۆت يۆز خېچىرغا يىپەك مال ۋە ئىسىل ماتارلار ئارتىپ بەردى. مۆندىن باشقا يېتەرلىك ئالتۆن-كۆمۆش تەقلەپ بەردى. پادىشا پەررۆخنى. ئۆچ كۆنلۆك يولغىچە ئۆزىتىپ باردى. ئۆ خوشلىشىش ئالدىدا: "مەن سېنىڭ ئارزۆيۆڭغا قانمىدىم. تىرىك تۆرۆپ سېنىڭدىن جۆدا بولىدىغان بولدۆم. يەمەن بىلەن قەندىهارنىڭ ئارلىغى بىر يېرىم يىللىق يولدۆر، تولىمۆ خەتەرلىك يەرلىرى باردۆر، سېنى خۆدايىتائاللاغا تاپشۆردۆم"، دىدى ۋە يىغلاپ تۆرۆپ بۆ بېيىتنى ئوقۆدى:

مۆندىن كېتەر بولدۆڭ يەمەن شەهرىگە،
ئەي پەرزەندىم، بىر ئاللاغا تاپشۆردۆم.
قالدىم ئەمدى جۆدالىقنىڭ دەردىگە،
ئەي پەرزەندىم بىر ئاللاغا تاپشۆردۆم.

ئۆشبۆ دۆنيا ئىكەن شۆنداق ۋاپاسىز،
قەدەم قويدۆڭ سەپەرلەرگە ئاتاسىز،
قەدرىڭ ئىدى جاندىن ئېزىز ـ باهاسىز،
ئەي پەرزەندىم بىر ئاللاغا تاپشۆردۆم.

ياساتقانتىم سېنىڭ ئۆچۆن چاهار باغ،
ۋەيران بولۆپ، تۆتتى ماكان ئاندا زاغ،
ئۆچتىڭ بەختىم كوكىدىن سەن — نۆرچىراغ،
ئەي پەرزەندىم بىر ئاللاغا تاپشۆردۆم.

كورەرمەنمۆ دىدارىڭنى جان بالام؟
سەنسىز قانداق يۆرەلەرمەن شات ـ خورام،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلالارمۇ كۈتاھ ئۆمرۈم كوپ داۋام؟
ئەي پەرزەندىم بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەي ئىلاھا! رەھنىمايىم ئۆزەڭسەن،
ئەيلە ئۇنى ھەر دائىما بى دۈشمەن،
قىلغىل ھەربىر قەدىمنى باغ ـ چىمەن،
پەرزەندىمنى بىر ئۆزەڭگە تاپشۇردۇم.

شاھزادىنىڭ ئانىسى شەھرىيارخانىمۇ: "جاندىن ئەزىز بالام، تىرىك تۇرۇپ ئەجەپ سەندىن ئايرىلىپ كەتتۇق، كاشكى، بۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولساق پەرزەنت ئوتىغا مۇنداق مۇپتىلا بولماس ئىدۇق" دەپ زار ـ زار يىغلاپ نالە قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يەمەنگە بارغىلى قىلدىڭ ئىرادە،
سەندىن ئايرىلغىچە ئۆلسەم ئىدىم مەن.
جۇدالىق دەردىدە قىينالغىچە كوپ،
دوزاقنىڭ ئوتىدا كويسەم ئىدىم مەن.

يىراق يولنىڭ ئەجەپ دەردى ياماندۇر،
خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلەر ھاماندۇر.
مېنىڭ جاندىن جۇدا بولغان چىناندۇر،
سەندىن ئايرىلغىچە ئۆلسەم ئىدىم مەن.

سېنى ئون ئاي قوساغىمدا كوتەردىم،
بېقىپ كۈن ـ تۈن ھالال ئاق سۈتنى بەردىم،
جاپا ـ رەنجىڭنى تارتىپلا كەلدىم،
سەندىن ئايرىلغىچە ئۆلسەم ئىدىم مەن.

ئەگەردە كەلمىسەڭ مەن ھەم بارۇرمەن،
كېزىپ چول ـ دەشتنى يىغلاپ زارلىنۇرمەن.
سېنىڭچۈن جانىمە قۇربان قىلۇرمەن،
سەندىن ئايرىلغىچە ئۆلسەم ئىدىم مەن.

ئاناڭ دىلخەستە ئاجىز ـ ناتىۋاندۇر،
سېنىڭ دەردىڭدە باغرى لەختە قاندۇر،
يېتىپ ۋەسلىڭگە كەلسەڭ شادىماندۇر،
سەندىن ئايرىلغىچە ئۆلسەم ئىدىم مەن.

ئاتا ـ ئانا پەرزەندىنى يولغا سالدى. شاھزادە پەرروُخ يولغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ مېھرىۋان ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ قارىسى يۇتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئوز شەھرىگە ياندى.

ئەلقىسسە، شاھزادە شۇل يۇرگەنچە مەنزىل ـ ماراھىللەرنى تەي قىلىپ، قەترىلەرنى بادە ئەيلەپ، دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ، دەريا ـ ئېقىنلارنى كېچىپ، ئالتە ئاي يول يۇرۇپ، بىر دەريايى ئېزىم خۇنخارغا يەتتى. قارىسا بۇ دەريايى ئېزىمدىن ئوتمەسكە ھېچقانداق چارە يوق. ئاخىرى ئۇ كېمە تېپىپ دەرياغا چۇشتى. ئۇنىڭ دەريادا يۇرگىنىگە ئىككى يېرىم ئاي بولۇپ قالغان ئىدى. قازايى ئاسمانى، تەقدىرى ـ رەببانى بىر بادى مۇخالىپ (تەتۇر قۇيۇن) بوران پەيدا بولدى. بوران ئانداغ قاتتىق چىقتىكى، كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جانلىرىدىن ئۇمىت ئۇزۇشتى. بوران كېمىلەرنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلدى. توت يۇز خېچىردىكى مال ۋە قىرىق غۇلامنىڭ ھەممىسى سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. پەقەت شاھزادە بىلەن ئاتابېك ئىككىيلەنلا بىردىن ئىككى تاختايغا ئېسىلىۋېلىپ ھايات قالدى. دولقۇنلۇق ئېقىن ئۇلارنى ئايرىۋەتتى. شاھزادە پەرروُخ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئىنسۇ ـ مەلەك، يەرۇ ـ كوكنى خەلق ئەيلىگەن زۇلجىلال،
بۇگۇن ماڭا سەن ئوزەڭ رەھمەت ئاتا ـ ئەيلىگىل.
بۇ ئالەمدە ھەممىگە سەن قادىرۇ بەر كامال،
بۇگۇن ماڭا سەن ئوزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيلىگىل.

ئادەمنى بىر سىقىم خاكتىن پەيدا ئەيلىدىڭ،
ئاڭا ھاۋا ئانامنى ئاشىق شەيدا ئەيلىدىڭ،
بىر بىردىن بۇلارنى ئاخىر جۇدا ئەيلىدىڭ،
بۇگۇن ماڭا سەن ئوزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيلىدىڭ.

نوھ قەۋمىنى توپاندا قىلدىڭ تامام ھالاكەت،
ئوت ئىچىدە ساقلىدىڭ خېلىلنى ساق ـ سالامەت،
دارغا ئېسىپ مەنسۇرنى چەككۇزدۇڭ كوپ نادامەت،
بۇگۇن ماڭا سەن ئوزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيلىدىڭ.

يۇنۇسنى سەن بېلىقنىڭ قارنىدا تىنچ ساقلىدىڭ،
بەدىنىگە ئەييۇپنىڭ قۇرۇت سالدىڭ نەچچە مىڭ،
زار يىغلىتىپ ياقۇپنى يۇسۇپىدىن ئايرىدىڭ،
بۇگۇن ماڭا سەن ئوزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيلىدىڭ.

ئەي چار يار، ئولىما، ھەمدە بار ساھابىلەر،
پاتىمەمنىڭ جىگەرى نەبى روسۇلزادىلەر،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەر بالادا قان توككەن ھەمە شەھىدانەلەر،
بۈگۈن ماڭا سەن ئۇزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيلىدىڭ.

ئاسى — جاپى ئىممەتىنىڭ ئەي رەھبەرى مۇھەممەت!
يىغلاپ شەپەئ كەلتۈردۈم ھالىمغا سەن ئۇزەڭ يەت!
بولغىل مېنىڭ ھەر قانداق ئىشلىرىمغا يار - مەدەت!
بۈگۈن ماڭا سەن ئۇزەڭ رەھمەت ئاتا ئەيگىل!

ئەلقىسسە، مۇناجاتنىڭ خاسىيىتى بىلەن بوران توختىدى. كۈن چىقىپ يورۇقچىلىق بولدى. شامال تاختاينى سۈرۈپ، شاھزادىنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئېلىپ كەلدى. ئاتابېك بولسا قىرغاقتىن كوپ يىراقلىشىپ كەتمىگەنلىكتىن دەريا ئېقىنى ئۇنى كەلگەن قىرغاققا يەتكۈزدى. بىچارە ئاتابېك تىرىك قالغىنىغا يۈزمىڭ شۈكرى - سانا ئېيتىپ، شەھرى قەندىھارغا قاراپ راۋان بولدى. يەيدىغان نەرسە بولمىغاچقا، يولدا ئوت يىلتىزلىرىنى يەپ، يامغۇر سۈيىنى ئىچىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۆز شەھرىگە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن شەھەر خەلقى ھەيران بولۇپ: "ئاتابېك نىمىشقا شاھزادىنى تاشلاپ يېنىپ كەلگەندۇ؟" دېيىشتى. پادىشاھى لەندىھۇر ۋە مەلىكە شەھرىيارخانلار ئاتابېك بىلەن كورۇشۇپ يىغا - زارە قىلىشتى. ئاتابېك يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر بىر بايان قىلدى. پادىشا بىلەن شەھرىيارخان "ئاھ بالام!" دەپ بىھۇش بولۇپ يەرگە يىقىلدى. ئول كۈنى ئوردا ئىچى تەۋرەپ، قەندىھاردا قىيامەت بولغاندەك بولۇپ، بۇ ئىشتىن ھەممە كىشىنىڭ كوڭلى بۇزۇلدى. "شاھزادە پەررۇخ بارچە غۇلاملىرى بىلەن دەريايى خۇنخاردا غەرق بولۇپتۇ، قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن" دېگەن گەپلەر تارقالدى. لەندىھۇر شاھزادىنىڭ نەزىرىسىنى ئوتكۈزۈپ، قەۋرىسىنى تىكلىدى. كوپ ئوتمەي ئاتابېكمۇ سەپەر جەريانىدا چەككەن رىيازەتنىڭ تەسىرىدىن تاماق سىڭمەي كېسەل بولۇپ، ئالەمدىن ئوتتى.

پادىشا پەرزەندىنىڭ ھەم ۋەزىرىنىڭ ئىچ ئاغرىغىدا ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. مەلىكە شەھرىيارخان شاھزادىنىڭ دەردىدە ئولۇپ كەتتى. پادىشانىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتى. پادىشا بىر كۈنى ۋەزىر - ئەمىرلىرىنى ھەم پۈتۈن شەھەر خەلقىنى چاقىرتىپ، غەزنە ئىشىكلىرىنى ئاچقۇزۇپ، غېرىپ - مۇساپىرلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئول كۈنى پېقىر - بىچارىلەر ئاجىز - ناتىۋانلار دۇنياغا مۇمتاز بولدى. پادىشا مۇلازىملارغا: "مېنى يولەڭلار!" دەپ بۇيرۇپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە خالايىقلار ئالدىدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كېتەر بولدۇم ئەمدى بۈگۈن،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.
ئامانەتنى بەرگۈم بۈگۈن،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

بۇلبۇل سايرار گۈللۈك باغدا،
پەرزەندىم يوق قالدىم داغدا،

شۇڭقار خۇيلۇق گۇلۇم قايدا،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

تاپقۇزماستىن مەقسەت - مۇرات،
باستى مېنى دەرت قاتمۇ - قات.
ئۇلسەم كىملەر ئەيلىگەي ياد،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

توگە ئازنار تايلاقى يوق،
ئاتلار كىشنەر قۇلانى يوق،
قويلار مەرەر قوزاسى يوق،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

دۇنيادىن كوپ شاھلار ئۇتتى،
نوۋەت ئەمدى ماڭا يەتتى،
قۇرغۇي يەڭلىغ بالام كەتتى،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

مەن لەندىھۇر ئەمدى نېتەي؟
نالان قىلىپ پەرياد ئېتەي،
بۇ دۇنيانى تاشلاپ كېتەي،
رازى بولۇڭلار دوستلۇرۇم.

پادىشا قەندىھار بۇ غەزەلنى ئوقۇپ جان ئۇزدى. ۋەزىر - ئەمىرالار پادىشانى سۇغا ئېلىپ، نامىزىنى ئوتەپ جەسىدىنى لەھەتكە تاپشۇردى. نەزىرلىرىنى كەڭرى بېرىپ قەندىھارغا باشقا پادىشا تەيىن قىلدى.

گەپنى ئەمدى شاھزادە پەررۇختىن ئىشتكەيمىز:
ئەلقىسسە، شاھزادە ئول كۇنى دەريانىڭ قىرغىغا چىقتى، ئۇزىنىڭ تىرىك قالغىنىغا يۇز مىڭ شۇكرى قىلىپ، باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى. يولدا بارغۇنچە، غەرق بولۇپ كەتكەن پۇل - مال ۋە غۇلاملىرى يادىغا كېلىپ، بىر دەردى مىڭ بولۇپ، كوزلىرىدىن يامغۇردەك ياش توكۇپ بۇ ئەشئارنى ئوقۇدى:

نىگارىم ھوسنى شەمئىگە گويا پەرۋانىدەك كوڭلۇم،
تىلەر ۋەسلىنى ئاۋارە بولۇپ دىۋانىدەك كوڭلۇم.
ئانى دەپ غەمگۇزارىمدىن، ئانا يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم،
كېزىپ چوللەردە سەرسانە ئەجەپ ۋەيرانىدەك كوڭلۇم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېقىپ ياشىم سېزىپ كەتتى قاراسى كوزلىرىمنىڭكى،
مۇھەببەت دەشتىدە قىلدى مېنى ئەپساندەك كوڭلۇم.
گۈزەل گۈلرۇخ پىراقىدا پەلەكنى ئورتىدى ئاھىم،
مېنى ئەتتى پاناسىز بىر يېتىم بىچارىدەك كوڭلۇم.

پەلەك رەھمەتمىدى ھەرگىز ماڭا، ھەمرالىرىمغا ھەم،
ئۇلارنى قىلدى غەرق سۇغا سولاشتى لالىدەك كوڭلۇم.
كى يەتمەس كەچمۇگۈنچە ھېچكىشى جانانغا جاندىن،
تاپۇرمەن يارنى شۇ چاغدا كۈلەر رەيھاندەك كوڭلۇم.

شاھزادە بىر باياۋاندا كېتىپ باراتتى، يىراقتىن بىر باغۇ-بوستانلىق كورۇندى. بارسا ئانداغ ئاجايىپ جايدۇركى، گۈللەر ئېچىلىپ مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن. مېۋىلەرنىڭ بەزىلىرى ئادەمگە ئوخشاش كۈلۈپ سوزلىسە، بەزىلىرى يىغلاپ تۇرۇپتۇ. يەنە بەزى مېۋىلەر ئەتىگەندە دەرەختىن چۈشۈپ، كەچتە چىقىۋالسا، يەنە بەزىلىرى پەسە زابان بىلەن ھەمدۇ ئېيتىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە بۇ ئالامەتنى كورۇپ، ياراتمىشنىڭ كارامىتىگە تەھسىن ئوقۇدى.

شاھزادىنىڭ قوسىغى ئاچ ئىدى. ئۇ مېۋىلىك دەرەخلەردىن بىرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ شاخقا قول ئۇزاتقان ئىدى، مېۋىلەر دەرھال دەرەخ ئۇستىگە چىقىۋالدى. شاھزادە بۇنى كورۇپ، بۇ مېۋىلەرنىڭ مەنئى ئىكەنلىكىنى سەزدى-دە، باغدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ ئۈچ كۈن جەزىرىدە ماڭدى. ئىگىز بىر قۇم دوۋىسىگە يېتىپ كەلدى. قۇم دوۋىسىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارىغان ئىدى، يىراقتا بىر يېشىلزارلىق ۋە ئېقىن سۇ زاھىر بولدى. ئۇ، بىر سائەت يول مېڭىپ ئول باققا باردى. بۇ باغنىڭ مېۋىلىرىمۇ پىشىپ كەتكەن ئىدى. شاھزادە مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالغان ئىدى، ئۇ مېۋە بەكمۇ ئاچچىق ئىكەن، زادىلا يېيەلمىدى. شاھزادە ئول باغنىڭ ئاجايىپ جان-جانىۋارلىرى، رەڭمۇ-رەڭ گۈل ۋە مېۋىلەرنى تاماشا قىلىپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يول يۇرۇپ يەنە بىر سەھراغا يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە ساقاللىرى ئاقارغان، قول-پۇتلىرى ئالتە-يەتتە غۇلاچ ئاغامچىدەك سورۇلۇپ تۇرىدىغان بىر گۇرۇھ ئادەمنى كوردى. بۇ ئادەملەرنىڭ بېلىنىڭ يۇقۇرىسىلا ئادەمگە ئوخشايتتى. پۇت-قوللىرىنىڭ ئۇستىخىنى يوق ئىدى. شاھزادە ئۇلارغا يېقىن باردى. ئۇلار شۇ ھامان تەڭلا قىيا-چىيا كوتىرىپ، ئەرسات-قىيامەت پەيدا قىلدى، جەزىرە زىل-زىلىگە كېلىپ كەتتى. شاھزادە: "ئۇزۇڭدىن بېرى ئادەمنى كورمىگەچ، مەندىن قورقۇۋاتسا كېرەك"، دەپ ئويلاپ، ئارقىسىغا ياندى. بۇ چاغدا، ئۇلاردىن بىرسى: "ئەي بېرى كەلگىل، يانمىغىل، بۇ يارەملىرىمنىڭ ھالىغا يەتكىل. بۇلاردىن گەپ سورىغىل، بۇلار مۇرادىغا يەتسۇن، سەن ھەم مۇرادىڭغا يەتكىل!" دېدى. شاھزادە بۇ تەلەپنى قوبۇل كورۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلاردىن: "ئى، خالايىقلار! سىلەر قايسى تائىپىدىن بولۇرسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق چۇقان كوتىرىسىزلەر؟" دەپ سورىدى. بۇلار يىغىدىن پارىغ بولۇپ: "ئەي شاھزادە سىز بىر نازىنىنغا ئاشىق ئوخشايسىز، بىز ھەم سىزدەك مۇھەببەت ئوتىدا كويگەنلەردۇرمىز. قولى

سۇنۇقنىڭ دەردىنى قولى سۇنۇق بىلۇر. بىر يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ سىزنى كورۇپ يىغلىدۇق"، دەپ ئېيتتى. شاھزادە: "مېنىڭ بىر نازىنىن قىزغا ئاشىق ئىكەنلىگىمنى قايدىن بىلدىڭلار؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "بۇ جەزىرىگە ئاشىقلاردىن باشقىلارنىڭ قەدىمى يەتمەيدۇ. بۇ جايغا ئادەملىكى كەلسە، ئۇنى ئاشىق دەپ بىلىمىز. بىزمۇ ھەم ئانداغ ئاشىقلاردىندۇرمىزكى، شۇنچە قېرىپتۇرمىز. ئەسلا مۇرادىمىزغا يەتكىنىمىز يوقتۇر"، دېيىشتى. شاھزادە: "سىزلەر كىمگە ئاشىقدۇرسىزلەر؟" دەپ سورىدى. ئۇلار: "بىز ئۇشبۇ مىۋىگە ئاشىقدۇرمىز، تۇۋىگە چۇشكەنىنى تېرىپ يەيدۇرمىز، ئەمما ئۇستىگە چىقالمايمىز، ئوز قولىمىز بىلەن بىرەر مىۋە ئېلىپ يىسەك، مۇرادىمىز ھاسىل بولغان بولاتتى" دېيىشىپ، بىر ياۋا مىۋىلىك دەرەخنى كورسەتتى. شاھزادە: "ئەجەپ ئاچچىق مىۋىگە ئاشىق بولۇپ قاپسىلەرغۇ؟" دىگەن ئىدى، ئاشىقلار: "ئاچچىق نەرسىدىن قېچىپ، تاتلىق نەرسىگە يۇگۇرسە، قانداغ ئاشىق بولالايدۇ؟ مىۋىنى ئوزىمىز ئېلىپ يەيلى دىسەك، پۇت-قوللىرىمىزنىڭ ماغدۇرى يوق"، دەپ ئېيتتى. شاھزادە، بۇلار راست ئېيتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئول مەخلۇق سۇرۇلۇپ كېلىپ شاھزادىغا چىرمىشۋالدى. شاھزادە ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنى ھىلقى مىۋىلىك دەرەخنىڭ تۇۋىگە ئېلىپ باردى. ئول مەخلۇق ئۇ مىۋىدىن يىمىدى، ئەكسىچە شاھزادىنى بارغانسېرى قاتتىق چىرماشقا باشلىدى. شاھزادە ئالدانغانلىغىنى بىلىپ پەريات قىلدى. ئول مەخلۇق يېنىدىن جۇۋالدۇرۇز چىقىرىپ، شاھزادىگە سانچىپ ئۇنىڭ قېنىنى شوراشقا باشلىدى. شاھزادە كوپ قىينىلىپ شوخۇلۇق دەرەخلەرگە ئوزىنى ئوردى، مەخلۇق ئاجرىمىدى. بەلكى بارغانسېرى چىڭ چىرمىشۋالدى. شاھزادە ئانچىنان پۇشايمان قىلدى. ئاخىرى ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقىدى:

ئوزەڭ رەھىم ئەتكۇچى قادىر ئىلاھا،
ئاجىزغا مېھرىۋانسەن تا ئەزەلدىن.
يېتىمپەن سەرنىگۇن كۇچسىز-مادارسىز،
مېنى قىلغىل خالاس بۇ دەرت-ئەلەمدىن.

بالاغا ئىشق بائىس بولدى تەھقىق،
ئىشىم بولدى ھەمىشە يىغلىماغلىق.
رودىپايلار ئىلكىدىن بەرگىل ئامانلىق،
ئوزەڭ رەھىم ئەيلىگىل قادىر ئىلاھا.

ئازاپتىن قۇتۇلۇشقا يوق ماجالىم،
مېنىڭ ھىچ سەندىن ئوزگە يوق پاناھىم.
شورالغاچ قانلىرىم، ئاز قالدى جانىم،
ئوزەڭ رەھىم ئەيلىگىل قادىر ئىلاھا!

ئەلقىسسە، شاھزادە بۇ مۇناجاتنى توگىتىپ تۇرىشىغا، بىر ئاقساقال تۇرانە كىشى كوز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ ئاقساقال، شاھزادىنىڭ بېشىدىن يولەپ شۇنداق دىدى: "ئەي

شاھزادە، ساڭا رەھمەم كەلدى. بۇ رۇدىپايلاردىن قۇتۇلماق بەسى مۇشكۇلدۇر، ئۇلۇردىن باشقا ھېچ چارە يوقتۇر. سەن مانا بۇ يول بىلەن ماڭغىل: يولدا بىر ئېگىز دەرەخكە دۇچ كېلىسەن. ئۇل دەرەخنىڭ يوپۇرمىغى زەھەر، دەرەخنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار. مەن ھازىر ئۇل بۇلاقنىڭ سۈيىنى بەنت قىلىپ، كوزىنى ئېتىۋەتتىم، دەرەخنىڭ يوپۇرمىغىنى سىقىپ بۇلاق سۈيىگە تامغۇزۇپ قويدۇم. سەن شۇ بۇلاق بويىغا بارغىن ـ دە، "سۇ ئىچمەن" دەپ بۇلاققا ئېڭىشىپ تۇرۇۋال، ئەمما ئىچمىگىل. ئىچىپ قالساڭ ھالاك بولۇرسەن. رودىپاي قان ئىچىپ ئۇسساپ كەتتى، ئۇ سۇدىن ئىچىپ، زەھەر تەسىرىدىن يىقىلدۇ. شۇ ھالدا سەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىسەن!"

بۇ كىشى سۇرە پاتىھە ئوقۇپ شاھزادىغا دۇئا قىلغان ئىدى، شاھزادىنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتلەر سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. ئۇل كىشى كوزىدىن غايىپ بولدى. ئۇ خىزىر ئىدى.

شاھزادە مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇدىپاينى يۇدگىنىچە، خىزىر كورسەتكەن يول بىلەن ھېلىقى بۇلاقنىڭ بويىغا يەتتى. شاھزادە رودىپايغا "سۇ ئىچىۋالاي" دەپ دۇم ياتتى، ئەمما سۇدىن ئىچمىدى. ئۇ بېشىنى كوتىرىپ: "ئەجەپ تاتلىق سۇ ئىكەن" دىدى. رۇدىپاي: "سەن نائىنساپ، سۇنىڭ تاتلىق يېرىنى ماڭا قويماي ئىچىپ تۈگەتكەن ئوخشايسەن"، دەپ، بۇلاق سۈيىنى دىم تارتىشقا باشلىدى ۋە زەھەر كۈچىدىن شۇ ھامان بېھۇش بولۇپ يىقىلدى. ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرى بوشاپ شاھزادە ئازات بولۇپ قالدى. پەر ـ رۇخ رودىپايدىن قۇتۇلۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئالتە ئاي يول ماڭدى. باياۋانلاردا قان ئىچكۈچىلەر ئۇچرىسا قىلىچ بىلەن چاپتى، ۋەھشىلەر خىرىس قىلسا، ئولتۇردى. شۇ تەرىقىدە يول يۈرۈپ يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، يارىنى سېغىنسا بۇ نەزمىلەرنى ئوقۇپ سەپەرنى داۋام ئەتتى:

غېرىبلىقتا يوقتۇر كوڭلۇم ئارامى،
كوز ئالدىمغا كېلىپ كوڭلۇم ئالۇرسەن.
تالدەك ئېگىلىپ قىلىپ گۈلدەك سالامى،
كىرپىگىڭدىن يۈرەككە ئوق ئاتۇرسەن.

بولدى پەرھات شىرىن ئۈچۈن چىن ئاشىق،
ھۈزرا ئۈچۈن ۋاموق ئىدى مۇۋاپىق،
خىيال قىلسام بېغىشلايسەن خوشاللىق،
سەنلا پەقەت مېنىڭ كوڭلۇم ئالۇرسەن.

ئىشىق رەشتىدە ھېچكىم گادا بولمىسۇن،
جانانىدىن بىردەم جۇدا بولمىسۇن،
مەندەك تىنەپ غەم ئىچىدە قالمىسۇن،
سىنەمگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ يانۇرسەن.

بويۇڭ نازۇك مىسلى لالە ئەھمەردۇر،
يۈزۈڭدۇر ئاي، كوزۇڭ نۇرلۇق ئەختەردۇر،

ناز كىرەشمەڭ بەھرى - ئەۋزى كەۋسەردۇر،
نىچۇن ماڭا بۇنچە جاپا قىلۇرسەن.

پەررۇخ ئاھى يەتتى ئاسمان پەلەككە،
كوكۇل بەرمەس سەندىن زادى بىلەككە،
ھىچ توختىماس يەتمىگۈنچە تىلەككە،
يارىم سەنلا ماڭا ۋاپا قىلۇرسەن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەررۇخ بىرنەچچە زامان يول يۇرۇپ بىر تاغنىڭ غارىغا يەتتى. بۇ كۈنى مەلىكە گۇلرۇخ ئىنىگ ئانىسى بىلەن بىللە توت يۈز كېنىزەكنى ئېلىپ ئۇزىنىڭ ئەيىن ھايات ئاتلىق چاربىباغىغا سەيلىگە چىققان ئىدى. ئۇلار كەچكىچە بۇ يەردە دەم ئالدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مەشئەللەرنى ياندۇرۇپ قويۇپ، تۈن ھەسسە بولغىچە سوزلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى كوزلىرىدە ئۇيقۇ غەلىبە قىلىپ، ئۇخلاپ قېلىشتى. مەلىكە گۇلرۇخ ئۇيقۇسىدا چۈش كوردى. ئۇ چۈشىدە ئون - يىگىرمە كېنىزەكنى كەينىگە سېلىپ تاماشا قىلىپ، شىرىن سۇلۇق بولاق بويىغا باردى. كوردىكى، شا سۇپىغا يېقىن گۇلزارنىڭ تۈۋىدە چىرايلىق بىر يىگىت يېتىپتۇر. گۇلرۇخ شۇنداق بىر قارىغان ئىدى، ئول يىگىتنىڭ ئىككى قېشى ئارىسىدىن بىر ئىشقى ئوتى ئۇچۇپ چىقىپ گۇلرۇخنىڭ سىنە ساندۇرقىغا بەنت بولدى. مەلىكە بۇ ئوتنىڭ تەپتىگە ئەسلا تاقەت قىلالماي، بىر سائەتچە يىگىتنىڭ بېشىدا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇردى، شاھزادە ئويغانمىدى. گۇلرۇخ سەۋرى قىلالماي، ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سەپتى، شاھزادە بىدار بولدى. ئاندىن گۇلرۇخ ناز - كىرەشمىلەر بىلەن ئۇنىڭغا: "ئەي جىنىمنىڭ جانانىسى، كوڭلۇمنىڭ پۇرخەندىسى! يۈرىگىمگە ئوت سېلىپ ئىچىمنى ئورتەپ بۇ يەرگە قايسى ۋاقىتتا كەلگەن ئىدىڭ؟ سەن قايسى ۋىلايەتتىن بولۇرسەن؟" دىدى. شاھزادە كۈلۈپ تۇرۇپ پەسىھ سوز بىلەن: "ئەي، مېھرىۋانىم، بىز ئەتە كورۇشەيلى" دىدى - دە، كوزىدىن غايىپ بولدى. مەلىكە "ئاھ!" دەپ ئويغىنىپ كەتتى. قارىسا چۈشى، تاڭ ئاتقانلىغىنى بايقاپ دەرھال ئورنىدىن قوپتى. يۈرىگىگە كىرىۋالغان ئىشىق ئوتىغا ھىچ ئىلاج قىلالماي كوڭلىدە: "بۇ چۈش بىلەن بۇنداق بالاغا گىرىپدار بولۇپتۇرمەن. بۇ چۈش ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن دېرەك بەرسە كېرەك"، دەپ ئويلىدى. ئۇ يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، كېنىزەكلىرىنى ھەمرا قىلىپ كورگەن چۈشىگە تەبىر تېپىش ئۈچۈن چاھار باغنىڭ غەربىدىكى تاققا بارماقچى بولۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بىللە يۈرگەن كېنىزەكلەر تاغلار سېرى بارمايلىمۇ؟
كوڭلۇم سۇيگەن ھەمرالىرىم تاغلار سېرى بارمايلىمۇ؟

سوزلەر تىلىم بەنت بولدىلەر، ئەقلى - ھوشۇم لال بولدىلەر،
كوزدە ياشىم قان بولدىلەر، تاغلەر سېرى بارمايلىمۇ؟

پەرھات كېلىپ كەسكەن تاغلار، ئەتراپىدا گۈزەل باغلار،
سايرار بۇلبۇل، خوشال چاغلار، تاغلار سېرى بارمايلىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاھۇ كوزلۇك خۇشخۇي قىزلار، قەلەم قاشلىق ئايدەك يۈزلەر،
تىلى تاتلىق شېرىن سوزلەر، تاغلار سىرى بارمايلىمۇ؟

گۇلرۇخنىڭكى بەختى قارا، كويۇپ باغرى بولدى يارا،
يارى ئۇچۇن جانى پىدا تاغلار سىرى بارمايلىمۇ؟

ئەلقىسسە، گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايمىز: شاھزادە پەررۇخ ئۇل كۈنى غاردا قونۇپ، ئەتىسى تاغ ئۇستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغان ئىدى، كەڭ كەتكەن يېشىلچىلىق كورۇندى. پەررۇخ مەھبۇبىنىڭ ھوسۇن گۇلىدىن بۇي ئالدى، ئويلىدىكىم، يارىمنىڭ چار بېغى شول بولغاي، خوشاللىغىنى باسالماي بۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

نەزەر سالسام تاغ ئۇستىدىن يىراققا،
ساپ ھاۋالىق يارىم بېغى كورۇندى.
قاراپ يانىڭ جامالىغا خىيالەن،
غېمىم توگەپ كوڭلۇم ئەجەپ سويۈندى.

باققا بېرىپ يارىم بىلەن يۈرەرمەن،
ئايرىلماستىن بىللە ئويناپ كۇلۇرمەن،
خالىغانچە ئالما، ئانار ئۇزەرمەن،
لەيلىزارلىق يارىم بېغى كورۇندى.

شول يارنى دەپ چەكتىم سانسىز جاپالار،
قىلىپ كەلدىم ئوز ۋەدەمگە ۋاپالار،
توسالمىدى يوللىرىمنى بالالار،
ئىنتىزارلىق يارىم بېغى كورۇندى.

نۇرنى كورسە پەرۋانە جىم تۇرامدۇ؟
جانان ئۇچۇن جاننى ئاياپ بولامدۇ؟
پەررۇخ تاپماي نىگارىنى چىدامدۇ؟
خۇش ناۋالىق يارىم بېغى كورۇندى.

شاھزادە پەررۇخ تاغدىن چۇشۇپ، ئازراق يول يۇرۇپ، چار باققا يېتىپ كەلدى. بۇنداق ئاۋات باغنى ئىپھتىمال ھېچقاندا ئادىمىزات كورمىگەندۇر! باغ شۇ قەدەر چوڭ ۋە چىرايلىق ئىدىكى، شىپاڭلىرىغا ئالتۇندىن زىننەت بېرىلگەن، باغلىرىدا مىۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ، گۇلزارلىقلىرىدا گۇللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ، ئېرىقلىرىدا كومۇشتەك سۇلار جارى بولۇپ تۇرۇپتۇ. شاھ سۇپىغا زەرباپتىن توققۇز قەۋەت تۇشەك سېلىنىپ

ماموق تەكيىلەر ئورۇن تۇتۇپتۇ. قارىسا، بەھىشكە جىلۋە ئۆگىتىدىغان بۇ باغدا ھېچقانىداق ئادىمىزات كورۇنمەيدۇ. پەررۇخ ئايلىنىپ يۇرۇپ، باغنىڭ مېۋىلىرىدىن يېدى. ئۇ بىر پەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن، شاھ سۇپىغا كېلىپ تۇشەك ئۇستىگە چىقىپ ياتتى ۋە كوزى ئۇيقىغا كەتتى. مەلىكە گۇلرۇخ تاغدىن قايتىپ، چارباقىقا كىرىپ، تۇشەك ئۇستىدە ياتقان شاھزادىنى كوردى. قارىسا، چۇشىدە كورگەن يىگىتنىڭ ئوزى. كېنىزەكلەر بۇ بىگانە يىگىتنى كورۇپ پەريات كوتەردى. مەلىكە: "ماجرا قىلماڭلار، ئول كىشى مۇساپىر بولسا كېرەك"، دېدى ۋە ئاستا بېرىپ قېشىدا ئولتۇردى. مەلىكىنىڭ ئىشىق ئوتى يۇز ھەسسە زىيادە بولدى. مەلىكە گۇلرۇخ قولىغا يەلپۇگۇچ ئېلىپ، شاھزادىنى بىر ھازا يەلپۇدى. شاھزادە ئۇيقىدىن بىدار بولمىدى. گۇلرۇخ يىگىتنىڭ يۇزىگە تەلمۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

يارىم پىراقىڭدا يېنىپ ھەركۇندە چەندان يىغلىدىم،
سەرۋى سىياقىڭ ياد ئېتىپ، ئاھلەر ئۇرۇپ قان يىغلىدىم.

كوردۇم چۇشۇمدە مەن سېنى بولدۇم ئاجايىپ شادىمان،
ئويغانغىنىمدا، تاپمىدىم يانىمدا ھەيران يىغلىدىم.

باقتىم يولۇڭغا تەلمۇرۇپ، كورسەتمىدىڭ دىدار كۇلۇپ،
كەتتى چىرايىم ئوزگىرىپ كويۇڭدا ھەر ئان يىغلىدىم.

يادلاپ سېنى مەن ھەر مەھەل، بولدۇم داۋاسىز بىر كېسەل،
يا كەلمىدى جانغا ئەجەل، بى سۇيى سامان يىغلىدىم.

ئاقتى كوزۇمدىن قان خۇناپ، بولدى كويۇپ باغرىم كاۋاپ،
قىينالدى جان تارتىپ ئازاپ چاكى گىرىبان يىغلىدىم.

شۇل دەم سېنى بۇ باغ ئارا كوردۇم، كوزۇڭ ئاچ، بىر قارا،
تويماي جامالىڭغا مانا خۇرسەندى خەندان يىغلىدىم.

مەلىكە تاقەت قىلالماي شاھزادىنىڭ يۇزىگە سۇ سەپتى، شاھزادە سىلكىنىپ ئويغاندى. كوزىنى ئېچىش ھامان، مەلىكە ئۇنىڭغا گۇلدەك ئىگىلىپ تۇرۇپ سالام قىلدى. شاھزادە گۇلرۇخنىڭ سالامىغا جاۋاپ بېرىپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. مەلىكىمۇ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ھۇشىغا كېلىپ، بىر بىرىگە قاراپ نەزمە ئوقۇشتى:

سوئالى مەلىكە گۇلرۇخ:

كوڭلۇم ئالغان ئەي ۋاپادار نىگارىم،
ئىنتىزارىم، شاتلىغىم، دىلخۇمارىم،

www.uyghurkitap.com



كىملىگىڭنى بىلمەك ئېرۇر خىيالىم،
جاۋاپ بەرگىل ماڭا، قايدىن كېلۇرسەن؟

جاۋابى شاھزادە پەررۇخ:
جامالىڭنى چۈشتە كورگەن ئىدىم مەن،
جاھان كېزىپ، سېنى ئىزلەپ يۈردۈممەن،
ئۈشبۇ كويىدا مىڭ بىر تىرىلىپ، ئولدۈممەن،
بۇ دىيارغا سېنى ئىزلەپ كېلىپمەن.

سوئالى مەلىكە گۇلرۇخ:
كىرپىگىڭ ئوق، قېشىڭ يادۇر جانانە،
ئاتماق ئۈچۈن سىنەم قىلدىڭ نىشانە،
بولدى دەردىم سېنى كوردۇم زىيادە،
جاۋاپ بەرگىل ماڭا قايدىن كېلۇرسەن؟

جاۋابى شاھزادە پەررۇخ:
سوزلەشكىلى يوقتۇر تۈزۈك ماجالىم،
تۈگمەيدۇ ئېيتسام كەچمىش ئەھۋالىم،
كورۇپ سېنى قاندى ئارزۇ - ئارمانىم،
بۇ دىيارغا سېنى ئىزلەپ كېلۇرمەن.

سوئالى مەلىكە گۇلرۇخ:
ئىسمىڭ نېدۇر، قايسى ئەلدۇر دىيارىڭ؟
كىمدۇر ئېزىز ئاتا - ئاناڭ تاجدارىڭ؟
قاي تەرىقغە ئوتتى كەچمىش ئەھۋالىڭ؟
جاۋاپ بەرگىل ماڭا قايدىن كېلۇرسەن؟

جاۋابى شاھزادە پەررۇخ:
نامىم پەررۇخ، دىيارىمدۇر قەندىھار،
شاھ ئاتامنىڭ لەندىھۇر دەپ نامى بار،
بولماس ھېچكىم يار كويىدا مەنچە خار،
بۇ دىيارغا سېنى ئىزلەپ كېلىپمەن.

يۈتۈپ كەتتى دەريا قىرىق قولۇمنى،
ھىساۋى يوق مالۇ - مۈلۈك، پۇلۇمنى،
رودىپاي چولدە شورىدى قان - خۇنۇمنى،
بۇ دىيارغا سېنى ئىزلەپ كېلىپمەن.

گەپنى ئەمدى پادشاھى خەيبەردىن ئىشتكەيمىز.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى پادشاھى خەيبەر ئەربابى دولەت، ۋەزىر-ئەمىرالىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ: "ئەي ۋەزىر-ئەمىرالىرىم! بۇ ۋىلايەت ۋە شەھەرلەردە ماڭا مۇناسىپ ساھىپجامال قىز بولسا، ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىڭلار!" دەپ ئۆز ئارزۇسىنى بايان قىلدى. ئول ئارىدا **بىر** ۋەزىر تۇرۇپ ئېيتتىكى: "ئەي شاھى ئالەم، يەمەن شاھى قىلىچخاننىڭ بىر قىزى **باردۇر**، بۇ قىزدەك چىرايلىق قىز جاھاندا يوقتۇر، ھەر كىمكى، ئۇنىڭ ھوسنى-جامالىنى كۆرسە ئەقلى-ھۇشىنى يوقىتىدۇ. ھازىر ئۇ راسا كامالىغا يەتتى"، دەپ بىسيار تەرىپ قىلدى. پادشاھى خەيبەر قىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بىقارار بولدى. ئۇ: "ئەي، ۋەزىر-ئەمىرالىرىم! ئانداق بولسا بۇ ئىشقا جابدۇنۇڭلار، غەزىنىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىڭلار، لازىم بولىدىغانلىكى ماتالاردىن ئېلىڭلار!" دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ۋەزىر ئەمىرالار يەمەن جابدۇغىنى قىلىپ، ياراملىق ئۈچيۈز خىزمەتكار تەيىن قىلدى، قىرىق خېچىرغا يۈك بولغىدەك كىمخاپ، ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى تەييارلىدى ھەم مۇنشىلەرگە نامە يازدۇردى. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: "پادشاھى خەيبەردىن پادشاھى قىلىچخانغا سالام ۋە بايان بولسۇنكى، بۇ كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ بىر ساھىپجامال قىزلىرى بار ئىمىش، ھوسنى لەتاپەتتە، پەھمى-پاراسەتتە بەر كامال دەپ ئاڭلىدۇق، ئېنىڭ ئىشقى ھەۋاسى مېنىڭ بېشىمغا چۈشۈپتۇر. خالىسىلا، مېنى پەرزەنتلىككە قوبۇل كۆرۈپ، نائۇمىت قىلمىسىلا، بىزلەر ئاتا-بالا بولساق، ھەر نەرسىلەر باركى ئېنى مۇيەسسەر قىلساق ۋە يەنە ھەر يىلى يەمەن ۋىلايىتى تولەيدىغان باج — ئۈچ مىڭ ئالتۇندىن ئۆتسەك، نامە تامام ۋەسسالام".

ئەلچىلەر خىزمەتكارلارنى ۋە قىرىق خېچىرغا يۈكلەنگەن سوغىلارنى ئېلىپ يەمەن ۋىلايىتىگە راۋان بولدى. ئۇلار يولغا چىقىش ئالدىدا، پادشاھى خەيبەر: "مەندىن ئول رەئناغا سالام دەڭلار!" دەپ، خۇن جىگەردىن ئاھ ئۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

گۈلزار ئارا گۈللۈكتە سايرىغىلى بۇلبۇل يوق،
ئول قاشى قارا يارغا مەندىن سېغىنىپ قۇللۇق.

ئاشىقمەن جامالىغا، بۇلبۇلمەن نىھالىغا،
يەتكۈزسە ۋىسالىغا رۇخسارى قىزىلگۈللۈك.

ۋەزىر-ئەمىرا ماڭدى، يارغا سوغىلار ئالدى،
كۆڭلۈمدە ئۈمىت ياندى، كەلتۈرگەي ماڭا خوشلۇق.

كۆرمەي يارنى مەن ھەيران، بولدى يۈرىگىم بەريان،
ئىشقىدا دىلىم گىريان ئۇ ئايدەك ئىمىش نۇرلۇق.

ئۆزگىچە خىيال ئەتمە، غەيرىنى ۋىسال ئەتمە،
مەندىن ئۆزگە يار ئەتمە، ئۆرناتتىم ساڭا دوستلۇق.

ئەلقىسسە، ئەلچىلەر يولغا چىقىپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يەمەن شەھرىگە يېتىپ كەلدى. يەمەن شاھى قىلىچخان ئەلچىلەرنىڭ خەيبەردىن كەلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئەلچىلەر قىلىچخان بىلەن كورۇشۇپ، ئېلىپ كەلگەن سوغاتلىرىنى سۇندى، ئاندىن نامىنى تۇتۇپ بەردى. قىلىچخان نامىنى كورۇپ، ماقۇلغا كەلدى. ئۇ كەلگەن ئەلچىلەرگە: "پادىشاھى خەيبەردەك چوڭ زات مەندەك بىر شىكەستىگە ئوغۇل بولماقنى ئىختىيار قىلغان بولسا، جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىۋرمەن، ئۇندىن ئارتۇق لايىق بىزگە مۇيەسسەر بولماس"، دەپ جاۋاپ بەردى. ئاندىن ئەلچىلەرگە شاھانە سەرپايلار بېرىپ، ئۇلارنى يولغا سالدى.

ئەلچىلەر، پادىشاھى خەيبەرگە قىلىچخاننىڭ جاۋاۋىنى بىر بىرلەپ بايان قىلدى، خەيبەر ئويلىنىش جاغدۇغىنى قىلىپ، قىزنىڭ ئەگىنىنى زەرباپ، كىمخاپ، ئەتىلىلاردىن قىلىپ، ھەر بىر ياتلىق كىيىمنى توققۇز نۇسخىدىن تىكتۇرۇپ، قىزغا ئاتاپ گوھەر تاج راسلاپ، ئون ئىككى مىڭ ئەمىرا بىلەن يەمەنگە قاراپ يولغا چىقتى. خەيبەر يەمەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، كىيوۋلىك ۋە قەينى ئاتىلىق رەسمى قائىدىلىرى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، توي تەييارلىغىغا تۇتۇش قىلىندى.

ئەلقىسسە، بۇ خەۋەر گۇلرۇخقا يېتىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ پەررۇخ بىلەن كورۇشكىنىگە تېخى بىر يېرىم كۇنلا بولغان ئىدى. شاھزادە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، گۇلرۇخقا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

شاھزادە پەررۇخ:

كەلدىم يارىم سېنى سوراغلاپ،
كوڭلۇم ساڭادۇر، نە خىيالدا سەن؟
ھىجرىڭدە ئوتتۇم يۇرەكنى داغلاپ،
كوڭلۇم ساڭادۇر، نە خىيالدا سەن؟

مەلىكە گۇلرۇخ:

كېلىپسەن يارىم، مېنى سوراغلاپ،
يۇزۇڭگە باقالماي غەم خىيالدىمەن.
ھىجرىڭ كويدۇرەر باغرىمنى داغلاپ،
كوزۇڭگە باقالماي غەم خىيالدىمەن.

شاھزادە پەررۇخ:

رەھىم ئەتمەسمۇ كىشى دوستىگە،
چۇشۇپسەن جانىنى ئالماق قەستىگە،
ۋاپا ئەيلەگىل مەندەك خەستىگە،
كوڭلۇم ساڭادۇر نە خىيالدا سەن؟

مەلىكە گۈلرۇخ:
بويۇڭ سەرۋىدۇر يۈزۈڭ ماھى تاپ،
قاشىڭدۇر قەلەم، تىشىڭ دۇر ناياپ،
كۈلسەڭ لېۋىڭدىن پارلايدۇ ئاپتاپ،
يۈزۈڭگە باقالماي، غەم خىيالدىمەن.

شاھزادە پەررۇخ:
ئاتا - ئانامدىن كەلدىم ئايرىلىپ،
قاناتلىرىم سۇندى قايرىلىپ،
كەتتى رەڭگىم تامام سارغىيىپ،
كوڭلۇم ساڭادۇر نە خىيالدىسەن؟

مەلىكە گۈلرۇخ:
بويۇڭدۇر شەمشات، ئاھۇدۇر كوزۈڭ،
جاننى كويدۇرەر شەكەردەك سوزۈڭ،
قۇلۇڭ مەن سېنىڭ، شاھىم سەن ئوزۈڭ،
يۈزۈڭگە باقالماي غەم خىيالدىمەن.

شاھزادە پەررۇخ:
نىگارىم، سەن - سەن ئومرۇم چىراغى،
ھىجرىڭدە سىزدى يۈرىگىم ياغى،
قۇربانىڭمەن باشتىن - ئاياغى،
كوڭلۇم ساڭادۇر نە خىيالدىسەن؟

ئەلقىسسە، شاھزادە: "ئەي يارۇ - ۋاپادارىم! نە ئىلاج قىلۇرمىز؟ بىگانىلەرگە، قارا-نىيەت رەقىپلەرگە دۇچار بولماي قاچايلى، ئۇلار ئاگاھ بولۇپ قالسا، ئىشىمىزغا دەخىل بولغۇسى"، دىدى. مەلىكە ئېيتتىكى: "ئانداغ بولسا، بۇ كېچە بىر تەرەپكە چىقىپ كېتەيلى، پادىشاھى خەيبەر تولىمۇ يامان زالىمدۇر. مەن بۇ تاغ يوللىرىنى بىلۇرمەن، ئۇ يوللارنى ئوزگە كىشى ئۇقمايدۇ، مەن قىزلار بىلەن شىكار قىلىپ كورۇۋالغانمەن."
ئىككەيلەن ئول كېچە تاغ ئارىلاپ يولغا راۋان بولدى. يول ئۈستىدە، شاھزادە پەررۇخ پەلەكنىڭ بىۋاپالىغىدىن شىكايەت قىلىپ، بۇ مۇرەببەنى ئوقۇدى:

بۇ رەھىمسىز زالىم پەلەك ئەزەلدىن،
ھىچ كىشىگە ئەسلا ۋاپا قىلمىدى.
يەلكىسىگە يۈكلەپ غەملەر تاغىنى،
ھىچ كىشىگە ئەسلا ۋاپا قىلمىدى.

www.uyghurkitap.com



بەزلى تاپتى تەختى سۇلايمان
ئۆتتى ئۆنىڭ ئىلكىگە يەرۇ - جاھان،
بولدى دايىم مەئىشتى پاراۋان،
ئاخىردا دۇنيا ۋاپا قىلمىدى.

بەزلەرنىڭ ئۆتتى ھەر ئان گېلى ئاچ،
ئۈستى - بېشى كونا، يىلىڭ - يالىڭاچ،
قىلالمىدى ھەتتا بۇڭا ھېچ ئىلاج،
ھېچ كىشىگە دۇنيا ۋاپا قىلمىدى.

نىيىتىنى قىلىپ ماڭا كوپ يامان،
خاتۇنلىقتا ئالار ئىمىش ئول سۇلتان،
بۇڭا قانداق چىدالىسۇن بۇ ۋىجدان؟
ئۇشبۇ دۇنيا ماڭا ۋاپا قىلمىدى.

ئۇلار باياۋاندىن كېتىپ باراتتى، ئالدىغا بىر توپ يىلقا ئۇچرىدى. بۇ يىلقىلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كويىقاپتىن ئېلىپ چىققان يىلقىلىرى ئىدى. مەلىكە: "ئەي تەڭرىنىڭ جانىۋارلىرى، بۈگۈن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققى ھورمىتىدىن بىزنى دەرماندە قىلمىغىل" دەپ، كەمەندە (سالغا) تاشلىغان ئىدى، ئىككى قۇلان تۇتۇلدى. ئىككەيلەن بۇ قۇلانلارغا مىنىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى قىلىچخاندىن ئىشىتسىمىز: قىلىچخان مەلىكىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە كىشى بۇيرىدى. ئەمما ئۇلار مەلىكىنى تاپالمىدى، پادىشا كېنىزەكلەرنى چاقىرتىپ، ئۇلاردىن مەلىكە گۈلرۇخنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار: "مەلىكە بۇنىڭدىن بەش كۈن مۇقەددەم چار باغدا بىر دىۋانە بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، قېشىغا كىشى كىرگۈزمەس ئىدى، ئاشۇ كۈندىن بۇيان ئۇنى كورمىدۇق"، دەپ جاۋاپ بەردى. قىلىچخان دەرغەزەپ بولۇپ: "قىز بالا دېگەن شۇنداقمۇ بولامدۇ؟ ھىلمۇ ھەم بولسا ئىزلەپ بېقىڭلار، ئەگەر تېپىلمىسا، پادىشاھى خەيبەرگە جاۋاپ بەرمىگىمىز بەسى مۇشكۇل بولىدۇ"، دېدى. ئۇ ئۇچيۈز ئاتلىقنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا قاچقانلارنى قوغلاش توغرىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئاتلىقلار يولغا چىقتى. ئۇلار ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك قوغلاپ، ئۇلارغا يېتىشەيلىشقا ئاز قالغاندا! قازايى ئاسماندىن بىر بالايى مۇخالىپ (قارا بوران) كوتىرىلىپ، كوز ئاچقۇزماي قويدى. ئۇلار نائىلاج دۇم يېتىشىپ تاڭ ئاتقۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەتىسى ئۇلار ئىزلەشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويدى. شۇڭا ئىلاجىسىز قىلىچخان ھوزۇرىغا قايتتى. قىلىچخان ئەھۋالنى پادىشاھى خەيبەرگە مەلۇم قىلدى. پادىشاھى خەيبەرنىڭ قەھرى - غەزىۋى تېشىپ، شەھرى يەمەنگە لەشكەر تارتىپ، ئۇنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن بېسىۋالدى. قىلىچخاننى ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى. نۇرغۇن يەمەنلىكلەر باشقا ئەللەرگە قېچىپ كەتتى.

پادشاھى خەيبەر قىلىچخاننى: "قىزىڭنى ماڭا بېرىمەن دەپ مېنى ئالداپ، ئۇنى بىگانىگە قوشۇپ قاچۇرۇۋەتتىڭ"، دەپ قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن ئاڭلىغايمىز: ئول كىچىك شاھزادە پەرروخ بىلەن مەلىكە گۇلرۇخ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا تۇتۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئاتلىرىنى ئۇچقاندەك چېپىپ بىر بىرىدىن خېلىلا ئۈزاپ كېتىشكەن ئىدى. يول ئىككى ئاچماقتا بولۇندى. ئۇنىڭ بىرى قەلئە تاروققا، ئىككىنچىسى شەھرى رىكىنگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ئادىرىشىپ قالدى. شاھزادە پەرروخ قەلئە تاروق يولىغا، مەلىكە گۇلرۇخ شەھرى رىكىن يولىغا يۈرۈپ كەتتى. يەمەن بىلەن رىكىننىڭ ئارىلىغى ئۈچ ئايلىق، رىكىن بىلەن تاروقنىڭ ئارىلىغى بىر يېرىم كۈنلۈك كېلەتتى. رىكىن پادشاسى دىلبەندە كەيقباتپادشاسى كىرۇختقا باج تاپشۇراتتى. قەلئە تاروقمۇ كەيقباتتەۋەلىگىدە ئىدى.

شاھزادە پەرروخ مەلىكىگە يېتىمەن دەپ ئۇزۇن يول باستى. بورانمۇ توختىدى، تاڭ يورىدى. قارىسا مەلىكە كورۇنمىدى. كوپ ئىزلىگەن بولسىمۇ، ھېچ يەردىن دېرىگىنى ئالالمىدى. مىڭگەن ئېتىنى، "ئەي تەگرىنىڭ جانىۋرى، سېنى خۇداغا ئامانەت قويدۇم، ھايات بولساق كورىشەرمىز" دەپ قويۇپ بېرىپ، مەلىكىنىڭ پىراقىدا بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

قىلدى پەلەكنىڭ گەردىشى ئول گۇلئوزارىمدىن جۇدا،
كوڭلۈمنى بەرگەن ئومۇرلىك ئول رۇخسارى ماھىمدىن جۇدا.

ئۇ ئەردى بەستىم ماغدۇرى، بەختىم چىراغىنىڭ نۇرى،
ئاقتى كوزۇمنىڭ يامغۇرى بولغاچ شۇل يارىمدىن جۇدا.

ئەمدى كورەلمەسمەن ئەنى، ئۇ ھەم كورەلمەسلەر مېنى،
سۇندى ھاياتىمنىڭ بېغى بولدۇم بھارىمدىن جۇدا.

يارىم مېنى ئەيلەرمۇ يات، سۇرگەيمۇ بۇ ياقلارغا ئات،
قىلغايمۇ بىر كوڭلۈمنى شات، ئەيلەپ بۇ ھالىمدىن جۇدا.

قۇربان ئېتەي جانىمنى مەن، ساداقىتىم بارىمنى مەن،
ئېيتاي كىمگە ھالىمنى مەن؟ بولدۇم ئارامىمدىن جۇدا.

ھېچكىم مېنىڭدەك بولمىسۇن، ئوز ياردىن ئايرىلمىسۇن،
غۇنچە گۇلىن توزۇتمىسۇن بولدۇم ۋىسالىمدىن جۇدا.

شاھزادە پەرروخ شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ ھەر كۈنى بازارغا كىرىپ يارىنى ئىزلەپ يېنىپ چىقار ئىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى گۇلرۇختىن ئىشىتكەيمىز:

ئۇل كېچە مەلىكە شاھزادىدىن ئايرىلىپ بىر سائەت يول ماڭدى، بوران توختىغاندا قارىسا، شاھزادە يوق. ئۇ، نائىلاج مىنگەن ئېتىنى قويۇپ بېرىپ شەھرى رىكنىگە كىردى. كۆپ ئىزلىگەن بولسىمۇ، شاھزادە پەررۇخنى تاپالمىدى. يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، سەھراغا چىقتى، ھەر تەرەپلەرگە باردى، كۈن كەچ بولدى. گۈلرۇخ شاھزادىنىڭ پىراقىدا يىغلاپ، دەرەخلەرگە قونۇپ سايراۋاتقان قۇشلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يەمەندە قېلىپتۇر گۈللۈك باغلىرىم،
شۇ يەرگە ئەي قۇشلار **ئۇچۇپ** بېرىڭلار.
سورىسا مۇبادا ئاتام ۋە ئانام،
ئۇلارغا قىزىڭلار ئاماندۇر دەڭلار!

ۋاپالىق يارىمنى بۇگۈن يۈتتۈردۈم،
شەمئى چىراغىمنى دىمەك ئۆچۈردۈم،
بەختىمنىڭ قۇشىنى باشتىن ئۇچۇردۇم،
يارىمنى كورسەڭلار ئاماندۇر دەڭلار!

جانىمدىن ئېزىزراق ئىدى دىلبەرىم،
پاك نىيەت ـ ئاقكوڭۇل سوزى شەكەرىم،
قامىتى كېلىشكەن بويى ئەنبەرىم،
يارىمنى كورسەڭلار ئاماندۇر دەڭلار!

بارارغا يوقتۇركى مېنىڭ ماكانىم،
بىلمەيدۇ كىشىلەر نامۇ ـ نىشانىم،
سورىسا ئەگەردە ماھى تابانىم،
يېتىملىك دەردىدە ئاماندۇر دەڭلار!

پەررۇخىم نامىڭىز ئۇچمەس جاھاندىن،
ئىزلەيمەن قالغىچە سىزنى دەرماندىن،
كەچمەيمەن ئۇلسەممۇ سىزدەك ئوغلاندىن،
كورسەڭلار گەر ئۇنى ئاماندۇر دەڭلار!

گۈلرۇخ يولىنى داۋام قىلدى. بىر گەمە ئۆي كورۈندى، گەمىگە كىرىپ **قارىغان** ئىدى، بىر قېرى خاتۇن ئولتۇرۇپتۇ. قىز سالام بەردى، ئۇل قېرى خاتۇن ئورنىدىن قوپتى، گۈلرۇخ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قېرى گەپ سوراپ: ”ئەي قىزىم، سىز قەيەردىن، نىمە ئىش بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز، قاياققا بارماقچىسىز؟“ دىدى. مەلىكە ئۇنىڭغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ تۇۋەندىكى مەسنىۋىنى ئوقۇدى:

يەمەنلىك بىر مۇساپىر قىز ئېرورمەن،
پەلەكنىڭ گەردىشىدىن ئۆرگىلۇرمەن.

كوڭۇل بەردىم شۇڭقار يەڭلىغ نىگارغا،
قېشى مىسلى قەلەم، كوزى خۇمارغا.

يېتىشتۇك بىر ئوچۇقچىلىق - سەھراغا،
چىقىپ قاتتىق بوران ئالدى ئاراغا.

جۇدا قىلدى بوران ئوشۇل يارىمدىن،
پەلەك لەرزى قىلدى مېنىڭ زارىمىدىن.

تېنەپ يۇرۇپ كېلىپ قالدىم بۇ يەرگە،
ماكانىم يوق مېنىڭ ئەسلا كىرەرگە.

كىشى كەلتۇرسە ناگاھ شول يارىمنى،
سويۇنچىگە بېرەر ئەردىم بارىمنى.
...
سېنىڭ هالىڭ نىچۇك بولغاندۇر يارىم،
ساڭا قۇربان قىلاي جاننى شۇڭقارىم.

قارا قاشلىق ئەي يارىم پىراقىڭ،
ماڭا بولدى زىيادە ئىشتىياقىڭ.

كويۇپ ئىشقىڭدا كۆل بولغان گادامەن،
بۇ ئىشقا چارە ئىزلەپ مۇپتىلا مەن.

پىراقىڭ جانغا تۇشتى ئەي شۇڭقارىم،
كورۇشمەكنى نېسىپ ئەتكەي خۇدايىم.

يەنە ئىزلەپ تېپىپ بارسام قېشىڭغا،
بولۇپ پەرۋانەدەك قونسام بېشىڭغا.

مەلىكە گۇلرۇخ بۇ نەزمىنى تۇگىتىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. موماي مەلىكىنىڭ بېشىدىن يولەپ: "ئەي دىلدارى بىھوش! خۇدايىتائالا ئىرادە قىلسا شۇل يار ۋاپادارىڭىزنى كورەرسىز، ئەگەر بارۇر - كېلۇر يېرىڭىز بولمىسا، بىر نەچچە كۇن مېنىڭ قېشىمدا تۇرغايسىز، تا جېنىم تېنىمدە باردۇر، خىزمىتىڭىزنى قىلۇرمەن!" دىدى.

موماي ھەر كۈنى چەرخ ئېگىرىپ، بازاردا يىپ سېتىپ كۈن ئالۇر ئىدى. گۈلرۇخ مومايغا ماڭا بىر كەشتىلىك خەسە، بىر مىسقال ئەۋرىشىم يىپ كەلتۈرۈپ بېرىڭ، مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي، دېدى. موماي بۇ نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بەردى. گۈلرۇخ ئۆزىنىڭ باش بارماق قولىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىسلىسىز چىرايلىق كەشتە تىكتى. ئۇ كەشتىنى ئالدىغان خېرىدار بولسا يۈز تەڭگىگە سېتىڭ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى كەم ساتماڭ، دەپ تاپىلاپ مومايغا بەردى. ئۇ پەررۇخ مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالغان بولسا، كەشتىنى تونۇۋالىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى.

موماي كەشتىنى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ چىقتى. ئۇل شەھەردە خوجا مۇكەددەر جاۋاھىرپۇرۇش ئىسىملىك بىر جوھۇد بار ئىدى. ئۇ كەشتىنى كۆرۈپ ھەۋەس قىلىپ قالدى. باھاسىنى سورىغان ئىدى، موماي يۈز تەڭگە! دەپ جاۋاپ بەردى. جوھۇد دەسلەپ باھانى تالىشىپ كوردى، كېيىن موماي دىگەن نەرقىدە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. جوھۇد كەشتىدىكى ئاجايىپ گۈزەل سۈرەتنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە "بۇنى قانداق چېۋەر قول نازىنىن تىككەندۇر" دەپ ئويلىغان ئىدى. موماي كەشتىنى سېتىپ بولۇپ، بازاردىن گوش، ياغ، گۈرۈچ ۋە يەنە بىر پارچە خەسە، ئىككى مىسقال يىپ ئېلىپ ئۆيگە قايتتى. گۈلرۇخ بىلەن موماي تاماق ئېتىپ يېيىشكەندىن كېيىن، گۈلرۇخ تۈن بويى ئۇخلىماي يەنە بىر دانە كەشتە پۈتكۈزدى. بۇ كەشتىمۇ ئاۋالقىغا ئوخشاشلا چىرايلىق ئىدى. موماي بازارغا كەشتىنى ئاپىرىپ يەنە خوجا مۇكەددەر بىلەن سودىلاشتى، كەشتىنى بەش يۈز تەڭگىگە ساتتى. يەنە ياغ، گوش، گۈرۈچ، خەسە ۋە يىپ قاتارلىقلارنى ئېلىپ قايتتى. خوجا مۇكەددەر كەشتىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇنى ئۇزاقىچە كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر ئوت كىرىۋېلىپ يۈرىكىنى كويدۇردى. ئۇ كەشتىنى تىككەن جانانىغا غايىۋانە ئاشىق ـ نىگاران بولغان ئىدى. جوھۇد شۇ كۈندىن باشلاپ دۇكانغا چىقماي كوكسىنى نەم يەرگە چاپلاپ كوزىدىن ياش تامچىتىپ، ئۇل سۈرەتتىن كوزىنى ئۈزمەي ياتتى. جوھۇدنىڭ بىر قېرى دەللە ئانىسى بار ئىدى. ئۇ ھىلە ـ مىكىردە شەيتانغىمۇ دەرس بېرەلەيتتى. ئۇل قېرى ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ: "ئى ئوغلۇم، ساڭا نىمە ۋەقە بولدى، كوز ئۈزمەي‌ۋاتقىنىڭ نىمە سۈرەتتۇر؟" دەپ سورىدى. جوھۇد: "ئانا، بىر موماي ئىككى قېتىم بازارغا كەشتە ئېلىپ كىرگەن ئىدى، ئۇ كەشتىلەرنى مەن ئالتە يۈز تەڭگىگە سېتىۋالدىم. نىمە بالا بولدى، ئۇل كەشتىنى تىككەن چېۋەرگە ۋالىئى شەيدا بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كىم، قەيەردە ئويى بارلىغىنى بىلمەيمەن، ئوغلۇڭنىڭ دەردى مانا شۇدۇر"، دەپ جاۋاپ بەردى. ئانىسى جوھۇدقا يول كورسىتىپ، "سەۋرە قىلغىل، ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىپ ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزەي، سەن بۇ ئويدە تۇرماي دۇكانغا چىق، ھىلىقى موماي كەلسە، دەرھال ماڭا خەۋەر قىلغىن!" — دېدى.

مەلىكە گۈلرۇخ ئۈچىنچى قېتىمدا موماي ئېلىپ كەلگەن خەسىگە ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئەينەن كەشتىلەپ، باھاسىنى مىڭ تەڭگە توختىتىپ ئۇنى يەنە مومايغا بەردى. موماي كەشتىنى بازارغا ئاپىرىپ، خوجا مۇكەددەر گوھەر پۇرۇچىقا ئۆز نەرقىدە ساتتى. جوھۇد پۇلنى ئويدىن كەلتۈرۈپ بېرىمەن، دەپ موماينى توختىتىپ قويۇپ، ئانىسىنى باشلاپ كەلدى. موماي بازاردىن ياغ، گوش، گۈرۈچ ۋە رەخت ئېلىپ ئويىگە قايتتى. جوھۇدنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بېرىپ ئوينى كورۇۋالدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى شاھزادە پەرروختىن ئىشىتكەيمىز.

شاھزادە پەرروخ گۈلرۇخنى ئىزلە ـ ئىزلە، رىسكىنگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئۇزى يالغۇز كوچىدا كېتىپ بېرىپ، بىر دۇكاندا ئېسىقلىق تۇرغان ئۈچ دانە كەشتە ياغلىقنى كورۇپ قالدى. شاھزادە كەشتىدىن گۈلرۇخنىڭ سۇرىتىنى كورۇپ، ئاھ تارتىپ دۇكان ئالدىدا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. جوھۇد بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ھەيران بولدى. شاھزادە بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئاندىن سۇرەتكە قاراپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

جۇدا مەن، داغىمەن دائىم، ئىشىم بولماق ئەلەم ئاندىن،
بۇ دەردىمنى كىتاپ قىلسام ئاشارلەر قانچە داستاندىن.

ھاياتىم نەخلىنى تەگرىم قۇرۇتتى تەقدىرى بىرلە،
كورۇڭ ئەي دوستلۇرۇم ئەمدى جۇدا مەن ئىنتىزارىمدىن.

نىگارىدىن يىراق تۇشكەن مۇساپىر بىر غېرىپتۇرمەن،
ئامان بول دەپ دۇئا قىلدىم مەن سۇرە قۇرئاندىن.

بۇ سۇرەتكە داۋادۇرمەن ئەقىل ـ ھوشتىن ئازادۇرمەن،
تۈنۈ ـ كۈن زارۇ يىغلارمەن خەۋەر ئۇقماي نىگارىمدىن.

شاھزادە گىريان قىلىپ تۇراتتى، جوھۇدنىڭ ئانىسى يېتىپ كېلىپ ئوغلىغا: "بۇ كىشىنى ئويگە ئېلىپ بارغىل، نىمە دەردى بار، ئۇقايلى!" دىدى. جوھۇد شاھزادىنى ئويىگە باشلىدى. ئويىدە قېرى دەللە پەررۇخقا "ئەي يىگىت، ئوز ئاشىغىدىن ئايرىلغان بىر مەشۇق سۇرىتىنى كەشتىلەپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ بۇ خىل يول بىلەن ئاشىغىنى ئىزلەپ يۇرىدۇ"، دىدى. شاھزادە: "مەن شۇ ئاشىق بولىمەن، بىز شۇنداق ئاشىق ـ مەشۇقلەردىندۇر ـ مىزكى، پەلەكنىڭ ئىشى بىزنى ئايرىپ مۇشۇنداق قىلىپ قويدى"، دىدى. قېرى دەللە ئوغلىنىڭ قۇلىغىغا: "مەھبۇبىڭغە شېرىك پەيدا بولۇپ قالدى، بۇنى تېزرەك يوقاتقىل" دەپ كۇسۇرلىدى. ئول جوھۇد پەررۇخنىڭ چاي ئىچىۋاتقان پىيالىسىگە پىنھان ھالدا بىھوش دورىسى سېلىۋەتتى. پەررۇخ چاينى ئوتلاپ ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى بىر جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلاپ قويدى. ئەتىسى شاھزادىسىنىڭ يۇزىگە تاڭ شامىلى تېگىپ، ئۇ ھوشىغا كەلدى ۋە ئوز ئەھۋالىنى كورۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللا، ئولەر بولدۇم بۇ چولدە،
مەن نەيلەيىن ياردىن خەۋەر بولمىسا؟
ئوزەڭ ساقلا ئولەر بولدۇم بۇ يەردە،
مەن نەيلەيىن ياردىن خەۋەر بولمىسا؟

ئىزلەپ يارىم خەۋىرىنى ئاڭلىسام،
ھىجىر ئوتىدا يۇرىگىمنى داغلىسام،

www.uyghurkitap.com

تېپىش ئۇچۇن ھەممەت قۇرىن باغلىسام،
مەن نەيلەيىن ياردىن خەۋەر بولمىسا

كەزدىم تىنماي بۇ دىياردا كوپ جايىنى،
ئاقتۇردۇممەن قىشلاق، شەھەر، چۆل ـ سايىنى،
تاپالمىدىم ھېچقەيەردىن ئۇل ئايىنى،
مەن نەيلەيىن ياردىن خەۋەر بولمىسا.

قادىر ئاللا تېزرەك يەتكۈز يارىمغا،
ئالما، ئانار پىشقان گۈزەل باغىمغا،
كورۇپ ئۇنى كېلەي ئەسى ھالىمغا،
ئۇلسەم تۈزۈك، ياردىن خەۋەر بولمىسا.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى مەلىكە گۈلرۇختىن ئاڭلىغايمىز:

ئەتىسى جوھۇدنىڭ ئانىسى ھىلىگەرلىك لىباسىنى كىيىپ، بېشىدىن ئايىغىغىچە لىچەك ئارتىپ، بۇۋى سۈرىتىدە ياسىنىپ، مەلىكە گۈلرۇخ ئورۇنلاشقان مومايىنىڭ كۈلبىسىگە يېتىپ كەلدى. كىرىپ مەلىكىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغان ھالدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ: "ئەي جانان، مەھبۇپ دىلناۋاز! سېنىڭ بىر ئاشىغىڭ بار ئىكەن، ئۇ ئويىمىزگە كەلگىلى ئۇچ كۈن بولدى. تولىمۇ نالە ـ زار قىلىپ يىغلايدۇ، ئالدىغا تائام قويساق: شول يارىمنى كورمىگۈنچە تاماق يېمەسمەن، دەپ يېمەيدۇ. دۇنيادا ئاشىق بولا، ئۇنىڭچىلىك ئەقىدىلىك بولماس!" دەپ ئېيتتى. مەلىكە بۇ قېرى دەللەدىن: "ئۇنىڭ مېنىڭ ئاشىغىم ئىكەنلىگىنى قانداق ئۇختىلا؟" دەپ سورىغان ئىدى، موماي: "ئوزەڭنىڭ سۈرىتىنى كەشتىلەپ بازاردا ساتقۇزغان ئىكەنسەن، ئۇنى ئوغلۇم سېتىۋېلىپ دۇكاندا قويغان ئىدى. ئۇل ئاشىغىڭ دۇكانغا كېلىپ سۈرەتنى كوردى ـ دە، بىھۇش بولادى، ئۇنى ئويگە ئاپىرىپ ئېسىگە كەلگەنىدە سورىساق: يۈتتۈرگەن يارىمنى سۈرەتتىن كورۇپ ئايلىنىپ كېتىپتىمەن، دىدى. مەن تەسەللى بېرىپ، تېپىشقا ياردەم بېرەي، دىدىم. كوچىمۇ ـ كوچا، ئويمۇ ـ ئوي سۈرۈشتۈرۈپ، سېنى مۇشۇ ئويدىن تاپتىم. ئۇل يىگىتنىڭ ئېيتى شاھزادە پەررۇخ ئىكەن. خالىساڭ مەن بىلەن بىرگە بېرىپ ئاشىغىڭنى كورۇپ كەل!"، دىدى. گۈلرۇخ شاھزادىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، خۇن جىگەردىن ئاھ ئۇرۇپ، بۇ مۇرەببەنى ئوقۇدى:

ئاڭلاپ سېنىڭ شۇل مۇبارەك ئېتىڭنى،
بولدى ئەجەپ كوڭلۇم خوشال، نىگارىم.
بىر كورۇشكە ئارزۇ بولدۇم يۈزۈڭنى،
كورۇشتۈرگەي ئىككىمىزنى خۇدايىم.

گەر كىشىنىڭ يارى بولسا يىراقتا،
مۇشۇ يەڭلىغ سارغىيۇرلەر پىراقتا،

ئىنسان بۇنداق دەرت تارتمسۇن ھېچ ۋاقتتا،
يوللىرىڭغا قاراپ قالدى نىگارىم.

ئارىمىزدا رەقىپ بىھەد تولادۇر،
كورەلمەستىن سېنى دىلىم يارادۇر،
ئۇچراشقاندا ئارزۇلىرىم قانادۇر،
بولماس سەنسىز مېنىڭ كوڭلۇم ئارامىم.

قىسمەتلەرگە نىلەرنى دەي ئەي جانان،
قۇلۇڭدۇرمەن، ئۇزۇڭ بولساڭ شاھ خوبان،
قەيەردىسەن، يېتەي ساڭا خىرامان،
پۇتتى ئەمدى مېنىڭ سەۋرى-چىدامىم.

ئەلقىسسە، گۇلرۇخ ئۇ ئۇيگە بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ، يۇزىگە نىقاپ تارتىپ يولغا چىقتى. ئۇي ئىگىسى موماي ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ: ”ئەي مەلىكەم! مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ!“ دەپ ئىلتىجا قىلدى. ئول دەللە مەلىكىنى كەينىگە سېلىپ، خوشاللىقتىن تېرىسىگە سىغماي، ئۇنى ئوغلىنىڭ خاس ھوجرىسىغا ئېلىپ كىردى. مەلىكە قارىسا ھوجرىدا شاملار يېقىلىپ، توشەكلەر سېلىنغان، شاھزادىدىن دېرەك يوق، پەقەت بىر چارا كوز جوھۇد يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە ئۇنى كورۇپ ھەيران بولدى ۋە ئۇزىنىڭ قىلتاققا چۇشۇرۇلگەنلىگىنى بىلدى. جوھۇد مەلىكىنى كورگەندىن كېيىن، بىر دەردى مىڭ بولۇپ، ئەسلا ئولتۇرالمىدى. ئۇ: ”كەلگەن قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن!“ دەپ بىر تەخسە جاۋاھىرنى گۇلرۇخنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ھوجرا ئىشىگىنى مەھكەم قىلدى. يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن چارا كوزلىرىنى پاقىرىتىپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي، خېنىم، ئۇزلىرىگە ئەرزىم بار،
مېڭىش ھەم تۇرۇشلىرى ئۇزدۇر.
دەي دىسەم يۇرىگىمدە دەزىم بار،
ئولتۇرۇپ ھەم قوپۇشلىرى ئۇزدۇر.

ساچلىرىدۇر خۇددى نەفىس تارە،
ئوت سالۇرلەر كوڭۇلگە ھەر بارە،
چىدىشىمغا يوقتۇر ئەمدى ھېچ چارە،
قاشلىرى قىرغان قەلەم، چاچلىرى قۇندۇزدۇر.

بويلىرى سوخسور، كوزلىرى گەۋھەر،
گۇل كەبى نازۇك، ھىدلىرى ئەنبەر،

ئۆلتىپاتلىرىغا بولسام مۇيەسسەر،
جامالىلىرىدىن تۈنمۇ كۈندۈزدۇر.

مەلىكە ئۇنىڭغا: "ئەي دەيۇز، مەن بۇ يەرگە سېنى دەپ كەلمىگەن ئىدىم، سېنىڭ ئاناڭ قېرى دەللە مېنى ئالداپتۇ. سەن مېنى بوزەك قىلىمەن، دەپ خام - خىيال قىلما، بەرىبىر ھېچنىمىگە ئىگە بولالمايسەن! — دېدى. جوھۇد بۇ گەپكە كونمەي، بارغانسېرى ھەددىدىن ئاشتى. مەلىكە يېنىدىن خەنجەرنى ئالدى. "ئەي ئىبلىس! قولۇڭنى تارت، بولمىسا سېنىمۇ، ئۆزەمنىمۇ ھالاك قىلىمەن!" دېدى ئۇ. بولۇۋاتقان جودانى ئاڭلاپ، جوھۇدنىڭ ئانىسى ئىشىكنى قاقتى. جوھۇد ئانىسىغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. "سەۋرى قىلغىل ئوغلۇم، مەلىكە ھەرقاچان سېنىڭ، ئۇ كېيىنچە سوزۇڭگە ئۇناپمۇ قالار، تاغارغا بېسىۋالغان ئۇننى ھەرقاچان يېگىلى بولىدۇ"، دېدى موماي. شۇ ئارىلىقتا مەلىكە جوھۇدنىڭ ھوجرىسىدىن قېچىپ چىقىپ، ئەينەك دەرىزىلىك بالاخانا ئويگە چىقىۋالدى. ئۇ، ئويدە ئولتۇرۇپ جوھۇدتىن قۇتۇلۇش چارىلىرىنى ئويلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى شاھزادە پەررۇختىن ئىشىتكەيمىز:

شاھزادە بازارغا كىرىپ، بىر كوچىدا كېتىپ باراتتى، ئالدىغا بىر تومۇرچى يولۇقتى، تومۇرچى پەررۇخقا: "ئەي يىگىت، مەن كورەك باسقىلى ئادەم ئىزلەپ كېتىپ باراتتىم، ئۇبدان ئۇچراپ قالدىڭىز، بۇگۈن ماڭا ياردەملەشسىڭىز، ئىش ھەققىڭىزنى تولىسەم"، دەپ ئېيتتى. شاھزادە ماقۇللۇق بىلدۈردى. تومۇرچىنىڭ دۇكىنى ئۇل جوھۇدنىڭ ئويىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى. شاھزادە دۇكانغا كىرىپ كورەك بېسىشقا كىرىشتى. تومۇرچى شاھزادىنىڭ ماھارىتىگە ھەيران قالدى. شاھزادە كەچ كىرگەندە ئىشىنى تۈگىتىپ، ئىككى تەڭگە ئىش ھەققىنى ئېلىپ ئۇ دۇكاندىن چىقتى. ئۇ، كوچىدا يارىنى يادلاپ بۇ مۇرەببەنى ئوقۇدى:

نىگارىم ئىشقىدا ئاز قالدى جانىم،
دىلىم كويدى، تىلىم كەلدى ناۋاغا.
ئېنىمدە قالمىدى زەررە ماجالىم،
ناۋانى باشلىدىم يىغلاپ خۇداغا.

ساماندەك ساغىرىپ توكتۇم يېشىمنى،
خۇدايىم ئۇكشىغاي ئاخىر بېشىمنى،
بىرورلەر يەتكۈزۈپ سۆيگەن كىشىمنى،
مېنىڭدەك ناتىۋان ئاجىز گاداغا.

ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ سەرسانە بولدۇم،
ۋىسالىنى تىلەپ مەستانە بولدۇم،
يېنىپ شەمئىدە پەرۋانە بولدۇم،
سېلىپتۇر ئۇل مېنى بۇنداغ بالاغا.

ئەلقىسسە، گۇلرۇخ قېچىش ئامالىنى ئويلاپ بالىخانىدا ئولتۇرغىنىدا، كوچا تەرەپتىن بىيىت ئوقۇغان تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى. قارىسا، پەرىشان هالدا ئۆزى تۇرغان ئۆي تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. مەلىكە دەرهال بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنىڭ يولىغا تاشلىدى. پەررۇخ بالىخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يولدا تۇرغان خەتنى كوردى ۋە ئۇنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە شۇنداق يېزىلغان ئىدى:

"ئېقىدەتكەش ۋە هىدايەت ئەندىش، نىكو خىيال، پىسەندە ئەپئال ئاپتابى تەلەتلىك، مۇشتەرى سائادەتلىك، جاندىن ئېزىز، قەندىن لەزىز، ئاشىقى دىلناۋاز، بۇلبۇلدەك خوش ئاۋاز شاهزادە پەررۇخقا! با مۇخالىپتا ئايرىلغان، هىجران شامى- لىدا سورۇلغان ۋە ئىش رەنجىدىن بەرگىلىرى سۇنغان كېمىنە گۇلرۇختىن سەدهى سالام!

مۇددىئايىم شۇلكى، بىچارە مەشۇقلىرى گوهەر سەدەپتىن ئايرىلغاندەك، كىيىك تاغدىن ئايرىلغاندەك، بۇلبۇل قىزىلگۇلدىن ئايرىلغاندەك، قاراڭغۇ كېچىدە ئايرىلىپ چوللەردە يۈرۈپ بۇ شەهەرگە كېلىپ قالدىم. بىر نەچچە سائەت بولدى، خوجا مۇكەددەر جەۋهەر پۇرۇش دىگەن جوهۇدنىڭ مىكىرلىك قىلتىقىغا گىرىپتار بولدۇم. ئەتە — دۈشەنبە كۈنى يېرىم كېچە بولغاندا، بىر ئات ئېلىپ تومۇرچى كوچىسىنىڭ كەينى بىلەن بالىخانىلىق ئۆينىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇرسىڭىز! قاچماقتىن باشقا چارە يوقتۇر."

خەتنىڭ كەينىگە بولسا بۇ غەزەل پۈتۈگلىك ئىدى:

"ئەي سابا ئەيغىل مېنىڭ ئەرزىمنى ئول شوخ يارىغا،
قامىتى شامشاد كەبى ئول كوزلىرى خۇمارىغا.

تەندە تاقەت قالمىدى، هەم جاندا راهەت قالمىدى،
هەم دۇئا بىرلە سالام بولسۇن ئۇشول بىچارىغا.

كوزدە شەرىم، دىلدا سەۋرىم، ئەلدە قەدرىم يوق مېنىڭ،
سەن ئىنايەت ئەيلىگىل ئاجىز زەئىپىنىڭ هالىغا.

كەتتى باشىمدىن هۇشۇم ئۇچتى قولۇمدىن بەخت قۇشۇم،
تاغۇ - تاشلار ئىرىگەي مەندەك يېتىمنىڭ زارىغا.

بىلمىگەي هېچكىم تۇرار جايىمنى، يوقتۇر سىردىشىم،
قۇتقۇزۇپ ئالغىل، قويۇپ بەرمەي مېنى ئەغيارىغا.

نامە تامام ۋەسسالام، مەهبۇبەڭ گۇلرۇختىن".

ئەلقىسسە، شاهزادە ئول كېچىنى بىدارلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئاتنى قويۇپ بەرگەن

چولگە بېرىپ ئاتنى تېپىپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. بەختكە قارشى، ئۇ ئادىشىپ تومۇرچى كوچىسىغا ماڭدىم دەپ باشقا بىر خالىتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ، ھېچيەرنى بەرق ئېتەلمەي، ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا شاھزادىنى ئۇيقۇ غەپلەت قىلدى. ئۇ كوزىنىڭ ئاچچىغىنى سەل-پەل چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن ئاتنى پۇتىغا باغلاپ قويۇپ، تامغا يۆلەنگىنىچە مۈگدەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا بىر ئوغرى كوچىغا چىققان بولۇپ، ئوغۇرلايدىغان نەرسە تاپالماي تەنتىپ يۈرەتتى. ئۇ، بۇ يەردىن ئۆتتى. قارىسا بىر ئادەم پۇتىغا ئاتىنىڭ چولۋۇرىنى باغلاپ قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئوغرى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاتنىڭ چولۋۇرىنى كەستى-دە، ئۇنى مىنىپ تومۇرچى كوچىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ باراتتى. ئەينەكلىك بالخانا ئالدىغا كەلگەندە نىقاپ تارتقان بىرو بالخاندىن ئاغامچا بىلەن سىرىلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالدى. ئوغرى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇردى. گۇلرۇخ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئاتنى تونۇدى. لېكىن مىنگۈچىنىڭ پەررۇخ ئەمەسلىكىنى بايقىدى. ئوغرىمۇ كەينىگە قاراپ، چاچلىرى ئاتنىڭ ئىككى يېنىغا چۈشۈپ تۇرغان، نىقاپ ئىچىدە جامالى ئاپتاپتەك شولا ئۇرۇپ تۇرغان بىر ساھىپجامالنى كوردى. ئۇ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ئۇدۇل ئويىگە يېتىپ كەلدى. شۇندىلا گۇلرۇخ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ: ئولۇمدىن قېچىپ يەنە ئولتۇرگۈچىگە ئۇچراپتىمەن، بۇنىڭغا بىر چارە قىلمىغىم لازىم، دەپ ئويلىدى. ئوغرى مىنگەشتۇرۇپ ئېلىپ كەلگىنىنىڭ گۈزەل بىر قىز ئىكەنلىكىنى كورۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا يامان نىيەتتە بولدى. گۇلرۇخ ئۇنى ئالداپ قۇتۇلماقچى بولۇپ: "ئەي كىشى! مەن سېنى دەپ ئۆز ئېرىمدىن ۋاز كېچىپ، ئارقاڭدىن كەلدىم، ئەگەر سەن ھەم مېنى ياخشى كورسەڭ، شاراپ كەلتۈرگىل!" دەپ ئېيتتى.

ئوغرى شاراپ كەلتۈردى. ئۇ مەشئەلنى ياندۇرۇپ قويۇپ چىنىگە شاراپ قۇيۇپ، گۇلرۇخقا تۇتتى. گۇلرۇخ: "مەن ساڭا ئاشىقتۇرمەن، مەن ساقى بولاي، مەن ئۈچۈنمۇ، ئوزۇڭ ئۈچۈنمۇ سەن ئىچكىل!" دىدى ۋە دەممۇ-دەم قۇيۇپ بېرىپ ئوغرىنى غەرق مەس قىلىپ قويدى. ئوغرى خاقىراپ، ئولۇكتەك ئۇخلاشقا باشلىدى. مەلىكە ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، يۈزىگە نىقاپ تارتىپ قولىغا بىر دانە ھاسا ئېلىپ قاچتى ۋە كەيقىبات شەھرىگە يول ئالدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

بۇ غېرىپلىقتا كېتەر بولدى ئېزىز باشىم مېنىڭ،
يا ئاتام يوق، يا ئانام يىرق، يا قېرىنداشىم مېنىڭ.

ھەر زامان يادىمغا يەتسە سەن نىگارىم سوزلىرى،
لەھزە-لەھزە قان بولۇر بۇ كوزدىكى ياشىم مېنىڭ.

ئايرىلىپ سەندىن نىگارىم مىلك نادامەت ئەيلىدىم،
بار ئىكەن قىسمەتتە بىر قاتتىق قارا تاشىم مېنىڭ.

بۇ ئېزىز جانىمدىن ئارتۇق مېھرىۋانىم سەن ئۇزۇڭ،
تاپمىدىم مەن قايدىدۇر سەن ئەي قارا قاشىم مېنىڭ؟

مەلىكە گۇلرۇخ كەيقىبات شەھرىگە قاراپ مېڭىۋەردى.

ئەلقىسسە، كەيقىبات سۇلتانلىغىنىڭ ھوكۇمەت غەزىنىسىدە بىر جان جاھاننامە بولۇپ، مۇبادا پادىشا ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزى تۇتۇلۇپ قالاتتى، ئۆلگەن پادىشانىڭ ئورنىغا كىم پادىشا بولماقچى بولسا، ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكس ئېتەتتى. شۇ كۈنلەردە كەيقىبات دىيارىنىڭ پادىشاھى كىرۇخ ئۆلۈپ قالغان ئىدى. گۇلرۇخ كەيقىباتقا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندا، پادىشاغا ماتەم تۇتۇش ئاياقلىشىپ كەيقىباتنىڭ ئېتىۋېتىلگەن دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلگەن ئىدى. ۋەزىر-ئەمىرلار دەرۋازا ئالدىدا جاھاننامىگە قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزىدە بىردىن-بىر ساھىپجامال ئايال ئەكس ئەتتى. دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ قالغان گۇلرۇخ ئۆزىنى جاھاننامە يۈزىدە كۆرۈپ ھەيران قالدى. ۋەزىر-ئەمىرلار ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى: "مۇبارەك بولسۇن!" دېيىشىپ، ئۇنىڭ پادىشا بولغانلىغىنى تەبرىكلەشتى. گۇلرۇخ: "مەن بىر مۇساپىر مەزلۇمەمەن، پادىشا بولۇشقا لاياقىتىم يوق، مېنى بۇنداق مەسخىرە قىلماڭلار!" دىدى. ئەمىرلار: "بۇ خىلدا پادىشا تۇرغۇزۇش بىزنىڭ ئادىتىمىز، بۇ جاھاننامە سىز ئۈچۈن ئېچىلىپتۇ، شۇڭا سىزنى پادىشا قىلدۇق"، دېيىشتى ۋە ئۇنى شاھانە سەرۇپا كىيدۈرۈپ، بېشىغا تاج تاقاپ ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. يېڭى پادىشانىڭ شەرىپى ئۈچۈن، ئەلگە ئالتۇن-كۈمۈش ۋە لەئلى-ياقۇتلار ئېھسان قىلىندى، ئۇندىن كېيىن ۋەزىر-ئەمىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدى-كەينى تىزىلىپ، كاناي-سۇنايلار چېلىپ داغدۇغا بىلەن تەنتەنە قىلىشتى.

مەلىكە گۇلرۇخ تەختى سەلتەنەتكە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنى ئەدلى-ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە مۇيەسسەر بولدى. ياخشىلارنى كۆتىرىپ، يامانلارنى جازالاپ، دۆلەتتە تىنچلىق ۋە يۈكسىلىش بەرپا قىلدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە تەھسىن ئوقۇشتى.

گۇلرۇخ تەخت ئۈستىدە شاھزادىنى ياد ئېتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كورۇڭ بۇ پانى دۇنيانى مېنى ياردىن جۇدا قىلدى،
ئېغىر كۈنلەر سېلىپ باشقا ئۇزاق جەۋرى-جاپا قىلدى.

گۈزەل يارنىڭ پىراقىدا تۈمەن تۈرلۈك ئازاپ چەكتىم،
مېنى ئاخىر خۇداۋەندا بۇ يۇرتقا پادىشا قىلدى.

قەيەردە سەن گۈزەل شۇڭقار تاپاي ئىزلەپ سېنى ھەر بار،
سېنىڭ بىرلە كورۇشمەكنى نىگارىڭ مۇددىا قىلدى.

سەنسىز كوڭلۇم ئارامى يوق، بۇ شاتلىقنىڭ خۇرامى يوق،
سېنى يادىمغا كەلتۈرسەم كۈلۈپ كوڭلۇم جۇلا قىلدى.

مېنىڭدىن ھېچ ئۇمىت ئۈزمە، كوڭۇلنى ئۆزگىگە بولمە،
كېتەر ھىجران تۈنى ئاخىر ھەرنە قىلسا خۇدا قىلدى.

www.uyghurkitap.com



گۇلرۇخ شاھزادىنى ئىپىش مەقسىدىدە، شەھەر ئىچىدىكى توت يولنىڭ دوقمۇشىدىغا مۇنار ئورناتتى ۋە ئۇنىڭغا ئوز قولى بىلەن سۇرىتىنى نەقىش قىلدى. بۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مۇنارىغا مۇئەككەل قىلىپ، بىر نەچچە ياساۋۇلنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارغا كىمكى سۇرەتنى كورۇپ پەريات ئۇرۇپ يىغلىسا، دەرھال ئوزىگە خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇندىن باشقا، پەررۇخنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ، باشقا جايلارغىمۇ چاپارلار ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى جوھۇددىن ئىشىتكەيمىز:

گۇلرۇخ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، جوھۇد ئۇنى كوپ ئىزلىدى، ئەمما ھېچيەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ، ئىزلە-ئىزلە كەيقىبات شەھرىگە كېلىپ قالدى. توت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى مۇنارغا سىزىلغان سۇرەتنى كوردى ۋە گۇلرۇخنى تونۇپ پەريات ئۇرۇپ يىغلىدى. ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت-قوللىرىنى يەرگە تەككۇزمەي مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ئۇنى زىندانغا تاشلىدى.

جوھۇدنىڭ ئانىسى ئوغلىنى ئىزلەپ چىقتى. ئۇمۇ يۇرە-يۇرە، مۇنارە ئورنىتىلغان جايغا كېلىپ قالدى. ئۇ سۇرەتنى كورۇپ بۇ ئوغلۇمنىڭ مەھبۇبىنىڭ سۇرىتى ئەمەسمۇ؟ دەپ ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. ياساۋۇللار بۇ قېرىنىمۇ ئاپىرىپ زىندانغا تاشلىدى.

ئول كېچە ھىلىقى ئوغرى ئويىدە هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يىقىلغان ئىدى. ئۇ ئەتىسى ھۇشىغا كېلىپ مەلىكىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىگىنى بىلدى. ئۇ ئەلەمگە چىدىماي، نالەزار قىلىپ، مەلىكىنىڭ پىراقىدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

تاشنى باغرىغا يېقىپ، باغرىنى تاش قىلغان خېنىم،
ئوزىنى ئالدىمدا ۋاقتىنچە ياۋاش قىلغان خېنىم،
كويدۇرۇپ ئىشقىدا ھالىمغا چىداش قىلغان خېنىم،
بىۋاپالىق ئەيلىبان سىرىنى پاش قىلغان خېنىم.

سەن نېچۇن بۇنداق قىلىپ ئىككى كوزۇمنى ياشلىدىڭ؟
يىغلىتىپ مەن خەستەنى دوزاق ئوتىغا تاشلىدىڭ؟
كۇلدۇرۇپ كىملەرنى سەن، نەلەردە ئويناپ ياشنىدىڭ؟
قاينىتىپ ھەر ئان ئىچىمنى خۇددى داش قىلغان خېنىم.

نە ئەۋەن تاپتىڭ مېنىڭدىن ھېچ گۇناھىم بىلمىدىم،
ئول كېچە تۇتتۇڭ شاراپنى، مەن ”سۇمۇرمەيتىم“ دىدىم،
زورلىدىڭ، كوڭلۇڭ ئۇچۇن ئىچتىم، لېكىن رەنجىتمىدىم،
بىر كېچە ئۇلپەت بولۇپ يالغان ئاداش قىلغان خېنىم.

تاشلاپ ئەتمەي بىر يولى، قاي جايدا بولساڭ ياد ئەت،
ئەرتە-ئاخشامدا كېلىپ كوڭلۇمنى خۇرسەند-شاد ئەت،

ھەق تائالادىن تىلەي ئۇمرۇمنى باغ ئاباد ئەت،
ھوسنىنى ئالدىمدا مىسلى نۇر قۇياش قىلغان خېنىم.

ئوي ـ خىيالىڭنى پەقەتلا بىلمىدىم ئەي دىلرەبا،
رەھمى قىلماي زەررىچە بولدۇڭ دېرەكسىز سەن جۇدا،
روزى مەھشەردە ئۇنى ئادىل سوراپ قويغاي خۇدا،
رەنجىتىپ، دەرتتە مەجەزىمنى سولاش قىلغان خېنىم.

ئوغرى ئاخىرى دەرتكە چىدىيالماي، مەلىكىنى ئىزلەپ يولغا چىقتى. ئۇ ھەم ماگا ـ ماگا، ئول مۇنارنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئۇمۇ سۇرەتىنى كورۇپ گىريان بولغانلىقتىن، ياساۋۇللار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلاندى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى شاھزادە پەررۇختىن ئىشىتكەيمىز:
ئول كىچە شاھزادە پەررۇخ كوچىدا ئۇخلاپ قالغان ئىدى، بىر ئاۋاز قۇلىغىغا كىرىپ ئويغاندى. قارىسا، پۇتىغا باغلاپ قويغان ئات يوق، مىرشاپلار يولدا چىراقلىرىنى يېقىپ، دۇمباقلىرىنى چېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. پەررۇخ ئاستىلا ئوزىنى بىر ياققا ئالدى. تاڭ يورىدى. ئۇ گۇلرۇخنى ئانچىنان ئىزلىدى، يە گۇلرۇختىن، يە ئاتتىن دېرەك ئالالمىدى. شاھزادە بىر قەلەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئوزىنىڭ شاھزادىلىق لىباسلىرىنى ئۇنىڭغا سېلىپ بەردى، بەدىلىگە قەلەندەرنىڭ جەندە ـ كۇلاھلىرىنى تېگىشىپ ئالدى. ئۇ قەلەندەرچە كىيىنىپ يەمەن دىيارىغا ئەزم قىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ يارنى سېغىنىپ خۇن ـ جىگەردىن ئاھ ئۇرۇپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كۇللى جانلىقنى ياراتقان ئەي خۇدا!
قىل ماگا رەھمەت ئىنايەتنى بۇگۇن.
جۇملە ئادەمگە ئوزەڭسەن پادىشا،
قىل ماگا رەھمەت، ئىنايەتنى بۇگۇن.

دەرت ئەلەملىك بىر غېرىپمەن ئولگىچە،
جان چىقار ئول شوخى يارىم كورگىچە،
مەن نىتەي، شەھرى يەمەنگە بارغىچە،
قىل ماگا رەھمەت، ئىنايەتنى بۇگۇن.

سەن ئىگەمسەن، مەن قۇلۇڭمەن بىرۇبار،
ئاھ ئۇرارمەن پۇرقىتىڭدە يار ـ يار،
ھەر قاچان مەن رەھمىتىڭگە ئىنتىزار،
قىل ماگا رەھمەت، ئىنايەتنى بۇگۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قادرا، يەتكىل قەلەندەر دادىغا،
سال قۇلاق چەككەن پىغانۇ زارىغا،
يەتكۈزۈرسەن ئۇل قەلەمقاش يارىغا،
قىل ماڭا رەھمەت، ئىنايەتنى بۇگۈن.

چەرخ ئۇرۇپ بارغۇنچە گۈلرۇخ قاشىغا،
سالما دەرتنى مەن پېقىرنىڭ باشىغا،
كىم چىدار بۇ كوزلىرىمنىڭ ياشىغا،
قىل ماڭا رەھمەت، ئىنايەتنى بۇگۈن.

ئەلقىسسە، شاھزادە پەررۇخ شەھرى كەيقىباتقا يېقىنلاشقاندا، يىراقتىن ئىگىز بىر مۇنارە كورۇندى. ئۇ، بىر ئاز يول مېڭىپ ئۇل مۇنارە ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مۇنارىدىكى سۇ- رەتنى كوردى. ئۇ، ”ھەر يەرگە بارسام بۇ سۇرەتنى كورىمەن، لېكىن ئۇزىنى كورەلمەيمەن، ئاھ، كورگۈلۈك!“ دەپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ياساۋۇللار ئۇنى پادىشاغا مەلۇم قىلدى. گۈلرۇخ ئۇنىڭ ئۇز مەھبۇبى ئىكەنلىگىنى سېزىپ ياساۋۇللارغا: ”ئۇنى ئازار بەرمەي ئىز- زەت-ئىكراملار بىلەن ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار!“ دەپ بۇيرىدى. ياساۋۇللار پەرماننى ئادا قىلىپ، شاھزادىنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. گۈلرۇخ يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، ئۇل كەلگۈچىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن سوئال سوراپ: ئەي يىگىت، سىز نىمە ئۇچۇن بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۇرىسىز؟ — دىدى. پەررۇخ: ئەي شاھى ئالەم! بىر مەرغۇپ مەھبۇبەم بار ئىدى، بۇنىڭدىن ئايرىلغىلى بىر يېرىم يىل بولۇپتۇر، ھەر بارە سۇرىتىنى كورىمەن، ئۇزىنى كو- رەلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ ھالى نىچۇك كويدا ئىكەن؟ — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەلەكنىڭ گەردىشى بىرلە ئۇشۇل ياردىن جۇدا بولدۇم،
يۇرەكنىڭ ئاتىشى بىرلە ئۇشول ياردىن جۇدا بولدۇم.

نىتەي يارنىڭ ئېتى ئۇچتى، بېغىمدىن بۇلبۇلۇم كوچتى،
غېرىپلىق دەرت-ئەلەم يەتتى ئۇشول ياردىن جۇدا بولدۇم.

نىگارىم ئىشقىدا شەيدا قەلەندەرمەن، چېكەرمەن ئاھ،
رەقىپلەر مۇددىئى ئاگاھ ئۇشول ياردىن جۇدا بولدۇم.

ئېتى گۈلرۇخ ئىدى زادە، مېنىڭ پەررۇخ شاھزادە،
جۇدا بولماققا ئىرادە ئۇشول ياردىن جۇدا بولدۇم.

شاھزادە غەزەلنى ئوقۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى، مەلىكە ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سەپتى. شاھزادە ھۇشىغا كەلدى. مەلىكە نىقاپ ئىچىدە كوزىگە ياش ئالدى، لېكىن تۇيدۇرمىدى.

ئۇ شۇ كۈنىلا مۇنار بىلەن قوشۇپ سۈرىتىنى ۋەيران قىلدى. ئۇ شاھزادىگە: "ئەي يىگىت! بىر يۈز قىرىق شەھەردىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ ئالدىڭدىن بىر بىرلەپ ئۆتكۈزەي، ئۇلار ئىچىدىن يارىڭنى تېپىۋالغىن!" دەپ ئېيتتى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئا ـ ياللارنى يىغدۇردى. يەتتە كونگىچە ئات ـ كالا سويدۇرۇپ ئۇلارغا ئاش بەردى. ئاياللار پەررۇخنىڭ ئالدىدىن بىر بىرلەپ ئۆتكۈزۈلدى. ئەمما پەررۇخ بۇلاردىن ھېچبىرىنى "بۇ مېنىڭ مەھبۇبەم" دەپ ئېيتمىدى. يەتتىنچى كۈنى ۋەزىر شاھزادىنى ئوردىغا ئېلىپ كىردى. بۇ چاغدا، شامال گۈلرۇخنىڭ نىقاۋىنى كوتىرىۋەتتى. شاھزادە شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزىنى كورۇپ قالدى. مەلىكە ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ "مەھبۇبەڭنى تاپتىڭمۇ؟" دەپ سورىدى. شاھزادە "ھە، ھازىر خەۋىرىنى ئالدىم!" دىدى. مەلىكە: سېنىڭ يارىڭ قايىدىدۇر؟ ماڭا ئەيتقىل، ئەكەلدۇرەي، مۇرادىڭغا يەتكۈزەي!" دىدى. پەررۇخ مەلىكىگە قاراپ تۇرۇپ، بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

بولمايىن ئەسلا سېنىڭدەك يار ـ جاناندىن جۇدا،
بەھرىراقتۇر بەلكى بۇندىن بولغىنىم جاندىن جۇدا.

بىزنى بۇ زالىم پەلەك قىيناپ نە كويغا سالمىدى؟!
كورمەيىن خوشلۇقنى، بولدۇق دوست ـ قەدىرداندىن جۇدا.

ياش توكۈپ قىلدۇق ناۋالار يادلىنىپ بىر ـ بىرىمىز،
قۇمرى بولغاندەك گويا كى باغۇ ـ بوستاندىن جۇدا.

مەلىكە تاقەت قىلالماي يۈزىدىن نىقاۋىنى ئالدى، ھەر ئىككىسى بىر بىرىنى كورۇپ بىھۇش بولدى. ئۇلار ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن، مۇڭدىشىپ باشلىرىدىن ئوتۇشكەن ۋەقەلەر ـ نى بايان قىلىشتى. گۈلرۇخ شاھزادىغا شاھانە سەروپايلارنى كەيدۇرۇپ، ئۇنى ئوز تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. ئوردا ئەھلى پەررۇخنىڭ پادىشا بولغانلىغىنى تەبرىكلىدى. تەبلى نەقىقارىلار چېلىنىپ، ئۇ ئىشقا داغ ـ دۇغا قىلىندى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى مەلىكە بىلەن گۈلرۇخ جام جاھاننامەنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا نەزەر تاشلاشتى. جاھاننامەدىن شاھزادىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، ئۇنىڭ پىراقىدا يىغلاپ ئولۇپ كەتكەنلىگى مەلۇم بولدى. ئۇلار جاھاننامىنى يەمەن دىيارىغا توغرىلىغان ئىدى، ئۇنىڭدا پادىشاھى خەيبەرنىڭ يەمەنگە كېلىپ خۇسۇمەت بىلەن مەلىكە گۈلرۇخنىڭ ئاتىسىنى زىندانغا تاشلىغانلىغى نامايان بولدى. ئۇلار بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ زار ـ زار يىغلاشتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ يەمەنگە بېرىپ گۈلرۇخنىڭ ئاتىسى قىلىچخاننى زىنداندىن قۇتۇلدۇ ـ رۇشنى، قەندىھارغا بېرىپ پەررۇخنىڭ مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىلىشتى. شۇندىن كېيىن، شاھزادە پەررۇخ لەشكەرلەرنى جەمى قىلىشقا ئەمىر قىلدى. ئۈچ لەك لەشكەر جەمى قىلىندى، نامدار پالۋانلارنىڭ بارلىغى چاقىرتىلدى. ئۇلار ياخشى سائەتنى تاللاپ يولغا چىقتى. ئانداغ لەشكەركەشلىك قىلىندىلەركى، بىر مىڭ يەتتە يۈز

www.uyghurkitap.com

نەپەر قۇرئەنداز ھوكىما سەپىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى قىزىل مەخمەلدىن، ئاتلارنىڭ جابدۇقلىرى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئاراستە قىلىندى. شاھزادە بىلەن مەلىكە ئۈچۈن ئېگە-جابدۇقلىرىغا لەئلى-ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان، زەر زەيىور بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى ئات تەييارلاندى. ھەربىر قوشۇن بىردىن ئالتۇن تۇغ كۆتەردى. ئۇلار نۇرغۇن مەنزىل-ماراھىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاخىرى ئەينىلھايات ناملىق چارباققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە پادىشاھى خەيبەرنىڭ خاس خىزمەتچىلىرى ئورۇنلىشىۋالغان ئىدى. كەلگەنلەر ئۇلارنى تۇتۇپ دەرەخلەرگە باغلاپ قويدى. پەررۇخ بىلەن مەلىكە ئاۋال پادىشاھى خەيبەرگە نامە ئەۋەتىپ كورمەكچى بولدى. ئەلچىلەر نامىنى ئېلىپ يەمەنگە ئاتلاندى.

ئەلقىسسە، پادىشاھى خەيبەر كەيقىباتتىن ئەلچىلەر كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، كىرىشكە ئىجازەت بەردى، پادىشا نامىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. نامىدە مۇنداق دەپ يېزىلىپتۇ:

شاھزادە پەررۇخ بىلەن مەلىكە گۈلرۇختىن پادىشاھى خەيبەرگە سالام!

خەۋەر تېپىلغايكىم، مەن مەلىكە گۈلرۇخ قىزى قىلىچخاندۇرمەن. بىر شاھزادىگە كۆ-ڭۈل ئالدۇرۇپ، سەندىن قېچىپ، چول-جەزىرىلەردە يۈرۈپ، مېھنەت-مۇشەققەتلەر تارتىپ، ئاخىرى خۇدايىتالانىڭ تەقدىرى بىلەن دىيارى كەيقىباتقا سۇلتان بولدۇم. سەن بىزنىڭ زىمىنىمىز يەمەننى بېسىۋېلىپ، خالايىقلارنى ئەسىر قىلىپ، ئاتامنى زىندانغا سېلىپتۇرسەن. ساڭا بىردىن بۇيرۇق: يەمەندىن كەلگەن يولۇڭ بىلەن ئۆز مەملىكىتىڭ خەيبەرگە قايت، ئەگەر بۇ سوزۇمگە ئۇنىماي گەدەنكەشلىك قىلىدىكەنسەن، ھەر نە يامانلىقنى ئۆزەڭدىن كورگىل.

نەزمە:

"ئەگەردە ياخشىلىقنى بىلسەڭ ئەي شاھ،
كى خەيبەر سارى غارەم ئەيلىگىل راھ.

قوبۇل ئەتمەي سوزۇم قىلساڭ يامانلىغ،
قىلۇرمەن ئاتلىنىپ جانىڭغا جاپا.

كىرۇرمەن سەن بىلەن يالغۇز غازاتقا،
مەدەت بەرگەي زەپەرگە ئول شاھىنشا.

كېيىن قىلساڭ پۇشايمان پايدا بەرمەس،
سۇرۇپ ئىتتەك، قېنىڭ قىلغايمەن دەريا.

ئارام بەرمەي سۇرۇپ خەيبەرگە بارىپ،
قىلۇرمەن تەختىڭنى گۇم، سېنى رەسۋا.

پادىشا خەيبەر نامىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بېشىغا ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى. ئۇ: "ئەي ۋەزىر-ئەمىرالار! كورۇڭلار، بۇ ئاتىسىدىن قارغىش ئالغان نائەھلى قىزنى!

ھەددىدىن ئېشىپ مۇنداق ئەخمىقانە سوزلەرنى قىلىپتۇ، بۇ ئەلچىلەرنى تۇتۇپ ئولتۇرۇڭلار!" دەپ ۋاقىرىدى. ۋەزىر-ئەمىرلار: "شاھىمىز، سەۋرى قىلىسلا، خوتۇن كىشى دىگەننىڭ قىلغان سوزىنىڭ ئەتىۋارى يوق، ئادەمنى ئولتۇرمەك ئاسان، ئولتۇرگەندىن كېيىن تىرىلدۇرگىلى بولمايدۇ، بۇلارنى ئولتۇرۇپ قويىساق، ئاداۋەت كوپىيىدۇ، ئەلچىگە ئولۇم يوق دىگەن سوز بار، بىزمۇ چىرايلىقچە بىر پارچە نامە يېزىپ ئەبەرتىپ باقايلى، ئاتىسى بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولغانلىقتىن، ئول قىز باش ئېگىپ تەسلىم بولسا ئەجەپ ئەمەس"، دېيىشتى. بۇ گەپكە پادىشا ماقۇل بولدى. پادىشاھى خەيبەرنىڭ ئەلچىلىرى نامىنى ئېلىپ ئەيىنلھايات چار بېغىغا يېتىپ باردى. ئەلچىلەر پادىشا پەررۇخ بىلەن مەلىكە گۇلرۇخنى كورۇپ: "دۇنيادا مۇنداقمۇ سەلتەنەتلىك پادىشا بولامدىغان؟" دەپ ھەيران قېلىشتى ۋە نامىنى ئۇلارغا تەسلىكتە تۇتۇپ بەردى. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

پادىشاھى خەيبەردىن مەلىكە گۇلرۇخقا سوز شۇلكى، سەن ئول چاغدا مەندىن قېچىپ بىر بوينى يوغاننى تېپىپ، ئۇنى باشلاپ كېلىپ، ماڭا ئاھانەتلىك سوزلەر بىلەن نامە يېزىپ ئەبەرتىپسەن. ئەلچىلىرىڭنى ئولتۇرەر ئىدىم، ھالا سەۋرى قىلدىم. ھېلى ھەم بولسا مېنى دىگىل، گۇناھىڭدىن ئوتۇپ، ئاتاڭنى زىنداندىن خالاس قىلاي، ئەگەر سوزۇمگە ئەمەل قىلمىساڭ، مەندىن رەنجىمىگىل، جانىڭغا كۇللى بالالەرنى سالۇرمەن، نامە تامام ۋەسسالام".

گۇلرۇخ نامەنى ئوقۇپ دەرغەزەپ بولدى، ئەلچىلەرنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، ئۇلارنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، "ھەرنە كورگىنىڭنى دىگىل" دەپ ھەيدىۋەتتى. ئۇندىن كېيىن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ داغدۇغا بىلەن يەمەنگە قاراپ يۇرۇش قىلدى. ئۇلار بىرنەچچە كۇن يول يۇرۇپ شەھەرگە يېقىن بىر جايغا كېلىپ چۇشتى. پادىشاھى خەيبەر قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەرنى كورۇپ، ئەلەمگە چىدىماي، سارىسىملىق ئىچىدە لەشكەرلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردى. بىر لەك ئوتتۇزمىڭ لەشكەر جەمى بولدى. ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر بىرىگە قارشى سەپ تۇزدى. گۇلرۇخ شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ھەممىدىن ئاۋۋال مەيدانغا چۇشتى. ئۇ قارشى تەرەپكە قاراپ: "ئەي جىنىدىن تويغان ھارامزەدىلەر، قېنى قايسىڭ جېنىڭدىن تويدۇڭ؟ مەيدانغا چۇش!" دەپ ۋاقىرىدى. پادىشاھى خەيبەر كوردىكى، مەلىكە گۇلرۇخنىڭ ئوزى مەيدانغا چۇشۇپتۇ. پادىشاھى خەيبەر دەرھال مەيدانغا چۇشمەكچى بولدى. ھوكمالىرى قولىنى سىلىپ ئۇنى توستى. ئۇلار: "پادىشانىڭ بۇ مەيدانغا چۇشمىگى خەتەرلىك ۋە ئەيىپ ئىشتۇر. چۇنكى ئەركىشى بىلەن خاتۇن كىشى جەڭ قىلىشقا بولمىغاي"، دېيىشتى. پادىشاھى خەيبەر ئوزىنىڭ قىزى مېھرىنازغا: "مەيدانغا سەن چۇشكىل!" دەپ ئەمىر قىلدى. مېھرىناز يىگىرمە توت مىڭ قىز بىلەن جەڭ ياراغلىرىنى ئېلىپ، جەڭ مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەيگەن كىيىملىرىنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەتراپلىق قىزىللىققا چۇمۇلگەندەك بولدى. مېھرىناز مەلىكە گۇلرۇخقا "سەن جاھىللىق قىلما، دادامغا خوتۇن بولغىل، مەن گۇناھىڭنى تىلەۋالاي، قالغانلارنىڭ ئەدىۋىنى بولسا ئوزەم بېرەيەن" دىدى. مەلىكە: "ئەدىۋىنى بېرىشنى مەندىن ئوگەن" دىدى-دە، كەلگەنچە كېلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئاتتىن ئۇزۇپ ئالدى-دە، يەرگە ئۇردى. مېھرىنازنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل-چۇل بولۇپ، ئاغزىدىن قان يېنىپ، ئۇ شۇ سائەتتىلا تىن تارتماي ئولدى. پادىشاھى خەيبەر بۇ ئەھۋالنى كورۇپ: "ئەي قىزلار! بالامنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىنتىقامىنى ئالماي نىمشقا قاراپ تۇرىسىلەر؟" دەپ ئاچچىق ۋاقىرىدى. يىگىرمە تۆت مىڭ قىز لەشكەرنىڭ ھەممىسىلا مەلىكە گۈلرۇخقىلا قاراپ ئات سالدى. گۈلرۇخمۇ ياۋلىرىغا ئۆزىنى ئانداغ ئۇردىلەركى، يەر - زىمىن زىل - زىلىگە كەلدى. ئۇ، ئۇلارنى گاھى قىلىچ بىلەن، گاھى خەنجەر بىلەن ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندە قىلدى. ئۇ ھەر قېتىم زەربە بىلەن ئۇرغاندا تۆت - بەشلەپ قىزنىڭ بېشى چېچى بىلەن يىگۈشۈپ، يەرگە دومىلاپ چۈشەتتى. جەڭ مەيدانىدا كېسىلگەن باشلار مۇناردەك بولۇپ، قانلار دەرىيادەك ئاقتى. دۈشمەنىنىڭ ئايال ئەسكەرلىرىدىن ئون بىر مىڭى ئۆلدى. پادشاھى خەيبەر بۇ مەغلۇبىيەتتىن غەزەپكە كېلىپ، بىر لەك ئوتتۇزمىڭ ئەسكىرىنىڭ ھەممىسىنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. شاھزادە پەررۇخنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئىككى دەرىيايى لەشكەر بىر بىرلىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئانداغ جەڭ قىلدىلەركى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ كاللىسى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتى. توكۈلگەن قانلار ھەممە يەرگە سەلدەك يامىرىدى. ئاخىرى، پادشا خەيبەر چىداشلىق بېرەلمەي، قۇيرۇغىنى خادا قىلىپ، شەھرى خەيبەرگە قاراپ قاچتى. پەررۇخ بىلەن گۈلرۇخنىڭ قوشۇنى ئۇنى قوغلاپ ماڭدى. قوغلاپ كېلىۋاتقان قىرشۇن قاچقانلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى ئۆلتۈردى بىر مۇنچىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. پادشاھى خەيبەرنى بولسا، سالغا تاشلاپ تۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا سورىتىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار دەرىيادەك بېسىپ بېرىپ شەھرى خەيبەرنى ئىگەللىدى. شەھەر خەلقى پادشاھى خەيبەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغانلىقىغا خوشال بولۇپ، قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. مەلىكە گۈلرۇخ بىلەن شاھزادە پەررۇخ بۇ يەردىكى خەلققە شەپقەت قولىنى سوزۇپ، ئۇلارغا قىلىدىن كېلىشچە ياخشىلىقلارنى قىلدى. ئۇندىن كېيىن، ئۇلار يەمەنگە قايتىپ بېرىپ قىلىچخاننى زىنداندىن قۇتۇلدۇردى. قىلىچخان قايتىدىن تەختكە چىقتى. پەررۇخ بىلەن گۈلرۇخ پادشانىڭ ئالدىدا، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەپ، خالايىقنى ھەيران قالدۇردى. ئاردىن ئازراق ۋاقت ئۆتتى. پەررۇخ ئۆزىنىڭ قەندىھارغا بېرىش ئارزۇسىنى ئېيتتى. گۈلرۇخ: "ئەي قەدىردانىم! سەن قەندىھارغا بېرىپ كەلگۈنچە مەن قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالايمەن، قەندىھار بىلەن يەمەنىنىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم يىللىق يول ئەمەسمۇ؟" دىدى. شاھزادە: "سۆيۈملىگىم، بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، مەندىن ئايرىلىپ كوپ تاقەت قىلدىڭ، يەنە ئازراق سەۋرى قىل، ئاتا - ئانامنىڭ تۇپرىغىنى يوقلاپ، ھايات بولسامىلا قايتىپ كېلىمەن" دەپ ئېيتتى ۋە يولغا چىقىشقا ئالدىرىدى. شاھزادىگە ھەمرا بولغىلى 20 كىشى قوشۇپ بېرىلدى. نۇرغۇن مال - دۇنيا تەق قىلىپ بېرىلدى. مەلىكە گۈلرۇخ شاھزادىنى تۆت يۈز قىز بىلەن تۆت كۈنلۈك يەرگە بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئاشىق - مەشۇقلار خوشلىشىش ئالدىدا بىر بىرىگە قاراپ نەزمە ئوقۇشتى:

گۈلرۇخ:

كېتەر بولدۇڭ قەندىھارغا بۇ يەردىن،
گۈزەل يارىم سەنسىز قانداق قىلارمەن؟
كېتەر بولدۇڭ ئۆز يۇرتۇڭغا يول ئېلىپ،
سەن بولمىساڭ يارىم قانداق چىدارمەن.

پەررۇخ:

تەقدىر مېنى سالدى بۇگۇن بۇ كويغا.
ئامان بولسام ئاخىر بىر كۈن كېلەرمەن.
ئىلاجىم يوق مېنىڭ، كىردىم بۇ يولغا،
خوش قال يارىم تىرىك بولسام كېلەرمەن.

گۇلرۇخ:

مېنى تاشلاپ كەتسەڭ ئەگەر نىگارىم،
مۇمكىن قەدەر پاتراق كەلگىن خۇمارىم!
كېچە - كۈندۈز يولۇڭدىدۇر نىگاھىم،
سەن بولمىساڭ يارىم قانداق چىدارمەن؟

پەررۇخ:

پەريات ئۇرۇپ ئەپغان قىلىپ يىغلىما،
يۈرىگىڭنى ئەلەم بىلەن تىلغىما،
خوشال ئوتسۇن ئومرىڭ سېنىڭ دائىما،
خوش قال يارىم تىرىك بولسام كېلەرمەن.

گۇلرۇخ:

تىرىكلىكتە كىم ئايرىلۇر ياردىن؟
جان رىشتىنى، يۈرىگىنىڭ پاردىن،
قايسى بۇلبۇل كېتەر گۇلزار جايىدىن،
سەن بولمىساڭ يارىم قانداق چىدارمەن؟

پەررۇخ:

ۋەدەم شۇلدۇر: بۇدا كەتسەم سېنىڭدىن،
قايتىپ كېلىپ ئايرىلمايمەن يېنىڭدىن،
بۇ گېپىمگە ئىشەن گۇلۇم دىلىڭدىن،
ئامان بولسام قېشىڭغا مەن كېلەرمەن.

گۇلرۇخ:

خەير جېنىم مېھرىۋانىم يولۇڭ بولسۇن،
مەنزىللەردە مېنىڭ يادىم گۇلۇڭ بولسۇن،
پات قايتىپ كەل، ئۇزاق كۈتكەن تويۇڭ بولسۇن،
سەن بولمىساڭ يارىم قانداق چىدارمەن.

مەلىكە شاھزادىنى يولغا سېلىپ، كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قارىسى كوزدىن يوقالغاندىن كېيىن سارايغا قايتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى شاھزادە پەررۇختىن ئاڭلىغايمىز: شاھزادە يىگىرمە نەپەر ھەمراسى بىلەن نەچچە ئايلاپ يول مېڭىپ، ئاخىرى قەندىھار تەۋەسىگە يېقىنلاشتى، ئۇ ئاتا-ئانىسى ۋە يار-بۇرادەرلىرىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ زار-زار يىغلاپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

گوھەر ئەپشان شەھرىم مانا كورۇندى،
ئاتام قۇرغان چار باغلىرىم ئامانمۇ؟
كورۇپ شەھرىم كوڭلۇم ئەجەپ سۆيۈندى،
تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرت-ماكانىم ئامانمۇ؟

پەلەك ماڭا كوپ غەملەرنى يەتكۈزدى،
ھەيدەپ يىراق ئوزگە ئەلگە كەتكۈزدى،
ھەر قەدەمدە كۆرمىلىك جاپا چەككۈزدى،
يار-بۇرادەر تۇققانلىرىم ئامانمۇ؟

كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلغان غولاملار،
ئاھۇ كوزلۇك كېنىزەكلەر، خادەملەر،
ئېزىز ئانا ۋەتەندىكى ئادەملەر،
سېغىنىپ كەلدىم، سىلەر ئېسەن-ئامانمۇ؟

كىشى كورسە مېنى بىلمەي كىم بۇ دىگەي،
ئاتىم بىلسە، ئاتا-ئانامنى ياد ئەيلىگەي،
ئوز يېرىمگە كەلگىنىمدىن شاد ئەيلىگەي،
پۈتكۈل ۋەزىر ئەمرالىرىم ئامانمۇ؟

ئۇ شەھەرگە كىردى. خالايىقلار شاھزادىنى ئەسلا تونۇمىدى. بەزىلىرى ئۇنى كورۇپ: "بۇ ئوغۇل خەلىپە قەندىھارغا ھەجەپ ئوخشايدىكەن!" دىيىشتى. شاھزادە ئاتا-ئانىسىنىڭ ماڭغان-تۇرغان يەرلىرىگە قەدەم بېسىپ، بوۋىسىدىن قالغان ئەينەكلىك ئوردىغا چۈشتى. خالايىقلار "بۇ كىمدۇ؟" دەپ ھەيران بولۇشتى. كوپ ئوتمەي، ئۇنىڭ شاھزادە پەررۇخ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. كېنىزەكلەر شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىشىپ، زار-زار يىغلاشتى. چوڭ-كىچىك شاھزادىنىڭ مەرھۇم ئاتا-ئانىسىغا قارلىق تۇتتى. شاھزادە گورۇستانلىققا بېرىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاقلاپ، ئوپكە-ئوپكىسىنى باسالمىغان ھالدا، تاغۇ-تاشلار ئېرىپ كەتكىدەك يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەريات ئۇرۇپ قىلسام پىغان ئاتام سېنى كورەرمەنمۇ؟
ياقام يىرتىپ بولسام بەريان ئانام سېنى كورەرمەنمۇ؟

نىتەي، نىتەي، جانىم نىتەي، باشىمنى مەن توهپە ئېتەي،
قەۋرەڭنى مەن كوزگە سۇرتەي ئاتام سېنى كورەرمەنمۇ؟

دۇنيا كىمگە ۋاپا قىلدى؟ يەر قوينىغا بارىن ئالدى،
يېتىم بولۇپ بالاڭ قالدى، ئانام سېنى كورەرمەنمۇ؟

مەنسۇر يەڭلىغ دارغا چىقسام ئىبراهىمدەك ئوتقا كىرسەم،
زىكىريادەك هەرە قويسام ئاتام سېنى كورەرمەنمۇ؟

قولۇڭ تۇتسۇن قىلىچ كويزا، ئۇلپەت بولسۇن پاتەم - زوهرا،
جايىڭ بولسۇن جەننەت - مەئۋا، ئانام سېنى كورەرمەنمۇ؟

قىرىق كۇن خەتمە - قۇرئان ئوقۇسام نەزرەڭگە مىڭ قوينى سويسام،
توت يۇز قۇلنى ئازات قىلسام، ئاتام سېنى كورەرمەنمۇ؟

ئوتكەن ئومرۇم بەربات بولدى، ئىچىم چەندان غەمگە تولدى،
ئاتام سەنسىز نىتەي ئەمدى، ئاتام سېنى كورەرمەنمۇ؟

ئەلقىسسە، شاهزادە ئاتا - ئانىسىنىڭ نەزىر - چىرىغىنى ئوتكۇزدى. ئۇلار ئۇچۇن مەچىت، مەدرىس سالدۇردى. ۋەخپىلىك يەر سېتىۋالدى. قالغان مال - مۇلكىنى كەمبەغەل يېتىم - يېسىرلارغا تارقىتىپ بەردى. يۇرتنىڭ يېڭى پادشاسى شاهزادىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىنى كورۇپ: "پادىشالىغىم قولدىن كەتمىگىدى" دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدى. شاهزادىنىڭ يەمەنگە بېرىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كوڭلى جايىغا چۇشۇپ، شاهزادىنى يول-لۇق تۇتۇپ ئۇزىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى. شاهزادىنىڭ ئاغىنىلىرىدىن يىگىرمە يىگىت شاهزادىگە هەمرا بولۇپ بىللە كېتىشنى ئىختىيار قىلدى. شاهزادە شەهەر خەلقى ۋە ئۇرۇق - تۇققان قۇۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى گەپنى قىلىچخاندىن ئىشىتكەيمىز:

قىلىچخانىنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، پۇل ۋە مال - مۇلكى بىهەد نۇرغۇن ئىدى. ئۇ هەممە ۋەزىرلەرنىڭ كاتتىسى بولۇپ، مەلىكە گۇلرۇخقا پەنهان ئاشىق بولۇپ يۇرەتتى. ئۇ شاهزادە بىلەن گۇلرۇخ رىكىنگە كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشقتىن ئۇمىدىنى ئۇزگەن ئىدى. مەلىكە قايتىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ كونا يارىسى يەنە قوزغالدى. ئۇ مەلىكىنى نەدە كورسە، ئاه - ۋاه تارتىپ، شۇ ئەتراپتىن كېتەلمەيدىغان، ئويىگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى. خاتۇنى بۇ ئەهۋالنى سېزىپ، نەچچە قېتىم ئۇنى ئويىگىمۇ ئېلىپ كەتتى، ئاخىرى ۋەزىر مەلىكىنىڭ دەردىدە بىمار بولۇپ ئويدە يېتىپ قالدى. ئۇ، هال سوراپ كەلگەنلەرگە مەلىكىنى تەرىپ قىلىپ، خاتۇنىنى سەت كورۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇيتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



گۈلرۇخۇم ئون تورت ياشار، كىرگەندە ئون بەش ياشىغا،
ئەي خوتۇن قىلغۇم نەزەر دائىم ئۇنىڭ كوز، قاشىغا.

ئۆلكى ئونبەشتىن ئۆتۈپ يەتسە يىگىرمە ياشىغا،
كوزلىدىم، پېيىغا چۈشتۈم، باقمىدىم ھېچ باشقىغا.

سەن قىرى ئوتتۇزدىن ئاشتىڭ رەڭگى - رويىڭ بەكمۇ سەت،
سېنى كويدۇرسەم بىسىپ قايناق ئۇماچنىڭ داشىغا.

سوغىقى ئاشقان قىرى بەستىمدە ماغدىر قويمىدىڭ،
پات ئۆلۈم بەرسۇن خۇدايىم سەن قىرى قاقۋاشىغا.

ۋەزىرنىڭ خاتۇنى بۇ سوزلەرنى ئىشىتىپ: "ئەي نىيىتى بۇزۇلغان جۇۋايىنىمەك، ئوز ۋاقتىدا مەنمۇ چىرايلىق قىز ئىدىم، ساڭا تېگىپ چوكان بولدۇم، كېيىن بالا تۇغۇپ جۇۋان بولدۇم. ھالا بۇ كۈنلەرگە يېتىپ، بىر گۈلنى تېپىپ ئەمدى مېنى سەت كوردۇڭمۇ؟ سەن ئاتامدىن قالغان پۇل، مال ۋە قۇل - كېنىزەكلەرنىڭ يۈزىدىن پادىشاغا باش ۋەزىر بولمىغانمىدىڭ؟" دەپ خاپا بولدى. بىر كۈنى ۋەزىرنىڭ يېنىغا ئۇلۇغدىن ئېشىپ قالغان مەككارلىقتا شەيتانغا دەرس ئوتىدىغان بىر رەھچى كەمپىر كىرىپ كەلدى. ۋەزىر كەمپىرگە "ئەي ئانا، ماڭا بىر رەم ئېچىپ بەرسىلە؟" دىدى. كەمپىر رەم سالدى ۋە مۇنداق دىدى: "ئەي ۋەزىرى ئەزەم! ئوزلىرى پىر نازىنىن قىزغا ئاشىق بىقارار بولۇپلا، ئەمما بۇ قىز سىلىگە مۇيەسسەر بولمايدۇ، ھەتتا يۈزىنىمۇ كورەلمەيدىكەنلا!" ۋەزىر: "ئاندا غ بولسا، قانداغ قىلسام ئاڭا ئىگە بولالايمەن، ماڭا يول كورسەتسىلە!" دىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈز دىنار ئالتۇن قويدى. كەمپىر ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ: "ئېيتمىشلارغا قارىغاندا، ئول رەنانىڭ يارى يۇرتىغا كېتىپتۇ، مېنىڭچە بۇ ياخشى پۇرسەتتۇر. شاھزادە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنى يوقىتىش كېرەك، مەلىكە ئوزلىرىنىڭ بولىدۇ"، دىدى. ۋەزىر: "ئەي ئانا! ھەرنە ئىش بولسا ئوزلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىلاجىنى ئوزلىرى قىلسىلا!" دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يەنە مىڭ دىنار ئالتۇن قويدى. ئول كەمپىر بۇ پۇلنى كورۇپ خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

پۇلنى كورسە ھەر كىمنىڭ كوزى ئويناپ كېتىدۇ،
پۇلى بارنىڭ ھەر ئىشى ئەپلىككىنە پۈتىدۇ.

كىشى بولسا گەر بېخىل تاپماس مۇرات ئابىيۇ - يىمل،
مەينەتچىلىك ئىچىدە دەردۇ - ھەسرەت يۇتىدۇ.

سېخى بولسا گەر كىشى، روناق تاپار ھەر ئىشى،
قولۇڭ ئوچۇق بولسىلا ئىشىڭ ئاسان پۈتىدۇ.

بولۇپ مەھبۇپقا ئەسىر كويگەن بولساڭ ئەي ۋەزىر،
كورگىل بۇڭا تېز تەدبىر، بولمىسا پەيت ئوتىدۇ.

كەلتۈر قەغەز - قەلەمنى، چاقىرىپ كەل ئوغاۋىنى،
يارىڭغا ئۇ چىرايلىق بىر نامىنى پۈتىدۇ.

قىلغىل سوزۇڭ بايانە، قۇرغا تىزسۇن دۇردانە،
ئوقۇسا يارىڭ سىغىنىپ ياشلىرىنى توكىدۇ.

ۋەزىر دەرھال ئۇ قىزنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ كەلدى، رەمچى كەمپىرنىڭ ئوغلى راسا كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە يالغان نامە پۈتتى. بۇ رەمچى كەمپىرنىڭ جادۇگەرلىك خىسلىتى بار ئىدى. نامە تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇ دۇرۇت ئوقۇپ، ئوزىگە ھۈرۈپ بىر سېھىرلىق ئىنتقا ئايلاندى - دە، نامىنى چىشلەپ ۋەزىرنىڭ ئويىدىن ئۇچقاندەك چىپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ پادىشا سارىيى ئەتراپىغا يېتىپ باردى ۋە بىر ئىسمىيات بىلەن مۈشۈك سۈرىتىگە كىرىپ، پادىشا تۇرغان ئوينىڭ مورىسىدىن ئوي ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئوي ئىچىدە پادىشا- نىڭ سېلىنغلىق تۇرغان تونىنى تېپىپ، ئۇنىڭ يانچۇغىدىن پادىشانىڭ موھورىنى تېپىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن نامەگە باستى. موھۈرنى يەنە تونىنىڭ يانچۇغىغا سېلىپ قويۇپ، ئوينىڭ مورىسىدىن يامىشىپ چىقىپ، چاپقىنىچە ۋەزىرنىڭ ئويىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئەسلى قىياپىتىگە قايتتى. ئەتىسى ۋەزىر ئۈچ نەپەر كاززاپنى تېپىپ، ئۇلارنى نامە بىلەن پەررۇخنىڭ ئالدىغا ماڭغۇزدى. بۇ كاززاپلار يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، پەرھات قازغان مەشھۇر تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە قىرىق نەپەر ھەمراسى بىلەن كېلىۋاتقان شاھزادە پەررۇخقا يولۇقتى ۋە نامەنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بەردى. نامەگە مۇنداق سوزلەر پۈتۈلگەن ئىدى.

"... قەيناتىلىرى قىلىچخاندىن، قەيناتىلىرى مەسۇمەخاندىن، بالا نىھايە، قۇللۇق ئاداسىدىن مەپھۇم بولغايكىم، يىگىرمە كۈن بولدى، مەھبۇبىلىرى — مەلىكە گۈل- رۇخ ئالەمدىن ئوتتى. قازاغا رىزا بولۇپ، بالاغا سەبرى قىلماق كېرەك. تەقدىرگە ھېچ چارە يوقتۇر، دىدار قىيامەتكە باقى قالدى. ئىنئاللىرىنى سوراپ موھۈرىنى بېسىپ ئالدى- لىرىغا خەۋەر ئەۋەتتىم، ۋاقىپ بولغايلا".

شاھزادە پەررۇخ بۇ نامىنى ئوقۇپ پەريات كوتىرىپ، شۇ زامان بىھۇش بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ ھۇشىغا كېلىپ خەت ئېلىپ كەلگۈچىلەردىن:

— مەلىكە ئالەمدىن كېتەر ۋاقتىدا نىمە دەپ كوز يۇمدى؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار: "ئوز- لىرىنى يادلاپ، ئاھ، شاھزادە پەررۇخ! دەپ تىنىقىدىن توختىدى"، دەپ جاۋاپ بېرىش- تى. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ: "ئول بىچارە مېنى دەپ ئولگەن بولسا، مەن ئۇنىڭسىز ھاياتنى نىمە قىلاي!" دەپ قاتتىق بىر ئاھ تارتىپ شۇ ھامان جان تەسلىم قىلدى، يارانلىرى ئۇنى يۇيۇپ - تاراپ، شۇ زاماننىڭ رەسمىيەتلىرى بىلەن دەپنە قىلدى، قەۋرىسىگە توغ - ئەلەملەر قادىدى.

گەپنى ئەمدى مەلىكە گۇلرۇختىن ئىشىتكەيمىز:

ئەلقىسسە، مەلىكە گۇلرۇخ شاھزادە پەررۇخنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، توت يۈز كېنىزەكنىڭ ھەمرالىقىدا دەرھال يولغا چىقىپ، كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ پەرھات تېغىغا يېتىپ كەلدى. مەلىكە پەررۇخنىڭ يىگىتلىرىدىن شاھزادىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سوراشتۇردى. ئۇلار گۇلرۇخقا: "ئاتلىرى مۆھۈرنى بېسىپ، ئۆزلىرىنى ئۆلدى دەپ نامە ئەۋەتكەن ئىكەن، شاھزادە بۇ ئەلەمگە چىدىيالماي قازا تاپتى"، دېيىشتى. مەلىكە رەڭگى ئۆچكەن، كۈز ياپرىقىدەك تىترىگەن ھالدا ئۇلاردىن: "شاھزادە مەن توغرىلىق نېمە دېدى؟" دەپ سورىدى. يىگىتلەر گۇلرۇخقا پەررۇخنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ساقلاپ قويۇشقان نامىنى ئۇنىڭغا سۇندى. مەلىكە نامىنى ئوقۇپ: "ئەي بىۋاپا ئاتام! يالغان سۆزلەپ يارىمنى ئۆلتۈرۈپسەن، يارىم مېنى ئۆلدى، دەپ مەن ئۈچۈن جان نىسار قىلىپتۇ، ئۇ ئۆلگەن يەردە، مەن نېمە ئۈچۈن تىرىك قالىدىكەنمەن!"، دېدى-دە، قولىدىكى قىلىچ بىلەن پەررۇخنىڭ قەۋرىسىنى بىر ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلدى. شاھزادىنىڭ جەسىدى نامايان بولدى. گۇلرۇخ "ئاھ، پەررۇخۇم!"، دەپ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى-يۈزىگە سۈرتۈپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئاققۇزۇپ يىغلىدى. تاغۇ-تاشلار ئۇنىڭ پىغانىنىڭ ئەكس ساداسىنى ياڭراتتى. گۇلرۇخ يىغلا-يىغلا ھوشىدىن كەتتى ۋە قايتىلاپ كۆزىنى ئاچمىدى. ئۇ، شۇ ھالەتتە جان تەسلىم قىلغان ئىدى. يىگىتلەر ئاشىق-مەشۇقلارنى بىر قەۋرىگە دەپنە قىلدى. قەۋرە بېشىغا تۇغ-ئەلەملەر ئورنىتىلدى. بۇ يەردە قىرىق قىز ۋە قىرىق يىگىت قالدى. قالغانلار ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. قالغانلار قۇدۇق كولاپ، سۇ چىقىرىپ، زىرائەت تېرىپ، بۇ جاينى باغۇ-بوستانلىق كەنتكە ئايلاندۇردى. بۇ قىرىق ھەمرا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېچىسى ئوخشاشلا چۈش كۆردى: شاھزادە پەررۇخ بىلەن مەلىكە گۇلرۇخ كاتتا بىر باغدا قول تۇتۇشۇپ سەيىر-تاماشا قىلىپ يۈرگەنمىش ھەم بۇ قىرىق جۈپ كىشىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئالما تۇتۇپ بەرگەنمىش... بۇلار ئويغىنىپ قارىسا، راستىنلا قوللىرىدا بىردىن ئالما تۇرۇپتۇ. ئۇلار، كۆرگەن چۈشلىرىنى بىر بىرىگە ئېيتىشىپ يىغلاشتى، ئۇلار بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇقنىڭ تويى قىيامەتكە باقى قالدى، دېيىشتى.



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن

كىپەكتە قۇۋۋەت يوق،
ئابدالدا ئۇيات.

كالاڭغا كوڭۇل بولگىچە،
بالاڭغا كوڭۇل بول.

كىيىك ئوقسىزغا ئۇچراپتۇ،
بالا يوقسۇزغا.

هارۋىكەشنىڭ جابدۇغى پۇتمەس.

يامان ياماندىن قورقىدۇ،
كەتمەن ساماندىن.

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار.

ئاقىلنىڭ ئىشى تۈگمەس،
گاللۋاڭنىڭ غېمى.

كوچەت تىككەڭ پۇتاپ تۇر،
تۇز لىم ئالسەن.
بىكار بولساڭ كىتاپ كور،
بىلىم ئالسەن.

دوستلىرىڭ يوق باغدىن،
دوستلىرىڭ بار تاغ ياخشى.

كوڭۇل ئۇخلىمىسا كوز ئۇخلىماس.

دۇشمەندىن ئاش يېگىچە
تاغدىن تاش يە.

چەت بىنانىڭ تۈلكىسى كوپ،
خوشامەتچىنىڭ كۈلكىسى.

ساپال ئۇچۇن ساق قالغىچە،
گوهەر ئۇچۇن كۇكۇن بول.

ئۆچكىنىڭ موىىي تۈگمەس،
بەڭگىنىڭ ئويى.

كورپە سالسا تىز ئۇيىتار،
داستىخان سالسا يۈز.

ياتنىڭ سوزى ياندىن ئوتەر،
تۇققاننىڭ جاندىن.

ئىش قۇراللىق ساز بولسا،
مۇشەققەتلىك ئاز بولۇر.

ئەرنى گۇۋالىققا ياراتقان،
قوينى قۇربانلىققا.

ئېلىپ قاچقىچە تېرىپ قاچ.

كۆپنى يامانلىغان كوزىسىز قالار.

تەڭلىدە نان بولسا،
بىلەكتە جان بولىدۇ.

كوسىيىڭ ئۇزۇن بولسا،
قولۇڭ كويمەس.

كوزى كىچىكتىن كوڭلى تار يامان.

جىم ئاققان سۇمۇ غەرق قىلار.

www.uyghurkitap.com



مەسچىتكە مورا يوق،
ئادەتكە دورا.

تەمسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇغى كوپ.

تاقىقا يامغۇر كارقىلماس،
قىلىنغا گەپ.

سويمىگەنگە سۈركەلمە.

ھالال ناننىڭ مېھنىتى يوق.

ئاچنىڭ ئاچچىقى يامان،
توقنىڭ شوخلىقى.

ئويۈك ئورماندا بولسا
ئوتوندىن غەم يەمە.

يىقىلىپ چۈشۈپ يولنى ئەيىپلىمە.

بازىرى يىقىن باي بولماس،
مازىرى يىقىن خار.

ئەخلاق — قىزنىڭ زىننىتى.

كىچىكنىڭ داۋاسى تولا،
قېرىنىڭ باناسى.

چاپاندىن ئىلتىپات كۆتمە،
زالىمدىن شەپقەت.

قىزنى كىيەككە ئال،
ئانىسىنى ئالتۇنغا.

بىلەككە قارىماي يۈرەككە قارا.

نىيىتى ياماننىڭ كوڭلى ئالا.

ئاغزى يۇمشاق گوش يەيدۇ،
ئاغزى قاتتىق مۇش.

ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت.
ئالغان پايدا، ساتقان زىيان.

ياخشى ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن چاڭ چىقماس.

كىچىككىنە تاش، ياردۇ باش.

يەي دىسە چىشى ئاغرىپتۇ،
بېرەي دىسە ئىچى.

ئەدەپتىن ئەلا مىزان يوق،
ئەدەپلىكنىڭ كوڭلى توق.

قارىغۇنىڭ تىلىگى ئىككى كوز.

ئولۇكنىڭ كوزىدىن قورق،
ئۇرۇشقاقنىڭ سوزىدىن.

نامەرتكە سوزساڭ بويىنۇڭنى،
پۇچەك ياڭاقتا تولدۇرار قوينۇڭنى.

قولۇڭ ياغ بولسا خوشناڭغا سۈۋا.

ئىچىق بېشىدا دەرەخ ئايىنماس،
باي ئويىدە كەمبەغەل.

ئەدەپ ـ ئەخلاق بازاردا سېتىلماس،
ئەدەپسىزگە ھېچكىمشى قېتىلماس.

ئۇستا ئۇۋچى شىر ئاتار،
ئۇستا دىخان بوز ئاچار.

خوشامەتچى بولماي دىسەڭ
تاماخور بولما.

خوشناڭ يىغلىغاندا سەن كۈلمە.

ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار كېلەر.

ئىشلەپ يىگەن لەززەتلىك،
تىلەپ يىگەن مىننەتلىك.

ئەقىللىق ئۆزىدىن كورەر،
نادان باشقىدىن.

خوشناڭ ساڭا ياقمىسىمۇ،
سەن خوشناڭغا ياق.

خوشناڭ كەلسە ئاشقا
چىرايىڭ بولمىسۇن باشقا.

ياخشى خوشنا دەرتكە داۋا،
ئوسال خوشنا باشقا بالا.

غەيرەتلىك كىشىنىڭ غەيۋىتى بولماس،
غەيرەتسىز كىشىنىڭ هورمىتى.

تەلۋىگە تاياق تۇتقازماڭ،
بوۋاققا ماياق.

هۇنەرى يوق ئەردىن مىكيان ياخشى.

بىلىملىك ئويلاپ تاپار،
بىلىمسىز كولاپ.

نەپسىنى يىققان سۇلتان بولۇر،
يىغمىغىنى ئۇلتاڭ بولۇر.

ئىرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس،
تاماخورنىڭ پەتىسى.

كوچەتنى سۇندۇرغىچە،
قولۇڭنى قايرىپ كور.

هال تارتقان ئۈرۈق قالار،
ماي تارتقان قۇرۇق.

دۇشمىنىڭ ئۇلسە هازا تۇتما،
ۋاپاسىزدىن يار تۇتما.

يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس،
پۇختا ئىشتىن كاۋاك.

بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق.

ئىسسىغى يوق كاڭدىن كات ياخشى،
ۋاپاسىز تۇققاندىن يات.

توپلىغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام





دەريا



يالقۇنتاغ



**源泉**总第9期（维吾尔文）

维吾尔古典文学和民间文学丛刊

新疆人民出版社编辑出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

787×1092 毫米 16 开本 18印张 1 插页

1983年 1 月第 1 版　1983年 8 月第 1 次印刷

印数：1 —— 12,300

统一书号：M10098·734　定价：1.00元